
# قۇرئاندىكى قىسسەلەر



www.alma.cn

مۇھەممەد ئەھمەد زەئىد موللا (سۈرىيە)

# قۇرئاندىكى قىسسەلەر

تەرجىمە قىلغۇچى: داۋۇت غازى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.alma.cn

**图书在版编目(CIP)数据**

《古兰经》的故事：维吾尔文/穆罕默德·艾·再·穆拉 著—2版. 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.7（2007.12 重印）
ISBN 978-7-228-00917-6

Ⅰ.古… Ⅱ.穆… Ⅲ.古兰经—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.B961-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 30769 号

| | |
|---|---|
| 编　　著 | 穆罕默德·艾·再·穆拉 |
| 译　　者 | 达吾提·哈孜 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 阿达来提·买合苏提　阿孜古丽·克里木 |
| 封面设计 | 艾克白尔·萨力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 318 号 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 16 |
| 版　　次 | 2000 年 7 月第 2 版 |
| 印　　次 | 2007 年 12 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001-10000 |
| 定　　价 | 32.00 元 |


www.alma.cn

# مۇھەررىردىن

ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا كىتابلاشتۇرۇلغان تۇنجى يازما ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تارىخ، ئەدەبىيات، ئۆرپ - ئادەت، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە دىنىي قائىدە قاتارلىق مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ تىلى گۈزەل، نەپىس؛ ئوقۇلۇشى جاراڭلىق، قاپىيىلىك، تۈزۈلۈشمۇ ئۆزگىچە.

«قۇرئان» دا جەمئىي بىر يۈز ئون تۆت پارە سۈرە بار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ سۈرىلەر شۇ چاغدا خاتىرە يېزىشقا مەسئۇل بولغان تۇنجى خەلىپە ئەبۇبەكرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە رەتلەپ چىقىلغان، كېيىن يەنە ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ كىتاب قىلىنىپ ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن.

«قۇرئان» دا ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش يوللىرىغا بولغان تونۇشلىرى ئىپادىلەنگەن، مۇشرىكلارنى بويسۇندۇرۇش يولىدىكى جىھادنىڭ ئۆتمۈشى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. قۇرئاندىكى قىسسەلەرنىڭ تۈرمۇش پۇرىقى قويۇق، مەزمۇنى مول. ئۇ دىنىي جەھەتتە قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەدەبىيات ۋە تارىخ جەھەتتىمۇ قىممەتكە ئىگە. ئۇ زامان - زامانلاردىن بۇيان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسى، تىلى، قائىدە - يوسۇنى ۋە مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەدىبلەر ئۇنىڭدىن ئۈزلۈكسىز تۈردە ئوزۇق ئېلىپ كەلدى. پاكىتلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، قۇرئاندىكى قىسسەلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇ

كەمگىچە ئۆزىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى قىممىتى ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق سېھرىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە .

«قۇرئاندىكى قىسسەلەر»ناملىق بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى دەمەشق - بېيروت ئۇمەييە نەشرىياتىنىڭ 1973 - يىلىدىكى نەشرىدىن تەرجىمە قىلىنغان . بىز كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇملىدىن ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلىتىش مەقسىتىدە ، بۇ كىتابنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ، 1986 - يىلى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا تونۇشتۇرغانىدۇق . «قۇرئان»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى كىتابخانلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ، مەزكۇر كىتاب تەرجىمان يولداش داۋۇت غازى تەرىپىدىن «قۇرئان»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئاساسىدا بىر قۇر تەكشۈرۈلدى ، ئىسىم ، ئاتالغۇ ۋە بەزى سۈرىلەر «قۇرئان» بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى . كىتابتىكى بەزى جۈملىلەرنىڭ ئېلىنىشى ۋە كەينىدىنلا كېڭەيتىپ بېرىلگەن چۈشەندۈرۈشلىرىگە قارىغاندا ، نۇرغۇن جايلار ئەسلىي ئەرەبچە نۇسخىسىدا «قۇرئان» دىن ئېلىنغاندەك تۇرىدۇ . قولىمىزدا ئەسلىي كىتاب بولمىغاچقا ، بۇ جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلدۇق . شۇڭا ، بەزى سەۋەنلىك ھەتتا خاتالىقلارغىمۇ يول قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن . بۇ تەرەپلىرىنى كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمىز .

www.alma.cn

# مۇندەرىجە


ئادەم ئەلەيھىسسالام ........................ 1
ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلى .............. 11
نۇھ ئەلەيھىسسالام ........................ 17
ھۇد ئەلەيھىسسالام ........................ 26
سالىھ ئەلەيھىسسالام ........................ 32
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ........................ 41
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە تىرىلدۈرۈشتىكى ئىسپات... 41
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا نەسىھەت قىلىشى... 44
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتنى چېقىشى .......... 46
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتقا تاشلىنىشى .......... 53
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە دۆت پادىشاھ نەمرۇد ...... 55
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى ھىدايەت يولىغا
مېڭىشقا قايىل قىلىشى ........................ 57
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مىسىردا ........................ 59
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ........................ 62
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى .......... 62
زەمزەم بۇلىقى ........................ 65
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە قۇربان ھېيت .......... 67
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە جۇرھۇم قوۋمىدىكىلەر ... 70
كەبىنىڭ بىنا قىلىنىشى ........................ 73
لۇت ئەلەيھىسسالام ........................ 76
يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ........................ 83
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ........................ 90
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام دادىسى بىلەن ئاكىلىرى ئارىسىدا... 90
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قۇدۇقتا ........................ 95

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە زۇلەيخا ........ 99
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلىنىشى ........ 107
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندىن چىقىشى ........ 111
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرغا ۋەزىر بولۇشى ... 116
جەم بولۇش ........ 126
**شۇئەيب ئەلەيھىسسالام** ........ 132
**مۇسا ئەلەيھىسسالام** ........ 138
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ........ 138
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى... 141
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەديەنگە بېرىشى ........ 143
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىشى ... 144
ئەلچى مۇسا ئەلەيھىسسالام ........ 149
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ........ 154
پىرئەۋنىنىڭ تەرسالىقى ........ 160
بەنى ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى........ 165
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھدىسى ........ 170
يولدىن ئېزىش ........ 176
سېرىق ئىنەك ........ 178
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام ........ 180
قارۇن ........ 188
**تالۇت** ........ 196
تالۇت بىلەن داۋۇد ئەلەيھىسسالام........ 207
**داۋۇد ئەلەيھىسسالام** ........ 213
داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ غاپىللىقى ........ 213
شەنبىچىلەر ........ 218
**سۇلايمان ئەلەيھىسسالام** ........ 222
سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋە ئايال پادشاھ بىلقىس ... 222
سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىل ـ پاراستى........ 227
سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ شاھلىق تەختىدە.... 228

www.alma.cn

ئاللانىڭ بەنى ئىسرائىلنى جازالىشى .................... 232
ئۇزەير ئەلەيھىسسالام .................... 239
راست بىلەن يالغان ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە .......... 243
باغنىڭ ئىگىسى.................... 248
ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام.................... 253
يۇنۇس ئەلەيھىسسالام .................... 263
زىكرىيا ئەلەيھىسسالام بىلەن يەھيا ئەلەيھىسسالام...... 269
بۇۋى مەريەم .................... 275
ئىسا ئەلەيھىسسالام .................... 280
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق دەۋرى .................... 280
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارىتى .................... 286
جەننەت تائامى .................... 290
ئاخىرقى كۈن .................... 295
قوش مۈڭگۈزلۈك پادىشاھ .................... 302
ئەسھابۇلكەھف .................... 305
ئەسھابۇلئۇخرۇد .................... 312
قاينام .................... 318
پىل قوشۇنى .................... 321
بىلال .................... 329
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسراسى .................... 335
ھىجرەت قىلىش .................... 340
تولۇن ئاي .................... 354
تۆلەم توغرىسىدا ئاللانىڭ كايىشى .................... 374
ئوھۇد .................... 377
بەنى نەزىر قەبىلىسى .................... 388
گۇرۇھلار .................... 393
بوھتان چاپلىغانلار ھەققىدە .................... 403
مۇناپىقلار .................... 411
يامان ئادەمنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى .................... 418
غەلىبە ىلا پەر.................... 421
[illegible] .................... 421
يۇيۇنۇتتى ، پەرىشتە .................... 432
www.alme.cn

سۈلھىنىڭ بىكار قىلىنىشى ........................ 445
روشەن غەلىبە ........................................ 455
سىغىنىش كۈنى ........................................ 465
غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتقان
مۇسۇلمانلار ......................................... 465
قوشۇندىن قاچقان ئۈچ كىشى ........................ 471
كىشىلەرگە زىيانلىق مەسچىت ........................ 480
ئىلتىجا .............................................. 484
تالاش ـ تارتىش ...................................... 489
چەكلەش .............................................. 493
زەينەپ بىنتى جەھىش ............................... 499

ـىس ..
ـمتى........ 227
ـمق تەختىدە.... 228

www.alma.cn

# ئادەم ئەلەيھىسسالام

ئاللا ئىككى كۈن ئىچىدە زېمىننى ياراتتى . ئۇ زېمىن ئۈستىگە تاغلارنى پەيدا قىلدى ۋە زېمىنغا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلدى . ئاللا يەنە تۆت كۈن ئىچىدە بەندىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك نازۇنېمەتلەرنى تەييارلىدى . ئۇ پۈتۈنلەي تۇمان بىلەن قاپلانغان پايانسىز ئەرشتە تۇرۇپ ، زېمىن بىلەن ئاسمانغا :

— سىلەر ئىككىڭلار ، مەيلى خالاڭلار ياكى خالىماڭلار ، ئالدىمغا كېلىپ ئەمرىمگە قۇلاق سېلىڭلار ! — دەپ خىتاب قىلدى .

زېمىن بىلەن ئاسماندىن :

— بىز ھۇزۇرۇڭغا كېلىشنى خالايمىز ، — دەپ جاۋاب كەلدى .

ئاللا ئەرش كۇرسىدا ئولتۇردى . ئۇ كۈن بىلەن ئاينى ئۆز ئوقىدا مۇئەييەن ۋاقىت بويىچە ئايلىنىشقا بۇيرۇدى ، ئاندىن پەرىشتىلەرنى ياراتتى . پەرىشتىلەر ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇدى ، سەجدە قىلدى ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئېتىكاپتا تۇرۇپ ئىبادەت قىلدى .

ئاندىن ، ئاللا يەنە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى يارىتىپ ، ئۇنى زېمىندا تۇرۇشقا بۇيرۇماقچى بولدى . ئاللا پەرىشتىلەرگە شۇنداق دېدى : مەن شۇنداق بىر خىل ئىنسان يارىتايكى ، ئۇلار كەڭ زېمىندا تۇرۇپ ئەمگەك بىلەن تىرىكچىلىك قىلسۇن ، زىرائەت ـ ئۆسۈملۈكلەردىن نېمەتلەر تېپىپ ئوزۇقلانسۇن ، زېمىن ئاستىدىكى بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلانسۇن ۋە ئۆز ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ئاۋۇتسۇن .

ئاللا پەرىشتىلەرنى ياراتتى ھەمدە ئۇلارغا مېھىر ـ شەپقەت ئاتا قىلدى . شۇڭا ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سېغىناتتى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇناتتى ، پەرىشتىلەر ئاللانىڭ ئىنسان ياراتماقچى بولغانلىقىدىن

خەۋەر تېپىپ تەشۋىشلەندى. ئۇلار: بۇ بەلكىم ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلالمىغانلىقىمىزدىن ياكى ئارىمىزدا بىرەرىنىڭ ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قويغانلىقىدىن بولدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەشتى-دە، دەرھال ئاللانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرۈشتى:

— ئى قادىر ئاللا، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، مەدھىيە ئوقۇيدىغان بىزدەك پەرىشتىلەر تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە بولۇپ زېمىندا باشقا بىرخىل مەخلۇق ياراتماقچى بولدۇڭ؟ ئىنسانلار ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇننى بۇزىدۇ، بىر-بىرىدىن ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىدۇ، بىر-بىرىنى قىرىپ، بىھۇدە قان تۆكىدۇ. پەقەت بىزلا ساڭا ھەمدۇسانا ئوقۇيمىز ۋە سېنى مۇقەددەس دەپ بىلىمىز.

پەرىشتىلەرنىڭ بۇنداق دېيىشى ئۆز تەشۋىشلىرىدىن پارىغ بولۇش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار ئاللادىن ئۆزلىرىگە يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ ئاۋۇتۇشقا ئىجازەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىشاتتى. ئۇلار ئاللانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ھەممىدىن بۇرۇن نائىل بولغاچقا، ئاللاتائالانىڭ قۇدرەت-كامالىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنەتتى. ئۇلار ئاللانىڭ ئىرادىسىنى ئىنكار قىلىشنى ۋە ئاللانىڭ پاراستىگە شەك كەلتۈرۈشنى راۋا كۆرمەيتتى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى كەمسىتىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇلار ئاللانىڭ يېقىن خىزمەتكارلىرى، ساداقەتمەن قۇللىرىدىن بولغاچ، پەقەت ئاللانىڭلا ئەمرىگە ئىتائەت قىلاتتى.

ئاللا ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇپ، شەك-شۈبھە، غەم-ئەندىشىلىرىنى تۈگەتتى.

— سىلەرنىڭ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي دەۋاتقىنىڭلار ھەقىقەتەن ماڭا ئايان، — دېدى ئاللا پەرىشتىلەرگە خىتاب قىلىپ، — شۇنداقلا سىلەرنىڭ كېيىنكى ئىشلارغا ۋارىسلىق قىلغۇچىنى تاللاشتىكى تەدبىرىمنى بىلەلمىگەنلىكىڭلارمۇ ماڭا ئايان. مەن ئۆزۈمنىڭ رايى بويىچە ئادەم يارىتىمەن، ئۆز دىتىمغا لايىق

www.alma.cn

بولغۇچىنى كېيىنكى ئىشلارغا ۋارىس قىلىپ تاللايمەن. سىلەر تېخىچە كۆرۈپ باقمىغان ئادەمنى كۆرىسىلەر، مەن ئۇنى يارىتىپ جان ئاتا قىلغاندىن كېيىن، سىلەر ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرىسىلەر!

ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايدىن ياراتتى ھەمدە ئۇنىڭ تېنىگە جان كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ھاياتلىققا ئېرىشىپ چىن ئىنسانغا ئايلاندى.

ئاللا پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا يۈكۈنۈپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. ۋەھالەنكى، ئىبلىس[1] ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇپ ئاللانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇ ئاللاغا ئېتىقاد قىلمايتتى.

ئاللا ئىبلىستىن ئۆز ئەمرىنى رەت قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى سورۇشتۇرۇپ:

— قانداق نەرسە سېنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئادەمگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتىن توستى؟ بۇ سېنىڭ يوغانلىق قىلغىنىڭمۇ ياكى سەن ئەزەلدىنلا شۇنداق ئالىيجانابمىدىڭ؟ — دېدى.

ئىبلىس رەنجىۋازلىق قىلىپ، ئۆزىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئۈستۈن ۋە ئەقىللىق، دەپ ئاتىدى. ئۇ مەرتىۋە - ئورۇن ۋە نام - شۆھرەتتە ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى، شۇڭا:

— مەن ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىمەن، سەن مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى بولسا لايدىن ياراتتىڭ، — دېدى.

ئىبلىس ئاللادىن ئاشكارا يۈز ئۆرۈپ ئاسىيلىق قىلدى، ئاللانىڭ ئەمرىنى مەنسىتمىدى، ئاللا ئۆز قولى بىلەن ياراتقان ئادەمگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى پەرۋايىغا ئالمىدى، شۇڭا ئۇ ئاللاغا ئىشەنمەيدىغان ئاسىيغا ئايلاندى.

www.alma.cn

[1] ئىبلىس — شەيتان.

ئاللا ئىبلىسنى ئاسىيلىق گۇناھى ئۈچۈن جازالىدى. ئاللا ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلىپ:

— سەن جەننەتتىن يوقال! ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ. ساڭا ئاخىر زامانغىچە ھەقىقەتەن لەنەت بولسۇن! — دېدى.

ئىبلىس ئاللادىن كەچۈرۈم قىلىشنى، ئىنسانلار قايتا تىرىلگۈچە ئۆزىنىڭ ھايات تۇرۇشىغا ئىجازەت بېرىشنى تىلىدى. ئاللا ئۇنىڭ تەلىپىنى مەقبۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— ساڭا ئاخىر زامانغىچە كەچۈرۈم قىلدىم، — دېدى.

ئىبلىس ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاللانىڭ قىلغان مەرھەمەتلىرىدىن تەسىرلەنمىدى، ئەكسىچە، ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قىلدى. ئۇ ئاللاغا:

— سەن مېنى غاپىللىقتا قالدۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ ئادەملەرگە كۆرسەتكەن توغرا يوللىرىڭدا پايلاپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئالدىدىن، كەينىدىن، ئوڭدىن ۋە سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇ چاغدا سەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ساڭا تەشەككۈر ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسەن، — دېدى.

— سەن ئۆزۈڭنىڭ تاللىغان يولۇڭدا مېڭىۋەر! تۈيۈق يولۇڭغا كېتىۋەر! — دەپ ئەيىبلىدى ئاللا ئىبلىسنى، — سەن ئۆز ئاۋازىڭ بىلەن ئادەمزاتقا ھەيۋە قىلىۋەر، ئۇلارغا زورلۇق بىلەن قارشى تۇرىۋەر، ئۇلارنىڭ پۇل - مال ۋە پەرزەنتلىرىنى تارتىۋال، ئۇلارغا ساختا ۋەدىلەرنى بېرىپ، پايانى يوق ئۈمىد بېغىشلاۋەر! بىراق شەيتان دېگەننىڭ ۋەدىسى بەربىر ئالدامچىلىق، مەن ماڭا ئېتىقاد قىلغان بەندىلىرىمنى ھەرگىز سېنىڭ دامىڭغا چۈشۈرمەيمەن. سېنى ھەرگىز ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى قىلمايمەن. ئۇلارمۇ ساڭا بەيئەت قىلمايدۇ ياكى سېنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىڭگە قۇلاق سالمايدۇ. سەن كىشىلەرنى ھىدايەتتىن ئازدۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنىكەنسەن، چوقۇم ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىسەن. مەن سېنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىڭنى چوقۇم دوزاخقا تاشلايمەن.

www.alma.cn

پەرىشتىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدى، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاللانىڭ مەرھەمەت ئىلتىپاتىغا تېخىمۇ بەك سازاۋەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلىمىنى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭكىدىن كۆپ، دەپ چاغلايتتى. شۇڭا ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بىلىم - مەرىپەت ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئۇنىڭغا پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاللا پەرىشتىلەرنى چاقىرىپ، ئۇلارغا:

— راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار، — دېدى. ئاللانىڭ بۇنداق قىلىشى پەرىشتىلەرنىڭ ئىقتىدارسىز، كەم ئەقىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان ئورنىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئىدى.

پەرىشتىلەر دۇدۇقلاپ، ئاللانىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەي قالدى. ئۇلار مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىشكە شۇنچە تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئامالسىز قالدى - دە، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارسىز، كەم ئەقىل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتى. ئۇلار ئاللاغا:

— ئى پەرۋەردىگار، ساڭا تۇمەن مىڭ تەشەككۇر، بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن، — دېدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلىم - مەرىپەتنى ئىگىلەپ، نەزەر دائىرىسىنى كەڭ ئاچقاچقا، ئاللا ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پەرىشتىلەر جاۋاب بېرەلمىگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئۈندىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام

جاۋاب بەردى . ئاندىن ئاللا پەرىشتىلەرگە :

— مەن سىلەرگە ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن ، دېمىگەنمىدىم ؟ — دېدى .

پەرىشتىلەر ئاللانىڭ ئىلتىپاتىنى چۈشەندى ، ئۇنىڭ ئادەمنى يارىتىشتىكى سىرى ۋە مەقسىتىنى بىلدى .

ئاللا ئىبلىس ئەلەيھىلەننى ئۆزىنىڭ مېھىر - شەپقىتىدىن مەھرۇم قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسەتتى . ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىغا جەننەتتىن ماكان بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا شۇنداق بېشارەت بەردى :

— سەن مېنىڭ قىلغان شەپقىتىمنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا ، مەن سېنى ئۆز كارامىتىم بىلەن يارىتىپ ، ئۆز ئىرادەم بويىچە ئادەمگە ئايلاندۇردۇم ؛ مەن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا ئۆز روھىمنى سىڭدۇردۇم ، پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلدۇردۇم ؛ مەن يەنە ساڭا ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم - مەرىپەت ئاتا قىلدىم . مەن ئىبلىس ئەلەيھىلەنگە شەپقەت قىلىشنى توختاتتىم . ئۇ ماڭا بويسۇنمىغاندا ، مەن ئۇنى يەنە ئەيىبلىدىم . ئەبەدىلىك جەننەتنى سىلەرگە ماكان قىلىپ بەردىم . ئەگەر سەن ماڭا بويسۇنساڭ ، مېنىڭ ئىلتىپاتىمغا مۇشەررەپ بولۇپ بۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىۋېرىسەن ، مۇبادا سەن ۋەدەڭگە بىۋاپالىق قىلساڭ ، مەن سېنى جەننەتتىن ھەيدەپ چىقىرىپ دوزاختا ئازابلايمەن . شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىنكى ، ئىبلىس ئەلەيھىلەنە سېنىڭ ۋە خوتۇنۇڭنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ، ئۇ بىر ئامال قىلىپ سىلەرنى جەننەتتىن ھەيدەپ چىقارمىغۇچە ئەمىن تاپمايدۇ .

ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىغا جەننەتنىڭ نازۇنېمەت ، مېۋە - چېۋىلىرىنى خالىغانچە ئېلىپ يېيىشكە رۇخسەت قىلدى ، لېكىن ئۇلارنى بىر تۈپ مېۋە دەرىخىگە يېقىنلىشىشتىن چەكلىدى . ئۇلارنى ئۇقالماي قالمىسۇن دەپ ، ئۇلارغا يەنە بۇ دەرەخنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق كۆرسەتتى . ئاللا ئۇلارنى

www.alma.cn

بارلىق شەك - شۈبھىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئەگەر سىلەر بۇ دەرەخكە يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈپ يەيدىغان بولساڭلار، ئاسىي - گۇناھكار بولۇپ كېتىسىلەر. ئاللا ئۇلارغا يەنە ۋەدە قىلدى: سىلەر ئۆزۈڭلەرنى مۇشۇ دەرەختىن نېرى تۇتىدىغانلا بولساڭلار، مەن ئاتا قىلغان ھۆزۈر - ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولىۋېرىسىلەر، جەننەت ئىچىدە ھەرگىز ئاچ - يالىڭاچ قالمايسىلەر، ئۇسسۇزلۇقنىڭ ۋە ھېرىش - چارچاشنىڭ ئازابىنىمۇ ھەرگىز تارتمايسىلەر.

ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا:

— ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ (ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ - ئىچىڭلار، لېكىن بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، بولمىسا، بىۋاپالىق قىلغان بولىسىلەر، — دېدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتكە كىردى، جەننەتتە ئۇنىڭغا نېمە كېرەك بولسا شۇنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. جەننەتنىڭ گۈزەللىكىدىن كىشىنىڭ ئەقلى لال بولاتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەممە نازۇنېمەتتىن خالىغانچە بەھرىمەن بولاتتى. جەننەتتىكى دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ تاماشا قىلاتتى، دەرەخلەر سايىسىدە سەگىدەپ ھۇزۇرلىناتتى، گۈللەرنى ئۈزۈۋېلىپ پۇرايتتى، شېرىن مېۋىلەرنى تېتىپ كۆرەتتى، كەۋسەردىن ئىچەتتى. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ تەڭ ھۇزۇرلىنىپ كۆڭۈللۈك ھەم بەختلىك ئۆتتى.

ئىبلىس ئەلەيھىلەئنىنى ئاللا ئۆز شەپقىتىدىن مەھرۇم قىلغاچقا، ئۇ جەننەتكە كىرەلمەي، يۈرىكى پىچاقتا تىلىنغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتە خوتۇنى بىلەن بىللە راھەت - پاراغەتتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ بەخت - سائادىتىگە [illegible] قىلىش ۋە ئۇلارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرمەسلىك قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەننەتتىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلىقىنى

ۋە ئاللانىڭ شەپقىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كۆرگەنىدى . ئۇ ، مەن خۇدانىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىش توغرىسىدىكى ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم ، دەپ قارىدى ، ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقام ئېلىپ دەردىنى چىقارماقچى بولۇپ جەننەتكە كىردى ، ئۆزىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئاق كۆڭۈل ، ساداقەتمەن كۆرسىتىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا خوش چىراي سالام ـ سەھەت قىلدى . ئۇ ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشتى ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ ، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قوغدىغۇچى قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ :

— خۇدا سىلەرنى پەرىشتىلەرگە ئايلىنىپ قالمىسۇن ، جەننەتتە مەڭگۇ تۇرۇپ قالمىسۇن دېگەنلىكتىن ، سىلەرنى ھېلىقى دەرەخكە يېقىنلىشىشتىن چەكلىدى ، — دېدى .

ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ ، ۋەز ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، مېنىڭ نىيىتىم سەممىي ، مەن سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم ، مەن سىلەرگە ھەرگىز زىيان يەتكۈزمەيمەن ، دەپ قەسەم قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئازدۇرۇش ، قۇترىتىش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ ، ھېلىقى دەرەخنىڭ مېۋىسىنى خوش پۇراق ، لەززەتلىك ، رەڭگى كۆركەم دەپ ماختاپ ، ئۇلارنى ئالدىدى . ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئاخىر ئۇنىڭ ساختا ، شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كەتتى .

ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئاللانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغاچقا ، جەننەتتە داۋاملىق تۇرۇشتىن چەكلەندى . ئاللا ئۇلارغا :

— مەن ئىككىڭلارنى ئاشۇ دەرەخكە يېقىن يولاشتىن چەكلىگەن ئەمەسمىدىم ؟ مەن ئىككىڭلارغا شەيتان سىلەرنىڭ ئەشەددىي

www.alma.cn

دۈشمىنىڭلار دېمىگەنمىدىم ؟ — دېدى .

ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆزلىرىنىڭ قىلغىنىغا قاتتىق پۇشايمان يېدى ۋە ئاللاغا تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىپ شۇنداق دېيىشتى :

— ئى رەببىمىز ! دەرۋەقە ، بىز ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلىپ ئىشەنچەڭنى يەردە قويدۇق . ئەگەر سەن گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە بىزگە رەھىم قىلمىساڭ ، بىز چوقۇم يامان كۈنگە قالىمىز .

ئاللا ئۇلارغا :

— سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن ھالدا جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈڭلار ، يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق يەرلىشىڭلار ۋە نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇڭلار ، — دېدى .

ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىغا كەڭچىلىك قىلىپ ، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى . شۇ ھامان ئۇلارنىڭ غەم ـ قايغۇسى كۆتۈرۈلۈپ ، كۆڭلى خاتىرجەم بولدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا جەننەتتە قېپقېلىپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىشاتتى . ئاللا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ ، ئۇلارنى جەننەتتىن ئايرىلىشقا ئەمر قىلدى ۋە ئۇلارنى ئىبلىس بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يەنىلا دۈشمەنلىك مەۋجۇت ، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالماڭلار ، ئۇنىڭ ئېزىتقۇلۇق ۋە قۇتراتقۇلۇقىغا بېرىلىپ كەتمەڭلار ، دەپ ئاگاھلاندۇردى . ئارقىدىنلا ئاللا يەنە مۇنداق دېدى :

— سىلەر جەننەتتىن بىللە چىقىپ كېتىڭلار ! سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دۈشمەن . ئەگەر مېنىڭ كۆرسەتكەنلىرىم سىلەرنىڭ تۇيغۇڭلارنى ئاچالىغان بولسا ، ئۇ ھالدا بىلىپ قويۇڭلاركى ، كىمكى مېنىڭ يولۇمغا ئەگەشسىدىكەن ، ئۇ ئازمايدۇ ھەم غەم ـ قايغۇغىمۇ قالمايدۇ .

www.alnu.cn

ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تىرىكچىلىكنىڭ مەقسىتىنى ۋە تىرىشىش نىشانىسىنى كۆرسىتىپ بەردى ، يەنە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت

كۆرىدىغان دەۋرىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ، جەننەتتىن ئايرىلغان ھامان باشقىچە تىرىكچىلىكنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا توغرا يول بىلەن تۇيۇق يول ، ئېتىقاد بىلەن ئاسىيلىق ، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتتىن ئىبارەت ئىككى يول تۇراتتى... كىمكى ئاللا كۆرسەتكەن ھىدايەت يولىغا مېڭىپ ئاللانىڭ كۆرسەتكىنىگە ئىتائەت قىلىدىكەن ، ئۇ شەيتان ئەلەيھىلەئنىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن قورقمايدۇ . كىمكى ئاللانىڭ كۆرسەتكىنىگە ئىتائەت قىلماي ، ئۇنىڭ ھىدايەت يولىدىن چەتنەيدىكەن ، ئۇ تۇرمۇشتا غۇربەتچىلىككە قالىدۇ ۋە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ .

www.alma.cn

# ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلى

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى ھەۋۋا تۇغۇشقا ئاز قالغان چاغلاردا ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ قانۇن ـ تەرتىپلىرى بارا ـ بارا مۇكەممەللىشىۋاتاتتى . ھەۋۋا يەڭگىدى . ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانىڭ بالىلىرى ئىنسانىيەت باغچىسىدا ئېچىلغان تۇنجى گۈل بولۇپ ، ئۇلاردىن تۇنجى خۇش پۇراق چېچىلدى . ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا بالىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزلىرىگە خۇشاللىق ۋە بەخت تاپتى . ئۇلار ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىلىرىنىڭ زېمىندا تۆرىلىپ ئۇيان ـ بۇيان چېپىشىپ ئويناپ ، ئاللا بەرگەن نازۇنېمەتلەرنى يەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى . ئۇلار بالىلىرىغا ناھايىتى ئامراق ئىدى ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىسى دەپ قارايتتى . ھەۋۋا تۇغۇتتا قاتتىق قىينالغان بولسىمۇ ، ئۇ بۇنى ئانا بولغۇچى خالىي بولالمايدىغان ئاچچىق ئازاب دەپ قارىدى ۋە شادلىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي كەتتى .

ھەۋۋا ئىككى قوشكېزەك تۇغدى ، بىر قوشكېزەك قابىل ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى ، يەنە بىر قوشكېزەك ھابىل ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى ئىدى . بىر قورساقتىن چىققان بۇ تۆت ئاكا ـ ئۇكا ، ئاچا ـ سىڭىل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن قۇرامىغا يېتىپ ، كۈچلۈك ۋە شوخ چوڭ بولدى . ئىككى قىزى ئېچىلاي دەپ تۇرغان غۇنچىغا ئوخشىشاتتى . ئىككى ئوغۇل كەڭ زېمىندا ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ ، تىرىكچىلىك يولىنى ئىزدىدى . قابىل دېھقانچىلىق قىلدى ، ئىنىسى ھابىل چارۋا باقتى .

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بۇ بەختلىك ئائىلىدە ئىناق ئۆتەتتى . ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ يىگىتلىكى

بارا - بارا كۆچىيىشكە باشلىدى . ھەر ئىككىلىسى بالدۇرراق ئۆيلىنىپ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ ، خوتۇنلىرى بىلەن بىللە ئۆتۈشنى ئويلايتتى . بۇ شېرىن خىيال كېچە - كۈندۈز ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن چىقمايتتى ، ئۇلار بىر ئامال قىلىپ ، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشنىڭ كويىدا بولۇشتى ، ئاللانىڭ ئىرادىسى ئۆزىنىڭ دانالىقىدا نامايان بولدى . ئاللا زېمىندا تۇرۇۋاتقان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنى سىنىماقچى ، ئۇلارنىڭ پۇل - مېلىنى ۋە نەسلىنى ئاۋۇتۇپ ، كەڭ زېمىننى جانلاندۇرماقچى بولدى . تەقدىر كىشىلەرنىڭ بىرلا مىللەت بولۇپ قالماي ، كۆپىيىپ ھەرخىل بولۇشىنى ، ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ، خۇسۇسىيىتى ، ئىرقى ، چىراي - شەكلى ، بەخت - سائادىتى ۋە ئازاب - كۈلپىتىنىڭ باشقا - باشقا بولۇشىنى بەلگىلىدى . ئاللا ئادەم ئاتىغا ھابىلنىڭ قوشكېزەك سىڭلىسىنى قابىلغا ياتلىق قىلىش ، قابىلنىڭ قوشكېزەك سىڭلىسىنى ھابىلغا ياتلىق قىلىش توغرىسىدا بېشارەت بەردى .

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بۇ ئىرادىسىنى بالىلىرىغا يەتكۈزدى ۋە ئۇلاردىن بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى ئۈمىد قىلدى . ئەگەر ئىنسانلارنىڭ مىجەزىدە كاجلىق ، قارامىلىقتەك ئىللەتلەر بولمىغاندا ئىدى ، ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش قىلغان بولاتتى .

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ئاچ كۆزلۈكتۇر . كىمكى ئۆز نەپسىنى يىغسا ۋە ياكى ئۇنى ئۆزى باشقۇرالىسا ، كىمكى ھېسسىياتىنى ئەقلى بىلەن يېڭەلىسە ، ئۇ ھەم بۇ دۇنيادا ، ھەم ئۇ دۇنيادا ئاللانىڭ پاناھىغا ۋە مەرھەمىتىگە مۇشەررەپ بولالايدۇ ؛ كىمكى ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرسە ، ئۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ ، پالاكەتكە ئۇچرايدۇ . بىر نەرسىنىڭ كەينىگە كىرىش - كىرمەسلىك ئىنسانلار ئۈچۈن بىر سىناق ، يەر يۈزىدىكى ھەربىر كىشى بۇ سىناققا دۇچ كېلىدۇ .

www.alma.c

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئىرادىسىنى ئىككى ئوغلىغا

ئېيتقاندىن كېيىن ، قابىل ئاچچىقلىنىپ بويسۇنۇشنى رەت قىلدى ، چۈنكى ئۆز سىڭلىسى ھابىلنىڭ سىڭلىسىدىن چىرايلىق ئىدى . شۇڭا ئۇ ئىنىسى ھابىلغا قاتتىق ھەسەت قىلدى ، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلماي ، ئۆزى بىلەن قوشكېزەك تۇغۇلغان سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈمىدىدە بولدى .

ھۆسن ـ جامال بۇرۇنمۇ ، ھازىرمۇ ئىنسانلار قەلبىنى جەلپ قىلىدىغان ئامىل بولۇپ كەلمەكتە ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇ يەنە ئىنسانلار ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن .

قابىل بىلەن ھابىل چىرايلىق بىر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن كېلىشەلمەسلىكتىن بىر ـ بىرىنى يامان كۆرۈشىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى . قابىل كاجلىق قىلىپ ، ئاتىسىنىڭ رايىغا بويسۇنماي ، ئۇنىڭ قارارىنى رەت قىلىش نىيىتىدە بولدى .

دەل شۇ چاغدا ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆتمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى . ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىككى ئوغلىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ ، ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا تەشنا بولۇۋاتقاندا ، ئاللا ئۇنىڭغا بۇ ۋەقەنى بېسىقتۇرۇشنىڭ چارىسىنى كۆرسەتتى . ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىككى ئوغلىدىن ئاللاغا سوۋغات تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە كىمنىڭ سوۋغىتى ئاللا تەرىپىدىن مەقبۇل كۆرۈلسە ، شۇ ئۆز نەزەرىدىكى خوتۇنغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ھابىل ئاللاغا بىر تۆگە تەقدىم قىلدى ، قابىل بۇغداي تەقدىم قىلدى . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى غەلىبە قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى .

ھابىلنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلدى ، ئاللا ئۇنىڭ تەقدىم قىلغان سوۋغىتىنى مەقبۇل كۆردى ، قابىلنىڭ سوۋغىتى ئاللا تەرىپىدىن مەقبۇل كۆرۈلمىدى . چۈنكى ئۇ ئاتىسىنىڭ رايىغا بويسۇنمىغانىدى ، سوۋغاتنىمۇ چىن يۈرەكتىن تەقدىم قىلمىغانىدى .

قابىل مەغلۇپ بولدى ، ئۈمىدى بەربات بولدى . نەتىجىدە ، ئۇنىڭ قەلبىنى شەخسىي ھەۋەس ۋە ئۆچمەنلىك چۇلغىۋالدى ـ دە ، شۇ ھامان ئۇنىڭدا بەتنىيەتلىك تۇغۇلدى . ئۇ ئىنىسى ھابىلغا :

— مەن سېنىڭ بەختلىك ئۆتۈشۈڭگە ، ئۆزۈمنىڭ بولسا ئازاب تارتىشىمغا قاراپ تۇرالمايمەن ، مەن سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن ! — دېدى .

— سەن ئۆزۈڭدىكى ئىللەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىن ، — دېدى ھابىل ئازابلانغان ھالدا ئاكىسىغا ، — ۋە بۇ ئىللەتنى تۈگىتىپ ، ھىدايەتكە ئەمەل قىل ، ئاللا ئۆزىدىن ھېيىقمايدىغان بەندىسىنى ياخشى كۆرمەيدۇ .

ھابىل ساددا ، ئاق كۆڭۈل ، ۋاپادار ئىدى . ئۇ ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە تەشەككۈر ئېيتىشنى ، شۈكۈر ـ قانائەت قىلىشنى بىلەتتى ، ئاللادىن ھېيىقاتتى ، ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەيتتى ، بۇ دۇنيانى كۆزنىگە غىل ـ پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىس ـ تۈتۈن ، دەپ قارايتتى . ئۇ ئاكىسىغا بەكمۇ ھېسداشلىق قىلاتتى ، ھەمىشە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ تۇراتتى ۋە كۆڭۈل بۆلەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇ ئۆزىنى مېنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ ، دەپ بىلەتتى ، شۇڭا ئۇ ئاكىسىنىڭ تەھدىتىگە پەرۋا قىلمىدى .

ھابىل ئاكىسىغا ئۆز نىيىتىدىن قايتىپ ھىدايەتكە مېڭىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى ، ئۇ بۇ ياخشى نىيەتلىرىم ئاكامنىڭ كۆڭلىدىكى خاپىلىقنى چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن ، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى . ئۇ ئاكىسىغا دېدى :

— ئاكا ! سەن توغرا قىلمىدىڭ ، ھىدايەتتىن چەتنەپ ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش گىردابىغا يېقىنلىشاي ، دەپ قالدىڭ ، سەن يامان يولدىن قايتىپ ، توغرا يولغا مېڭىپ ، ئاللادىن مەغپىرەت تىلىگىن . ناۋادا سەن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىۋېرىدىكەنسەن ، مېنىڭمۇ ئامالىم يوق ، مەن پەقەت ئاللادىنلا پاناھ تىلەيمەن ، خالاس . لېكىن سەن قىلغان گۇناھىڭ ئۈچۈن چوقۇم دوزاخقا تاشلىنىسەن ، بۇ بارلىق نائىنساپ مەلئۇنلار كۆرىدىغان ئاقىۋەت .

ھابىل قابىلنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىكىنى چىقىرىپ تاشلىيالمىدى ، غەزىپىنىمۇ باسالمىدى . قابىل ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىدى ، شۇڭا ئۇ يەر يۈزىدىكى ئىنسانلاردىن تۇنجى جىنايەتكار

بولۇپ قالدى .

ھېلىقى پەسكەش نەپسى شەيتان تۈپەيلىدىن ، ئاخىر بەختسىزلىك يۈز بەردى . ھابىل ئاكىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، ھاماقەتلىكنىڭ ، نادانلىقنىڭ ۋە ئىشق - مۇھەببەتنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى .

بىر تال يۇمران گۈل خازان بولدى ، بىر نۇرانە چىراغ ئۆچتى . ھابىل بۇ دۇنيادىن كەتتى ، ئاتىسى ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بولدى . ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئازابلاندى . ئۇ دەسلەپتە خۇددى تەشنا كىشى سۇ ئىزدىگەندەك ، ياكى ئاچ قالغان ئادەم نان ئىزدىگەندەك ، ھەممىلا يەردە ئوغلىنى ئىزدىدى . ئۇ قابىلدىن ئىنىسىنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سورىغاندا ، قابىل قوپاللىق بىلەن : «مەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئەمەس ، مەن بىلمەيمەن !» دەپلا جاۋاب بەردى . ئادەم ئەلەيھىسسالام ھابىلنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئىچىدىكى قەھر - غەزىپىنى بېسىپ ، مەرھۇم ئوغلىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى . ئۇ : «مەن بۇ قايغۇ - ئەلەم ، ماتەملىرىمنى قەلبىمگە بايان قىلاي ، مەن بىر قولۇمدىن مەڭگۈ ئايرىلدىم» دەپ ئويلايتتى .

ھابىل زېمىندا تۇنجى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم بولغاچقا ، قابىل ئۇنىڭ جەسىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيتتى . ئۇ جەسەتنى بىر تاغارغا قاچىلاپ يۈدۈپ ھەممىلا يەردە قاتراپ يۈرۈۋەردى ، كۆڭلى بىئارام ، تىت - تىت بولۇپ ، نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى .

قابىل سېسىغان جەسەتتىن چىققان بەتبۇيچىلىققا چىداپ تۇرالمىدى .

شۇ ئەسنادا ، ئاللانىڭ رەھمى كەلدى ، ئاللا بۇ گۇناھسىز كىشىنىڭ جەسىتىگە كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھابىلنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش ھەمدە ھاماقەت قابىلنى جەزىبە ئەدەپلەش قارارىغا كەلدى . قابىل ئاللانىڭ تەلىمىگە مۇناسىپ بولمىغاچ ، ئاللا ئۇنى قاغىغا شاگىرت قىلىپ ، ئۇنىڭ دۈت

قاغىدىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولدى . شۇنىڭدىن تارتىپ ، ئۇ قارا يۈز ، پەسكەش ۋە ۋىجدان ئازابىغا قالغان چاكىنا ئادەمگە ئايلاندى .

ئاللا ئىككى قاغىنى ئەۋەتىپ ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى . نەتىجىدە ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ساق قالغان قاغا تۇمشۇقى بىلەن يەردىن بىر ئورەك كولاپ ، ئۆلگەن قاغىنى كۆمدى . بۇنى كۆرگەن قابىل پۇشايمان يەپ ئازابلىنىپ :

— يا ھەزرەت ، بۇ بالانى كۆرۈڭ ! مەن ئاشۇ قاغىچىلىكمۇ بولالماپتىمەن ، مەن نېمىشقا ئىنىمنى توپا ئاستىغا كۆممىگەندىمەن ؟ ! — دېدى .

www.alma.cn

# نۇھ ئەلەيھىسسالام

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمى ئۆزۈندىن بىرى بۇتقا چوقۇنۇپ، بۇتنى ئىلاھ، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئۇلار بۇتتىن بەخت - سائادەت ۋە ئامان - ئېسەنلىك تىلەيتتى، تۇرمۇشتىكى ھەممىنى ئۇنىڭ ئىلكىدە دەپ قارايتتى. ئۇلار بۇتنى ھەرخىل ئاتىشاتتى، بەزىدە ئۇنى ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس دەپ ئاتاشسا، بەزىدە يەئۇق، نەسرى دەپ ئاتىشاتتى. چۈنكى ئۇلار نادان، بىلىمسىز ئىدى، شۇڭا خۇدا ئۆز ئەلچىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتتى. ئۇ ئىشتا تەمكىن، ئىچ - قارنى كەڭ كىشى ئىدى. يەنە كېلىپ ئاللا ئۇنىڭغا سەۋر - تاقەت ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلدى. ئۇ ئۆز قوۋمىدىكىلەرگە ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشنى مۇراجىئەت قىلسىمۇ، بىراق ئۇلار بۇنى قەتئىي رەت قىلاتتى؛ ئۇ ئۆز قوۋمىدىكىلەرنى: ئاللاغا ئېتىقاد قىلمىغانلار ئۆز جازاسىنى يەيدۇ، دېگەن گەپ بىلەن ئاگاھلاندۇرسىمۇ، ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىماسقا سالاتتى؛ ئۇ بۇ ئىشنىڭ پايدا - زىيىنىنى چۈشەندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا نەسىھەت قىلسىمۇ، ئۇلار يەنىلا قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ ئاڭلىمايتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى، ياخشى گەپ بىلەن نەسىھەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتەتتى، ئۆزى قىلچە بوشىشىپ قالمايتتى ۋە نائۈمىد بولمايتتى. ئۇ ھەرخىل يوللار بىلەن ئۆز ئېتىقادىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئۇ تۈنى كۈنگە ئۇلاپ ھەممىلا يەرگە بېرىپ، ئاشكارا ياكى خۇپىيانە ھالدا سۆزلەيتتى، ئۇ ئۆز قوۋمىدىكىلەرنى كائىناتنىڭ سىرىنى، يەنى قاراڭغۇ كېچىنى، يۇلتۇزلۇق ئاسماننى، قۇياش، ئاي، دەريا - ئېقىنلارنىڭ ھەرىكىتىنى، يەر - زېمىننى، ئۆسۈملۈك

ۋە مېۋە — چېۋىلەرنى… ئېنىق كۆزىتىشكە ئۈندەيتتى . ئۇ ئىشەنچلىك دەلىل - ئىسپات ۋە جانلىق تىل بىلەن ئۆز قوۋمىدىكىلەرگە بارچە نەرسىنى بىر ئىلاھ — ئاللا ياراتقان ، دەپ چۈشەندۈرەتتى .

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق كۈرەش قىلدى ، ئەنە شۇنداق سۆزلىدى . بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەندى . لېكىن مەرتىۋىلىك ئېسىلزادىلەر يەنىلا شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قايمۇقۇپ ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى ، تېخى تىل بىرىكتۈرۈپ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇردى ، مەسخىرە قىلدى ، ئۇنى ئەخمەق ، دەپ قارىدى .

ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى :

— سەنمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئاددىي ئادەم ، قوۋمىمىزنىڭ بىر ئەزاسى . ئەگەر ئاللا بىزگە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىدىغان بولسا ، پەرىشتىلەردىن بىرنى ئەۋەتكەن بولاتتى . شۇنداق بولغان بولسا ئىدى ، بىز ئۇنىڭ گېپىگە كىرگەن ، ئۇنىڭ دىنىغا ئىشەنگەن بولاتتۇق . قارا ، سېنىڭ ئەمرىمەرۋىلىرىڭغا ئىشەنگەنلەر قانداق ئادەملەر ؟ يەكسان توغرا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ، پەس ، نادان ، چاكىنا ئادەملەر . ئەگەر سېنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭ توغرا بولغان بولسا ، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىزدەك ئەقىل ئىگىلىرى ساڭا ئۇلاردىن بۇرۇنلا ئىشەنگەن بولاتتۇق .

بۇ ئادەملەر يەنە ھىيلىگەرلىك بىلەن مۇنازىرىلىشىپ مۇنداق دېيىشتى :

— ئى نۇھ ، بىز سېنىڭ ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بىزدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايقىيالمىدۇق . مەيلى ئەقلىي كۈچ ، يىراقنى كۆزلەش ، باشقۇرۇش ئىقتىدارى جەھەتتە . بولسۇن ياكى تىرىكچىلىك قىلىش ۋە كەلگۈسىنى ئالدىنئالا كۆرۈۋېلىش جەھەتتە بولسۇن ، سىلەر بىزگە يەتمەيسىلەر . بىزنىڭچە ، سىلەر خەقنى

ئالداۋاتىسىلەر !

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ قالايمىقان جۆيلۈشلىرى بىلەن ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويمىدى ، بەلكى باشتىن ـ ئاياغ سەگەك تۇردى ، ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— بۇنى سىلەر كۆرەلمىدىڭلار ؟ ئەگەر مەن سەممىي تەشۋىقاتىم بىلەن ئاللانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بولسام ، ئۇ ماڭا شەپقەت قىلىدۇ ، بىراق سىلەر ھېچنېمىنى بىلمەيسىلەر ، سىلەر كۆزىنى ئالىقىنىڭلار بىلەن توسۇپ باققانمىدىڭلار ؟ قۇلۇقىڭلارنى سوزۇپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ئۆچۈرۈپ باققانمىدىڭلار ؟ مەن سىلەرنى مەجبۇرلىيالمايمەن ، سىلەرنى زورمۇزور سۆرەپ كېلىپ ، ئاللاغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ھوقۇقۇمۇ يوق ، ئەلۋەتتە .

بۇ ئادەملەر نۇھ ئەلەيھىسسالامغا دېدى :

— سەن بىزنى تۇۋا قىلىپ ، ئۆز تەشەببۇسلىرىڭغا قوشۇلسۇن ، مېنى قوللىسۇن ، دەيدىغان بولساڭ ، سەن ئۆزۈڭگە ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن ئاشۇ قاغا ـ قۇزغۇنلىرىڭدىن ۋاز كەچ ! بىز ئۇلار بىلەن بىر سورۇندا تۇرالمايمىز ، ئۇلار دەسسىگەن يەرگىمۇ دەسسىمەيمىز ، بىز يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ، ئېسىل بىلەن پەس ، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئايرىلمايدىغان دىنىي مەزھەپكە قانداقمۇ قاتنىشالايمىز ؟

— مەن تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئېتىقاد ھەممىڭلارغا مەنسۇپ ، ئۇنىڭدا يۇقىرى ـ تۆۋەن ، ئېسىل ـ پەس ، دەپ ئايرىلمايدۇ ، — دېدى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ ، — ئاراڭلاردا نامى چىققانلار بىلەن نامى چىقمىغانلار ، بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ، رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلار ھەممىسى تەڭ ـ باراۋەر ، ئەگەر مەن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغا قوشۇلۇپ ، ئۇلاردىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە ئارزۇيۇڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرسام ، ئۇ چاغدا مەن دىنىنى تارقىتىشتا ، ۋەزىپەمنى ئورۇنداشتا كىمگە تايىنىمەن ؟ بۇ ئادەملەر بەيئەت قىلدى ، ئۇلار مېنىڭ ئېيتقانلىرىمغا

www.alma.cn

چوڭقۇر ئىشەنچ بىلدۈردى ، مەن ماڭا ئىشەنگەن ۋە مېنى قوللىغانلارنى قانداقمۇ ھەيدىۋېتەلەيمەن ؟ سىلەر مېنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلىۋاتىسىلەر ۋە ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر ، لېكىن ئۇلار بولسا دىنىنىڭ توۋرۇكى ، ئاللاغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭۈللىرىنىڭ بىرىدە ئۇلار ئاللانىڭ ئالدىدا ماڭا قارشى تۇرسا ، ماڭا ۋاپاغا جاپا قىلدى دەپ نارازىلىق بىلدۈرسە ، مەن نېمە بولۇپ قالارمەن ؟ قېنى دەپ بېقىڭلار ، بۇنداق قىلىش تولىمۇ ھاماقەتلىك ئەمەسمۇ ؟

ئۇلار بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە بارغانسېرى كەسكىنلەشتى ، ئىختىلاپمۇ بارغانسېرى ئۇلغايدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زېرىكىپ ، چىداپ تۇرالماي ، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا :

— ئى نۇھ ! سەن بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ ، تولىمۇ مۇنازىرىلەشتىڭ . ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ ، قېنى بىزنى جازالاپ باقمامسەن ، — دېدى .

نۇھ ئەلەيھىسسالام دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ دېدىكى :

— سىلەر بەكمۇ ئەخمەق ، نادان ئىكەنسىلەر ، مەن قانداق ئادەم ؟ مەن سىلەرنى جازالىيالامتىم ياكى سىلەرنى جازادىن قۇتۇلدۇرالامتىم ؟ مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەم . بىراق ماڭا بېشارەت بولدىكى ، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر . مەن سىلەرگە تاپشۇرۇۋالغان پەرمانىنى يەتكۈزدۈم ، بەزىدە سىلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدۈم ، بەزىدە سىلەرگە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئېلىپ كەلدىم . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاتائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولدى . ئاللا خالايدىكەن ، سىلەگە ھىدايەت قىلىدۇ ؛ خالايدىكەن ، سىلەرنى تېز جازالايدۇ ؛ خالايدىكەن ، ئېغىرلىتىپ جازالايدۇ .

پەيغەمبەرلەر ئومۇمەن ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن خىلمۇخىل ئار ـ نومۇس ، ئازاب ـ كۈلپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىنغان . ئۇلار كۆڭۈل ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ ، كىشىلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا

ۋە تۆھمەتلىرىگە پىسەنت قىلماي، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قەيسەرانە كۆرەش قىلغان. بۇ، كىشىلەرنى ئاللانىڭ ئالدىدا قىلغۇدەك گەپ تاپالمايدىغان، گۇمراھلارنىمۇ پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرغۇدەك سەۋەب تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈش ئۈچۈندۇر.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ جىمى پەيغەمبەرلىرىنىڭ سەردارى قاتارىدا ئۆز قەۋمىدىكى كىشىلەر بىلەن توققۇز يۈز ئەللىك يىل ياشىدى. ئۇ خىلمۇخىل تۆھمەت ۋە مەسخىرىلەرگە بەرداشلىق بەردى، كىشىلەرنىڭ ئويغىنىشىنى ۋە تەۋبە قىلىپ قايتىشىنى كۈتتى. قىسمەن كىشىلەر ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئىتائەت قىلغاندىن باشقا، قالغانلار بارغانسېرى تەرسالىشىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇردى ۋە ئۇنىڭ تەشۋىقاتىدىن بىزار بولدى. پەقەت مۇشۇ چاغقا كەلگەندىلا، ئۇ بۇ ئىشتىن ئۈمىد قالمىغانلىقىنى سېزىپ، نائىلاج ھالدا ئاللاغا ئىلتىجا قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېتەكلەشكە ئامالسىز قالغان بۇ كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۈستىدە ئۇ ئاللادىن يول كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاللا ئۇنىڭغا:

— ئى نۇھ، قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن، — دەپ ۋەھيي قىلدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىلەرنىڭ كاج ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، ئۇلار يا ئېنىق دەلىل ـ ئىسپات ئالدىدا باش ئەگمەيتتى، يا ئاللاغا ئىمان كەلتۈرمەيتتى، شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالام سەۋر قىلالماي ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئى خۇدا، سەن يەر يۈزىدە ئۆزۈڭگە ئىشەنمىگەنلەردىن بىرىنىمۇ قالدۇرمىغايسەن! ھەقىقەتەن، سەن مۇبادا ئۇلارنى قالدۇرۇپ قويىدىغان بولساڭ، ئۇلار ساڭا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى ئازدۇرۇپ تۈيۈق يولغا باشلايدۇ، ھەتتا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان نومۇ[illegible]مەلئۇنلارنى تۇغۇپ ئۆستۈرىدۇ.

ئاللا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپلىرىگە ئىشەندى، ئۇنىڭ

www.alnja.cn

دۇئا ـ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولدى ۋە ئۇنىڭغا بېشارەت بېرىپ دېدى:

— سەن مېنىڭ ۋەھيىم بويىچە كېمە ياسىغىن، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن، ئۇلار چوقۇم توپان بالاسىدا غەرق قىلىنىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بېشارىتىنى ئالغاندىن كېيىن شەھەر سىرتىدىكى پىنھان بىر جايغا بېرىپ، تاختاي ۋە مىخ تەييارلاپ، كېمە ياساشقا كىرىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسى ۋە دەشناملىرىدىن خالىي بولالمايتتى.

بەزى ئادەملەر نۇھ ئەلەيھىسسالامغا تەنە قىلىپ:

— ھەي نۇھ، سەن بۇرۇن ئۆزۈڭنى پەيغەمبەر ۋە ئاللانىڭ ئەلچىسى، دەپ يۈرەتتىڭغۇ. ئەمدى قانداق بولۇپ ياغاچچى بولۇپ قالدىڭ؟ سەن ۋەز ـ نەسىھەتلىرىڭدىن ۋاز كەچتىڭمۇ ياكى ياغاچچى بولاي دېدىڭمۇ؟ — دېيىشتى.

يەنە بەزى ئادەملەر:

— سەن دېڭىز ـ دەريالاردىن شۇنچە يىراق تۇرساڭ، ياسىغان كېمەڭنىڭ نېمىگە پايدىسى؟ سەن بۇ كېمىنى كالىغا سۆرەتمەكچىمۇ ياكى شامال بىلەن ماڭدۇرماقچىمۇ؟ — دېيىشتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مەسخىرىسى ۋە قالايمىقان جۆيلۈشلىرىگە پەرۋا قىلماي:

— سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز. خار قىلغۇچى ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭلار بىلىپ قالىسىلەر، — دېدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ بولۇپلا كېمە ياساش بىلەن بولىۋەردى، ئۇ تاختاينى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ تۇتاشتۇرۇپ پۇختا بىر كېمە ياساپ چىقىپ، ئاللانىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ تۇردى. ئاللا ئۇنىڭغا بېشارەت قىلدى:

— بۇيرۇقۇم يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا، سەن ئىمان ئېيتقانلار بىلەن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئېلىپ كېمىگە چىققىن ۋە ھەرخىل ھايۋانلاردىن

(ئەركەك ، چىشى بولۇپ ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن !

ئاسماندىن قاتتىق يامغۇر ياغدى ، زېمىندىكى بۇلاقلاردىن سۇ ئۇرغۇپ چىقتى ، زېمىندىكى ئېگىزلىكلەر توپان ئاستىدا قالدى . نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە ئادەم ۋە ھايۋانلارنى كېمىگە سالدى ـ دە ، ئاللانىڭ پاناھ بولۇشى بىلەن كېمىنى ھەيدىدى . ئۇ كېمىنى گاھ سۇنىڭ ئېقىشى تەرەپكە ، گاھ سۇنىڭ ئېقىشىغا قارشى تەرەپكە ھەيدەيتتى . ئۆركەشلىگەن دولقۇنلار گۇمراھلارنى غەرق قىلىۋەتتى . گەلكۈن سۇ ئۇلارنىڭ گۈرىستانلىقىغا ، سۇ كۆپۈكلىرى بولسا ئۇلارنىڭ كېپەنلىرىگە ئايلاندى . ئۇلار ئۆلۈم بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆلۈم ئاخىر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى ، ئۇلار دولقۇنلار بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ ، لېكىن دولقۇنلار ئاخىر ئۇلارنى يۇتۇۋەتتى .

نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، بولۇۋاتقان بارلىق ئىشلارنى كۆزەتمەكتە ئىدى ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئوغلى كەنئاننى كۆرۈپ قالدى . كەنئانغىمۇ ئاللانىڭ جازاسى يېتىپ كەلگەنىدى ، چۈنكى كەنئان ئاتىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ۋە ئاتىسىنىڭ دىنىغا نەپرەتلەنگەنىدى . كەنئان دولقۇنلار ئىچىدە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تاغ ئۈستىگە ياكى ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرالىغۇدەك بىرەر ئېگىزلىككە ئۆزۈپ بېرىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى . لېكىن ئۆلۈم بارغانسېرى ئۇنى قىستاپ كەلمەكتە ئىدى ، ئۇ توپان بالاسى ئىچىدە ھازىرلا غەرق بولۇپ كېتىدىغاندەك بىر ئەھۋالدا ئىدى ، بۇنى كۆرۈپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچى بەكمۇ ئاغرىپ كەتتى . ئۇ ئوغلىغا قاراپ توۋلىدى . ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتەلىشىنى ۋە ئۇنى بىردىنبىر ئىلاھ — ئاللاغا بەيئەت قىلىدىغان قىلالىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى . ئۇ ئوغلىغا قاراپ :

— ھەي بالام ، نەگە بارىسەن ؟ بۇ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى . ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالامسەن ؟ دەرھال كېلىپ كېمىگە [illegible] ، قېرىنداشلىرىڭ بىلەن جەم بولۇپ ، ئۆز ھاياتىڭنى قۇتۇلدۇرغىن . جېنىم بالام ، بىز بىلەن بىللە كېمىگە

www.alma.cn

چىققىن ! كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن ! — دەپ توۋلىدى .

لېكىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئوغلىغا تەسىر قىلمىدى . ئۇ ئۆزىنى بۇ چوڭ بالادىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمەن ، تەقدىرنىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ كېتەلەيمەن دەپ قارايتتى ، شۇڭا ئاتىسىغا :

— مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ، مەن مېنى سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالايدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن ، — دېدى .

— ئى بالام ، — دېدى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئېچىنغان هالدا ، — بۈگۈن ئاللا رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ .

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ گېپى تۈگە - تۈگمەيلا ئۆركەشلەپ كەلگەن دولقۇن ئاتا - بالا ئىككىلەننى ئايرىۋەتتى ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئەمدى كۆرۈنمەي قالدى . ئوغۇل — ئاتىنىڭ يۈرەك پارىسى ، ئاتا بولغۇچى ئۆز ئوغلىنىڭ سۇدا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ ، شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالام دەررۇ ئاللادىن ئوغلىغا ئامانلىق تىلىدى :

— ئى پەرۋەردىگارىم ! ئوغۇل مېنىڭ غەمگۇزارىم ، سەن ماڭا ئۇممەتلىرىمنىڭ ۋە مېنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىمنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغانىدىڭ ، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر ، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن .

ئاللا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بېشارەت بېرىپ دېدى :

— ئى نۇھ ! دەرۋەقە ئۇ سېنىڭ خىش - ئەقرىبارىڭ ، لېكىن ئۇ يامان ئىشلارنى كۆپ قىلغان ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۇمراھدۇر . سەن پەقەت ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىلا ، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە ئىشەنگەنلەرنىلا ، چاقىرىقلىرىڭغا ئاۋاز قوشقانلارنىلا خىش - ئەقرىبالىرىڭ قىلالايسەن ، مەن سېنىڭ ھەقىقىي ئائىلە ، خىش - ئەقرىبالىرىڭنى قۇتۇلدۇرۇشقا ۋەدە قىلغانىمەن ، پەقەت بىزگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرلا قۇتۇلدۇرۇۋېلىنىدۇ . سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە

ئىشەنمىگەن، ئىگەڭنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنى سېنىڭ خىيش ـ ئەقرىبالىرىڭ، دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ، ئۇلار سېنىڭ ھېسداشلىق قىلىشىڭغىمۇ ئەرزىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ سەن بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغاندىمۇ، مۇقەررەر ھالدا تېگىشلىك ئاقىۋىتىنى كۆرىدۇ؛ ئۇلار ئېگىزلىككە ئۆرۈۋپ بارغان تەقدىردىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن.

نۇھ ئەلەيھىسسالام مۇشۇ چاغدىلا ئىككى كۆزىنىڭ رەھىم قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش بىلەن توسۇلۇپ قالغانلىقىنى، ئاللانىڭ ئۇنى ۋە ئىمان يەجا كەلتۈرگەن كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرغانلىقىغا ئاپىرىن ۋە تەشەككۇر ئېيتىش لازىملىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاللانىڭ ئاشۇ گۇمراھلارنى سۇدا غەرق قىلىۋەتكەنلىكىگە تەشەككۇر ئېيتىش لازىملىقىنى سەزدى. ئۇ ئۆز خاتالىقىغا ئاللادىن مەغپىرەت تىلىدى:

— پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن.

بۇ چاغدا توپان سۈيىنىڭ تۈرتۈشى بىلەن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن كەمىئان ئاخىر سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى.

ئىش ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولدى، گۇمراھلارنىڭ ھەممىۋاسى غەرق بولۇپ تۈگەشتى. يامغۇر توختاپ، كەلكۈن سۈيى زېمىنغا سىڭىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى جۇدى تېغى ئۈستىدە توختىدى. بەزىلەر: «ئاللا، گۇمراھلارنى بىزدىن يىراق يەرگە ئېقىتىۋەتكەيسەن!» دېيىشتى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي كەلدى:

— ئى نۇھ، ئەمدى سەن قورۇقلۇقتا ئامان ـ ئېسەن بارغىن، سەن ئۆزۈڭگە ئەل بولغان ۋە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىلەن بەخت ـ سائادەت تېپىپ، ئاللانىڭ خەيرخاھلىقى ۋە ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولىسەن!

www.alma.cn

# ھۇد ئەلەيھىسسالام

ئاد قوۋمىدىكىلەر ئۇزۇندىن بېرى يەمەن بىلەن ئۇمان ئارىلىقىدىكى قۇملۇقتا بەختلىك ياشاپ كەلمەكتە ئىدى . ئاللا ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ مېھىر ـ شەپقەت ئاتا قىلدى . ئۇلار بۇ زېمىندا بۇلاق سۈيى تاپتى ، يەر ـ زېمىن ئاچتى ، دەل ـ دەرەخ تىكىپ ، باغۋاران پەرۋىش قىلدى ، ئۆي ـ ئىمارەت قۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئاللامۇ ئۇلارنىڭ تېنىنى ساغلام ، بېجىرىم قىلدى ۋە ئۇلارنى باشقا پايدىلىق شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى . لېكىن ئاد قوۋمىدىكىلەر بەختلىك تۇرمۇشنىڭ مەنبەسىنى زادى يادىغا ئېلىپمۇ قويمىدى . ئۇ چاغدا ئۇلار بۇتقا چوقۇناتتى ، بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە ، بۇتقا رەھمەت ئوقۇيتتى ، بەختسىزلىككە ئۇچرىسا ، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەيتتى .

ئۇلار مۇشۇ زېمىندا خالىغانچە ئەسكىلىك قىلاتتى ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە چوڭلۇقى بىلەن ئاجىزلارنى خورلايتتى ، كىچىكلەرنى بوزەك قىلاتتى . ئاللا كۈچلۈكلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ، ئاجىزلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئاشۇرۇش ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى چېنىقتۇرۇش ، ئۇلارنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە كۆپتىن بۇيان ئۇلارنىڭ كۆز پەردىسىنى توسۇۋالغان توسۇقنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىدىن بىر پەيغەمبەر تاللاپ ، ئۇ ئارقىلىق ئۇلارغا تونۇشلۇق بولغان تىل ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ ، ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىنى ئېچىپ ، ئۇلارنى كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىشكە يېتەكلىمەكچى بولدى ـ دە ، ئۇلارغا بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى ، ئاللانىڭ مېھىر ـ شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى .

www.alma.cn

ھۇد ئەلەيھىسسالام[1]قان سىستېمىسى جەھەتتە ئادقوۋمى بىلەن ئورۇقداش بولۇپ، ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك، كۆڭۈل - كۆكسى ئەڭ كەڭ ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئاللا ئۇنى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋە توغرا يولغا كىشىلەرنى قايتۇرۇشقا تاللىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ چاقىرىق، ئەمر - پەرمانلىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلغۇدەك ئىرادە بىلەن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ جاھالەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆز قوۋمىدىكىلەرنى يەككە ئىبادەت قىلىدىغان توغرا يولدىن ھىدايەتكە باشلاشقا بەل باغلىدى.

ئۇ ئۆز قوۋمىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى:

— ئى خالايىق! سىلەر بۇتنى تىكلىۋېلىپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەۋاتىسىلەر، بۇ تاشلارنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ ئۇلار سىلەرگە بەخت ئاتا قىلالمايدۇ، سىلەرنى بىرەر بالايىئاپەتتىن ساقلاپمۇ قالالمايدۇ. سىلەر ئۇچۇن بىردىنبىر ئېتىقاد قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ئىلاھ — ئاللادۇر. ئۇ سىلەرنى ياراتقان ۋە سىلەرنى تۇرمۇشقا كېرەكلىك نازۇنېمەتلەر بىلەن تەمىن ئەتكەن؛ ئۇ سىلەرگە ھاياتلىق بېرەلەيدۇ ھەم سىلەرنى ئۆلتۈرەلەيدۇ؛ ئۇ سىلەرگە يەر يۈزىدىن ئورۇن بەردى؛ ئۇ ھاياتىڭلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان زىرائەتلەرنى يەتكۈزۈپ بەردى؛ ئۇ سىلەرگە ساغلام، بېجىرىم تەن ئاتا قىلدى؛ ئۇ تېخى سىلەرگە بەخت - سائادەتمۇ بەردى. ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھەقىقەتكە كۆز يۇمماڭلار، ئاللانىڭ ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ كۆرەڭلىمەڭلار. ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمساڭلار، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمىدەك ئاشۇنداق بالا - قازاغا ئۇچرايسىلەر، ئۇلار ئۆتكەن دەۋرگە تېخى ئۇزۇن بولمىدى.

ھۇد ئەلەيھىسسالام مۇشۇ گەپلىرىنىڭ ئۇلارنى تەسىرلەندۇرۇپ، ئاللاغا ئىمان ئېيتىپ، ھىدايەتكە ماڭىدىغان قىلالىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن ئۇلار ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان

[1] ھۇد ئەلەيھىسسالام — نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بەشىنچى ئەۋرىسى.

www.alma.cn

بۇ تەشۋىقاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال توغرا تاپمىغان ھالدا دېيىشتى :

— ھەي ھۇد ، نېمە قالايمىقان جۆيلۈپ يۈرسەن ! سەن نېمە بولۇپ بىزنى ئاللاغىلا ئېتىقاد قىلدۇرماقچى بولىسەن ؟ بىز بۇتلارغا ئېتىقاد قىلساق ، ئۇ ئاللاغا بىزنىڭ ياخشىلىقىمىزنى ئېيتىدۇ .

— ئاللا بىردۇر ، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر ، — دېدى ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ، — پەقەت ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشلا ھەقىقىي ئېتىقاد بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا . سىلەر بۇ بۇتلارغا ھەرقانچە يېلىنىپ ، خۇشامەت قىلغان بىلەنمۇ ئېرىشىدىغىنىڭلار ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ ، ئۇ سىلەرنى ئاللادىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرىدۇ ، بۇ دەل سىلەرنىڭ نادان ۋە ئەخمەق ئىكەنلىكىڭلارنى بىلدۈرىدۇ ، خالاس .

— سەن تەنتەك ، قارام ئادەم ئىكەنسەن ، — دېيىشتى كىشىلەر ھۇد ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقىپ ، — سەن بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى ئەخمەقلىق دېيىشكە پېتىنىۋاتىسەن . سەن تېخى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس نەرسىمىزنى زاڭلىق قىلىۋاتىسەن . سەن بىزنىڭ بۇ يەردە قانچىلىك نېمىتىڭ ؟ سەن قايسىمىزدىن ئارتۇق ؟ سەنمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش قورسىقىڭ ئاچسا نان يەيدىغان ، ئۇسسىساڭ سۇ ئىچىدىغان ، شۇنداقلا مۇشۇ زېمىندا ياشايدىغان ئادەمغۇ ؟ ئاللا نېمە ئۈچۈن ئەلچىلىك ۋەزىپىنى ساڭىلا بېرىدۇ ؟ بىزنىڭچە ، سېنىڭ دەۋاتقىنىڭ كاززاپلىق ۋە ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

— ھەي خالايىق ! — دېدى ھۇد ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ ، — مەن تەنتەكمۇ ئەمەس ، ئەخمەقمۇ ئەمەس . مەن سىلەر بىلەن بىللە ئۇزۇن ياشىدىم ، سىلەر قايسى ئىشتا مېنى ئەخمەق ، نادان ۋە قارام دەپ ئەيىبلىيەلەيسىلەر ؟ ئاللانىڭ بىرەر مىللەت ئارىسىدا ئەلچىلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغۇدەك ، ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلغۇدەك بىرەر ئادەم تاللىغانلىقى غەلىتە ئىش ئەمەس . ئەگەر ئاللا كىشىلەرنىڭ ھىدايەتكە ماڭمايۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە پەيغەمبەر ئەۋەتمەي، ئۇلارنىڭ خالىغانچە كۆرەڭلەپ كېتىشىگە يول قويغان بولسا ئىدى، بۇ غەلىتە بىر ئىش بولغان بولاتتى. مەن سىلەرنىڭ ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈشۈڭلاردىن ئۈمىدسىزلەنمەيمەن، سىلەرنىڭ بىمەنە گەپ ـ سۆزلىرىڭلارنىمۇ كۆڭلۈمگە ئالمايمەن، لېكىن سىلەر ئەستايىدىل ئويلاپ، ياخشىراق قاراپ بېقىڭلاركى، ئاللا بىردۇر. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى، قۇياش، ئاي ۋە ئالەمدىكى بارچە شەيئىلەر ئاللانىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئۇنىڭغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىڭلار! ئۇ سىلەرگە خاسىيەتلىك يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، بايلىقىڭلارنى ئاشۇرىدۇ، تېنىڭلارنى سالامەت قىلىدۇ. سىلەر ھەرگىز گۇناھ ئىش قىلماڭلار!

سىلەر بىلىشىڭلار كېرەككى، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىدۇ؛ كىم ياخشى ئىش قىلسا، ئاخىرەتتە چوقۇم ساۋابىنى كۆرىدۇ، يامان ئىش قىلسا، ئاخىرەتتە تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ. قېنى ئۆزۈڭلار ئوچۇن ئويلاپ بېقىڭلار، ئاخىرەت ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلىڭلار. مەن ئاللانىڭ سۆزلىگەن دېگەنلىرىنى سىلەرگە سۆزلىدىم، مەن سىلەرگە سەممىي نەسىھەت قىلدىم.

— شەك ـ شۈبھىسىزكى، — دېدى كىشىلەر ھۇد ئەلەيھىسسالامغا، — بىز ئېتىقاد قىلىۋاتقان بىر ئىلاھ سېنى جىنغا يولۇقتۇرۇپ، سەۋدايى قىلىپ قويۇپتۇ. سەن قىلچە تۇتامى يوق بولمىغۇر سەپسەتىلەرنى جۆيلۈۋاتىسەن. «ئەپۇ تىلەڭلار»، «بايلىقىڭلارنى ئاشۇرىدۇ»، «تېنىڭلارنى سالامەت قىلىدۇ» دېگىنىڭ نېمىسى! ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىمىز چىرىپ، بىر دۆۋە سۆڭەككە ئايلىنىدۇ. نەدىمۇ ئاللادىن پاناھ تىلەيدىغان قىيامەت كۈن دېگەن ئىش بولسۇن. گېپىڭنىڭ قىلچىمۇ تۇتامى يوق! بىز بۇ دۇنيادا ئۆلۈشكە تېگىشلىك بولساق ئۆلىمىز، ياشاشقا تېگىشلىك بولساق ياشايمىز، پەقەت ۋاقىت — يىللارلا بىزنى بۇ دۇنيادىن ئايرىۋېتەلەيدۇ.

سەن تېخى ئازاب تارتىدىغانلىقىمىز ئۈستىدىمۇ ئالدىنئالا

كاپشىدىكى . ئازاب دېگەن قانداق نەرسە؟ بىز سېنىڭ دېگەنلىرىڭگە ھەرگىز ئىتائەت قىلمايمىز . ئېتىقاد قىلىشۋاتقان ئىلاھىمىزدىنمۇ ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز . ناۋادا سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست بولىدىغان بولسا ، قېنى ئاتالمىش بالا - قازالىرىڭنى بىزگە كۆرسىتىپ باقمامسەن !؟

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى جاھىللىقىدىن قايتمايدۇ ، دەپ قاراپ مۇنداق دېدى :

— ئەزىبرايى خۇدا ، مەن سىلەرگە يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يەتكۈزدۈم ؛ مەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم ، چېكىنمىدىم ، بۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنە داۋاملىق سۆزلەۋېرىمەن ، سىلەرنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىڭلارنى پەرۋايىمغا ئالمايمەن ، سىلەرنىڭ قاراملىق قىلىشىڭلاردىنمۇ قورقمايمەن . سىلەر ھىيلە - مىكرىڭلارنى ئىشلىتىڭلار ، بىرلىشىپ ماڭا قارشى تۇرۇڭلار . مەن ئىگەمدىن ، شۇنداقلا سىلەرنىڭمۇ ئىگەڭلار — ئاللادىن پاناھ تىلەيمەن ، ئۇ كائىناتنىڭ ئىگىسى ، ئۇ توغرا يولدا .

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسى ھەققىدە ھەدەپ ئۇلۇغ خىتاب قىلىپ كەلدى ، ئۇنىڭ قوۋمىدىكىلەرمۇ باشتىن - ئاياغ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ كەلدى . ئۇلار ھەدەپ مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان بىر پەيتتە ، ئاسماننى بىردىنلا قارا بۇلۇت قاپلاپ ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى . كىشىلەر خۇشال بولۇشقان ھالدا ئاسمانغا قارىشىپ : «بۇ يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇت ، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغان بولدى» دېيىشتى - دە ، يۈگۈرۈشۈپ ئۆز ئېتىزلىرىغا بېرىپ تەييارلاندى . لېكىن ، ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا :

— بۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدىغان بۇلۇت ئەمەس ، بەلكى ئىنتىقام ئالىدىغان قارا بوران ، سىلەر ھازىر قاتتىق جازاغا ئۇچرايدىغان بولدۇڭلار ، — دېدى .

بۇ قوۋمدىكىلەر يەر - ئاسماننى قاپلاپ كېلىۋاتقان قارا بوراننىڭ قۇملۇقتىكى تۆگىلەرنى ۋە باشقا چارۋىلارنى پۈتۈنلەي

www.alkna.cn

يىراقتا ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈشتى ـ دە، دەرھال ئۆيلىرىگە قايتىشىپ ئىشىكلىرىنى مەھكەم تاقاشتى، ئۇلار مۇشۇنداق قىلساق، بالايىئاپەتتىن قۇتۇلالايمىز، دەپ ئويلىشاتتى. ۋەھالەنكى، بالايىئاپەت ھەممىلا يەرگە تەڭلا يېتىپ كەلگەنىدى. قارا بوران قۇملارنى ئۇچۇرۇپ، ئۇدا سەككىز كۈندۈز، يەتتە كېچە داۋاملاشتى. بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەر پۈتۈنلەي ئۆلۈپ، خۇددى ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي تۇرۇپ قاقشال بولۇپ تۈگىگەن خورما دەرىخىدەك تارىختىن مەڭگۈ غايىب بولدى.

سېنىڭ ئىگەڭ يۇرت ـ مەھەللىلەرنى خاراب قىلىشنى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى يامان يولدىن ھىدايەتكە باشلاشنى كۆزلەيدۇ.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئەر ـ ئايال ئۈممەتلىرى بىلەن ئىلگىرىكى تۇرغان يېرىدە قېلىۋەردى، بوران ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا گۇركىرەپ چاڭ ـ توزان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئامان ـ ئېسەن قېپقالدى. بوران توختىغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەزرىمەۋتكە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆز رىزقىدىن بەھرىمەن بولدى.

www.alma.cn

# سالىھ ئەلەيھىسسالام

ئاد قوۋمى ئاللاغا ئىشەنمەي ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئاللا ئۇلارنىڭ يەر - زېمىن، يۇرت - ماكانلىرىغا سەمۇد قوۋمىدىكىلەرنى ۋارىس قىلدى. سەمۇد قوۋمىدىكىلەر بۇ يەرنى ئاد قوۋمىدىكىلەردىنمۇ ياخشىراق گۈللەندۈردى: ئۇلار يېڭىدىن بۇلاق ئاچتى، مېۋىلىك دەل - دەرەخلەرنى تىكتى، ئۆي - ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدى، ئاپەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەنە تاغلارنى تېشىپ ئۆڭكۈرلەرنى ياسىدى، كۈننى بەختلىك، باياشات ئۆتكۈزدى. لېكىن ئۇلار ئاللانىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا شۈكۈر قىلمىدى، كۈندىن - كۈنگە كۆرەڭلەپ ۋە چوشكۇنلىشىپ، تۇيۇق يولغا ماڭدى، بۇتقا چوقۇنۇپ ئاللاغا ئېتىقاد قىلمىدى. ئۇلار تېخى ئۆزلىرىنى مەڭگۈ مۇشۇنداق بەختلىك ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ئۆتىمىز، دەپ چاغلىشاتتى.

ئاللا سەمۇد قوۋمىدىكىلەر ئىچىدىن ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ ئەقىللىق، كۆڭۈل - كۆكسى ئەڭ كەڭ سالىھنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قوۋمىدىكىلەرنى بىردىنبىر ئىلاھ — ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىردى. ئۇلارغا ئاللانىڭ ئۇلارنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقىنى، پۈتۈن زېمىننى ياراتقانلىقىنى، ئۇلارنى مۇشۇ زېمىندا كۆپىيىپ بىر - بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا نېسىپ قىلغانلىقىنى ھەم ئۇلارغا كۆرۈنەر ۋە كۆرۈنمەس بەخت - سائادەت ئاتا قىلغانلىقىنى ئېيتتى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇتقا يەنە چوقۇنۇشتىن چەكلىدى. ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: بۇت سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بەختمۇ ئاتا قىلالمايدۇ. ئۇ ئاللانىڭ ئورنىنى ھەرگىز باسالمايدۇ.

www.alma.cn

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بىر قوۋمدىن،

خۇشاللىقتىمۇ ، قايغۇدىمۇ بىللە بولىدىغان ، جاپا ـ مۇشەققەتنى تەڭ تارتىدىغان قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ، جامائەت مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ زىيان ـ زەخمەتكە ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئۇ سەمۇد قوۋمىدىكىلەردىن ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللادىن مەغپىرەت سوراپ ، ئاللا ئالدىدا توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىشىنى تەلەپ قىلدى . ئۇ مۇنداق دېدى : كىم ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىكەن ، ئاللا شۇنىڭ يېنىدا بولىدۇ ، كىم چىن دىلدىن توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىدىكەن ، ئاللا ئۇنى ئاڭلايدۇ ، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ .

سەمۇد قوۋمى غەپلەتتىن ئويغانماي ، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتلىرىنى رەت قىلدى . ھەتتا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدى ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلدى . ئۇلار ئۇنى ھەقىقەتتىن چەتنىدىڭ ، كاززاپلىق ۋە ئالدامچىلىق قىلدىڭ ، دەپ ھاقارەتلىدى . ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى :

— ئى سالىھ ، ئىلگىرى بىز سېنى پىكرى ئۆتكۈر ، ئەقىل ـ پاراسىتى زىيادە دەپ بىلىپ ، گۈزەللىك ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ سىمۋولى قىلىۋالغانىدۇق . سېنىڭ مول تەجرىبەڭ ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىڭگە تايىنىش ئارقىلىق جاھالەتنى يورۇتقانىدۇق ؛ بىرەر تەبىئىي ئاپەت ياكى پېشكەللىككە دۇچ كېلىپ قالغاندا ، بىز ھامان سەندىن مەسلىھەت سوراپ ، سېنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتىڭ بىلەن مۈشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلاتتۇق . بىرەر ئاپەت يۈز بېرىپ قالغاندا، بىز ھامان ساڭا نىجات يۈلتۈزىمىز ، دەپ ئۈمىد باغلايتتۇق . بىراق ، سەن ھازىر نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسەن ؟ بىزگە نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ؟ ! ئەجەبا ئەمدىلىكتە سەن ئاتا ـ بوۋىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇتلارنى ئىنكار قىلماقچىمۇ ؟ بىز ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن ئۆسۈپ چوڭ بولغان . بۈگۈن بىز سېنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭدىن

گۇمانلىنىمىز . بىز سىنىڭ ئېتىقانلىرىڭغا كۆڭۈل توختىتالمايمىز ۋە ئىشەنمەيمىز . بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن نەرسىنى تاشلاپ ، ساڭا ئەگىشىپ ھاماقەتلىك قىلمايمىز .

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قارشىلىق كۆرسەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇردى ، ئۇلارغا ئۆز ئۈستىدىكى ئەلچىلىك بۇرچىنى ئوچۇق جاكارلىدى ، ئاللانىڭ ئۇلارغا بەخت ـ سائادەت بېغىشلىغانلىقىنى ئەسلەتتى ۋە ئاللانىڭ غايەت زور كۈچ ـ قۇدرىتىنى شەرھلىدى . ئۇلارنىڭ شەك ـ گۇمانلىرى ۋە خاتا چۈشەنچىلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنۇلارنى جاكارلىدى : مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم قانداقتۇر ئۆزۈمنىڭ بىرەر پايدىسىنى كۆزلىگەنلىكىم ئەمەس ، پۇل ۋە مال ـ دۇنيانى كۆزلىگەنلىكىممۇ ئەمەس ياكى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈنمۇ ئەمەس ؛ سىلەرنى يېتەكلىشىم قانداقتۇر سىلەردىن ھەق ياكى ئىنئام تەلەپ قىلىش ئۈچۈنمۇ ئەمەس ، چۈنكى مېنىڭ ھەققىمنى ئاللا ئۆزى بېرىدۇ .

سەمۇد قوۋمىدە ئاجىز ۋە يوقسۇل بولغانلارنىڭ بەزىسى بەيئەت قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلار يەنىلا ئىمان كەلتۈرۈشنى خالىمىدى ، ئۇلار جاھىللىقىدىن ياناي بۇنىڭغا قوشۇنۇشتا چىڭ تۇردى . ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى :

— قارىغاندا ، سەن سەۋدايى بولۇپ قالغاندەك تۇرىسەن ، ھازىر سېنىڭ ئىلگىرىكى توغرا قاراشلىرىڭدىن قىلچە ئەسەر يوق . قارىغاندا ، ساڭا جىن چېپىلىپ قالغان ئوخشايدۇ ، شۇڭا سەن ئۆزۈڭمۇ بىلمەيدىغان ئىشلار ئۈستىدە قالايمىقان جۆيلۈپ يۈرىسەن . سەنمۇ بىزگە ئوخشاش ئاددىي ئادەم ، سېنىڭ بىزدىن ئارتۇق ئالاھىدىلىكىڭ يوق . ئارىمىزدا سەندىنمۇ قابىل ، كۈچلۈك ، كەلگۈسىگە ھۆكۈم قىلىش ۋە ئەلچىلىك بۇرچىنى ئۈستىگە ئېلىش جەھەتتە سەندىنمۇ سالاھىيەتلىك ئادەملەر بار . سېنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىڭ ئۆزۈڭنى كۆتۈرۈشكە ، قوۋمىمىزگە كاتتىۋاش

www.alma.cn

بولۇشقا ئۈرۈنۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ ئىككىلىنىپ بۇنداق تەشۋىقاتنى ئېلىپ بارمايدىغان قىلىشقا ئۇرۇندى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەگەر بىز ساڭا ئەگىشىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز توغرا يولدىن چەتنەپ، تىلسىماتقا كىرىپ قالىمىز، — دېدى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بىمەنە سۆزلىرىگە رەددىيە بەردى ۋە ئۇلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئالدانمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئى قوۋملىرىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى (يەنى پەيغەمبەرلىك)گە سازاۋەر بولسام، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاغا قارشىلىق قىلسام، ئاللانىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇلدۇرىدۇ؟ (مېنى ئۆزۈڭلەرگە ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىش بىلەن) ماڭا پەقەت زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايسىلەر.

قوۋم ئىچىدىكى بەزى كاتتىۋاشلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇنى قوللايدىغانلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن ۋە ئۇنىڭ كۆپچىلىككە يولباشچى بولۇپ قېلىشىدىن قورقاتتى. بۇنداق بولغاندا، ئۇلار بەخىرامان بۇيرۇق چۈشۈرەلمەيتتى. كىشىلەر بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە، سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەيتتى. بۇ كاتتىۋاشلار ئەگەر ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، شەك - شۈبھىسىزكى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپچىلىكنى ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشتەك ھىدايەتكە باشلاپ كېتىشىدىن، ئۆزلىرىنىڭ بولسا دۆلەت ۋە ھوقۇقتىن مەھرۇم بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنى خالايىق ئوتتۇرىسىدا مات قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ توغرىلىقىغا، ئەلچىلىك بۇرچىنىڭ راستلىقىغا ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

www.alma.cn

— بۇ يەردە بىر چىشى تۆگە[1] بار ، ئۇ ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم سۇ ئىچىدۇ ، ئارىلىقتىكى كۈندە سۇنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ . سىلەر ئۇنى ئاللانىڭ زېمىنىدا بىر نەرسە تېپىپ يېيىشكە قويۇۋېتىڭلار ، — دېدى .

ئۇلار ئىلگىرى بۇ چىشى تۆگىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇ مەنبەسىنى ئىگىلىۋېلىپ ، ئىككىنچى كۈنى سۇ مەنبەسىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى . سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىشەنمىگەنلىكىنى كۆردى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چوقۇم ئۆز ھوشىنى تاپمايدىغانلىقىنى ، دەلىل ـ ئىسپات بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ يەنە شۇملۇق قىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بىلدى ، شۇڭا سالىھ ئەلەيھىسسالام چىشى تۆگىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى ـ دە ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ :

— تۆگىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار ، بولمىسا ، دەرھال جازاغا ئۇچرايسىلەر ، — دېدى .

تۆگە ئاللانىڭ زېمىنىدا ئوتلاپ ، سەمۇد قوۋمىدىكىلەر ئارىسىدا بىر مەھەل ياشىدى . گاھىدا ئۇ سۇ مەنبەسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى ، گاھىدا بولسا ئۇ يەردىن نېرى كېتىپ ، سۇنى كىشىلەرگە ئۆتۈنەتتى . بەزىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قايىل بولۇشتى ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەندى . بۇ ھال ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇردى ۋە ساراسىمىگە سالدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ۋەھىمە يەيتتى . ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىگە (بۇلارنىڭ قەلبى يوپيورۇق ، كۆڭلى ئازادە ئىدى) :

— سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ ئىگىسى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلەمسىلەر ؟ — دېدى .

---

[1] [illegible] ، بۇ چىشى تۆگە چوڭ قورام تاشتىن يارىتىلغان بولۇپ ، گەۋدىسى ناھايىتى يوغان ئىكەن . ئاللا ئۇنى بۇ يەردە سالىھنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل ـ ئىسپات قىلماقچى بولغان — [illegible] تەرجىمە قىلغۇچىدىن .

— بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى . شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان بەزى ھاكاۋۇرلار يەنىلا ئۆز ھوشىنى تاپمىدى ، ئىشەنمەيدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىلدۈرۈشتى . ئۇلار :

— سىلەرنىڭ ئېتىقاد قىلغىنىڭلارغا بىز ئىشەنمەيمىز ، — دېيىشتى .

چىشى تۆگىنىڭ گەۋدىسى ناھايىتى يوغان ، كۆرۈنۈشى غەلىتە بولۇپ ، سەمۇد قوۋمىدىكىلەرنىڭ قوي ، كالا ۋە تۆگىلىرى ئۇنىڭدىن قورقاتتى . شۇڭا ئۇلار بۇ تۆگىدىن بەكمۇ بىزار ئىدى ، بولۇپمۇ ئۇلار سۇغا موھتاج بولغاندا ، سۇغا ئېرىشەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، بۇ تۆگە گاھىدا سۇ مەنبەسىنى ئىگىلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى ، گاھىدا بولسا ، سۇ مەنبەسىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرەتتى ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چىشى تۆگە ئاللانىڭ دەلىل - ئىسپاتى بولۇپ ، نۇرغۇن كىشىلەرنى سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ئىشەندۈردى ، بەلكى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيدى . ئاللانىڭ دەلىل - ئىسپاتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ھېلىقى بىر توپ كىشىلەر نىيىتىنى بۇزدى . سالىھ ئەلەيھىسسالام گەرچە ئۇلارنى تۆگىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلار يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، تۆگىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى .

ئۇلار چىشى تۆگىنى غايەت زور خەۋپ ۋە بالايىئاپەت دەپ قارىغانلىقتىن ، ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى . لېكىن ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئويلىغىنىدا ، تۆگىگە قاراملىق بىلەن قول سېلىشقا پېتىنالمايتتى .

ئۇلارنىڭ قورسىقىدا جىن بولسىمۇ ، يەنە كېلىپ ئۇلار تۆگىدىن قورقسىمۇ ھەم ئۇنىڭغا ئۆچ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تۆگىگە تەۋەككۇلچىلىك بىلەن قول سالالمايتتى . شۇڭا

ئۇلار ئاياللارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولدى. ئاياللار ئەركىلەيدۇ، كىشىنى مەپتۇن قىلالايدۇ، ئۇلار مۇشۇنداق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزلىرى قىلماقچى بولغان ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئاياللار بۇ ھۈنىرىنى ئىشلەتسە، ئەرلەر ئومۇمەن بويسۇنىدۇ، بەزىدە ھەتتا جانبازلىق بىلەن ئاياللارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ. سىدۇقەببىنت مۇھيا ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ مەستاھ ئىبنى مەخرۇجە ئىسىملىك بىر ئەرگە كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭغا، ئەگەر سەن سالىھنىڭ دەلىل - ئىسپاتى بولغان چىشى تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، ئۆزۈمنى ساڭا تۇتىمەن، دەپ ۋەدە بەردى. ئاللاغا ئىشەنمەيدىغان ئەبرە ئىسىملىك يەنە بىر شەقىقىنىڭ قۇدار ئىبنى سالىف ئىسىملىك بىر ئەرگە كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭغا: ماڭا پۇلمۇ لازىم ئەمەس، سوۋغا - سالاممۇ لازىم ئەمەس، سەن ئاشۇ چىشى تۆگىنى (ئۇ ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىپ سۇنى ئىگىلىۋېلىپ، كالا - قويلارنى قورقۇتۇۋاتىدۇ، بەزىلەر يەنە ئۇنىڭغا ئىشىنىۋاتىدۇ) ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، بىر قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، دېدى.

مۇشۇنداق ئېزىقتۇرۇش نەتىجىسىدە، ھېلىقى ئىككى ئەر يامان نىيەتكە كەلدى ۋە ئۆزلىرىگە ياردەمچى ئىزدەپ، ئاخىر يەتتە ئادەمنى تېپىپ چىشى تۆگىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى، ئۇلار تۆگە دائىم ئۆتۈپ تۇرىدىغان بىر يەرگە مۆكۈندى، تۆگە سۇ ئىچىپ قايتقاندا، مەستاھ ئوقيا ئېتىپ تۆگىنىڭ يوتىسىنى زەخىملەندۈردى، ئارقىدىنلا قۇدار ئىبنى سالىف يۈگۈرۈپ كېلىپ تۆگىنى قىزىل تومۇرىغا شەمشەر ئۇرۇپ يىقىتتى، ئاندىن يەنە تۆگىنىڭ كۆكسىگە شەمشەرنى بىرنەچچە قېتىم زەرب بىلەن ئۇرۇپ، تۆگىنى ئۆلتۈردى. بۇ ئىككىيلەن تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، خۇددى ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، گۇمراھلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. كىشىلەر گويا غەلىبە - نۇسرەت بىلەن قايتىپ كەلگەن سەركەردىلەرنى ياكى پادىشاھلارنى كۈتۈۋېلىشقاندەك، ئۇلارغا تەنتەنە قىلىشتى، ئۇ

ئىككىسى ئۇچۇن گۇللەردىن مەزەڭگۇ توقۇشتى ۋە ئەڭ گۈزەل سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇشتى .

ئۇلار چىشى تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلدى . ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلمىدى ، ئەكسىچە ، سالىھ ئەلەيھىسسالامغا :

— ئەگەر ئاللا سېنى راستىنلا ئەۋەتكەن بولسا ، قېنى سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭنى ئەقلەشتۈرۈپ باققىنا ، — دېيىشتى .

— مەن سىلەرنى تۆگىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار ، دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولساممۇ ، لېكىن سىلەر يەنىلا جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار ، — دېدى سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ، — سىلەر ئائىلەڭلەردە ئۈچ كۈن راھەتلىنىپ تۇرۇڭلار ! ئۈچ كۈندىن كېيىن ، سىلەر بالاغا يولۇقىسىلەر ، بۇ سىلەرنى ئالدىغانلىق ئەمەس .

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ ئۇلاردىن مۇشۇ مەزگىلدە ئاللاغا تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىشنى ۋە ئۆزىگە بەيئەت قىلىشنى ئۈمىد قىلدى . لېكىن بۇ ئەخمەقلەرگە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ۋە قىلغان كەڭچىلىكلىرى پۈتۈنلەي بىكارغا كەتتى . ئۇلارنى ئويغىتالمىدى . ئۇلار ئاللاغا تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىش تۇگۇل ، ئەكسىچە ، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى يالغاندىن توقۇپ چىققان گەپلەر دەپ قاراپ ، زادىلا پىسەنت قىلمىدى . ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ۋەدىلىرىنى ئەقلەشتۈرۈشكە مەجبۇرلايتتى . سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا :

— ئەي قوۋمداشلىرىم ، سىلەر نېمە ئۈچۈن بەخت ـ سائادەتنى تاشلاپ ، بالا ـ قازاغا يۈگۈرىسىلەر ؟ سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللادىن مەغپىرەت تىلەپ ، ئاللانىڭ سىيلى ـ رەھىم ، مېھىر ـ شەپقىتىگە ئېرىشمەيسىلەر ؟ — دېدى .

ئۇلار جاھىللىق قىلىپ ئۆز ھوشىنى تاپمىدى ۋە سوراپ سىلىپ سالىھ ئەلەيھىسسالامغا :

— بىز سىنىڭ ۋە ھىمايىچىلىرىڭنىڭ كاساپىتىدىن بەختلىك بولالمايۋاتىمىز ! — دېدى .

بەزى كىشىلەر تېخى تىل بىرىكتۈرۈپ ، ئەل جىمىققاندا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە يوشۇرۇن كىرىپ ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ خىيش - ئەقرىبالىرىنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا مەخپىي مەسلىھەتلەشتى . ئۇلار ئۆزلىرىچە مۇشۇنداق قىلساق ھېچكىم كۆرمەيدۇ ، دەپ قاراشتى . بۇ مەسلىھەتنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق توغرىسىدا پۈتۈشتى .

ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ خىيش - ئەقرىبالىرىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆزلىرىنى بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالالايمىز ، دەپ قارايتتى . لېكىن ، ئاللا ئۇلارنى مەيلىگە قويۇۋەتمىدى ، بەلكى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى ھەمدە ئۇلارنى قايسى يول بىلەن شۇملۇق قىلغان بولسا ، شۇ يول بىلەن جايلىدى . ئاللا سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ ، گۇمراھلارغا تېگىشلىك جازا بەردى : بىردىنلا ئاسمان ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىدى ، ئاسىي - گۇمراھلار ئۆز ئائىلىلىرىدە چاقماققا سوقۇلۇپ ئۆلۈشتى .

ئۇلارنىڭ بىنا قىلغان ھەشەمەتلىك ئۆي - ئىمارەتلىرى ، توپلىغان پۇل - ماللىرى ، ئەھيا قىلغان نۇرغۇن چار باغلىرى ۋە تاغلاردىكى پاناھلىنىش جايلىرى ئۇلارنى بۇ قىسمەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى .

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئازابلاندى . ئۇ يەردە ياتقان جەسەتلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغان ئۆي - ماكانلىرىغا قاراپ :

— ئى قوۋملىرىم ! مەن سىلەرگە ئىگەمنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى جاكارلىغانىدىم ، سىلەرگە سەمىمىي راست گېپىمنى ئېيتقانىدىم ، لېكىن سىلەر سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇشنى ياقتۇرمىغۇچىلاردىن ئىدىڭلار ، — دېدى .

# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە تىرىلدۈرۈشتىكى ئىسپات

قەدىمكى دەۋردە بابىلون دۆلىتىدىكى خەلقلەر باياشات ۋە خاتىرجەم ياشىسىمۇ، لېكىن ئېتىقاد جەھەتتە تۇيۇق يولدا ئىدى. ئۇلار بۇت ياسايتتى، بۇتقا چوقۇناتتى، ئەمما ئۆزلىرىنى ياراتقان ۋە بەخت ئاتا قىلغان ئاللانى زادى ياد ئەتمەيتتى.

شۇ چاغدا، پادىشاھ نەمرۇد ئىبنى كەنئان كۈس بابىلون دۆلىتىنىڭ كاتتا ھوقۇقىنى تىزگىنلىۋېلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاھاندا ھەممىدىن باي ــ قۇدرەتلىك، ھەممىدىن ئۈستۈن ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى، پۇقرالىرىنىڭ بولسا گاللىۋاڭ، نادانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ، كىشىلەردىن چوقۇنۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ شۇنداق قارايتتى: كىشىلەر قولىقى ئاڭلىماس، كۆزى كۆرمەس، پايدىسىمۇ يوق، زىيىنىمۇ يوق ئاشۇ تاشلارغا ۋە ھەيكەللەرگە نادانلارچە چوقۇنغان يەردە، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزۈمگە چوقۇندۇرالمايمەن! مەن شۇنچە سۆزمەن، بىلىملىك ھەم سەزگۈر، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىكىر يۈرگۈزەلەيمەن، كىشىلەرگە ياخشىلىق يەتكۈزەلەيمەن، ئۇلارنى قوغدىيالايمەن، كەمبەغەلنى باي، ئېسىللارنى پەس قىلالايمەن، مەن تاش ۋە ھەيكەللەردىن كۆپ ئارتۇق تۇرىمەن.

جاھالەتلىك ۋە قالاقلىق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان بۇنداق مۇھىتتا ۋە جەمئىيەتتە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشۇ

پادىشاھلىقتىكى پىدان ئىرەم شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى . ئۇنىڭ ئاتىسى ئازەر ئىدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاللا ئۇنىڭغا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ھەقىقەت ئاتا قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ توغرا چۈشەنچىسى ، ئۆتكۈر پىكرى ۋە ئاللادىن نازىل بولغان ۋەھىيگە ئاساسەن مۇنۇلارنى چۈشەندى : ئاللا بىردۇر ، ئالەمدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ ، ئۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانىدۇر . كىشىلەر چوقۇنۇپ يۈرگەن بۇت ئۇلارنى ئاللانىڭ ھېچقانداق مېھىر ـ شەپقىتىگە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى بىردىنبىر ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى مۇشرىكلىك پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش قارارىغا كەلدى . شۇنداقلا كىشىلەرنى ئازغان يولدىن قايتۇرۇش ، يامان يولدىن توغرا يولغا باشلاشقىمۇ ھازىرلاندى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئىنتايىن ئىخلاسمەن ئىدى ، ئاللانىڭ قۇدرىتىگە قەتئىي ئىشىنەتتى . ئۇ ئاللادىن ئۆزىگە نازىل بولغان : ئاللاتائالا ئىنسانلارنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تىرىلدۈرەلەيدۇ ، ئىنسانلارنىڭ ئۇ دۇنيادىكى تەقدىرى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھەرىكىتىگە باغلىقتۇر ، دېگەن ۋەھىيگە ئىشىنەتتى . ئۇ ئەقىل ـ پاراستى ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ، ئۆز ئېتىقادىنى قەتئىيلەشتۈرۈش ، تەشۋىق قىلىشتا ئېنىق دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، ئاللانىڭ تىرىلدۈرۈش ئىسپاتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولدى ـ دە ، ئاللادىن ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن چىرىگەن جەسەتكە قانداق جان ئاتا قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى . ئاللا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا :

— ئى ئىبراھىم ، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنمىدىڭمۇ ؟ — دېدى .

— ياق ، مەن ساڭا ئىشىنىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ، — سەن بۇ ھەقتە ماڭا بېشارەت

بەرگەنىدىڭ ، مەن ساڭا ئىشەنچ قىلىمەن ، پۈتۈنلەي ئىشەنچ قىلىمەن ، لېكىن كۆڭلۈمنى قارار تاپقۇزۇپ ، قەتئىي ئىشەنچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىم ئۈچۈن ، تىرىلدۈرۈش جەھەتتىكى ئىسپاتلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەيمىكىن ، دېگەنىدىم .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز كۆڭلىنى تىندۇرۇشنى مەقسەت قىلغاچقا ئاللامۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى مەقبۇل كۆردى . ئاللا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ئەمر قىلدى : ئى ئىبراھىم ، قۇشتىن تۆتنى ئالغىن ، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە تونۇتقىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن ) ، ئاندىن ھەربىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلىكىنى قويغىن ، ئاندىن ئۇلارنى ئالدىڭغا چاقىرغىن ، شۇ چاغدا ئۇلار مېنىڭ ئىرادەم بويىچە تىرىلىپ ، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇچۇپ كېلىدۇ .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە شۇنداق قىلدى . ئۇ بايىقى تۆت قۇشنى چاقىرغاندا ، بۇ قۇشلارنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن ئەزالىرى جاي - جايىغا كېلىپ تۇتىشىپ تىرىلدى ، ئاندىن ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ تىرىلدۈرۈشتىكى ئىسپاتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى .

تۆت قۇشنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن پارچىلىغان ھەم ئۇلارنىڭ پارچىلانغان ئەزالىرىنى ئۆز قولى بىلەن بىرنەچچە تاغ ئۈستىگە قويغانىدى . ئۇ قۇشلارنى چاقىرغاندا ، ئۇلار بىردىنلا تىرىلىپ ئۇچۇپ كەلدى . بۇ ئىشلارنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئاللانىڭ ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرۈپ قايتا ھايات ئاتا قىلالايدىغان كۈچ - قۇدرىتىگە شۈبھىلەنمەيدۇ . مۇبادا ئاللا بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولىدىكەن ، ئۇنى ھەرقانداق نەرسە توسۇۋالالمايدۇ . ئاللا ھەممىگە قادىردۇر .

www.alma.cn

# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا نەسىھەت قىلىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئازەر بۇتقا چوقۇناتتى ۋە بۇت ياساپ ساتاتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى شۇ ئىدى. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەممىدىن ئاۋۋال دادىسىنى توغرا يولغا باشلىشى ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادا بولغۇچىنى ھىدايەتكە باشلاشمۇ ئوغۇل بولغۇچىنىڭ ۋاپادارلىقى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بۇت ياساپ باشقىلارنى بۇتقا چوقۇندۇرۇشى بىرخىل گۇناھ ئىدى. دادىسىغا نەسىھەت قىلىشىنىڭ ئۆزى ئاللاغا ئىخلاس قىلغانلىق، يامانلىقنى تۈپ- يىلتىزىدىن تۈگەتكەنلىك ۋە كىشىلەرنى تۇيۇق يولدىن قايتۇرغانلىق بولاتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ نەسىھىتىنى دادىسىغا قوبۇل قىلدۇرۇش ھەمدە دادىسىنىڭ ئۇنى ھۆرمەت قىلمىدى دەپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن، دەسلەپتە، دادىسىنىڭ بۇتقا چوقۇنىدىغانلىقىنىڭ ئەخمىقانە قىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمىدى، بۇتنى كەمسىتىدىغان روھىي ھالەتنىمۇ ئىپادىلىمىدى، بەلكى ئەدەپ- ئىكرام بىلەن ئەپلىك پۇرسەت تېپىپ ئۆز لايىقىدا ئاۋۋال دادىسى بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاتا- بالىلىق مۇناسىۋەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، دادىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى قوزغىدى، ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن دادىسىدىن نېمە ئۈچۈن بۇتقا چوقۇنىدىغانلىقىنى سورىدى ۋە بۇ بۇتلارنىڭ كىشىلەرنىڭ دۇئا- تىلاۋەت، ھەمدۇسانالىرىنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقى، چوقۇنغانلىقىنى كۆرەلمەيدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتنى كۆتۈرۈۋېتەلمەيدىغانلىقى ھەم كىشىلەرنىڭ تەلەپ- ئىلتىجالىرىنىمۇ قاندۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ مەنسىتمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، دادىسىغا دېدى:

— ئى دادا! مەن ھەقىقەتەن سەن تېخى بىلمىگەن بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم. سەن ماڭا ئەگەشكىن، مەن گەرچە كىچىك بولساممۇ، ئالىيجانابلىق ۋە ئابرۇيدا ساڭا يەتمىسەممۇ، لېكىن سەن ماڭا ئەگىشىشىڭ لازىم.

ئۇ دادىسىدىن ئۆزىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئىش قىلىشنى سەممىي تەلەپ قىلدى ۋە شۇنداق قىلغاندىلا، ھىدايەت يولىغا ماڭالايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىغا يەنە بۇتقا چوقۇنماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى، چۈنكى بۇتقا چوقۇنۇش رەھىم - شەپقەتلىك ئاللاغا ئاسىيلىق قىلىپ، كىشىلەرنى يامانلىققا باشلايدىغان شەيتانغا چوقۇنغانلىق بولاتتى. ۋەھالەنكى شەيتان بولسا ئىنسانلارنىڭ دۈشمىنى، ئۇ ئىنسانلارغا بەخت - سائادەت بېغىشلىمايدۇ، پەقەت ئىنساننى بەختسىزلىككە ۋە ھالاكەتكە ئۈچرىتىدۇ، خالاس. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنى كۆلپەتلىك تەقدىرنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشقا ئاگاھلاندۇردى، لېكىن دادىسىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن «ئاللانىڭ جازاسىدىن ئېھتىيات قىل» دېگەن گەپنى قىلمىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىغا ھىدايەتنى ئېنىق كۆرسەتتى ۋە سەممىي مۇراجىئەت قىلدى. ۋەھالەنكى دادىسى ئازەر ئوغلىنىڭ سەممىي مۇراجىئىتىنى رەت قىلدى ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا ئوغلىغا دېدى:

— ئىبراھىم، سەن خۇدالىرىمىزغا ئاسىيلىق قىلدىڭ! ناۋادا سەن بۇ خەتەرلىك يولدىن دەرھال قايتمايدىغان بولساڭ، مەن سېنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ھوشۇڭنى تاپ. مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغىما، سەن مەندىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كەت، ئائىلىدە ساڭا تۇرىدىغان ئورۇن يوق، سەن مېنىڭ ھېسداشلىقىمغىمۇ ئېرىشەلمەيسەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەڭ قورساقلىق بىلەن دادىسىنىڭ تەھدىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئالاھىدە ئىززەت - ئىكرام بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن ئامان - ئېسەن ساڭا ھەمراھ بولۇشنى خالايمەن، مەن ئاللادىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللا چەكسىز رەھىم - شەپقەتلىكتۇر، مەن سىلەردىن يىراق تۇرىمەن. سىلەرنىڭ ئاللانى تاشلاپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتۇڭلاردىن يىراق تۇرىمەن. بۇ ئارزۇ - تىلەكلىرىم كىشىلەرنى نائۇمىد ۋە بەختسىز قالدۇرمىغاي.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىنى ئاللاغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش يولىدا قىلغان ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسىنىڭ داۋاملىق تۇردە تەرسالىق قىلىپ، بۇتقا چوقۇنۇپ، ئاللاغا ئىشەنمەي يۈرگەنلىكىگە قاراپ تۇرۇشنى خالىماي، قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمگەن ھالدا دادىسى بىلەن خوشلاشتى.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتنى چېقىشى

دادىسىنىڭ نەسىھەتنى رەت قىلغانلىقى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئوغلى دادىسىنى توغرا يولغا باشلىدى، دادىسى غەپلەتتە ئۆتتۈەردى، ئوغلى دادىسىنى زالالەتتىن ھىدايەتكە باشلىدى، دادىسى پەرۋا قىلمىدى. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن بەكمۇ ئازابلاندى، لېكىن دادىسىنىڭ قوپاللىقلىرى ۋە سوغۇق مۇئامىلىسىدىن مەيۈسلىنىپ كەتمىدى. ئۇ ھەقىقەتنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىشقا، كىشىلەرنى بۇتقا چوقۇنماسلىققا داۋاملىق دەۋەت قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ كىشىلەرنى ئاللاغا ئىمان كەلتۈرىدىغان، زالالەتتىن قول ئۈزىدىغان قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق بالا - قازاغا دۇچ كېلىشتىنمۇ باش تارتمايدىغان نىيەتكە كەلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئەقىللىق، پىكرى ئۆتكۈر،

ئىشنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلالايدىغان كىشى ئىدى . ئۇ ئۆز قوۋمىدىكىلەرنىڭ جاھىللىق بىلەن داۋاملىق بۇتقا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلمايدىغان بۇ يەردە يالغۇز ئىبىمىزدىكى گەپكىلا تايىنىۋېرىشنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى سەزدى . ئۇ كىشىلەرنى تۇيۇق يولدىن قايتۇرۇش ، زالالەتتىن ھىدايەتكە باشلاش ۋە ئۇلارغا ئېتىقادنىڭ ھەقىقىي - چىن مەنىسىنى چوڭقۇر بىلدۈرۈشتە ، پەقەت ئېتىقادنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرغاندىلا ، ئاندىن نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ ، دەپ قارىدى .

ئۇ كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقان ھەرقانداق ۋاقىتتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى . بىر قېتىم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلاردىن :

— سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

كىشىلەر بۇتنى يەنە ماختاپ كۆرەڭلەپ كېتىشتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ باشتىن — ئاياغىچە تەۋرەنمەستىن بۇتقا چوقۇنۇۋېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بالدۇرراق ئويغىتىش ئۈچۈن ، ئۇلارغا خۇددى دوختۇر كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ دورا بەرگەندەك مۇئامىلە قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە خۇددى سوتچى جىنايەتچى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندەك ئۇلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى چۈشەندى ۋە تەتقىق قىلدى . ئۇ ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر مەسىلىگە بولغان باشقىچە قاراشلىرى ۋە جاۋابلىرىغا ناھايىتى دىققەت قىلاتتى ھەمدە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ بۇتقا چوقۇنۇشتىكى ئاساسىنى يىمىرىپ تاشلاپ ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنى قايىل قىلىشنى كۆزلەيتتى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن رەددىيە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ چۈشكۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى ، ئاندىن ئۇلاردىن :

— سىلەر بۇتنى چاقىرساڭلار ئۇ ئاڭلىيالامدۇ ؟ سىلەر ئۇنىڭ

ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرساڭلار، ئۇ كۆرەلەمدۇ؟ ئۇ سىلەرگە بىرەر ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئېلىپ كېلەلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن، — دېيىشتى ئۇلار جاۋاب بېرىپ. يىرگىنچلىك ئادەت كۆچلىرى ئۇلارنى تۇيۇق يولدا داۋاملىق مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى. ئاتا - بوۋىلار ئاسىيلىق قىلغاچقا، ئەۋلادلارمۇ داۋاملىق خاتالىشىۋېرىشى كېرەك ئىكەن - دە، بۇ نېمىدېگەن پاجىئەلىك ئىش! بۇ دەل ئۇلارنى شەيتان ئۆز قاپقىنىغا چۈشۈرۈپ ۋە ئازدۇرۇپ، ئاتا - بوۋىسىغا ئەگىشىپ ئاسىيلىق قىلىشنى شەرەپلىك، دەپ بىلىشكە ئۈندىگەنلىكتىن بولسا كېرەك. ئۇلار يولدىن ئازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنى توغرا يولدا مېڭىۋاتىمىز، دەپ قارىغان. بۇ نېمىدېگەن نادانلىق!

قوۋم ئەھلى توۋلىغان ئاۋازلىرىنى بۇتنىڭ ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كىشىگە زىيىنىمۇ يوق ھەم ھېچقانداق پايدىسىمۇ يوق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇلار يەنە بۇتقا چوقۇنۇش قەدىمكىلەرنى دوراشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇلار قەدىمكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى، ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇتقا چوقۇنۇشنى توغرا ھەرىكەتنىڭ نەمۇنىسى قىلىۋالغاچقا، توغرا يولدىن يىراقلاپ كەتكەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

— روشەنكى، سىلەرمۇ، ئاتا - بوۋاڭلارمۇ ھەقىقەتەن ئاداشقان، — دېدى.

ئۇلار:

— سەن راستتىنلا بىزنىڭ بۇتىمىزغا تۆھمەت قىلىۋاتامسەن ياكى بىزگە چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى.

— مەن سىلەرگە چاقچاق قىلغىنىم يوق، بەلكىم سىلەر بىلەن ئەستايىدىل سۆزلىشىۋاتىمەن، — دېدى ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالام، — مەن سىلەرگە ھەقىقىي ئېتىقادنى ئېنىق كۆرسەتتىم. چۈنكى مەن ئاللانىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى. سىلەر ئاللاغا چوقۇنۇشۇڭلار كېرەك. ئۇ ئاسمان بىلەن زېمىننى ياراتقۇچى؛ ئۇ ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنىڭ خوجىسى. بۇت دېگەن بۇت، ئۇ سىلەرگە پايدىمۇ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، زىيان - زەخمەتمۇ سالالمايدۇ، ئۇ جانسىز بىر پارچە تاش ياكى تۇۋرۇك، خالاس. بولدى، سىلەر ئەمدى ئۇنىڭغا چوقۇنماڭلار، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار، تۈيۈق يولدىن قايتىشىڭلارغا تىلەكداشمەن. ئەگەر بۇتنىڭ قولىدىن ئادەمگە بالايىئاپەت كېلىدىغان بولسا، ئۇ ئاللىقاچان ماڭا بالايىئاپەت كەلتۈرگەن بولاتتى، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئاللىبۇرۇنلا ئىشەنمىگەنىدىم، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بالايىئاپەت كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھال بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ ئەرزىمەس بىر ئىش ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قوۋمىدىكىلەرنى ئاللانىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاللانى بۇت بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئاللانىڭ ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى ياراتقان قۇدرىتىنى سۆزلەپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭلار ئاللا ئاتا قىلغىنىدىن باشقا يەنە نېمىگە ئېرىشەلىگەن؟ دۇنيانى ياراتقۇچى ئىگەم ئاللادۇر، ئۇ مېنى ياراتتى ۋە مېنى يېتەكلىدى؛ ئۇ ماڭا نازۇنېمەت ئاتا قىلدى؛ كېسەل بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا داۋالىدى؛ ئاللا مېنى ئۆلتۈرەلەيدۇ ھەم مېنى تىرىلدۈرەلەيدۇ؛ مەن قىلغان گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئەرەسات كۈنى ئاللادىن مەغپىرەت تىلەيمەن.

نەسىھەتلەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار بۇ كىشىلەرگە ھېچقانداق كار قىلمىدى. ئۇلار ھىدايەتكە مېڭىشنى رەت قىلىپ، ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالامنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا قارشى تۇردى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قوۋمىدىكىلەرنىڭ بۇنداق بىپەرۋالىق قىلىپ ، بۇتقا چىڭ يېپىشىۋالغانلىقىغا نىسبەتەن بۇتقا قارىتا بىر تەدبىر قوللىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا بۇتنىڭ كۆپچىلىكنى قۇتۇلدۇرۇش تۇگۇل ، ھەتتا ئۆزىنىمۇ قۇتۇلدۇرۇۋالالمايدىغانلىقىنى تونۇتۇش قارارىغا كەلدى .

شۇ چاغدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان ھېيت كۈنىدە كۆپچىلىك شەھەر سىرتىغا چىقىپ بىرلىشىپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى . ئۇلار ھېيتنى تەبرىكلەپ بولغاندىن كېيىن بۇتخانىغا قايتىپ كېلىپ يېيىش ئۈچۈن ، ھارپا كۈنىلا نەزىر - چىراغ قىلىشقا تېگىشلىك بۇتخانىغا نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ قويۇشاتتى .

ھېيت يېقىنلاپ كەلدى . ھەممەيلەن ھېيتنىڭ تەييارلىقى ، ئۆزئارا تەبرىكلەش بىلەن بەند ئىدى . ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى شەھەر سىرتىغا چىقىپ بىللە كۆڭۈل ئېچىشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنى رەت قىلدى . چۈنكى ئۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولغىنىشنى راۋا كۆرمەيتتى . ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇتلارنى چېقىپ تاشلاشنى نىيەت قىلدى - دە ، يالغاندىن كېسەل بولۇۋالدى .

ئۇلارمۇ ئۇنى بىللە بېرىشقا زورلىمىدى ، ئەكسىچە ، ئۇنىڭ بارمىغانلىقى بىلەن خۇشال بولۇشۇپ ، خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك ئۇنى تاشلاپ ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتىشتى .

شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە كېتىشتى ، ھەتتا بۇتخانىنى باشقۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارايدىغانلارمۇ كېتىشتى ، پەقەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىلا يالغۇز قالدى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتخانىغا كەلدى . بۇتخانىدا تاراشلاپ قاتۇرۇلغان ھەرخىل بۇتلار بولۇپ ، بۇتلارنىڭ ئايىغى ئالدىدا نازۇنېمەتلەر تۇراتتى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ بۇتلارغا

مەنسىتمىگەن هالدا: «سىلەر بۇ نەرسىلەرنى يېمەپسىلەرغۇ! نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟!» دېدى. ياغاچتىن ھەم تاشتىن تاراشلاپ ياسالغان بۇ بۇتلاردىن ھېچقانداق سادا كەلمەيتتى، ئەلۋەتتە.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ بۇتلارنىڭ قەبىلىداشلىرىنى كولدۇرلاتقانلىقىنى ئويلاپ، بىردىنلا قاتتىق غەزەپلەندى - دە، بۇتلارنى ئۇرۇپ - تېپىپ ۋە پالتا بىلەن چېپىپ پارچىلاپ، ياغاچ - تاش دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئاندىن كىشىلەر شەھەر سىرتىدىن قايتىپ كەلگەن چاغدا، بۇتخانىغا كىمنىڭ كىرگەنلىكى ۋە بۇ بالانى كىمنىڭ پەيدا قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق قىلسۇن ئۈچۈن يوغان بۇتتىن بىرنى قالدۇرۇپ قويدى. شۇ ئارقىلىق ئۆز قوۋمىدىكىلەرگە بۇتنىڭ زىۋانى، سېزىمى يوق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. ئۇلارنى بۇ ھالنى كۆرۈپ ئويغىنىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەردە ياتقان پارچە - پۇرات ياغاچ - تاشلارغا قاراپ قويۇپ، بۇتخانىدىن چىقىپ كەتتى، ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، كۆڭۈل ئېچىشقا كەتكەنلەر قايتىپ كەلگەندە ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە ئويلاندى.

كىشىلەر ھېيتنى تەبرىكلەپ بولۇپ، شەھەر سىرتىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇلار بۇتلىرىنىڭ پارە - پارە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈشۈپ، قايسى لۈكچەك شۇنداق قىلغاندۇ، دەپ ئويلاشتى.

ئۇلاردىن بىرى:

— ئىبراھىم بىزنىڭ بۇتقا چوقۇنغانلىقىمىزنى مەسخىرە قىلغان، بۇ يامان ئىشنى چوقۇم شۇ قىلغان، — دېدى.

كىشىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتقا بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ، جازاغا تارتماقچى بولۇشتى.

ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولسا، خالايىق يىغىلغان

پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ بەكمۇ ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلماقچى بولدى.

كىشىلەر توپى بارغانسېرى ئۇلغايغىلى تۇردى، ھەممەيلەن چېقىۋېتىلگەن بۇت ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جازاغا تارتىلىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئويلايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئادەملەر ئارىسىغا ئېلىپ كېلىندى. شۇ زامان قەھرلىك ۋارقىراشلار ۋە ئەيىبلەش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا:

— ھەي ئىبراھىم! مەبۇدلىرىمىزغا بىھۆرمەتلىك قىلغان سەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يامان يولدىن قايتىش توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم نەسىھەت قىلىشنىڭ پۇرسىتى كەلدى، دەپ ئويلاپ مۇنداق دېدى:

— ياق، مەن ئەمەس. ئىشەنمىسەڭلار ئاۋۇ يوغان بۇتتىن سوراپ بېقىڭلار، سىلەرگە جاۋابنى شۇ بەرسۇن!

خالايىق بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ، بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىشتى ۋە شۇ چاغدا بۇتخانىغا قارايدىغان بىرەر ئادەممۇ قالدۇرۇپ قويمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىشتى.

كىشىلەر قىلغۇدەك گەپ تاپالماي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئويغا پاتتى، سەل ئۆتكەندىن كېيىن، نائىلاج ھالدا مۇنداق دېيىشتى:

— ئىبراھىم، سەن بۇتنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن تۇرۇقلۇق، نېمىشقا بىزگە ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭلار ۋە ئۇنى گۇۋاھلىققا تارتىڭلار، دەيسەن؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭمۇ بۇتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدىغان، سېزىمسىز ئىكەنلىكىنى، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرەلمەيدىغان، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇتقا چوقۇنۇشتىكى ئەخمىقانە ھەرىكىتى ۋە جاھىللىقىنى تەھلىل قىلىپ ئۇلاردىن ياخشىراق ئويلىنىپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئاخىردا مۇنداق دېدى:

— سىلەر ئاللانى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان، ئۆزۈڭلەرگە ھېچقانداق پايدىمۇ، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتقا چوقۇنۇۋاتىسىلەر. ئەجەبا، بۇ كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان ئەخمىقانە قىلىق ئەمەسمۇ؟

بىراق، ئۇلار بەكمۇ چوڭقۇر زەھەرلەنگەچكە، ھە دېگەندىلا غاپىللىقتىن ئويغانمىدى. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا چاۋىسى چىنتقا يېپىلغاچقا، ئىزا تارتىپ چىديالماي، جان ئاچچىقىدا قوراللىرىنى ئىشقا سالماقچى بولۇشتى. ئۇلار: «ئۆز رەببىمىز ئۈچۈن ئىبراھىمنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرەيلى!» دەپ چۇقان سېلىشتى.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتقا تاشلىنىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يامان ئىش قىلمىغان، پەقەت «مېنىڭ ئىگەم ئاللا» دېگەننىلا ئىزھار قىلغانىدى، خالاس. ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنىدى، ناھايىتى كەلسە بۇتلارنى چېقىپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنىلا ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارنى بىردىنبىر ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشقىلا چاقىرغانىدى، خالاس. لېكىن ئۇ يۇرت ئاقساقاللىرىنى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقتىن، يۇرت ئاقساقاللىرى ئۇنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ جازالىماقچى بولدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ كىشىلەرنى جاھالەتتىن ۋە قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشقا ئۈندەۋاتقانلىقى سەۋەب بولغانىدى. لېكىن بۇ ھال ئاقساقاللارنىڭ تەسىر كۈچىگە خاتىمە بېرىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. شۇ توپەيلى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇز ئەپتىنى ئاشكارىلىدى.

ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ، چىقىلغان بۇتلارغا تەزىيە بىلدۈرمەكچى بولۇشتى ـ دە، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئوتۇن يىغىشقا باشلىدى . ھەتتا بەزى ئاياللار ، كىشىلەر كېسەل بولۇپ قالغاندا ، بۇتلىرىمىز ئۇلارغا ئىپەنلىك بىغىشلاپ ، شىپالىق بېرەلەيتتى ؛ بىز ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك ئوتۇن توْھپە قىلايلى دېيىشتى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن توپلىغان ئوتۇن تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى ، كىشىلەر ئوتۇنلاردىن چەمبىرەك تام ياسىدى ۋە ئۇنىڭغا ئوت ياقتى . ئوتۇنلار شۇ ھامان لاۋۇلداپ كۆيۈپ كەتتى ، ئوت يالقۇنى ھەر تەرەپكە كېڭىيىپ ، ئاسماننىڭ يېرىمىنى يوپيورۇق قىلىۋەتتى. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئارغامچا بىلەن مەھكەم باغلاپ ئوتقا تاشلىدى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئاللاغا بولغان ئېتىقادى ئۆزگەرمىدى . ئوت يالقۇنى ئۇنى قورقۇتالمىدى. ئۇ ئوت ئىچىدە بىردىنلا دەس تۇردى ، ئۆزىنى ئاللانىڭ قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغانلىقىغا ئىشەندى . بىردەمدىن كېيىن ، قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئۇنىڭ گەۋدىسىنى توسۇۋالدى ، ئوت يالقۇنى ئۇنىڭغا يېپىشىپ كېلىۋاتاتتى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوتۇننىڭ پاراس ـ پۇرۇس قىلىپ كۆيۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بۇ چوڭ يانغىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى قانداق قىلدى ؟

ئوت ئۇ باغلانغان ئارغامچىنىلا كۆيدۈرەلىدى . ئۇ ئوت ئىچىدە ئەركىن ـ بىمالال بولۇپ قالدى . ئاللاتائالا ئوتنى قىزىتىش ۋە كۆيدۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىپ ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى بۇ بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالدى .

ئوت ئۆچۈپ ، ئىس ـ تۈتەكلەر كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . كىشىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشكەن ھالدا قايتىشتى .

بۇ ھەممە كىشى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئاللانىڭ

ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان يەنە بىر قايىل قىلارلىق مۆجىزە ئىدى. ئۇلار مۇنازىرىدە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى زورلاۋانلىق بىلەن ئوتتا كۆيدۈرۈشتىمۇ مەغلۇپ بولدى. دەل ئاللاتائالا ئوتنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى قۇتۇلدۇرغاچقا، بۇشرىكلار يۈزى تۆكۈلۈپ رەسۋا بولدى.

خالايىق ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. بەزىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئېتىقاد باغلاپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكىلەر يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاشكارا ئەگىشىپ مېڭىشقا پېتىنالمىدى.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە دۆت پادىشاھ نەمرۇد

بۇ ۋەقە پادىشاھ نەمرۇدقا ناھايىتى تېز ئاڭلاندى. نەمرۇد بۇ بۆجىزىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتقا خالىغانچە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىقى ئەمەلىيەتتە پادىشاھنىڭ ئۆزىگە — كىشىلەر چوقۇنىدىغان بۇتلارنىڭ بىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىناتتى.

شۇ سەۋەبتىن، پادىشاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوردىغا چاقىرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. پادىشاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، غەزەپلەنگەن ھالدا تەنبىھ بېرىپ مۇنداق دېدى:

— سەن پۇقرالار ئىچىدە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، كىشىلەرنى بۇتقا چوقۇنۇشتىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولدۇڭ. ئەجەبا، سەن مېنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شاھ ئالىيلىرى ئىكەنلىكىمنى بىلمەمتىڭ؟ ھېچكىم مېنىڭ ئەمر - پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلالمايتتى، سەن يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ باشقىلارنى

كۈشكۈرتۈپ، كىشىلەر چوقۇنىدىغان مەبۇدنى ۋەيران قىلدىڭ! سېنىڭ بىزگە چوقۇندۇرماقچى بولغان خۇدايىڭ قانداق نېمە ئۇ؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئالدىرىماي تەمكىن جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيدىغان بىردىنبىر پەرۋەردىگاردۇر. ئۇ ئالەمنى ۋە ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى ياراتتى. ئۇ ئالەمدىكى ھەممىنى يوقىتىشقا قادىر.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالدىيۇ، لېكىن يەنە تەن بەرمىدى. ئۇ مەغرۇر ھالدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى:

— مەن تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيمەن، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيمەن. تىرىلدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى مېنىڭ ئالقىنىمدا. مەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنى ھايات قالدۇرالايمەن، ھايات يۈرگەن ھەرقانداق ئادەمگىمۇ ئۆلۈم ھۆكۈم قىلالايمەن. مېنىڭ ئالدىمدا سېنىڭ ئىگەڭ نېمىدى.

پادىشاھ نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شەرھلىگەن ئاللاتائالا ھاياتلىقنى ياراتتى ھەمدە ئۇنى يوقىتىشقا قادىر، دېگەن ئاساسىي تېمىدىن ئۆزىنى ئىمكانقەدەر قاچۇراتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئارقىدىنلا:

— ئاللاتائالا قۇياشنى ھەرىكەتلىنىدىغان قىلدى، ئۇنىڭ ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىشىنى بەلگىلەپ، ئۇنى شەرقتىن كۆتۈرۈلىدىغان قىلدى. ئەگەر سەنمۇ ھەممىنىڭ قادىر ئىگىسى بولىدىغان بولساڭ، قۇياشنىڭ ئوربىتىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى غەربتىن كۆتۈرۈلىدىغان قىلالامسەن؟ — دېدى.

بۇ سوئال بىلەن پادىشاھ نەمرۇد زۇۋانى تۇتۇلۇپ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ سەپسەتىسى خەلقئالەم ئالدىدا ئېچىپ تاشلانغانىدى. ئۇ جىددىيلىشىپ، پادىشاھلىق ئورنىنى ساقلاپ قالالماسمەنمىكىن، دۆلەت ئەمىن تاپالماسمىكىن، دەپ ئەنسىرىدى. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى

ئەڭ يىرگىنچلىك دۈشمەن، دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ھېچنېمە قىلالمىدى. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۆجىزە كۆرسىتىپ، ئۆز ئېتىقادىنى ئىسپاتلىغانىدى.

پادىشاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلىشىشكە پېتىنالمايتتى، ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىپ، پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، پادىشاھ ئۇنى نازارەت قىلىشقا ئادەم بەلگىلەپ قويۇپ ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇردى. پادىشاھ ئۇنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەرگە، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار، دەپ تەھدىت سالدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خىلمۇخىل ئەيىبلەش ۋە چەكلەشكە ئۇچرىدى، ئۇ بۇ يەردىن باشقا يەرگە كېتىپ، دىن تارقىتىش قارارىغا كەلدى - دە، ئۆز يۇرتى ۋە قوۋمى - قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ پەلەستىنگە كەلدى.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى ھىدايەت يولىغا مېڭىشقا قايىل قىلىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەلبىگە چىن ئېتىقادنى پۈكۈپ، ئۆز يۇرتى ۋە قوۋمى - قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ ھىرانغا كەلدى. ئۇ بۇ يېڭى دىياردا پاك، ئاق كۆڭۈل مۇخلىسلارنى تېپىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ۋەھالەنكى، ئۇ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭمۇ غاپىللىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ناھايىتى تېز سەزدى. ئۇلار قۇياشقا، ئايغا، يۇلتۇزلارغا چوقۇناتتى، ئاللاغا ئېتىقاد قىلمايتتى. ئۇ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئويغىتىشقا ۋە ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا باشلاپ، ھەقىقەتنى بىلدۈرۈشكە بەل باغلىدى.

كەچ كىرىدى، ئاسماندا كىشىلەر چوقۇنىدىغان يۇلتۇزلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئويغىتىش

ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئاددىي ھالدا كۆرسىتىش ياكى ئۇلارغا ئۇلار چوقۇنىدىغان يۇلتۇزلارنى شۇ يەردىلا كەمستىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش يولى بىلەن ھەقىقەتنى شەرھلىمەكچى بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىك بىلەن بىللە يۇلتۇزلار ئاستىدا پاراڭلاشتى. ئۇ بىر يۇلتۇزغا قاراپ، بۇ خەقلەرنىڭ گېپىنى دوراپ:

— ئۇ مېنىڭ ھەممىگە قادىر ئىگەم! — دېدى. ھەممە ئادەم چوقۇنۇپ كەلگەن ھېلىقى يۇلتۇز ئۇزاق ئۆتمەي بىردىنلا ئېقىپ چۈشۈپ غايىب بولدى. بۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە، — گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيدىغان، بىر ئىزىدا مۇقىم تۇرالمايدىغان بۇنداق ئىگەمنى ياقتۇرمايمەن، — دېدى.

ئاي چىقتى. ئۇ بايا ئېقىپ چۈشۈپ كەتكەن يۇلتۇزدىن چوڭ ھەم يورۇق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە:

— بۇ مېنىڭ قادىر ئىگەم، — دېدى.

ئاي پاتقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە:

— مۇبادا ئاللا مېنى يېتەكلىمىگەن بولسا، مېنىڭمۇ غاپىللىق ئىچىدە ئويغانماي كېتىۋاتقان كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشىم تۇرغان گەپ ئىدى، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گەپنى قىلىشتىكى مەقسىتى كىشىلەرگە پەقەت ئاللانىڭ ئۆزىلا ئادەمنى غاپىللىقتىن قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بالدۇرراق ئويغىتىش ئۈچۈن ئاللادىن مەدەت بېرىپ بۇ چەكسىز زۇلمەتنى يورۇتۇپ، ئۇلارغا ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان يۇلتۇزلارنىڭ ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشنى تىلىدى.

ئاسماندا چوغدەك قىزىل قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە يەرگە تەڭ نۇر چېچىپ، يەر - جاھاننى ئىللىتتى ۋە يورۇتتى. بۇنى كۆرۈپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە:

alma.cn

قۇياش ھەرقانداق يۇلتۇزدىن چوڭ، پايدىلىق ھەم ئۇلۇغ ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ھەممىگە قادىر ئىگەم، — دېدى. لېكىن،

قۇياشمۇ خۇدددى باشقا يۇلتۇزلارغا ئوخشاش تاغ كەينىگە مۆكۈندى. بۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— بۇ قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار بۇياقتىن چىقىپ ئۇياققا كىرىپ، گاھ غايىب بولۇپ، گاھ كۆرۈنۈپ، بىر يەردە تۇرمايدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر ياراتقۇچى بار. بۇ ياراتقۇچى ئاللانىڭ ئۆزىدۇر. قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئاسماندا پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىشى ئاللاغا باغلىقتۇر. دېمەك، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇشىغا ئەرزىمەيدۇ. مەن چوقۇنۇۋاتقان ئاللا بۇلارغا ئوخشىمايدۇ، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇتقا چوقۇنمايدىغانلىقىنى، يەر بىلەن ئاسماننى ياراتقۇچى — ئاللاغا چوقۇنىدىغانلىقىنى كۆپچىلىككە ئوچۇق جاكارلىدى.

ئەمما، كىشىلەر ئۇنىڭ جاكارلىغانلىرىنى قوبۇل قىلمىدى، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئۇنىڭدىن بۇتقا چوقۇنۇشنى ئۈمىد قىلدى. بۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

— سىلەر ئاللا بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن دەل ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەنلا توغرا يولغا ماڭغانمەن، — دېدى.

ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سېلىش ۋە پوپوزا قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا ئۇنى جازالايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمىدى. بەلكى ئۇ كۆڭلىدە: بۇلار يۇلتۇزلار بىلەن ئاللانى تەڭ ئورۇنغا قويغۇدەك دەرىجىدە بىچارە ھەم كۈلكىلىك ئىكەن، بۇلارنىڭ بۇ قىلىقى بىر خىل گۇناھ، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ گۇناھ ئۇلارنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ، دەپ ئويلىدى.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مىسىردا

شامدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، تىرىكچىلىك ئىنتايىن قىيىنلاشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەھەتچىلىكتىن قېچىپ

خوتۇنى سارە بىلەن بىللە مىسىرغا كەلدى . بۇ دۆلەتكە شان ـ شۆھرەتلىك بىر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى سارە چىرايلىق ، كېلىشكەن ئايال ئىدى . بىر قېتىم پادىشاھنىڭ خىزمەتكارى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ ، پادىشاھقا ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ماختىدى ۋە پادىشاھنى ئۇنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشقا قۇتراتتى . خىزمەتكارنىڭ گېپى پادىشاھقا يېقىپ قالدى ـ دە ، پادىشاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتىپ ، سارە ئۇنىڭ نېمىسى ئىكەنلىكىنى سورىدى . شۇ زامات ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى ۋە بۇ گەپنى سوراشتىكى مەقسىتىنى پەملىدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارەنى خوتۇنۇم دېسە ، پادىشاھنىڭ سارەنى تارتىۋېلىشىدىن ، ھەتتا ئۆزىگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پادىشاھقا :

— سارە مېنىڭ سىڭلىم ، — دېدى . پادىشاھ سارەنى ئېرى يوق ئىكەن دەپ قاراپ ، ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەررۇ سارەنىڭ قېشىغا بېرىپ ، بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتتى . ئاندىن ئۇنىڭغا : پادىشاھقا مەن ئېيتقاندەك دېگىن ، دېدى ۋە ئاللاغا مۇناجات قىلىپ سارەگە ئامانلىق تىلىدى .

سارە ئوردىغا كەلتۈرۈلدى . پادىشاھ ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدۈردى ، ئەڭ ئېسىل زىبۇزىننەتلەرنى تاقىدى . لېكىن ، سارە بۇلارغا پىسەنت قىلمىدى ، شانۇشەۋكەت ، تاجۇدۆلەت ئۇنىڭغا ئېرىنى ۋە ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىنىنى ئۇنتۇلغۇزالمىدى . ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە غەمكىن ، پەرىشان بولۇپ ، ئادەم يوق خىلۋەت جايدا يۈرەتتى .

پادىشاھ سارەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ ئىنتايىن غەمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچماقچى بولاتتى ، لېكىن سارە پادىشاھتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى . پادىشاھمۇ رايى يېنىپ ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى . پادىشاھ

بىر چۈش كۆردى ، چۈشىدە سارەنىڭ ئېرى بارلىقىنى ، سارەنى ئۇردىدىن دەرھال چىقىرىۋېتىش لازىملىقىنى بىلدى .

پادىشاھ چۈشىدىن ئويغانغاندا ، بەلكىم ئىنساپ ـ دىيانەت تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك ، سارەنى قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدى . پادىشاھ سارەنى قويۇپ بېرىدىغان چاغدا ، تېخى ئۇنىڭغا ھاجەر ئىسىملىك بىر دېدەكنى تەقدىم قىلىپ ، ئېرىنىڭ قېشىغا بىللە ئەۋەتتى . دېمەك ، ئۇلار بالايىئاپەتكە دۇچ كېلەي دەپ قالغاندا ، ئاللا ئۇلارنى بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مىسىردا تۇرۇپ قالدى . دەسلەپتە ، ئۇ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ناھايىتى ئوبدان چىقىشىپ كەتتى . ئۇ ئىشچان بولغاچقا ، ئۇنىڭ پۇل ـ مېلى ۋە چارۋىلىرى بارا ـ بارا ئاۋۇپ ، ھال ـ كۈنى ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ قالدى . ئۇ بېيىغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشقا باشلىدى ، ھەتتا ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقىمۇ ئۇرۇندى . ئۇ بۇ ئەھۋالنى سەزگەندىن كېيىن پەلەستىنگە كېتىش قارارىغا كەلدى . ئۇ يەر ئىلگىرى ئۇ ياشىغان جاي ئىدى .

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

# ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام

## ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خوتۇنى سارە، دېدەكى ھاجەر بىلەن بىللە پۇل - ماللىرىنى ئېلىپ پەلەستىنگە كەلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى سارە تۇغماس ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرزەنتكە شۇنچە ئىنتىزار بولسىمۇ، لېكىن سارە ئېرىنىڭ بۇ ئارزۇ - ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. شۇڭا ئۇ بەكمۇ ئازابلىناتتى. شۇ تۇپەيلى، ئۇ ئېرىگە ساداقەتمەن دېدەك ھاجەرنى خوتۇنلۇققا[1] ئېلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى ۋە ھاجەرنىڭ پەرزەنتلىك بولۇشىغا، پۈتۈن ئائىلىنى بالا يۈزى كۆرمەسلىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خوتۇنىنىڭ بۇ سەمىمىي نەسىھىتىنى قوبۇل قىلدى.

ئۇزۇنغا بارمايلا ھاجەر بىر ئوغۇل تۇغدى، بالىغا ئىسمائىل دەپ ئات قويدى. بالا ئەقىللىق، زېرەك چوڭ بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن خۇشال ئىدى. لېكىن، سارەدە كۈنداشلىق پەيدا بولدى. ئۇ ھاجەرنىڭ ئىسمائىلنى تۇغقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئازابلىنىپ، بىئارام بولۇپ يۈردى. ئۇ ئىسمائىل بىلەن ھاجەرنى كۆرگەن چاغلىرىدا خاپا بولاتتى.

سارە كۈن بويى بىئارام ئۆتەتتى. قارىغاندا، ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھاجەر بۇ يەردىن كەتسىلا، سارەنىڭ كۆڭلى ئارامىغا

www.alma.cn

① ئىسلام شەرىئىتىدە، ئەر مۇسۇلمانغا تۆت خوتۇن ئېلىش راۋا. بۇ خوتۇنلارنىڭ ئورنى باراۋەر بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

چۈشىدىغانىدەك قىلاتتى . سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئارزۇسىنى ئېيتتى . ئۇ ئېرىدىن ئىسمائىل بىلەن ھاجەرنى بۇ يەردىن ئۆز يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى كۆرۈش ياكى ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىش تۈپەيلى يەنە كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلۇپ قېلىشتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ، ئۇلارنى قانچە نېرى كەتكۈزۈۋەتسە شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام گويا ئاللا ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندىگەندەك ، خوتۇنىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى . ئۇ ئوغلى ئىسمائىل بىلەن ھاجەرنى تۆگىگە مىندۈرۈپ ئاللانىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە قوغدىشى ئارقىسىدا ئۇلار بىلەن بىللە يولغا راۋان بولدى . ئۇلار ماڭا ـ ماڭا ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر چۆلگە كەلدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئانا ـ بالا ئىككىيلەننى گىياھ ئۈنمەيدىغان بۇ تاقىر چۆلگە تاشلىۋەتتى . بۇ چاغدا ھاجەر بىلەن ئىسمائىلدا ئازغىنە ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە سۇ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئاللاغا قەتئىي ئىشىنەتتى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھاجەرنى بۇ قاقاس چۆلگە تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ، يۇرتىغا قايتىپ كەتمەكچى بولدى . لېكىن ، ھاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ :

— يا ئىبراھىم ! سەن نەگە بارىسەن ؟ سەن بىزنى ئادەم ئايىغى يېتىلمىگەن بۇ چۆلگە تاشلىۋەتسەڭ ، بىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ ؟ — دېدى .

ھاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە ۋە بالىغا بولغان ئىمداشلىقىنى قوزغاپ ، ئۇنىڭدىن ئانا ـ بالا ئىككىيلەننى بۇ چۆلدە زار ـ زار قالدۇرۇپ قويماسلىقنى ئۈمىد قىلدى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ :

— سەن بىزنى بۇ چۆلگە تاشلىۋەتسەڭ ، مۇبادا بۆرىلەر كېلىپ

بىزگە ھۇجۇم قىلىپ قالسا، بىزنى كىم قوغدايدۇ؟ بىز پىژ - پىژ ئاپتاپقا قانداق چىدايمىز؟ — دېدى. ھاجەر سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ۋە تۆككەن ياشلىرى ئېرىنى ئۆز نىيىتىدىن قايتۇرالمىدى. ئەكسىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، بۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى، مېنىڭ بۇنىڭغا بويسۇنۇشۇم شەرت، دېدى. ھاجەر بۇنىڭ ئاللانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ئىتائەتمەنلىك بىلەن شۈك تۇرۇپ گەپ - سۆز قىلمىدى. ئاخىردا ئۇ:

— ئاللا بىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئىشىنىپ، قاتتىق قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئانا - بالا ئىككىيلەندىن ئايرىلدى.

شەك - شۈبھىسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا ئادەتتىن تاشقىرى ئازابلانغانىدى. ئۇ قانداقمۇ ئازابلانماي تۇرالىسۇن؟ ئۇ بالا تەلەپ قىلىپ، بالىغا ئىنتىزار بولۇپ يۈرۈپ، ياشانغاندا ئاران بىر ئوغۇلنىڭ يۈزىنى كۆرگەنىدى، ئەمدىلىكتە بۇ ئوغۇلنى ئادەم قەدىمى بېسىلمىغان بىر چۆلگە تاشلىۋەتتى، بۇنىڭغا ئۇ ئېچىنماي تۇرالامتى؟! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېتىۋېتىپ يىغلايتتى. ئەمما ئۇ پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ھىجران ئازابىغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ بىردىنبىر ئوغلىنى چۆلدە قويۇپ، ئۆزى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئانا - بالا ئىككىيلەنگە پەقەت ئاللادىنلا پاناھ تىلەيتتى. ئۇ دۇئا قىلىپ شۇنداق دەيتتى:

— ئى خۇدايا، پەرۋەردىگار! مەن ھەقىقەتەن ئۆز ئوغلۇمنى گىياھسىز چۆلدە قالدۇرۇپ، سېنىڭ دەرگاھىڭغا يېقىنلاشتۇردۇم. ئى ئاللا! ئۇلارنى ئۆزۈڭگە سىغىندۇرغايسەن! كىشىلەرنى ئۇلارغا كۆيۈندۇرگەيسەن! ئۇلارغا نازۇنېمەتلەر ئاتا قىلىپ ھەممىسىگە رەھمەت ئېيتقۇزغايسەن!

# زەمزەم بۇلىقى

ھاجەر تەقدىرىگە بويسۇنۇپ ، كۆز ئالدىدىكى بۇ بەختسىزلىككە بەرداشلىق بەردى . قورسىقى ئاچقاندا ، ئېلىپ كەلگەن نان بىلەن ئوزۇقلاندى ؛ چاڭقىغاندا ، ئېلىپ كەلگەن سۇدىن بىر - ئىككى يۇتۇم ئىچتى . كۆپ ئۆتمەي نان بىلەن سۇمۇ تۈگەپ كەتتى . ئاچلىق دەستىدىن ھاجەرنىڭ قورسىقى غولدۇرلايتتى ، ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرى يېرىلىپ كەتتى . ئۇ ھەممىگە بەرداشلىق بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئوغلىنى ئېمىتىشكە سۈت ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشقا سۇ يوق ئىدى . بالا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن قاتتىق يىغلايتتى . ئانا كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاشتىن باشقا ئامال تاپالمايتتى . ئۇ كۆز يېشى ۋە يۈتۈن قېنى بىلەن بالىسىنى ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى ، بىراق بۇ پەقەت ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئارزۇ ئىدى ، خالاس !

ھاجەر ئۆزىنىڭ كۆندىن - كۈنگە ياداپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ بەكمۇ ئازابلىناتتى . ئۇ بىر ئىلاج قىلىپ بۇ قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلۇپ ، چىقىش يولى تاپماقچى بولدى - دە ، بالىسىنى يەردە قويۇپ ، ئۆزى سۇ ئىزدەشكە باشلىدى . ئۇ كېتىپ بېرىپ بالىسىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ، يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلىنغاندەك ئازابلاندى . ئۇ بالىغا بىر تېمىم سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ئىزدەپ سەفا[1] تېغىدىكى ھەربىر تاشنى ئاختۇرۇپ ھېچ نەرسە تاپالماي ئازابلانغان ھالدا بالىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى . بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە مەرۋە تېغى[2] تەرەپتە سەراپ[3] كۆرۈندى ، ئۇ شۇ يەردە چوقۇم سۇ بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى ، لېكىن ئۇ يەردە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە ئۇچرىمىدى . ئۇ يەنە نائىلاج قايتىپ كەلدى . ئۇ شۇ تەرىقىدە سەفا بىلەن مەرۋە

① سەفا تېغى — مەككىدىكى بىر تاغ .
② مەرۋە — مەككىدىكى بىر تاغ .
③ سەراپ — ئىززىتقۇ — يىراقتا سۇدەك كۆرۈنىدىغان ئىسسىقلىق تەپتى .

ئۇتتۇرىسىدا بىرىپ - كېلىپ ئاۋارە بولدى ، بالىنىڭ يىغا - زارىسىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى .

تولا يىغلىغان بالىنىڭ گېلى قۇرۇپ ئاۋازى پۈتتى ، ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ ، بىر تىنىقتىلا قالدى . ئانا نەپسى ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان جانجان بالىسىغا قاراپ تۇراتتى ، قۇتۇلدۇرۇشقا قىلچە ئامال قىلالمايتتى . بالا پۈتى بىلەن يەرنى تېپىچەكلەيتتى . ئانا - بالىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ھەرقانداق تاش يۈرەك ئادەممۇ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى . بالا يەرنى تېپىچەكلەۋەردى ، تۇيۇقسىز بالىنىڭ تاپىنى ئاستىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىشقا باشلىدى - دە ، شېغىل تاشلار ئارىلىقىدىن سۈزۈك بۇلاق سۈيى ئېقىپ ئۆتتى .

ئاللانىڭ ئانا - بالا ئىككىيلەنگە قىلغان خەيرخاھلىقى ۋە غەمخورلۇقىنى كۆرگەن ئانا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ، پېشانىسىدىن مونچاقتەك تەر تەپچىپ چىقتى . ئارقىدىنلا ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي ئوغلىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ، بالىغا دەرھال سۇ ئىچكۈزدى . بالا ئاستا - ئاستا روھلاندى . ئانا بالىنى كۆتۈرۈپ باغرىغا بېسىپ ئەللەي ئەتتى ، شۇئان ئۇنىڭ كۆزىدىن بۇلدۇقلاپ ئىسسىق ياش ئاقتى - دە ، ئۇنىڭ ھارغىنلىقى ۋە غەم - قايغۇسىمۇ مۇشۇ ئىسسىق ياش بىلەن چىقىپ كەتكەندەك بولدى . بالىنىڭ ھاياتى خەۋپتىن قۇتۇلدى . ئانا پەقەت مۇشۇ چاغدىلا ئاندىن سۇ ئىچىشكە باشلىدى . ئۇ قانغۇدەك سۇ ئىچىپ ، ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كەلدى . نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ بېشىنى قايلاپ تۇرغان قارا بۇلۇت ئەمدى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ مەرھەمىتى ۋە خەيرخاھلىقىدىن بولدى .

بۇ زەمزەم بۇلىقى ئىدى . بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى شۇ چاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە توختىماي ئېقىپ تۇرماقتا . ھەج قىلغان ھاجىلار ھەر يىلى بۇ بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىشىپ ، ئۆزلىرى تويغۇدەك ئىچىشكەندىن كېيىن ، يەنە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغىمۇ ئالغاچ كېتىشىدۇ .

www.alma.cn

بۇ يەردە بۇلاق ھاسىل بولغاچقا ، ئۇچار قاناتلار بۇ يەرگە

كېلىپ، بۇلاق ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشاتتى. شۇ چاغدا، جۇرھۇم قوۋمىدىكىلەر بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇچار قۇشلارنىڭ ھەدەپ بۇ يەرگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەردە سۇ بارلىقىنى ھېس قىلىشتى. چۈنكى ئۇلار قۇشلار چۈشكەن يەردە چوقۇم سۇ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ يەردىكى ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ كېلىشكە بىرنەچچە كىشىنى ئەۋەتتى. بۇ ئادەملەر كېلىپ بۇ يەردە سۇ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەررۇ قايتىپ كىشىلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. كىشىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، بارا - بارا بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. ھاجەر بۇنىڭغا بەكمۇ خۇشال بولدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە قوشنا بولۇشىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئاللانىڭ بۇ ئادەملەرنى ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ يېنىغا كەلتۈرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى.

## ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە قۇربان ھېيت

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز ئوغلىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى ھەمدە بۇ يەرگە دائىم كېلىپ ئوغلىنى يوقلاپ تۇراتتى. ئىسمائىل بارا - بارا چوڭ بولۇپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان ۋە ئەمگەك قىلالايدىغان بولدى. بىر كېچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چۈش كۆردى، كۆرگەن چۈشىدە ئاللا ئۇنىڭغا ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرۇدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست ئىدى، چۈشىدە كۆرگەنلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشاتتى.

زەربە ئۈستىگە زەربە، ئاپەت ئۈستىگە ئاپەت ئۆزۈلمەي كەلمەكتە ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ تولىسىنى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ياشانغان چاغدا ئاران بىر ئوغۇل كۆرگەنلىكىگە ناھايىتى خۇشال ئىدى. لېكىن، كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئوغلىنى ئانىسى بىلەن بىللە ئادەم قەدىمى بېسىلمىغان

بىر قاقاس چۆلگە تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاللا ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئۆلۈم - يىتىمدىن قۇتۇلدۇردى. ئەمدى ئوغلى چوڭ بولۇپ يېتىشىپ كېلىۋېدى، ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا توغرا كەلدى. ئىسمائىل ئۇنىڭ بىردىنبىر ئوغلى ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ نېمىدېگەن ئازابلىنارلىق ئىش - ھە! بۇنداق ئازابقا يۈرىكى تاشتىن پۈتكەن ئادەممۇ چىداپ تۇرالمايدۇ.

پەيغەمبەر دېگەن بەربىر پەيغەمبەر - دە! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللاغا بولغان قەتئىي ئېتىقادى بىلەن بۇ ئازابنى تارتىشنى راۋا كۆرۈپ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش قارارىغا كەلدى - دە، ئوغلىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئى ئوغلۇم! ئاللاتائالا چۈشۈمدە مېنى سېنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ يولىدا قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭغا سەن رازى بولامسەن؟ — دېدى. ئۇنىڭ ئۆز چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئوغلىغا ئېيتىشى قۇربانلىق قىلىشنىڭ ئاللانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى ئوغلىغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

— دادا، — دېدى ئوغلى ئىتائەتمەنلىك بىلەن، — سىز پەرمان بويىچە ئىش قىلىڭ! ئەگەر بۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى بولىدىغان بولسا، سىز مېنىڭ بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىمنى كۆرەلەيسىز.

ئاتىغا ھۆرمەت قىلىش — ئالىيجانابلىق، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش، ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەت قىلىش بولسا تېخىمۇ ئالىيجانابلىق.

دادىسىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش، دادىسىغا ئاللانىڭ ئەمرىنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىسمائىل دادىسىغا مۇنداق دېدى:

— دادا، جان ئاچچىقىمدا پۇت ئېتىپ تولغىنىپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن، مېنى مەھكەمرەك باغلاڭ. كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋېتىڭ. بولمىسا قان چاچراپ كېتىدۇ، بۇنى ئانام كۆرۈپ قالسا كۆڭلى بۇزۇلىدۇ؛ پىچىقىڭىزنى بىلەپ ئىتتىكلىتىپ،

www.elkitab.cn

كېكىردىكىمگە توغرىلاپ بىر پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈڭ . شۇنداق قىلسىڭىز كۆپ ئازابلانماسلىقىم مۇمكىن . مەندىن ئانامغا سالام ئېيتىپ قويۇڭ . ناۋادا خالىسىڭىز ، كىيىم - كېچەكلىرىمنى ئانامغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ . بۇ مېنىڭ ئانامغا قالدۇرغان خاتىرەم بولۇپ قالسۇن . ئانام مېنى سېغىنغاندا ، كىيىملىرىمنى كۆرسە كۆڭلى تەسەللى تاپار ھەم كىيىملىرىمدىن مېنىڭ ھىدىمنى پۇرار .

— ئى جېنىم ئوغلۇم ، — دېدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ، — سەن ئاللانىڭ ئەمرىنى ئورۇندىشىمغا ياردەم بېرەلىسەڭ ، بەكمۇ ياخشى قىلغان بولىسەن ! — ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سۆزلەۋېتىپ ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ يۈز - كۆزلىرىنى توختىماي سۆيۈپ كەتتى . ئاتا - بالا ئىككىيلەن بېشىنى بېشىغا يېقىشىپ قاتتىق يىغا - زار قىلىشتى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنىڭ ئىككى قولىنى باغلاپ ، يەرگە ياتقۇزدى - دە ، قولىغا پىچاق ئالدى . ئۇ ئوغلىغا قاراپ ، كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ، ئاھ ئۇرۇپ كەتتى ، ئارقىدىن پىچاقنى ئوغلىنىڭ كېكىردىكىگە توغرىلاپ بىر ئۇرۇۋىدى ، پىچاق ئۆتمەي توختاپ قالدى ، چۈنكى ئاللا پىچاقنىڭ بىسىنى كەينىگە ياندۇرۇۋەتكەنىدى .

— ئى دادا ، — دېدى ئوغلى ، — يۈزۈمنى دۈم قىلىڭ ، بولمىسا يۈزۈمنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىسىز - دە ، ئاللانىڭ ئەمر - پەرمانىنى ئىجرا قىلىشىڭىزغا دەخلى يېتىدۇ .

دادىسى ئوغلىنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلدى ، ئاندىن پىچاقنى ئېلىپ ئىسمائىلنىڭ بوغۇزىغا توغرىلاپ يەنە ئۇردى . لېكىن ، پىچاق يەنىلا ئۆتمىدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەمتىرەپ قېلىپ ، ئاللاغا قانداق قىلىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلدى . ئاللا ئۇنىڭغا :

— ئى ئىبراھىم ! سەن چۈشۈڭدىكى بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلدىڭ . مەن بارلىق ئاق كۆڭۈل بەندىلىرىمگە مۇشۇنداق مەرھەمەت قىلىمەن ، — دەپ ۋەھيى يەتكۈزدى .

www.alma.cn

ئاتا - بالا ئىككىيلەن قۇتۇلۇپ قالدى . ئۇلار ئاللاغا تەشەككۇر

ئېيتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاللاغا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ قەتئىيلەشتى .

ئاللا ئىسمائىلنىڭ بەدىلىگە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن جەننەتتىن بىر قوچقار چىقاردى . ئاتا - بالا ئىككىيلەن كەينىگە قارىۋىدى ، يېنىدا بىر قوچقار تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بايا ئىشلەتكەن پىچاقنى قوچقارنىڭ بويىنىغا توغرىلاپ تۇرۇۋىدى ، قوچقار شۇئان يىقىلدى ، يەر قانغا بويالدى . بۇ قوچقار ئىسمائىلنىڭ بەدىلىگە ئۆلتۈرۈلدى . شۇنىڭدىن تارتىپ ، بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ ۋەقەنى خاتىرىلەپ ، ئاللاغا ئۆزلىرىنىڭ تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ھەرىيلى شۇ كۈندە قۇربانلىق قىلىدىغان بولدى . قۇربان ھېيتنىڭ كېلىپ چىقىشى مانا شۇنداق .

## ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە جۇرھۇم قوۋمىدىكىلەر

ئۇچار قاناتلارنىڭ توپ - توپ بولۇشۇپ زەمزەم بۇلىقى ئۈستىدە ئەگىپ پەرۋاز قىلىشى ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان بۇ قاقاس چۆلگە ھاياتلىق بەخش ئەتتى . مەككىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق جۇرھۇم قوۋمىدىكىلەر ئۇچار قۇشلارنىڭ بۇ يەردە ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى . ئۇلار : «ئۇچار قۇشلار پەقەت ئادەم بار جايغىلا چۈشىدۇ» دەپ ئويلاپ ، ئەھۋالنى كۆرۈپ كېلىشكە بىرنەچچە ئادەم ئەۋەتتى . كەلگەن ئادەملەر بۇ يەردىكى سۇنى كۆرۈپ ، دەرھال قايتىپ بېرىپ بۇ خۇش خەۋەرنى جۇرھۇم قوۋمىدىكىلەرگە يەتكۈزدى . شۇنىڭ بىلەن جۇرھۇم قوۋمىدىكىلەر ئارقا - ئارقىدىن زەمزەم بۇلىقى يېنىغا كېلىشتى . ئۇلار ئىسمائىل بىلەن ئانىسىنىڭ بۇلاق بويىدا تۇرۇشلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، بۇلاق سۈيىنى بىللە ئىشلىتىش ئۈچۈن ، ھاجەرگە قوشنا بولۇشنى ئىلتىپات قىلدى . ھاجەر ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆردى ، لېكىن ئۇلارغا پەقەت مېھمان سۈپىتىدىلا تۇرۇپ ساھىبخانا بىلەن

www.alma.cn

بىللە بۇلاق سۈيىدىن تەك پايدىلىنىشنى ھەمدە ئۇنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى .

جۇرھۇم قوۋمىدىكىلەر بۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئۇلار بۇلاق يېنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىپ ، نۇرغۇن ئۆي ـ جاي سالدى .

ئىسمائىل چوڭ بولدى ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەمبەل ، ساغلام ، ئىشتا كەسكىن ، تەدبىرلىك بولغانلىقى بىلەن قوۋم ئىچىدە داڭق چىقاردى . كېيىن ئۇ جۇرھۇم قوۋمىدىكى بىر قىزغا ئۆيلەندى ، بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىۋېلىپ ، پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندى . ئۇ كىشىلەر بىلەن يېقىن ، ئىناق ئۆتەتتى ، ئۇلار بىلەن بىللە بەختلىك ياشايتتى . بىراق يىللار ۋاپا قىلمىدى ، ئۇنىڭ ئانىسى بەختكە قارشى ۋاپات بولدى . بۇ ھال ئىسمائىلنى چەكسىز ئازابلىدى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇرۇنقىدەكلا بۇ يەرگە كېلىپ ئوغلىنى يوقلاپ تۇراتتى . بىر قېتىم ئۇ مەككىگە كېلىپ ئوغلى ئىسمائىلنىڭ ئائىلىسىگە كىردى . ئۆيدە ئوغلى يوق ئىدى ، پەقەت كېلىنىلا تۇراتتى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىنىدىن ئوغلىنىڭ يېقىنىدىن بۇيانقى ئەھۋالىنى سورىدى . كېلىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىسمائىلنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ، ئارقىدىنلا ئۇ دەرد تۆكۈپ ، تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن ، قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن زارلاندى ... ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدى ۋە بۇنداق ئايالنىڭ ئۆز ئوغلىغا خوتۇن بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى . بۇ ئايال بىرىنچىدىن ، ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا شۈكۈر قىلمىغان ، ئىككىنچىدىن ، ئېرىدىن ئاغرىنغانىدى ، بۇنداق ئايال ئېرى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىرگە بولالمايتتى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېتىدىغان چاغدا ، كېلىنىدىن ئوغلىغا سالام ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا ، ئوغلۇم ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋەتسۇن ، ئېيتىپ قويۇڭ ، دېدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ گېپىنىڭ

www.alma.cn

مەنىسى ئوغلىغا بۇ خوتۇننى قويۇۋېتىپ، بۇنىڭدىن ياخشىراق خوتۇن ئال، دېگەنلىك ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئىسمائىل ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئالدىن بىرنېمە سەزگەندەك، خوتۇنىدىن:

— ئۆيگە بىرەرى كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، بىر بوۋاي كېلىپ كەتتى. بوۋاي سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورىدى. ئۇزايدىن ئۇ ساڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغاندەك قىلىدۇ. مەن تېخى ئۇنىڭغا تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقىمىزنى ئېيتتىم، — دەپ جاۋاب بەردى خوتۇنى.

ئىسمائىل خوتۇنىدىن:

— بوۋاي ساڭا بىرنېمىلەرنى تاپىلىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى خوتۇنى، — سالام ئېيتتى، يەنە ساڭا ئىشىكىمىزنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋېتىشىڭنى تاپىلىدى.

ئىسمائىل خوتۇنىغا:

— ئۇ بوۋاي مېنىڭ دادام! ئۇنىڭ ماڭا تاپىلىغىنى ماڭا سېنى قويۇۋەت دېگەنلىكى، — دېدى ـ دە، گەپنى تۈگىتىپ قىلچە تارتىنماستىنلا خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ كېتىپ قالدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى يەنە يوقلاپ كەلدى. ئۇ ئوغلىنىڭ يېڭى ئۆيىنى ئۇققۇشقاندىن كېيىن، دەرھال ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ بۇ قېتىم ئوغلى بىلەن كۆرۈشەلمىدى، لېكىن ئوغلىنىڭ يېڭى ئالغان خوتۇنى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ كېلىنىدىن ئوغلى ئىسمائىلنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدى، كېلىنى ئېرىنىڭ تىرىكچىلىك قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يېڭى كېلىنىدىن تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى، يېڭى كېلىن بوۋايغا تۇرمۇشتا ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە ئېرىنى بىر قۇر ماختاپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىنىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ

www.alma.cn

بار - يوقشا شۈكۈر - قانائەت قىلمىدىغان ياۋاش ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇ كېتىدىغان چاغدا ، كېلىنىدىن ئوغلىغا سالام ئېيتتى ھەمدە ئۇنىڭغا : ئوغلى كەلگەندە ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى ئوبدان ساقلىسۇن ، دەپ ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلاپ كېتىپ قالدى .

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئىسمائىل قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن پاراڭلاشتى . خوتۇنى ئۇنىڭغا دېدى :

— بۈگۈن بۇ يەرگە سۈرلۈك بوۋاي كېلىپ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورۇشتۇردى ، بوۋاي كېتىدىغان چاغدا ، مەندىن سالام ئېيتىڭ ، ئۇ ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى ئوبدان ساقلىسۇن ، دەپ تاپىلىدى .

ئىسمائىل خوتۇنىغا :

— ئۇ مېنىڭ دادام بولىدۇ . ئۇنىڭ ماڭا تاپىلىغانلىرى مېنى سەن بىلەن ياخشى ئۆتسۇن ، مەڭگۈ ئايرىلمىسۇن ، دېگەن بولىدۇ ، — دېدى . شۇنداق قىلىپ ، ئىسمائىل ئىككىنچى خوتۇنى بىلەن تا قېرىپ چاچلىرى ئاقارغۇچە بىللە ئۆتۈپ ، كۆپ پەرزەنتلىك بولدى .

## كەبىنىڭ بىنا قىلىنىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئوغلى ئىسمائىلنى يوقلاپ كەلدى . ئۇ بۇ قېتىم ئوغلىنى ئادەتتىكىچە يوقلاش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكىم مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەنىدى . ئۇ بۇ دورەم ئەمر - پەرمان بويىچە كەبە[1] بىنا قىلىشقا كەلگەنىدى . ئۇ ئاللانىڭ ئەمرىنى ئالغاندىن كېيىن ، قىلچە كېچىكمەيلا ھىجاز رايونىغا كېلىپ ئوغلىنى ئىزدىدى ، لېكىن ئوغلى ئۆتكەندە تۇرۇشلۇق يېڭى ئۆيدە يوق ئىدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سۇ بار جايلارنىڭ ھەممىسىنى ، ھەربىر قەبىلە ۋە

① ئىسلام ئوقۇمۇشى مىلادىيە 630 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مەككىنى يەنە قولغا ئالغاندىن كېيىن ، كەبە (ئوت جاسا ئۆي) دىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش بۇتنى چېقىۋەتكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەرەم دەپ ئاتالغان .

چېدىرلارنى ئىزدەپ چىقىپ ، ئاخىر ئوغلىنى زەمزەم بۇلىقىنىڭ يېنىدىن تاپتى . ئوغلى بۇ يەردە يا ئوقى ياساۋاتاتتى .

ئىسمائىل دادىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، قولىدىكى ئىشنى دەررۇ تاشلاپ دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ، ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپ بىر ـ بىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلىشىپ ، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى ، ئاندىن بىر يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشقا باشلىدى .

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئۇزاق سۆزلىشىپ خۇشاللىققا چۆمدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا :

— بالام ، ئاللا مېنى مۇشۇ ئېگىزلىكتە بىر جاي بىنا قىلىشقا بۇيرۇدى ، — دېدى .

ئىسمائىل دادىسىغا بەكمۇ ئىتائەتمەن ئىدى ، ئۇ دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەرھال ماقۇل بولۇپ ، دادىسى بىلەن بىللە جاي بىنا قىلماقچى بولدى .

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن جاي بىنا قىلىشقا يەر تەييارلىدى . ئاللانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ يەرنى ئويۇپ ئۇل ھازىرلىدى . ئۇلار ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېدى : «ئى رەببىمىز ، دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىمىزنى مەقبۇل كۆرگەيسەن ، سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن . ئى رەببىمىز ، بىزنى مۆمىن بەندىلىرىڭ قاتارىغا ئالغىن ، ئەۋلادلىرىمىزنىمۇ مۆمىن بەندەم دېگەيسەن . بىزنى ھەج قىلىش مۇراسىمىنى بىر كۆرۈشكە نېسىپ قىلغايسەن ! گۇناھلىرىمىزغا ئېيتقان تۆۋا ـ ئىستىغپارلىرىمىزنى قوبۇل كۆرگەيسەن ! سەن تۆۋا ـ ئىستىغپارغا يول قويغۇچى رەھىملىكتۇرسەن . »

ئارقىدىنلا ، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى . ئىسمائىل ئاش توشۇپ بەردى ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن ئۇل باستى . كۆپ ئۆتمەيلا كەبىنىڭ ئۇلى پۈتتى .

شۈبھىسىزكى ، بىر خىل غايىبانە كۈچ ئۇلارغا ياردەم بېرىۋاتاتتى . بولمىسا ، ئىككى ئادەم بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى قانداقمۇ ئۈستىگە ئالالىسۇن ؟

تام بارا ـ بارا ئېگىزلىمەكتە ۋە ئۇزارماقتا ئىدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەردە تۇرۇپ تامغا تاش قويۇشقا بويى يەتمىدى ، شۇڭا ئۇ ئوغلىغا :

— بالام ، تامنى داۋاملىق ئېگىزلىتىشىمگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ، پۇتۇمنىڭ ئاستىغا تاشتىن بىرنى ئەكېلىپ قويۇپ بەرگىن ، — دېدى .

ئىسمائىل تاش ئىزدەشكە كەتتى . ئۇ خېلى ئۇزۇن ئىزدەپ يۈرۈپ ، بىر چوڭ قارا تاشنى تېپىپ ، دادىسىنىڭ پۇتى ئاستىغا قويۇپ بەردى ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قارا تاشنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ ئىشنى داۋاملاشتۇردى . ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن شۇ تەرىقىدە ئىشلەپ ، ئاخىر كەبىنى بىنا قىلىپ چىقتى . شۇنىڭدىن بېرى ، كەبە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەريىلى بىر قېتىم جەم بولىدىغان يېرى بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇ يەرگە تەلپۈنۈپ ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ : «ئى ئىگەم ، كىشىلەرنىڭ تەشەككۇر ئېيتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ، ئۇلارغا بىر قىسىم نازۇنېمەت ئاتا قىلغايسەن !» دېگەن مۇراجىئىتىگە ھەمدەم بولۇپ كەلمەكتە .

www.alma.cn

# لۇت ئەلەيھىسسالام

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مىسىردىن يولغا چىققاندا، ئوغۇل جىيەنى لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار نۇرغۇن چارۋا ۋە پۇل - مال بىلەن مىسىردىن پەلەستىنگە يېتىپ باردى. ئۇلار چۈشكەن جاي تار كېلىپ ئوتلاق ۋە چارۋىلار سىغمىغاچقا، لۇت ئەلەيھىسسالام تاغىسىدىن ئايرىلىپ سەدۇم شەھىرىگە كەلدى.

شۇ چاغدا، سەدۇم شەھىرىدىكى ئاھالىلەر ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، دۇنيادا ئەڭ قەبىھ كىشىلەردىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلاتتى، ئۆز ھەمراھلىرىغا ئاسىيلىق قىلاتتى، يولدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەمنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيتتى، كېتىۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ قالسا، ھەممىسى توپلىشىپ كېلىپ، ئۇلارنى بۇلاپ - تالاپ قورۇقداپ قوياتتى. بۇ كىشىلەر ھەرقانداق ئادەمنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايتتى.

بۇ ئادەملەر گويا بىر توپ تۇغما لۈكچەكلەردەك، ئەتۇر يول تۇتۇپ، ھەدەپ ئەسكىلىكلەرنى قىلاتتى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا قالمىدى، ھەتتا شەرمەندىلىكتە چېكىگە يېتىپ، ئاللا ياراتقان ئاياللارغا يېقىنلاشماي، ئەكسىچە، ئەرلەرگە چېقىلىپ بەچچىۋازلىق قىلدى.

ئۇلار بۇنداق شۇملۇق ۋە ئىپلاسلىقنى ئەگەر خۇپىيانە ھالدا قىلغاندا ئىدى، ئۇلارنىڭ سېسىق نامى ئالەمگە بۇنچە پۇر كەتمىگەن بولاتتى. ئەمما ئۇلار نومۇس قىلماستىن كىشىلەرنى ئۆزلىرى بىلەن مۇشۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلىشقا قۇتراتاتتى. شۇڭا، بۇنداق قەبىھ قىلمىش بۇ يەردە ئەۋج ئېلىپ، بالايىئاپەتكە ئايلاندى.

بۇ كىشىلەر مۇشۇنداق قەبىھ قىلىقلار بىلەن كۈنۈپ كەتكەچكە، توغرا يولدىن چەتنەپ، تۈيۈق يولغا چۈشۈپ قالدى.

ئاللا لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنى يېتەكلەپ ئاللاغا ئىشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى يامانلىقتىن قول ئۈزۈشكە دەۋەت قىلىش توغرىسىدا بېشارەت بەردى . شۇنىڭ بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالام خالايىق ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك بۇرچىنى جاكارلىدى . لېكىن ، ئۇلار ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىماسلىققا سالدى ، توۋا قىلىپ ، يامان نىيەتتىن قايتماي ، يەنىلا ھېلىقىدەك شۇملۇقلار بىلەن شۇغۇللىنىۋەردى . ئۇلار تېخى ئاللانىڭ ئەلچىسى لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرىگە تەھدىت سېلىپ ، ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىدىغانلىقى ئۈستىدە ئوچۇقتىن - ئوچۇق جار سالدى .

لۇت ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەملەرنىڭ نەسىھەتكە قۇلاق سالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاللا گۇناھ قىلغانلارنى جازالايدۇ ، دەپ ئاگاھلاندۇردى . لېكىن ، ئاگاھلاندۇرۇشمۇ ئۇلارغا كار قىلمىدى ، ئەكسىچە ، بۇرۇنقىدەكلا ئەسكىلىك قىلىۋەردى . ئۇلار تېخى لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ :

— سەن ئاللانىڭ جازاسىنى بىزگە پاتراق كۆرسەت ، — دېدى .

بۇ پەسكەش مەلئۇنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ، لۇت ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ مەدەت تىلىدى ھەمدە ئۇلارغا جازا بېرىشنى تەلەپ قىلدى . چۈنكى ئۇلار چەكلەنمىسە ، ۋاباغا ئوخشاش ھەممە يەرگە يامرايتتى . ئۇلارنى خۇددى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنى كېسىپ تاشلىغاندەك يوقىتىش كېرەك ئىدى .

ئاللا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى . ئاللا بۇ مەلئۇنلارنى جازالاش ئۈچۈن ، سەدۇم شەھىرىگە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتتى . پەرىشتىلەر ھەممىدىن ئاۋۋال ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە كەلدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ پەرىشتىلەرنى يولۇچىلارمىكىن ، دەپ قىزغىن كۈتۈۋالدى . لېكىن ، پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدە تەييارلىغان يېمەكلىكلىرىنى يېمىدى . بۇ ھال ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى گۇمانلاندۇردى . پەرىشتىلەر

www.alma.cn

ئۇنىڭغا :

— سەن غەم قىلما ، — دېدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى يەنىلا تىنمىدى ، ئۇلاردىن :

— ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر ، ماڭا غەم قىلما دېگىنىڭلارنىڭ مەنىسى نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

پەرىشتىلەر :

— ئاللا بىزنى لۇت تۇرغان جايغا ئەۋەتتى . بىز بولۇشىغا ئەسكىلىك قىلغان ئاشۇ مەلئۇنلارنى بۇيرۇق بويىچە جازالايمىز ، ئۇلارنىڭ گۇناھى ھەددىدىن ئېشىپ پەيمانى تولدى ، تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى ، — دېدى .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەكمۇ بىئارام بولۇپ ، پەرىشتىلەر بىلەن مۇنازىرىلەشتى ۋە ئاشۇ مەلئۇنلارنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتە ئاللاغا تەۋۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ ، يامان يولدىن قايتىپ ، گۇناھتىن قول ئۈزۈشى ئۈچۈن پەرىشتىلەردىن ئۇلارنى جازالاشنى كېچىكتۈرۈشنى ئۆمىد قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەر ئاشۇ كىشىلەرنى جازالىغان چاغدا لۇت ئەلەيھىسسالامغا زىيان - زەخمەت يېتىپ قېلىشىتىنمۇ ئەنسىرەيتتى . ۋەھالەنكى ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ئىدى ، بەلكى ئۇ ئۇلارغا بەكمۇ نەپرەتلىنەتتى . شۇڭا ، لۇت ئەلەيھىسسالام جازالىنىشقا تېگىشلىك ئەمەس ئىدى . پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا : سەن غەم يېمە ، پەيلىدىن يانمايدىغان بۇ قەبىھ ئەبلەخلەر ئۈچۈنمۇ سۆلھى - سالا قىلما ، لۇتقا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ . ئۇنىڭ خوتۇنىدىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى قۇتۇلدۇرۇۋېلىنىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ خوتۇنى ئاشۇ مەلئۇنلار بىلەن بۇلغىنىپ كەتتى ، شۇڭا ئۇمۇ چوقۇم ئاشۇ مەلئۇنلار بىلەن بىرگە جازالىنىدۇ ، دېدى .

پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ ، بىر توپ قاۋۇل چېچەن يىگىتلەر تەقلىدىگە كىرىپ سەدۇم شەھىرىگە كەلدى . ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەندە ، سۇغا چىققان

بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . پەرىشتىلەر قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى ، قىز شۇ شەھەردىكى مەلئۇنلارنىڭ ئۇلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا قۇربىتى يەتمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەچكە ، دادىسىدىن ئۇتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارنى قوغداشنى تەلەپ قىلىش قارارىغا كەلدى . قىز ئۇلارغا شەھەر دەرۋازىسىدا كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپ ، ئۆزى ئائىلىسىگە قايتىپ بېرىپ دادىسىغا :

— دادا ، شەھەرنىڭ سىرتىدا بىرقانچە يىگىت سىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ . شەھەردىكى ھېچكىممۇ ئۇلاردەك ئۇنداق كېلىشكەن ئەمەس . مەن مەلئۇنلارنى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا ، ئۇلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويارمىكىن ، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن ، — دېدى .

ئەسلىدە بۇ ئادەم لۇت ئەلەيھىسسالام بولۇپ ، مۇشۇ قىزنىڭ دادىسى ئىدى . دادا قىزنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى تەشۋىشلەندى . لۇت ئەلەيھىسسالام قىزىنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ ئەھۋالنى تەپسىلىي سورۇشتۇردى ۋە قىز بىلەن بىللە ئاقىبەت تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مەسلىھەتلەشتى .

شەھەردىكى مەلئۇنلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقانداق كىشى بىلەن ئۇچرىشىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ مېھمان بولۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلمايتتى . لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇزۇقچىلىقىغا قارشى تۇرغانلىقتىن ، ئۇلار ئۇنى دۈشمەندەك ئۆچ كۆرەتتى . شەھەرنىڭ سىرتىدا كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان يىگىتلەرنى ئائىلىسىگە باشلاپ كېلىپ مېھمان قىلىشقا بولامدۇ ، يوق ؟ لۇت ئەلەيھىسسالام دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى . ئۇ مېھمانلارنى ئائىلىسىگە كەلتۈرمەسلىككە باھانە تاپماقچى ياكى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ يەردىن دەرھال كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنە : يىگىت دېگەن باشقىلارغا يار - يۆلەكتە بولۇشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشى

لازىم، دېگەننى ئويلىمدى ـ دە، غىپپىدە شەھەر سىرتىغا چىقىپ، كىشىلەرگە تۇيدۇرماي، ئۇلارنى ئائىلىسىگە باشلاپ كىرمەكچى بولدى.

لۇت ئەلەيھىسسالام ئاستاغىنا شەھەر دەرۋازىسىغا كېلىپ، يىگىتلەر تەقلىدىدىكى پەرىشتىلەرنى كۆرۈپ، خۇشال ھالدا ئۇلارنى ئائىلىسىگە مېھمان بولۇپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئائىلىسىگە باشلاپ كېتىۋېتىپ، دەككە ـ دۈككە بولاتتى، شەھەردىكى لۇكچەكلەرنىڭ بۇنى بىلىپ قېلىپ چاتاق چىقىرىشىدىن، ئۆزىنىڭ تەنھا ھالدا ئۇلارغا ھەرقانچە قىلىپمۇ تاقابىل تۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى.

لۇت ئەلەيھىسسالام لۇكچەكلەرنىڭ ياش يىگىتلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرىسىمۇ، لېكىن ئۇ پەرىشتىلەرنى يەنىلا ئۆز ئائىلىسىگە باشلاپ باردى. باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ سىرتقا قارىتا بۇ ئىشنىڭ مەخپىيەتلىكىنى چىڭ ساقلىغان بولسىمۇ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى مەلئۇنلار بىلەن بىللە بولغىنىپ كەتكەچكە، ئۆيىگە مېھمان كەلگەنلىكىنى مەلئۇنلارغا تېزدىن يەتكۈزۈپ قويدى. مەلئۇنلار بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە كېلىشتى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەسكىلىك قىلىدىغانلىقىنى پەملەپ ھەم چۆچۈدى، ھەم قورقتى، ئۇلارغا ئەسكىلىك قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. لېكىن، بۇ بىر توپ ئەشەددىي ئەبلەخلەر ئۇنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىگە زادىلا قۇلاق سالمىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىشىكتىن كىرگۈزمەي تالادا قالدۇردى.

ئار ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان بۇ بىر توپ مەلئۇنلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ بەتقىلىقىنى تەلۋىلىك بىلەن داۋاملاشتۇرماقچى ئىدى.

لۇت ئەلەيھىسسالام بۇ قەبىھ ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاللا ياراتقان ئاياللارغا يېقىنلىشىشقا يېتەكلىمەكچى بولدى ـ دە، يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ: داۋاملىق مۇشۇنداق

قىلىۋەرسەڭلار جازالىنىسىلەر، دېدى. لۇت ئەلەيھىسسالام قايتا-قايتا نەسىھەت قىلىپ، يېتەكلىگەن ۋە ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا تۇۋا قىلىش نىيىتىدە بولمىدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

— ھەي لۇت، سەن بىزدە قىزىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى بىلىسەن، لېكىن ئاياللارغا بىزنىڭ ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىسەن، دېمەك بىزنىڭ مەقسىتىمىز ساڭا ئايان.

لۇت ئەلەيھىسسالام ئىلاج قىلالماي، ئاخىر ئىشەنچىسىنى يوقاتتى. ئۇ مېھمانلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، مەلئۇنلارغا غەزەپلەنگەن ھالدا شۇنداق دېدى:

— مەندە سىلەرنىڭ قەبىھ ئادىتىڭلارنى ئۆزگەرتكۈدەك كۈچ-قۇۋۋەت بولسا ئىدى ياكى مەلۇم كۈچكە تايىنىش ئارقىلىق شۇنداق قىلالىسام كاشكى.

لېكىن بۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالام يېتەكلىگەن توغرا يولنى نەزەردە تۇتماي، يامانلىق، ئەسكىلىك قىلىش نىيىتىدىن يانمىدى.

لۇت ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئازابلاندى ۋە غەزەپلەندى. ئۇ ئۇلاردىن ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزدى. بۇ مەلئۇنلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، مېھمانلارغا ئېتىلدى.

پەرىشتىلەر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئەنسىزلىكتىن خالىي قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېدى:

— ئى لۇت، بىز سېنىڭ رەببىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلەرمىز. بىز سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. بۇ مەلئۇنلار بىزگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۆزلىرى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

شەھەردىكى مەلئۇنلار پەرىشتىلەرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ قورقۇپ ، لاغىلداپ تىترىشىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى . لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلى بىردىنلا يورۇپ كەتتى . شۇ ئەسنادا پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ كېچىلەپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى . ئاللا لۇت ئەلەيھىسسالامنى غەم - قايغۇدىن خالاس قىلىپ ، ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدى ، ئۇنىڭ مەلئۇنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ياردەم بەردى . بۇ چاغدا ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا : ئاللانىڭ بۇ شەھەردىكى مەلئۇنلارنى جازالاشقا ئىجازەت بەرگەنلىكى ، ئۇنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشتە خوتۇنىنى بىللە ئالماي چىقىپ كېتىشى لازىملىقى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاشۇ مەلئۇنلار بىلەن بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

لۇت ئەلەيھىسسالام ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە سەدۇم شەھىرىدىن كەتتى . بۇلار شەھەردىن يىراقلاشقاندا ، ئاللا مەلئۇنلارنى جازالاشقا باشلىدى . دەسلەپتە يەر تەۋرەپ پۈتكۈل شەھەر دۇم كۆمتۈرۈلۈپ كەتتى ، ئاندىن ئاسماندىن تاش ۋە يامغۇر يېغىپ ھەممىنى تۇپتۇز قىلىۋەتتى .①

www.alma.cn

① ئىسلام شەرىئىتىدە بەچچىۋازلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ . دەپ بەلگىلەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبى شۇ — [illegible] تەرجىمە قىلغۇچىدىن .

# يەئقۇب ئەلەيھىسسالام

## 1

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام تېنى ئاجىزلاپ، بىلى يادەك ئېگىلىپ، دۈمچەك بولۇپ قالغان دادىسى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:

— دادا، مەن سىزگە ئىنىم ئىسۇنىڭ مېنى قانداق بوزەك ئەتكەنلىكى ئۈستىدە شىكايەت قىلماقچىمەن. مەن سىزدىن ئۇنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماسلىقىمغا ياردەم بېرىشىڭىزنى سورايمەن. ئۇ سىزنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ كۆيۈنگەنلىكىڭىزنى، ماڭا بەخت تىلەپ دۇئا قىلغانلىقىڭىزنى، نۇرغۇن پەرزەنت كۆرىدىغانلىقىم ۋە باياشات ياشايدىغانلىقىم ئۈستىدە ھۆكۈم قىلغانلىقىڭىزنى بىلگەندىن بېرى، ماڭا ھەسەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ دائىم مېنى قوپال، يىرىك گەپلەر بىلەن قورقۇتۇپ بوزەك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇ كەنئاندىن ئالغان ئىككى خوتۇنىدىن نۇرغۇن پەرزەنت كۆرىدىغانلىقى ۋە بۇ پەرزەنتلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن مېنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى ئۈستىدە داۋراڭ سالدى. دادا، مېنىڭ شىكايىتىم تۈگىدى، ئادىل بىر تەرەپ قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. ئاللا سىزگە ئاقىلانە ھۆكۈم ۋە چوڭقۇر پىكىر قىلىشنى ئاتا قىلغان. قېنى، دادا، ئۆزىڭىز ئادىل بىر نېمە دەپ قويارسىز.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىككى ئوغلىنىڭ چىقىشالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ قايغۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— بالام، خۇددى ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرغاندەك، چاچلىرىم [illegible]ەك ئاقاردى، يۈزۈمنى قورۇق باستى، پۇت - قوللىرىمنىڭ

www.alma.cn

مادارى كەتتى . بۇ دۇنيادا ئۇزۇن تۇرالمايمەن ، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ، بەلكىم سېنىڭ ئامانلىقىڭنى قوغداشقا ئادەم چىقماسلىقى مۇمكىن . شۇ چاغدا ، ئىنىڭ ساڭا تېخىمۇ ئاشكارا هالدا دۈشمەنلىك قىلىدۇ . ئۇ سەندىن كۈچلۈك ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ سەندىن كۆپ . سەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيسەن . مېنىڭچە ، سەن ئەڭ ياخشىسى ئىراقنىڭ پەدەن ئىرەم دېگەن يېرىگە بېرىپ ، تاغاڭ لىباننى ئىبنى بېتۇئىلنى تېپىپ ، ئۇنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغىن . سەن ئۇ يەردە ئىززەت - هۆرمەت ، شان - شەرەپ ۋە كۈچ - قۇۋۋەت تاپىسەن . توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، سەن يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كەل . مەن سېنىڭ تۇرمۇشۇڭنىڭ ئىنىڭدىنمۇ بەخت - سائادەتلىك بولۇشىنى ، بالىلىرىڭنىڭ ئۇنىڭ بالىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ يارامىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن . سەندىن ئاللا ئۆزى خەۋەر ئالغاي ۋە ساڭا يار بولغاي .

## 2

يەئقۇب ئەلەيهىسسالام دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، گويا ئۇزۇندىن بېرى چاڭقىغان كىشى بىردىنلا ئۇسسۇزلۇققا قانغاندەك ئىنتايىن هۇزۇرلاندى . ئۇ تاغىسىنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلدى . ئاتا - ئانىسى ئوغلىغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ، يەئقۇب ئەلەيهىسسالام ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلاندى . ئۇ تاغ - داۋانلارنى ئاشتى ، دەريا ئېقىنلارنى كەچتى ، خېيىمخەتەرلەردىن ئۆتتى ، دادىسىنىڭ تاپىلىغان گەپلىرىنى ئېسىدە مەهكەم تۇتتى . ئۇ ئاللانىڭ ئۆز پاناهىدا ساقلىشى بىلەن سەپەردە ساق - سالامەت بولدى .

ئۇ يول ئۈستىدە قاتتىق چارچىغان بولسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىگە پۈككەن ئۈمىد بىلەن گۈزەل ئىستىقبالنى ئويلىغىنىدا بىردىنلا يەڭگىللىشىپ ، يول ئازابى بىلەن هارغىنلىقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيتتى .

www.alma.cn

بىر كۈنى چۆلدىن ئىسسىق شامال كۆتۈرۈلدى، قۇياش چۆلنى ئوتتەك قىزىتىۋەتتى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام شامالدا كۆتۈرۈلگەن قۇم - توپا دەستىدىن ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پايانسىز قۇملۇق، ئادەم ئايىغى تەگمىگەن چۆل - جەزىرە تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا ئىككىلەندى ۋە پۈتۈن ئەزايى تىلىپ ئاغرىپ، قاتتىق چارچىدى - دە، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئۇ ئويلايتتى: داۋاملىق ئىلگىرىلەيمۇ ياكى ئارقامغا يانايمۇ؟ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئۆزۈم كۈتكەن كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنى قولغا كەلتۈرەيمۇ ياكى قىيىنچىلىقتىن، ھېرىش - چارچاشتىن قورقۇپ، سەپەردىن باش تارتايمۇ؟

ئۇ ئەنە شۇنداق ئىككىلىنىپ ئارىسالدى بولۇۋاتقان چاغدا، دەرەخ شاخلىرىنىڭ سايىسى ئاستىدىكى بىر پارچە قورام تاشقا كۆزى چۈشتى. ئۇ تاشنىڭ قېشىغا بېرىپ ھاردۇق ئالماقچى بولدى. ئۇ تاشقا يۆلىنىپلا ئۇيقۇغا كەتتى، شېرىن چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۈمىد قۇشى ئۇنىڭغا قاراپ تەلپۈنۈۋاتاتتى؛ ئاللا ئۇنىڭغا بەختلىك تۇرمۇش، ناھايىتى كۆپ مال - مۈلۈك ۋە يارامliq پەرزەنتلەرنى ئاتا قىلغانىدى.

ئۇ ئويغىنىپ كېتىپ چۈشىدىن ھوزۇرلاندى، كاللىسىمۇ ئالاھىدە سەگەكلەشتى، يېقىن كەلگۈسىدىكى ئۈمىدنى كۆرگەندەك بولدى - دە، ئاخىر ئىككىلىنىشتىن قۇتۇلدى. ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرگەنلىرى دادىسىنىڭ ھۆكمىنى يەنىمۇ ئىسپاتلىدى. شۇڭا ئۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى، قەدىمىمۇ بارغانسېرى تېزلىشىپ كەتتى.

## 3

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭغا ئالدى تەرەپتە قارا كۆلەڭگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ كۆرۈنگەن بۇ قارا كۆلەڭگە تاغام تۇرۇشلۇق يەر بولسا كېرەك

دەپ ئويلاپ، شۇئان روھلاندى ـ دە، ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئېشىپ، پۇتى يەرگە تەگمەي دېگۇدەك تېز ماڭدى، كۆڭلىدىكى غەشلىكمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ پادىلارنى، ئۇچار قۇشلارنى، دەل ـ دەرەخلەرنى كۆردى، ياڭراق ناخشا ئېيتىشۋاتقان چوپانلارنى، شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن بولۇۋاتقان بالىلارنى كۆردى. بۇ ھال ئۇنىڭ چۆلدىن چىقىپ، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتى — ئۆزىنىڭ تەلپۈنگەن يېرىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇراتتى. ئۇ دەل مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن يىراق يول يۈرۈپ، مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەت چەككەنىدى. ئۇ ئاللانىڭ يول كۆرسىتىپ ئۆزىنى شۇ مەنزىلگە ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزگەنلىكىگە شۈكۈر ئېيتتى.

## 4

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن ئۇلاردىن:

— سىلەر لىبان ئىبنى بېتۇئىلنى تونۇمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— پەيغەمبەر ئىسھاقنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى لىباننى كىم بىلمىسۇن! — دەپ جاۋاب بېرىشتى كىشىلەر، — ئۇ ئابرۇيلۇق، نام ـ شۆھرىتى ھەممىگە مەلۇم زات. ئۇ ئاشۇ كۆرۈنگەن پادىلارنىڭ ئىگىسى.

— ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى قايسىڭلار ئېيتىپ بېرەلەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام.

قاراڭ، ئەنە، ئۇنىڭ قىزى راھىلە پادىلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتامدۇ!؟ — دەپ جاۋاب بېرىشتى كىشىلەر.

دەرۋەقە، تەقى ـ تۇرقى بەكمۇ قاملاشقان، گۈزەل بىر قىز كېلىۋاتاتتى. ئۇنى كۆرۈپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى، تىلىمۇ گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ ئۆزىنى

...لكته سەل بېسىۋالدى ، ئاندىن غەيرەتكە كېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا بېردى ھەم قىزغا مۇنداق دېدى :

— مەن سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز بولىمەن . بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز بىر . مېنىڭ ئىسمىم يەئقۇب ، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ۋە ھامماڭىز رىفقەنىڭ ئوغلىمەن . مەن بۇ يەرگە مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن كەلدىم . مۇشۇ ئىشنى دەپ ئۆتەتەك قىزىپ كەتكەن چەكسىز بىياۋان - چۆللەرنى كېزىپ ، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، ئاندىن بۇ يەرنى تاپتىم .

قىز ئەدەپلىك ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ ، ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى .

يولدا كېتىۋېتىپ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرىكى گويا قەپەس ئىچىدە تىنماي سەكرەپ تۇرىدىغان شوخ قۇشقاچتەك ، گۈپۈلدەپ سوقاتتى . ۋاھ ، يۈرىكىم نېمانچە سوقىدىغاندۇ ؟ بۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىمغا يەتكەنلىكىمدىن ياكى چۆلدە چۈشۈمگە كىرگەن ھېلىقى قىزنى كۆرگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك ... ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى كۈچىنىڭ بارىچە بېسىۋېلىپ جىم ماڭاتتى . تاغىسى بىلەن كۆرۈشكەندە ، تاغىسى ئۇنى باغرىغا قىزغىن باستى ۋە خۇشاللىقىنى بېسىۋالالماي كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش ئاققۇزدى .

## 5

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ ئۆزىنى بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە بىر نەۋرە سىڭلىسى بىلەن توي قىلىشتىكى ئارزۇسىنى تاغىسىغا بايان قىلدى . يەئقۇب ئەلەيھىسسالام راھىلەنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان ، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشقا تەشنا بولغانىدى . بۇ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىش ئىدى . تاغىسى ئۇنىڭغا دېدى :

— بولىدۇ ، مەن سېنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭنى قاندۇرىمەن . تەلىپىڭگە ماقۇل بولىمەن ، غايەڭنىڭ ئەمەلگە

ئىشىشىغا ياردەم بېرىمەن . لېكىن ، سەن مېنىڭ هوزۇرۇمدا يەتتە يىل تۇرۇپ ، پادىلىرىمنى باقسەن ، بۇ تويلۇق هەققى بولىدۇ ، بۇ جەرياندا خەيرخاهلىقتا ۋە قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشىسەن .
يەئقۇب ئەلەيهىسسالام بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپ پادا بېقىشقا باشلىدى . ئۇ ناهايىتى بەختلىك ياشىدى ، كەلگۈسىگە قاتتىق ئىشەنچ ۋە ئۈمىد باغلىدى .

## 6

راهىلە لىباننىڭ كىچىك قىزى بولۇپ ، ئۇنىڭ يەنە لىيا ئىسىملىك ئاچىسى بار ئىدى . لىيانىڭ چىرايلىقلىقى راهىلەگە يەتمەيتتى . ئۇ راهىلەدىن بىرنەچچە ياش چوڭ ئىدى ، شۇڭا بوۋاي راهىلەنى لىيادىن بۇرۇن ياتلىق قىلىشقا ئۇنىمايتتى . قوۋم قائىدىسىمۇ بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايتتى . بىراق ، يەئقۇب ئەلەيهىسسالامنىڭ راهىلە بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى بوۋاينىڭمۇ رەت قىلغۇسى كەلمەيتتى . شۇڭا ، بوۋاي يەئقۇب ئەلەيهىسسالامنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، كۆڭلىدە ئاچا ـ سىڭىل ئىككى قىزنى بىراقلا يەئقۇب ئەلەيهىسسالامغا بەرمەكچى بولدى ، قوۋم قائىدىسىمۇ بۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلىناتتى .
بوۋاي بېكىتكەن يەتتە يىل ۋاقىت توشتى . يەئقۇب ئەلەيهىسسالام ئەمدى توي قىلىدىغان ۋە سۆيۈملۈك كىشىسى بىلەن جەم بولىدىغان بولدى . ئۇ تاغىسىغا بۇ تەلىپىنى ئېيتتى ، تاغىسى مۇنداق دېدى :
— بالام يەئقۇب ، راهىلەنى ئاچىسىدىن بۇرۇن ياتلىق قىلىشقا دادا بولغۇچى مەنمۇ قوشۇلمايمەن ، قوۋم قائىدىسىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ . لىيا راهىلەدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبى گۈزەل ، ئەگەر سەن قوشۇلساڭ ، مەن ئۇنىمۇ ساڭا جۈپلەپ قويساڭ ، مېنىڭ هوزۇرۇمدا يەنە يەتتە يىل تۇرغىن ، بۇ راهىلە بىلەن بولىدىغان توينىڭ تويلۇقى بولسۇن .

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ئىدى، ئۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن قىزغىن كۈتۈۋېلىندى ۋە چەكسىز غەمخورلۇققا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغىسى ئۇنىڭ ئارزۇسىغا قوشۇلغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى تاغىسىنىڭ ياخشى نىيىتىنى رەت قىلىشقا قىيمىدى. ئۇ تاغىسىنى نائۈمىد قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ئاۋۋال لىيا بىلەن، يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن راھىلە بىلەن توي قىلدى.

بوۋاي لىبان ئىككى قىزىغا بىردىن ئىككى دېدەكنى تۇتتى، ئاچا-سىڭىل ئىككى قىز ئېرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئىككى دېدەكنى ئۇنىڭ ئەمرىگە تۇتۇپ بەردى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ تۆت خوتۇنىدىن جەمئىي ئون ئىككى ئوغۇل كۆردى.

www.alma.cn

# يۇسۇف ئەلەيھىسسالام


## يۇسۇف ئەلەيھىسسالام دادىسى بىلەن ئاكىلىرى ئارىسىدا


شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن تاڭ قۇياشى يەر ـ جاھاننى تەكشى يورۇتۇشقا باشلىغاندا ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام شېرىن چۈش ئىلكىدىن چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە ، ئۇستۋاشلىرىنى كىيىپ ، روھلۇق ۋە تېتىك ھالدا دادىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ دادىسىغا كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلدى :

— ئى دادا ، ئاخشام مەن ناھايىتى ياخشى بىر چۈش كۆرۈپتىمەن ، چۈشۈمدە ئون بىر يۇلتۇزنىڭ ، ئاي ۋە كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دادىسىنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى . ئۇ ئوغلىغا مۇنداق دېدى :

— بالام ، چۈشۈڭدە كۆرگەنلىرىڭ راست بولۇپ چىقىدۇ . ئۇ مېنىڭ سېنى گۈزەل ئىستىقبال ۋە بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتىكى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمنى ئىپادىلەپتۇ . چۈشۈڭدە كۆرگەنلىرىڭ بىر خۇش خەۋەردىن دېرەك بېرىدۇ ، كۆرگەن چۈشۈڭ ساڭا شۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى ، خۇدا ساڭا بىلىم ۋە مېھىر ـ شەپقەت ئاتا قىلىدىكەن ، ئۇ خۇددى بوۋاڭ ئىبراھىم خېلىلۇللا ۋە ئىسھاق نەبىيۇللاغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتكەندەك ، ساڭا بەرگەن ۋەدىسىنىمۇ ئەمەلدە كۆرسىتىدىكەن . لېكىن ، كۆرگەن چۈشۈڭنى ئۆگەي ئاكا ـ ئۇكىلىرىڭغا ئېيتمىغىن . ساڭا ئايانكى ، مېنىڭ ساڭا ۋە ئىنىڭ


قۇرئاندىكى قىسسەلەر
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


قۇرئاندىكى قىسسەلەر
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇنيامىنغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىم ۋە ئامراق بولغانلىقىم ئۆگەي ئاكا ـ ئۇكىلىرىڭدا سىلەر ئىككىڭلارغا قارىتا بىر خىل ھەسەت كەلتۈرۈپ چىقاردى . بۈگۈن ئۇلار يەنە سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن ئەيۋەت قىلىپ يۈرىدۇ . ئەگەر سەن كۆرگەن چۈشلىرىڭنى ئۇلارغا ئېيتىپ قويساڭ ، ئۇلار تېخىمۇ ھەسەت قىلىدۇ ، سېنى يامان كۆرىدۇ ، ھەتتا ساڭا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ، تاپانتۇزاق قۇرۇپ ، خۇددى لەنىتى شەيتانغا ئوخشاش ، ساڭا زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ .

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام چېچەن يىگىت ئىدى . ئۇنىڭ ئىنىسى بۇنيامىن ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ئۇلارنىڭ ئانىسى راھىلە ۋاپات بولۇپ كەتتى . ئۇلار مېھرىبان ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقىغا نەقەدەر موھتاج ئىدى ـ ھە ! ئۇلار ئۆز ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا ، دادىسى ئۇلارغا ئىنتايىن كۆيۈنەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ھېلىقى چۈشنى كۆردى . بۇنىڭ بىلەن دادىسى ئۇنىڭغا ئادەتتىن تاشقىرى ئامراق بولۇپ كەتتى . گەرچە دادىسى بۇنى سۆزلەپ يۈرمىسىمۇ ، كۆرۈنۈشتە ھەممە بالىلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغاندەك تۇرسىمۇ ، لېكىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇنيامىننىڭ دادىسىنىڭ نەزەرىدە تۇتقان ئورنى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى .

ھەسەتخورلۇق ، ئۆچمەنلىك ئوتى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرىنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتىدى . ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى .

ئۇلاردىن بەزىلىرى شۇنداق دېيىشتى :

— ئەجەبا ، سىلەر دادىمىزنىڭ يۈسۈف بىلەن بۇنيامىن ئىككىسىگە ھەممىمىزدىن بەك ئامراق ئىكەنلىكىنى سەزمىدىڭلارمۇ ؟ نېمە ئۈچۈن دادىمىزنىڭ نەزەرىدە بىز يوق ؟ ئۇنىڭ نەزەرىدە بىزنى تۆۋەنلەشتۈرۈۋاتقان نەرسە نېمە ؟ ئەجەبا ، بىز يۈسۈف بىلەن بۇنيامىندىن كىچىكمىكەنمىز ، كۈچىمىز ، ئالغان

ساۋاقلىرىمىز ئۇلارغا يەتمەمدىكەن؟ بىز دادىمىزنىڭ ئۇبدان ئۇتتۇشى ئۈچۈن ئەتىدىن ـ كەچكىچە خىزمەت قىلىشۋاتامدۇق؟ دادىمىز نېمە ئۈچۈن يۈسۈپ بىلەن بۇنيامىننىلا ياخشى كۆرۈپ، بىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟ بۇ ئۇلارنىڭ بىزدىن قەدىرلىك بولغانلىقىدىنمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئانىسى بىزنىڭ ئانىمىزغا قارىغاندا دادىمىزغا بەكرەك ياقىدىغانلىقىدىنمۇ؟ بىز يۈسۈپ بىلەن بۇنيامىننىڭ بىزدىن قەدىرلىك يېرىنى كۆرەلمىدۇق. مۇبادا ئانىلىرىمىزنىڭ بەزىسى دادىمىزغا يېقىن، بەزىسى يىراق دېيىلسە، ئۇ چاغدا بىزدە نېمە گۇناھ بار؟ روشەنكى، بۇ ئادالەتلىك ئەمەس، بۇ خاتا.

يەنە بىرى مۇنداق دېدى:

— دادام يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈسۈپ بىلەن بۇنيامىن ئىككىسىگە بولغان ئامراقلىقى بىزدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. ئەگەر، دادىمىزدىن نېمە ئۈچۈن بەزىمىزگە يېقىن، بەزىمىزگە يىراق دېگەننى سورايدىغان بولساق، بۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە كۆرمەسلىكىمىز مۇمكىن. چۈنكى، ئامراقلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇنى باشقىلار چەكلىيەلمەيدۇ، كۆپەيتىپمۇ ئالالمايدۇ، تارايتىپمۇ كېتەلمەيدۇ. ئامراقلىق ئەقىلدىن ئۈستۈن بىر خىل مۇھەببەت بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ قەلبىنى ئىگىلىيەلەيدۇ. يۈسۈپ ئارىمىزدا بىر كۈن بولىدىكەن، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى دادىمىزنىڭ قەلبىنى شۇنچە ئىگىلىۋالىدۇ. بىز كۈن بويى كۆڭلىمىزنى بىئارام قىلىۋاتقان كېسەلدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن، يا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمىز، يا بولمىسا، ئۇنى يىراق قۇملۇققا ئاپىرىپ تاشلاپ، ياۋايى ھايۋانلارغا يەم قىلىۋېتىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلساقلا، بىز دادىمىز بىلەن بولغان يىراقلىقنى يېقىنلاشتۇرۇپ، دادىمىزنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاغا تۆۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇۋالىمىز.

ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پىكىرلىك ۋە ئەڭ ئەقىللىق ئىدى. ئۇ شۇنداق دېدى:

www.alma.cn

— بىز يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرى، بىزدە ئەقىل بار، ئېتىقادىمۇ بار، ئەمما ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئەقىل ۋە ئېتىقاد يول قويمايدۇ. يۇسۇف بىگۇناھ. ئۇ گۇناھ قىلمىدى. ئەگەر ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولساڭلار، ئىروسالىمدا بىر قۇدۇق بار، ئۇنىڭ يېنىدىن يولۇچىلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئۇنى شۇ قۇدۇققا تاشلىۋېتىڭلار، قۇدۇق يېنىدىن ئۆتكەن يولۇچىلار ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ كەتسىلا بولدى. مۇشۇنداق قىلساق، ئۇنى ھەم كۆزىمىزدىن يوقىتىش مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز، ھەم ئادەم ئۆلتۈردى دېگەن نامغىمۇ قالمايمىز.

ھەممەيلەن بۇ پىكىرگە قوشۇلدى ھەمدە بۇ ئىشنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى.

ئەتىسى سەھەردىلا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىشتى. ئۇلار كۆڭلىگە يامان نىيەتنى يۈكۈپ، ساختىپەزلىك بىلەن دادىسىغا شۇنداق دېيىشتى:

— دادا، سىز نېمىشقا يۇسۇف بىز بىلەن بىللە بولسىلا خاتىرجەم بولالمايسىز؟ ئۇ بىزنىڭ بىر تۇغقان ئىنىمىز، قان قېرىنداشىمىز، ھەممىمىز سىزنىڭ ئوغلىڭىز، بىز سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىز ۋە خەيرخاھلىقىڭىزغا ئېرىشمەكتىمىز. سىز ئەتە ئۇنىڭ بىز بىلەن بىللە سەھراغا چىقىشىغا قوشۇلمامسىز؟ ئۇ يەردە ئاسمان سۈپسۈزۈك، ھەممە يەر ئالتۇندەك قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەن، ئۇ يەردە جىمجىت كەنتلەر، باراقسان دەل ـ دەرەخلەر بار. بىز مال باققاچ ئالەمنىڭ مەنزىرىسىنى سەيلە قىلىپ يۇسۇفنى قانغۇدەك ئويناتساق، كەچتە ئۇنىڭ تېخىمۇ تەمبەل، تېخىمۇ خۇشال ـ خۇرام قايتقىنىنى كۆرىسىز! ئۇنىڭ بىز بىلەن بىللە بېرىشىغا قوشۇلسىڭىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز، ئۇنى ئاسرايمىز.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدىن ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن ئوغۇللىرىغا:

— يۇسۇف مېنىڭ قېشىمدا بولمىسا، غەمخورلۇقىمغا ئېرىشمىسە، خاتىرجەم بولالمايمەن، ئازابلىنىمەن. مەن سىلەردىن ئۇنى ئېلىپ كېتىپ، دىققەت قىلماي بۆرىگە يېگۈزۈپ قويۇپ، مېنى ئۆمۈرۋايەت نادامەتتە قالدۇرارمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، — دېدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى:

— بىز ھەممىمىز شۇنداق كۈچلۈك، قابىل تۇرۇپ ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈۋېتەرمىزمۇ! مۇبادا راستتىنلا مۇشۇنداق بەختسىزلىك بولۇپ قالسا، ئەزبىرايى خۇدا، بىز ۋاپاسىز، ساداقەتسىزلەردىن بولۇپ كېتەيلى، — دېدى.

— دىققەت قىلىپ ئاسرايدىغانلا بولساڭلار، ئۇنى بىللە ئېلىپ بېرىڭلار، ئاللا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام.

تاڭ يورۇغاندىن كېيىن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىقتى. ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ ئۇدۇل ھېلىقى قۇدۇق تەرەپكە مېڭىشتى. قۇدۇقنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇلار بىردىنلا يىرگىنچلىك ئەپت-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، رەھىمسىزلىك بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىملىرىنى تارتقۇچلاپ سالدۇرۇپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام كۆزىدىن بىرەر تامچە ياش ئاققۇزمىدى ھەم ئۇلارغا يېلىنمىدى، بەلكى تەقدىرگە بويسۇندى.

ئۇلار قۇرۇق خىيال ئىلكىگە غەرق بولۇپ، ئۆزلىرىچە دەردىمىز چىقتى، ئاچچىقىمىز بېسىقتى، دادىمىز بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى چوقۇم ياخشى كۆرىدۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دادىمىزنىڭ كۆڭلىمۇ ئاستا-ئاستا ئارامىغا چۈشۈپ قالىدۇ، دەپ ئويلاشتى. ئەمما، تەقدىر ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئۇلار ھىيلە-مىكىر ئىشلىتەلىسىمۇ، لېكىن ئاللا ھەممىگە قادىر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى قانغا مىلەنگەن كۆڭلەكنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئالدىن پۇتۇشۇپ قويغان يال

www.alma.cn

سۆزلەر بىلەن دادىسىغا يىغلاپ مۇنداق دېيىشتى :
— دادا ، سىز ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەردى . بىز يۇسۇفنى كېيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ ، يۈگۈرۈپ ئويناپ يىراققا كېتىپ قاپتۇق . شۇ ئارىدا بىر بۆرە كېلىپ يۇسۇفنى يەپ كېتىپتۇ . بىز بۇنى كۆرۈپ ، ناھايىتى قايغۇرۇپ «ئاللا - كاللا» دەپ چۇقان سېلىپ ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتۇق . مانا يۇسۇفنىڭ قان يۇقى كۆڭلىكى . سىز ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن ، لېكىن بىز راستىنى ئېيتتۇق .
يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدى ، قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى بىلىۋالدى . ئۇ ئاللانىڭ يۇسۇفكە بىرەر ئۇلۇغ ئىشنى قىلدۇرۇشنى ئىراده ئەتكەنلىكىنى ۋە يۇسۇفنىڭ بۇ ئىشنى چوقۇم بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدىغانلىقىنى بىلەتتى ، شۇڭا ئۇلارغا :
— سىلەر مال - دۇنيا كويىدا ، ھەسەتخورلۇق قىلىپ يامان ئىش قىلدىڭلار . لېكىن ، مەن تاكى ھىيلە - مىكرىڭلار پاش بولۇپ ، سىلەر جازاغا تارتىلغانغاقەدەر سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرىمەن . سىلەرنىڭ ئېيتىۋاتقىنىڭلارنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ئاللاغا مەلۇملۇق ، — دېدى .

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قۇدۇقتا

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قاراڭغۇ قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن ، ئۇن - تىن چىقارماي قۇدۇق ئىچىدە تۇردى . پەزىلەتلىك بۇ ئالىيجاناب يىگىت بالايىئاپەتنىڭ سىنىقىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى . ئاللا ئۆزىنىڭ سادىق مۇخلىسلىرىنى ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، ھامان خىلمۇخىل بالايىئاپەت ، ئازاب - كۈلپەت ئارقىلىق ئۇلارنى سىناپ تۇرىدۇ .
بۇ دۇنيادا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام چەككەن ئازاب -

www.alma.cn

كۆلپەتتىنمۇ ئېچىنارلىق ئازاب ـ كۈلپەت يوق . ئەگەر بۇ بالايىئاپەت بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ۋە ياش قۇرامى يېتىلگەن بىر كىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن بولسىدى ، ئەھۋال بۇنىڭدىن ياخشىراق بولغان بولاتتى ، چۈنكى ئۇ بۇنداق ئەھۋالدا نېمە قىلىش لازىملىقىنى بىلەتتى ، ئەمما يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بولسا بېشىدىن ھېچقانچە ئىش ئۆتمىگەن بىر ياش ئىدى .

ئەگەر يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىرەر سەۋەنلىك ياكى جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا ئىدى ، ئۆزىنىڭ قۇدۇققا تاشلانغىنىغا ئۇنچىۋالا ئازابلانمىغان بولاتتى ، چۈنكى بۇ ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازا بولغان بولاتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق سەۋەنلىك يوق ئىدى ، جىنايەت تۇگۇل ، ھەتتا كىشىنى گۇمانلاندۇرغۇدەك ئىشمۇ يوق ئىدى . ئۇنىڭ پاك ، گۇناھسىز ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى .

مۇبادا ئۇ غەيرىي ئادەملەر تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلانغان بولسا بۇنچىۋالا بىئارام بولمىغان بولاتتى . ئۇنىڭ بۇنچە ئازابلىنىپ كېتىشى ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتتە قېلىشى ، دەل ئۆزىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلانغانلىقىدىن ئىدى .

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قۇدۇق ئىچىدە تۆت تەرەپكە تەلمۈرۈپ قارايتتى . ئۇ سۇ ئىچىدە ئىدى ، ئۇنىڭ سولغۇن يۈزى سۇ ئۈستىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، ئۈستى قاپقاراڭغۇ بولۇپ ، ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . شۇ تاپتا ئۇ نېمىنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ ؟ بەلكى ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى دادىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن چاغلىرىدىكى خۇشخۇي چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتقاندۇ ، دادىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئامراقلىقى ۋە مېھرىبانلىقىنى ئەسلەۋاتقاندۇ ياكى دادىسىنىڭ ھازىرقى پەرىشان قىياپىتىنى ئويلاۋاتقاندۇ .

ئېھتىمال ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ تار ۋە قاراڭغۇ قۇدۇق ئىچىدە قورققان ۋە زېرىككەن بولسا ، كۈن نۇرىنى كۆرۈشكە ، ئاي يۇلتۇز ، كۆك ئاسمان ۋە گۈزەل باھارنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقاندۇ .

ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقاندۇ. ئۇ قورسىقىنى نېمە بىلەن تويغۇزار؟ بۇ يەردە ھاياتنى ساقلاپ قالالىغۇدەك يېمەكلىك بارمۇ؟ ھەي بەختسىزلىك، چىدىغۇسىز بەختسىزلىك!

بۇ بەختسىزلىك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللا ئۇنىڭغا رەھىم - شەپقەت قىلماقچى بولدى. ئاللا ئۇنىڭ پەرىشان بولۇپ كەتكەن روھىي ھالىتىنى ئۆز ئارامىغا چۈشۈردى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ئەي يۈسۈف، يەنە بىر ئاز سەۋر قىلغىن! مەن ساڭا نىجاتلىق يولى كۆرسىتىپ، سېنى بۇ قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، خەستىلىكتىن خالاس قىلىمەن، قېرىنداشلىرىڭنىڭ سىرىنى پاش قىلىشىڭغا مەدەت بېرىمەن» دەپ بېشارەت بەردى. شۇ زامات يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ غەم - قايغۇلىرى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ روھلىنىپ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇردى.

يىراقتىن بىلىنەر - بىلىنمەس شاۋقۇن - سۈرەن ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ دىققەت بىلەن تىڭشىدى، بىراق نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي، قۇلىقىم بىرنەچچە بولسىچۇ كاشكى، دەپ كەتتى.

ئاۋاز بارا - بارا يېقىنلاشتى ۋە ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاياغ شەپىسىنى ۋە يەنە ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازىنى پەم قىلالىدى ... ھە، بۇ كارۋانلار بولسا كېرەك! ئەمدى ئۈمىد تۇغۇلدى، قۇتۇلىدىغان بولدۇم، بۇ قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلۇش ۋاقتىم كەلدى.

كارۋانلار قۇدۇق يېنىغا كېلىپ توختىدى. كارۋان باشلىقى:

— ھە قېنى، قۇدۇقتىن سۇ تارتىڭلار، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرايلى، ئۇلاغلارنى سۇغىرايلى! ئۇزۇن يول يۈرۈپ تازا ھاردۇق، — دېدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ گويا بىرنەچچە كۈن سۇ ئىچمەي چاڭقاپ كەتكەن ئادەم بىردىنلا شېرىن بۇلاق سۈيىگە ئېرىشكەندەك ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى.

بىر نەپەر كىشى قۇدۇقتىن سۇ ئېلىش ئۈچۈن سوغىنى قۇدۇققا تاشلىۋىدى، سوغا سۇ يۈزىگە چۈشە - چۈشمەيلا يۈسۈف

ئەلەيھىسسالام ئۇنى تونۇۋالدى . سوغا تۆۋەنگە قاراپ ئېغىرلىشىپ كەتكەندە ، سۇ تارتقۇچى كىشى سەل ئەجەبلەندى . ئۇ سوغىنى قۇدۇقتىن تارتىۋالغاندا ، ھۆسن ـ جامالى كېلىشكەن بىر يىگىتنى كۆردى ـ دە ، ھەيران قالغىنىدىن : «خۇش خەۋەر ، بۇ يەردىن بىر ئوغۇل بالا چىقتى !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى .

كۆپچىلىك يۈگۈرۈپ كېلىشىپ ھەيرانۇ ھەس بولۇشتى . ئاخىر ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مىسىرغا ئېلىپ بېرىپ سېتىۋېتىش قارارىغا كېلىشتى .

ئەگەر بۇ ئادەملەردە ئاز ـ تولا ۋىجدان ياكى ئادەمگەرچىلىك بولسىدى ، ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ ، ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان بولاتتى. لېكىن بۇ نەپسانىيەتچى ئەبلەخلەردە قىلچە رەھىم ـ شەپقەت يوق ئىدى . «ئادەم ئۆزىنى دېمىسە يەر يۇتۇپ كېتىدۇ» دېگەن مانا شۇ ـ دە !

كارۋانلار ئۆز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، مىسىرغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئاندىن توختىدى .

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام — بۇ ئالىيجاناب ئەركىن زات ، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر — بازارغا ئېلىپ بېرىلىپ ، ئەرزان باھادا سېتىۋېتىلدى . چۈنكى ، كارۋانلار چاندۇرۇپ قويۇپ سىرنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . راستىنى دېگەندە ، بۇ ئالىيجاناب ياشنى ئالەمچە ئالتۇنغىمۇ تېگىشكىلى بولمايتتى .

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مىسىرنىڭ كۆزى ئۆتكۈر ۋەزىرى سېتىۋالدى . ئۇنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىستىقباللىق يىگىت ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەنىدى . ۋەزىر خوتۇنىغا مۇنداق دېدى :

— ئۇنىڭ بىلىمى ۋە لاتاپەتلىك مىجەز ـ خۇلقىدىن قارىغاندا ، ئۇ ھەرگىز ئاددىي ئائىلىنىڭ بالىسى ئەمەس . سەن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن ، باشقا چاكارلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك ئازار بەرمىگىن ، قۇللارغا مۇئامىلە قىلغاندەك ئۇرۇپ ـ تىللىمىغىن . ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا پايدا يەتكۈزۈشىنى ئۈمىد

ww.uma.c

قىلىمەن ياكى ئۇنى ئاسراندى ئوغۇل قىلىۋالماقچىمەن.

شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەزىرنىڭ ئائىلىسىدە ئۆزىنىڭ يېڭى ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ ئىشنى پۇختا قىلاتتى، مۇئامىلىدە سەممىي ئىدى. شۇڭا بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۆز تۇغقىنىدەك ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى.

## يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋە زۇلەيخا

### 1

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قۇدۇقتىن چىقىپ ۋەزىرنىڭ ئائىلىسىدە تېخى بىرنەچچە كۈن ئارامخۇدا ئۆتمەي تۇرۇپلا، يەنە يېڭى بىر بەختسىزلىككە دۇچ كەلدى. بۇ بەختسىزلىك ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپلا قالماي، ئۇنىڭ قەلبىنى ئاللاغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق پېشكەل تەقدىرگە دۇچ كېلىشىگە پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ياشلىقى ۋە كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ھۆسن - جامالى سەۋەب بولدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋەزىرنىڭ ئائىلىسىدە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەقىل - ئىدراكى، سەممىي - ساداقىتى ۋە ئېسىل، پاك خىسلىتى ۋەزىرنى تېخىمۇ ئىشەندۈردى، مەھلىيا قىلدى. ۋەزىر ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى ياكى ئۆز بالىسىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام كېلىشكەن بىر يىگىت بولۇپ يېتىلىشتى. زۇلەيخادا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېرىسمەنلىك پەيدا بولۇپ، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى زۇلەيخانىڭ شۇنداق دىققىتىنى قوزغىدىكى، مەيلى ئۇ ئۆرە تۇرسۇن ياكى ئولتۇرسۇن، ئۇخلىسۇن ياكى ئويغانسۇن، تاماق يېسۇن ياكى چاي ئىچسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى زۇلەيخا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى. زۇلەيخا

ئۇنىڭغا قارىغانسېرى بۇ يىگىتنىڭ شۇنچە چىرايلىق ۋە زېھنىي كۈچىنىڭ شۇنچە تولۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن زۇلەيخادا ئىشق - مۇھەببەت پەيدا بولۇپ، ئىشق ئوتى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەشكە باشلىدى. زۇلەيخا ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغانلىرىدا ئۇنى ئويلايتتى، سېغىناتتى، ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئۇنى دائىم چۈشەيتتى. ئۇ ئىچىدە: قانداق قىلسام ئۇنىڭغا ئېرىشەرمەن؟ دەپ ئويلايتتى، لېكىن تورۇپلا مەن ۋەزىرنىڭ خوتۇنى، ئېرىم مىسىردا ئابرۇيلۇق ئورۇنغا ئىگە، مەن ئەڭ ياخشىسى بۇنداق شەھۋانىي نەپسىمدىن كېچىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي، دەپ نىيىتىدىن ياناتتى، بىراق يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ھامان يەنە ئۇنىڭغا پۇتۇنلەي مەھلىيا بولۇپ كېتەتتى. ئىشق - مۇھەببەت زۇلەيخانىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى.

ئۇ كۆيۈكىنىڭ دەردىدە ئۆزىنى باسالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابرۇيى ۋە سالاھىيىتىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىك يولى بىلەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا تۇزاق قۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىشقىنى قوزغىماقچى بولدى.

لېكىن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەدەپ بىلەن ئۆزىنى زۇلەيخادىن نېرى تۇتاتتى، ئۇنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان چىرايلىق تەقى - تۇرقىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالاتتى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام پاك، ئېسىل، ئالىيجاناب ئائىلىدىن كېلىپ چىققاچقا، ئەدەپ - ئەخلاقتا مۇخالىپ كېلىدىغان بۇنداق ئىشنى قىلىشنى راۋا كۆرمەيتتى. يەنە كېلىپ ۋەزىر ئۇنى ئاسراپ خۇددى ئۆز تۇغقىنىدەك كۆرەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ قانداقمۇ ۋەزىرنىڭ شان - شەۋكىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بۇنداق ئىشنى قىلىپ، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بىلەن خۇپىيانە ئاشنا ئوينىسۇن؟

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زۇلەيخانىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقى خۇددى كۆيۈۋاتقان ئوتقا ياغ چاچقاندەك، زۇلەيخانىڭ ئىشق - مۇھەببىتىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى. زۇلەيخانىڭ

ئىما - ئىشارەتلىرى كار قىلمىدى . زۇلەيخا ئۆز مەقسىتىگە
يېتىش ئۈچۈن قەلبىدىكى سىرنى يۈرەكلىك ھالدا يۇسۇف
ئەلەيھىسسالامغا ئوچۇق بايان قىلىش قارارىغا كەلدى ، چۈنكى
ئۇنىڭ زادىلا سەۋر - تاقىتى قالمىغانىدى . بۇ ئىشنى
ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ، ئۇ يۈزنى سىيپاپلا ئاشىق - بىقارار
قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقچى بولدى . ئۇ بىر قاتار تەييارلىقلارنى
قىلىپ ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ياتىقىغا چاقىرىپ كىردى .
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەزەلدىن خوجايىنى چاقىرغان ھامان
كېلەتتى . شۇڭا ئۇ زۇلەيخانىڭ قىچقارغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان
ئۇنىڭ ياتىقىغا كىردى . زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ
دەررۇ دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ ، ئىشىكنى مەھكەم تاقىدى ،
ئاندىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا :
— بول ، چاققان كەل ! — دېدى .
بۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ پاشلىقى تازا ئۇرغۇپ تۇرغان چاغ
بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى تەربىيە كۆرگەچكە ،
پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللانىلا ئويلايتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاياللارغا
چاقچاق قىلىدىغان يامان نىيەت يوق ئىدى . شۇڭا ئۇ كۆڭۈلنىڭ
كەينىگە كىرمىدى . ئۇ مۇنداق دېدى :
— خۇدا ھەققى ، مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى
قانائەتلەندۈرەلمەيمەن ، خوجايىنىمغا ئاسىيلىق قىلالمايمەن ، ئۇ
ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى ، مەن ۋاپاغا جاپا بىلەن جاۋاب
قايتۇرالمايمەن ، سىز ئىشىكنى مەھكەم تاقىغان ، دېرىزە
پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەن بولسىڭىزمۇ ، لېكىن ئاللا ساداقەتسىز
ئاياللارنىڭ باشقىلاردىن يوشۇرۇن قىلغان - ئەتكەنلىرىنى بىلىدۇ ،
مەن ئاللاغا مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشنى قىلالمايمەن ، ئاللانىڭ
غەزىپىنى كەلتۈرمەيمەن . بەتئەخلاق ئادەم ياخشى ئاقىۋەت
كۆرمەيدۇ .
زۇلەيخا ھوقۇقلۇق ھەم ئابرۇيلۇق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق
ئىدى . ئۇ ئەسلىدە ، قول ئاستىدىكى بىر چاكارنى ئازدۇرمىقىم

بەكمۇ ئاسان ، دەپ قارىغاچقا ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . بۇ ئوردا ئىچىدە دېگىنىنى قىلىدىغان بىر ئېسىلزادە ئۈچۈن ئېيتقاندا ، چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى .

زۇلەيخا دەرغەزەپكە كېلىپ ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن ئۆچ ئالماقچى بولدى . يۇسۇف ئەلەيھىسسالاممۇ ھەققانىي غەزىپى بىلەن ئۇنىڭغا دەلمۇدەل تاقابىل تۇرماقچى بولدى . دەل شۇ چاغدا ئاللادىن ئۇنىڭغا : «ياقا سىقىشقىنىڭدىن كۆرە ، ئۆزۈڭنى قاچۇرغىنىڭ ئەلا ، دۈشمىنىڭنى كۆپەيتكىنىڭدىن كۆرە ، يارىشىپ ئۆتكىنىڭ ئەلا» دېگەن بېشارەت نازىل بولدى ـ دە ، ئۇ دەرھال ئاللانىڭ كۆرسەتكەن يولىغا مېڭىپ ، ئىشىككە قاراپ قاچتى . لېكىن ، زۇلەيخا ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە ئېسىلىۋالدى . كۆڭلەك يىرتىلدى . يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا ، تاشقىرىدىن ۋەزىر كىرىپ قېلىپ ، بۇ سەتچىلىكنى كۆرۈپ قالدى .

بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن كىشىنى گۇمانلاندۇراتتى . زۇلەيخا مەككارلىق قىلدى ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بولسا راست گەپ قىلدى . زۇلەيخا :

— يۇسۇف شەرم ـ ھايا قىلماي ، نامەھرەم قولىنى ماڭا سۇنۇپ مېنى بۇلغاشقا ۋە ماڭا چېقىلىشقا ئۇرۇندى . سىزنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭىزغا چېقىلغان بۇنداق جىنايەتكار ، ئەلۋەتتە ، قاماققا ئېلىنىشى ياكى قاتتىق جازالىنىشى كېرەك ، — دېدى .

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زۇلەيخانىڭ قاراپ تۇرۇپ كاززاپلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ، ۋەزىرگە بولۇنغان ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ مۇنداق دېدى :

— زۇلەيخا ماڭا چېقىلىپ ، مېنى بۇلغىماقچى بولدى ، كۆڭلىكىمنى يىرتىۋەتتى ، بۇ ئىشقا كۆڭلىكىمنىڭ ئۆزى گۇۋاھتۇر .

دەل شۇ پەيتتە زۇلەيخانىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى كىرىپ كەلدى ، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشى ئىدى . ئۇ

ئىككى تەرەپنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ بۇنداق دېدى:

— يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدى تەرەپتىن يىرتىلغان بولسا، بۇ زۇلەيخانىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست، يۇسۇفنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى؛ يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئارقا تەرەپتىن يىرتىلغان بولسا، بۇ يۇسۇفنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست، زۇلەيخانىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

ۋەزىر بۇ گەپنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شۇنداق قارىۋىدى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقا تەرەپتىن يىرتىلغانلىقىنى كۆردى ۋە شۇندىلا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى. ۋەزىر زۇلەيخاغا:

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭ ئاياللارنىڭ دائىم ئىشلىتىپ ئۆگەنگەن ھىيلىسى، دەرھال تۇۋا - ئىستىغپار ئېيت، بۇ سېنىڭ گۇناھىڭ ئىكەن، — دېدى، ئاندىن يەنە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا، — ئاغزىڭنى چىڭ تۇت! ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ ئىشنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالما، — دېدى.

2

ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا ئاياللارنىڭ غۇلغۇلىسى بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى: زۇلەيخا ئۆزىنىڭ ياش چاكىرىغا ئاشىق بولۇپ قاپتىمىش، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى زۇلەيخانى مەپتۇن قىلىۋاپتىمىش، زۇلەيخا ئۇنى ئازدۇرماقچى بوپتىكەن، دەككىسىنى يەپتۇ، ئۇ چىداپ تۇرالماي، تەۋەككۇل قىلىپ يۇسۇفنى ئۆيىگە چاقىرىپ كىرىپ، ئۇنى ئۆزىگە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل چارە - ئامال قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، يۇسۇف ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىگە بېرىلمەي، ئۇنى رەت قىپتۇ. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى، زۇلەيخانىڭ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتىمىش، بۇ ئىشنى خەققە ئۇقتۇرماي دېسىمۇ كۆز يېشى بىلەن غەمكىن چىرايى ئۇقتۇرۇپ

www.aiml.cn

بوپتۇ .
ئاياللار بۇ سەتچىلىكنى گەپكە گەپ قېتىپ شاخلىتىش ئارقىلىق بارغانسېرى كەڭ تارقىتىپ ، ئاجايىپ سىرلىقلاشتۇرۇۋەتتى . ئاخىردا بۇ ئىش زۇلەيخانىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى . زۇلەيخا يۈسۈفنى ئۇ ئاياللارغا بىر كۆرسىتىپ ، ئۇلارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرەي ، دېگەن نىيەتكە كەلدى .
بىر كۈنى زۇلەيخا شەھەردىكى ئېسىلزادە خېنىملارنىڭ ھەممىسىنى مېھمانغا چاقىردى . زۇلەيخا ئۇلارغا يۇمشاق كۆرپە سېلىپ ، ئالدىغا مېۋە قويدى ھەمدە ھەربىرىگە مېۋە كېسىپ يېيىش ئۈچۈن بىردىن قەلەمتىراچ بەردى ، ئارقىدىنلا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا :
— ئەي يۈسۈف ، سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ بىر ئايلىنىپ چىققىن ، — دېدى . يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى . ئاياللار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ تەمكىن ، قاش - كۆزى كېلىشكەن ، لاتاپەتلىك ، قەددى - قامەتلىك ، ئېتىك بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن ئالىيجانابلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . ئاياللار ئۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ ، بۇتتەك قېتىپ قېلىشتى ، قوللىرىدىكى قەلەمتىراچ بىلەن قوللىرىنى كېسىۋالغاندىلا ئاندىن ھوشىغا كېلىشتى . ئۇلار :
— ئى قادىر ئاللا ! ئۇ ئادەم ئەمەس ، پەرىشتە ئىكەنغۇ ، — دېيىشتى .
زۇلەيخا چاقچاق چىلىپ مۇنداق دېدى :
— مانا بۇ يۈسۈف بولىدۇ ، مەن ئۇنىڭ دەستىدىن سىلەردىن تىل ئاڭلىغان ، سىلەر مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلغانىدىڭلار . مانا ئەمدى ئۆزۈڭلار قانداق بولۇپ قالدىڭلار ؟ سىلەر ئۇنىڭغا بىئىختىيار قاراپ داڭقېتىپ قالدىڭلارغۇ ؟ مېنى نېمىشقا تاللىغانىدىڭلار ؟ ئۇ كۆپتىن بۇيان مېنىڭ ئۆيۈمدە يۈردى ، كۆز ئالدىمدا چوڭ بولدى ، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى

ئولتۇرۇپ - قوپۇشلىرى، ئۇخلاش، غىزالىنىش ۋە چاي ئىچىشلىرىنى كۆرۈپ يۈردۈم. كۈندۈزلىرىمۇ، كېچىلىرىمۇ مەن بىلەن بىللە تۇردى، مەن ئۇنى ھۆسن - جامالىغا مەپتۇن قىلماقچى بولدۇم، بىراق ئۇ مېنى رەت قىلدى، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پۈتۈنلەي پەرىشتىلەرگە خاس روھ ۋە ئاللاغا تەقۋادارلىقتىن باشقا نەرسە يوق. ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇشۇنداق پەرىشتىنى قۇل، ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلگەن مەندەك بىر ئايالنى خوجايىن، دەپ ئېيتقىلى بولامدۇ؟ سىلەرگە يوشۇرماي شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن ئۇنى ئازدۇرغان، ئۆزۈمگە مەپتۇن قىلماقچى بولغان بولساممۇ، لېكىن ئۇ مېنى رەت قىلدى. مەن يەنە شۇنىمۇ سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، مەن ئۇنىڭ رەت قىلىشىغا چىداپ تۇرالمايمەن، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىزمەن، ئۇ مېنىڭ قەلبىمنى ئەسىر قىلىۋېلىپ، يۈرىكىمنى لەختە - لەختە قىلىۋەتتى. ئۇ مېنى ئاشىق بىقارار قىلغاچقا، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايمەن. بۇ ئىش پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى، كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسى كوچىلارنى قاپلىدى، مەن قاتتىق ئىزا - ئاھانەتكە قالدىم. مۇبادا يۇسۇف مېنىڭ رايىمغا بارمايدىكەن، مەن ئۇنى زىندانغا تاشلايمەن. ئۇ ئۆمرىنى زۇلمەتلىك زىنداندا ئۆتكۈزسۇن، بۇ ئىككى يولنى يۇسۇفنىڭ ئۆزى تاللىسۇن.

ئاياللار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ھۆسن - جامالىنى كۆردى، زۇلەيخانىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ بىتاقەت بولۇپ كەتكەن روھىي ھالىتىنىمۇ كۆردى، ئۇنىڭ تەھدىت تۈسىنى ئالغان قورقۇنچلۇق گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىدى. شۇڭا، ئۇلار زۇلەيخانىڭ ھوقۇقى، كۈچ - قۇدرىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا بېسىم ئىشلەتمەكچى بولدى - دە، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇلاردىن بىرى شۇنداق دېدى:

— ئەي ئالىيجاناب يىگىت، رەت قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ بۇ ئىشتىن نېمىشقا ئۆزۈڭنى قاچۇرىسەن؟ زۇلەيخا ئۆزىنىمۇ، يۈرىكىنىمۇ ساڭا بېرىۋاتقان تۇرسا، سەن بۇنىڭدىن

www.alma.cn

تەسىرلەنمەمسەن؟ دانا كۆزۈڭنى ئېچىپ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ ساھىبجامالغا بىر قاراپ قويالامسەن؟ سەن يىگىت ئەمەسمۇ؟ سەن پەيتنى قولدىن بەرمەي، ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېرىشمەكچى بولغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىپ، بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن بەھرىمەن بولۇشۇڭ كېرەك!

يەنە بىر ئايال دېدى:

— زۇلەيخانىڭ نە قەدەر گۈزەللىكىنى دېمەيلا تۇرايلى، سەن ئۇنىڭ ھوقۇقى، كۈچ - قۇدرىتىنىمۇ بىلمەمسەن؟ ناۋادا سەن ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ رايىغا بارىدىغان بولساڭ، ئۆردىدىكى ھەممە دۆلەتتىن بەھرىمەن بولىسەن!

— سېنى زۇلەيخانىڭ ھۆسن - جامالى، پۇل - مېلىغا قىزىقمايدىكەن دېگەندىمۇ، — دېدى ئاياللاردىن يەنە بىرى، — سەن ئۇنىڭ سېنى زىندانغا تاشلاپ، چەكسىز ئازاب - كۈلپەتكە دۇچار قىلىشىدىن قورقمامسەن؟ ئەڭ ياخشىسى، سەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىل، ئۇنچىۋالا كاجلىق قىلما، ئىتائەت قىلساڭ، چىرايلىق ئايالغا ۋە ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولىسەن، زىندان ئازابىدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالىسەن.

ئاياللار بۇ گەپلەر يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭدا ھەۋەس، ئۈمىد قوزغايدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى، لېكىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىئارام بولۇپ خاتا ئىش قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئاللادىن مەدەت تىلىدى. ئاللاغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار مۇشكۇللۇككە ئۇچرىغاندا، بەختسىزلىككە دۇچ كەلگەندە ياكى نېمە قىلىشنى بىلمىگەندە ئاللادىن يول كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاغا مۇراجىئەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى رەببىم! زىندان زۇلمەتلىك، زېرىكەرلىك بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن ئۇ يەر مۇشۇ ئاياللارغا ئارىلىشىپ يۈرگەندىن ياخشىراق. ئازاب - كۈلپەت ئېتىقادىمنى كۈچەيتىدۇ، نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتىدۇ. مەن ئۇ

يەردە ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتالايمەن، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى پەقەت سېنىڭلا ھەقىقىي ئىلاھ ئىكەنلىكىڭگە تولۇق ئىشەندۇرەلەيمەن. ئەكسىچە، مەن بۇ ئاياللار ئىچىدە بولغىنىمدا، ئۇلارنىڭ ياغلىما گەپلىرى بىلەن قايمۇقۇپ كېتىشىم، ئۇلارغا قارىتا غەيرىي ھېسسىياتتا بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. ئى رەببىم، زىنداندا يېتىشقا رازىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا تىز پۈكمەيمەن.»

زۇلەيخا ئۈمىد يوقلۇقىنى بىلىپ، سەۋر - تاقەتتىن قالدى - دە، ئېرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى جازالىماقچى بولدى. ۋەزىر زۇلەيخانىڭ ئىختىيارىدىكى قوزىدەك ھەممىدە زۇلەيخاغا ئىتائەت قىلاتتى. زۇلەيخا ۋەزىرگە شۇنداق دېدى:

— يۈسۈف مېنىڭ ئەيىبىمنى ئاشكارىلاپ، شەنىمگە داغ تەگكۈزدى، سەن شان - شەرىپىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىچىمدىكى غەزەپنى چىقىرىش ئۈچۈن، يۈسۈفنى زىندانغا تاشلىشىڭ كېرەك.

ۋەزىر زۇلەيخانىڭ دېگەنلىرىگە ئىتائەت قىلىپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى زىندانغا تاشلىدى. پاك، گۇناھسىز يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئېتىقاد قىلغۇچى بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش، ئاجايىپ سەۋر - تاقەت، شىجائەت بىلەن بۇ يېڭى بەختسىزلىكنى كۈتۈۋالدى.

## يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلىنىشى

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قاتىلمۇ، قاراقچىمۇ ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ زىندانغا تاشلاندى. ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىندى. ئۇ قانۇننىڭ ئادىل مۇئامىلىسىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇ زىنداندا ياتقان بولسىمۇ، كۆڭلى توق ئىدى. چۈنكى ئۇ تارتقان بۇ ئازاب - كۈلپەت ئۇنىڭ

زىنداندا يېتىشىغا سەۋەب بولغان سۆيىقەست ئالدىدا قانچىلىك ئىش ئىدى دەيسىز ! ئۇ زىندانغا تاشلىنىپ سۆيىقەستتىن قۇتۇلۇپ قالمىدىمۇ ؟ چۈنكى بۇ قېتىمقى سۆيىقەستنىڭ مەقسىتى ئۇنىڭ ئېتىقادىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ، پەزىلىتىگە زىيان يەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭ پاك ۋۇجۇدىنى بۇلغاش ئىدى . زىنداندا ئۇ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ نىمىسىگە دەخلى يەتكۈزەلەيتتى ؟ زىنداندا ئۇ بەزى يامان ئادەملەر ۋە جىنايەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى مۇمكىن ، بۇ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئەمەسمۇ ؟ ئۇ ئۇلارنى يامان يولدىن قايتۇرغاي ، گۇناھكەبىر ئىلكىدىن قۇتۇلدۇرغاي !

دەرۋەقە ، ئۇ زىنداندا يەنە ئۆزىگە ئوخشاش ئۇۋال قىلىنغان مىسكىن ، بىچارىلەرنىمۇ ئۇچرىتىشى مۇمكىن ، بۇ ئۇلارغا تەسەللى بېرىشتىكى ياخشى پۇرسەت . بۇ كىشىلەر بىلەن جاپادىمۇ ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە ئۆتۈشنىڭ ئۆزى بىر لەززەت . ئاللا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ئورۇن بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇردى ، بۇنىڭدىنمۇ شەرەپلىك ئىش بولامدۇ ! ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ، ئۆزىنىڭ زىنداندا ياتقانلىقى ، ئازاب چەككەنلىكى ۋە پۇت ـ قولىغا زەنجىر ـ كىشەن سېلىنغانلىقىنىڭ ھەممىسىنى ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىك ئىش ، دەپ قارايتتى .

بەزىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىندانىدىكى كېسەللەرنى يوقلايتتى ، تېنى ئاجىزلارغا تەسەللى بېرەتتى ، بەزىدە مىسكىن ، بىچارە مەھبۇسلارغا چۈشەنچە ۋە تەسەللى بېرەتتى ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۇلارغا ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتەتتى ، ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلەيتتى . مەھبۇسلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ، ئۇنىڭغا سۆيۈنەتتى ھەم ئىشىنەتتى .

پادىشاھنىڭ ئىككى ياش خىزمەتكارىمۇ زىندانغا تاشلانغانىدى . بۇلارنىڭ بىرى پادىشاھنىڭ ساقىيسى ، يەنە بىرى پادىشاھنىڭ ناۋىيى ئىدى . بۇ ئىككىيلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ئۆيدە

www.alaa.cn

تۇراتتى. بىر كۈنى ساقىي بىلەن ناۋاي چۈش كۆردى. چۈشىدە كۆرگەنلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئەنسىزلىككە سالدى. ئۇلار ئويغانغاندىن كېيىن، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ چۈشكە تەبىر بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

پادىشاھنىڭ ساقىيسى دېدى:

— مەن چۈشۈمدە ئۆزۈمنى بىر ئۈزۈملۈك باغدا كۆرۈپتىمەن، قولۇمدا پادىشاھنىڭ قەدەھى تۇرغۇدەك، مەن ئۇنىڭغا مۇسەللەس قۇيۇۋاتقۇدەكمەن.

پادىشاھنىڭ ناۋىيى دېدى:

— چۈشۈمدە پىشۇرۇلغان ھەر خىل نان ۋە يېمەكلىكلەر قاچىلانغان بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەكمەن. ئۈستۈمتۇت، بىرمۇنچە ئۇچار - قۇشلار سېۋەتتىكى يېمەكلىكلەرنى چوقۇپ ئېلىپ يىراققا ئۇچۇپ كېتىپتۇدەك. سىلى بىلىملىك كىشى، مۇشۇ كۆرگەن چۈشلىرىمىزگە تەبىر بېرىپ باقسىلا، قانداق!

پادىشاھنىڭ بۇ ئىككى ياش خىزمەتكارى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى تېپىشتىن ئىلگىرىلا، ئاللاتائالا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا مۇقەددەس ۋەزىپىنى، يەنى دادىسىنىڭ ئېتىقادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا شۇغۇللانغان ئىشلىرىنى تاپشۇرغانىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئېزىلگەن كەمبەغەللەر ئارىسىدا چوڭ بولدى. غورىبەتچىلىك ئاشۇ كەمبەغەللەرنىڭ قەلبىنى پاكلاشتۇردى، ئۇلار ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشنى شەرەپلىك، دەپ قارايتتى. بۇ كىشىلەر يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاسان چۈشىنەتتى، ئۇنىڭ باشلىغان يولىغا ماڭاتتى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا باشلىغان، ئاللاغا بىردەك ئېتىقاد قىلىشنى ئۈنلۈك خىتاب قىلىۋاتقان چاغدا، پادىشاھنىڭ ئىككى خىزمەتكارى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ياخشى پۇرسەت يېتىپ كەلدى دەپ قاراپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى:

— ئى خالايىق! ئاللا سىلەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان بۇتتىن

ئەۋزەلدۇر . ئاللا ماڭا سىلەرگە ئاللانى بىلدۇرۇش ھەم سىلەرنى ئاللانىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىش ھەققىدە بېشارەت بەردى . سىلەر چوقۇنۇۋاتقان كۈن ، كالا ۋە باشقا خىلمۇخىل بۇتلارنى ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا - بوۋاڭلار ئىلاھ قىلىۋالغان ، ئاللا ئۇلارغا ھېچقانداق ھوقۇق بەرگەن ئەمەس . سىلەردە ئۇلارغا ئېتىقاد قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر دەلىل - ئىسپاتمۇ يوق . ئېيتىۋاتقانلىرىمنىڭ پاكىت ، تەرغىب قىلىۋاتقانلىرىمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، بۇ ئىككى ياشنىڭ كۆرگەن چۈشىگە بېرىدىغان تەبىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار . بۇلارنىڭ بىرى ، زىنداندىن چىقىپ ، پادىشاھقا مەي - شاراب قۇيىدىغان ساقىي بولىۋېرىدۇ . يەنە بىرى ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈپ بېشى قۇشلارغا يەم بولىدۇ . مەن ئالدىن بىلگۈچى . مەن پال ئېچىشقا ياكى باشقا چارىگە تايانمايمەن . بۇنى ماڭا ئىگەم ئۇقتۇردى ، مەن ئاللاغا ئىشەنمەيدىغانلاردىن بىزار بولدۇم ، چۈنكى ئۇلار ھىممەت - شەپقەتكە تەشەككۇر ئېيتىشنى بىلمەيدۇ .

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە تولۇق ئىشىنەتتى ، ئالدىن كۆرگەنلىرىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ ، دەپ قارايتتى ، شۇڭا پادىشاھنىڭ ساقىيسىغا مۇنداق دېدى :

— سەن زىنداندىن چىقىپ ، ئوردىغا قايتىپ ئەسلىي خىزمىتىڭنى قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ، پادىشاھقا زىنداندا ئۇۋال قىلىنغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويغىن .

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىن بىلگەنلىرى ئەمەلگە ئاشتى . خىزمەتكارنىڭ بىرى زىنداندىن چىقتى ، يەنە بىرى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى . پادىشاھنىڭ ساقىيسى ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن ، ئالدىراش ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ كەتتى . شەيتان ئەلەيھىلەنە ئۇنىڭغا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ تاپىلىغانلىرىنى ئۇنتۇلغۇزدى . شۇنىڭ بىلەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زىنداندا يەنە بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى .

www.alma.cn

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندىن چىقىشى

پادىشاھ بىر چۈش كۆرۈپ تەشۋىشكە چۈشتى. ئۇ پۈتۈن ئەلدىكى ئالىملارنى ۋە مەشھۇر زاتلارنى ئوردىغا چاقىرتىپ، كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

پادىشاھ ئۇلارغا:

— مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن، — دەپ ئۇلاردىن بۇ چۈشكە تەبىر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئالىملار پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشىگە بېرنىمە دەپ تەبىر بېرىشكە ئامالسىز قېلىپ:

— بۇ خىيالىي تۈيغۇ ۋە باش - ئايىغى يوق بىتايىن چۈش ئىكەن، بۇنىڭغا تەبىر بېرىشكە ئامالسىزمىز، — دېيىشتى.

ئوردىدا پادىشاھقا ساقىيلىق قىلىپ دۆلەت كۆرۈپ يۈرگەن ھېلىقى مۇلازىم پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال زىنداندا ئۇنىڭ چۈشىگە تەبىر بەرگەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى يادىغا ئالدى.

ساقىي پادىشاھقا دېدى:

— ئۇلۇغ شاھىم، زىنداندا ئاجايىپ پەزىلەتلىك بىر يىگىت بار، ئۇنىڭ بىلىمى چوڭقۇر، ئەقىل - پاراسىتى زىيادە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر مېڭىسى بىلەن ئىشلارنى ئالدىن بىلەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ چۈشلىرىگە تەبىر بېرىشكە كەلتۈرۈلسە، كۆپ ئويلانمايلا كىشى رازى ۋە قايىل بولغۇدەك تەبىر ئېيتىشى مۇمكىن. ئەگەر جانابىي ئالىيلىرى مېنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتسىلە، چوقۇم ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىك خەۋەر ئېلىپ كېلەلەيمەن.

پادىشاھنىڭ ساقىيسى ئىلگىرى ئۆزى ئازاب - كۈلپەت چەككەن زىندانغا كېلدى. ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندا يۈرۈنقىدەكلا ئازاب چېكىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاللاغا

ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئېتىقاد قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا دېدى :

— ئەي دوستۇم يۇسۇف ، مەن بۇ يەرگە سەندىن بۇ قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلۇپ بەختسىزلىككە خاتىمە بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىپ كەلدىم ، قېنى ماڭا ئېيتقىنا ، يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كېتىشى نېمىنى بىلدۈرىدۇ ؟ يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاق نېمىنى بىلدۈرىدۇ ؟ ئۆز ئەقىل ـ ئىدراكىڭغا تايىنىپ ، بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشىڭنى تىلەيمەن . مۇشۇنداق بولسا كىشىلەر سېنىڭ ئىلتىپاتىڭدىن ۋە مول ، چوڭقۇر بىلىمىڭدىن خەۋەر تاپىدۇ .

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام چۈشكە تەبىر بەرگۈچى ئالىم بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئاللانىڭ بۇ دۇنياغا كىشىلەرنى يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىدى . ئۇ ھېچقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئاللانىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلاتتى . بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ساقىي بىلەن ناۋاي كۆرگەن چۈشلىرىگە تەبىر سورىغاندا ، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت ئەقىدىسىنى ئاشكارىلاپ ، بۇتقا چوقۇنۇشتىكى قەبىھ قىلىقنى ئەيىبلىگەن ۋە مەسخىرە قىلغانىدى . بۈگۈن پادىشاھ ئۇنى ئادەم ئەۋەتىپ چۈشىگە تەبىر بېرىشكە چاقىرتىپتۇ ، ئۇ قانداق تەبىر بېرىش لازىملىقىنى بىلەتتى . ئۇ پەقەت چۈشكىلا تەبىر بېرىپ قالماي ، مۇشۇ پۇرسەتتە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز پىكرىنىمۇ قوشۇپ سۆزلىمەكچى بولدى . ئۇ مۇنداق دېدى :

— سىلەردە يەتتە يىلغىچە ھاۋا ياخشى كېلىدىكەن . بۇ يىللاردا يەرلىرىڭلار مۇنبەت ، ئاشلىقىڭلار مول بولۇپ ، كۈنىڭلار باياشات ئۆتىدىكەن ، لېكىن ئارقىدىنلا ، يەتتە يىل قەھەتچىلىك بولىدىكەن ، ھاۋا قۇرۇق گۈلدۈرلەپ يامغۇر ياغمايدىكەن ، نىل دەرياسىمۇ سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدىكەن . يېرىڭلار ھېچنېمە ئۈنمەي ئاق قالىدىكەن . بۇ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردىكى ئەڭ ئېغىر قەھەتچىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئاپەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە

توقچىلىق بولىدىكەن، ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولۇپ ئاپەتتىن قۇتۇلىدىكەنسىلەر، خاراب بولغان ھەممە نەرسە يەنە ئۆڭشىلىدىكەن، زېمىن سېخىيلىق بىلەن سىلەرگە ئاشلىق، زەيتۇن، زىغىر يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن، باياشات ھەم توقچىلىقتىن بەھرىمەن بولىدىكەنسىلەر. بۇ مېنىڭ پادىشاھنىڭ چۈشىگە بېرىدىغان تەبىرىم، بۇ ماڭا ئىگەم ئاللادىن كەلگەن بېشارەت.

ئەگەر سىلەر سۆزۈمگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار، مول ھوسۇل يىللىرى ئېلىنىغان ئاشلىقىڭلاردىن يېيىشكە قالدۇرۇلغاندىن باشقىسىنى پۈتۈنلەي ساڭلارغا قاچىلاڭلار ۋە ئامبارلاردا ساقلاڭلار. چىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاشلىقنى باشاقلىرى بىلەن بىللە ساقلاڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، بۇ قەھەتچىلىك يىللىرىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر.

پادىشاھ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن تەبىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پىكرى ۋە تەكلىپلىرىگە ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىدى. پادىشاھ ئۆز چۈشىگە تەبىر بەرگۈچىنىڭ چوقۇم مېڭىسى زېرەك، پىكرى ئۆتكۈر بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ پىكرى ۋە بىلىملىرىدىن پايدىلىق نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتماقچى بولدى.

پادىشاھنىڭ ئەلچىسى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئەي يۈسۈف، پادىشاھ سېنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، سەن بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلەشمەكچى بولدى. پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشىگە بەرگەن تەبىرلىرىڭ پادىشاھقا بىلىمىڭنىڭ مول، نەزەر دائىرەڭنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. كۆرسەتكەن تەبىرلىرىڭدىن پادىشاھ سېنىڭ مېڭەڭنىڭ ئۆتكۈر، زېرەك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. مانا ئەمدى مەرتىۋەڭ ئاشىدىغان، ئامىتىڭ كېلىپ، قاراڭغۇ زىنداندىن قۇتۇلىدىغان ۋاقىت كەلدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئېلچىسى ئىدى. ئاللا ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ سەۋر - تاقەتلىك، كەڭ قورساق بولۇشنى

ئۆگەتكەندى .
ئۇ ئازاد بولۇشقا شۇنچە تەلپۈنسىمۇ، لېكىن كەلگەن ئەلچىنىڭ تەلىپىگە دەرمەھەل ماقۇل بولمىدى . ئۇ قاراڭغۇ زىنداندا بىرقانچە يىلنى ئۆتكۈزگەندى . ئۇ بەكمۇ زېرىكەتتى، قايغۇراتتى ۋە ئازابلىناتتى . چۈنكى ئۇ شۇ مەزگىللەردە قۇياشنى، ئاينى، ئاسماندا چاقناپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلارنىمۇ كۆرمىگەندى . بۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە ئۇنىڭ يېگەن قاتتىق ـ قۇرۇق نانلىرى ۋە ئىچكەن سېسىق سۇلىرىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ پۇت ـ قولىغا ئېغىر زەنجىر ـ كىشەن سېلىنغانىدى . ئۇ تاشنى تەكيە قىلىپ، شېغىل تۆكۈلگەن يەر ئۈستىدە ياتاتتى، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىنغانىدى . لېكىن ئۇ بۇنداق ئازابلىنىشلارنى ئېتىقادىنى كۈچەيتىش ۋە قەلبىنى پاكلاشتۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ قارىدى .
يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە كەچۈرۈم ۋە شەپقەت قىلىنىش نامى بىلەن زىنداندىن چىقىشنى خالىمىغاچقا، پادىشاھنىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق دېدى :
— پادىشاھقا بېرىپ ئېيتقىنكى، مەن ئۇنىڭدىن مېنى مۇشۇنداق ناھەق ئازاب ـ كۈلپەتكە ئۇچراتقان ئاياللىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ۋە مەن زىنداندىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى خالايىققا ئوچۇق ـ ئاشكارا جاكارلاشنى تەلەپ قىلىمەن .
يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسىلىسى پادىشاھنى بەكمۇ بىئارام قىلاتتى، ئايال مەسىلىسىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ پەرىشان قىلدى . ئۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا پىكىر يۈرگۈزدى . ئەسلىدە پادىشاھ زىندانغا تاشلانغان بۇ كىشىنى ئېتىبارغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ياش، ئۇنى بۈگۈن چاقىرتىپ ئۇنىڭ قابىلىيىتى، بىلىمى ۋە ئىقتىدارىنى كۆرۈپ باقماقچى دەپ ئويلىغانىدى .
www.almis.cn
ئەمدىلىكتە، ئۇ ئەسلىدە نائېنىق بولغان بىر ئىشنى

پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويدى، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى.

پادىشاھ ئاياللارنى ئوردىغا چاقىرتىپ گەپنى ئوچۇقلا قويۇپ:

— ئىلگىرى سىلەر يۈسۈفنى ئازدۇرغانىكەنسىلەر، ئەمدى نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئاياللار ئىنكار قىلىشقا پېتىنالماي ئىقرار قىلدى. ئاياللار مۇنداق دېدى:

— ئەزىبىرايى خۇدا، بىز يۈسۈفنىڭ بىرەر يامان ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلمەيمىز. پەقەت ئۇنىڭ ئالىيجاناب، ساداقەتمەن ۋە پاك يىگىت ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئەخلاقىغا گەپ سىغمايدۇ.

كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چاچلىرى ئاقارغان زۇلەيخامۇ ئىقرار قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ھازىر ھەممە ئىش خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارا بولدى، مەن ئۇنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىمغا ئىقرارمەن. ئۇ ئىلگىرى چىرايلىق، كېلىشكەن يىگىت ئىدى، سىياقى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى، مەن ئۆزۈمنى باسالمايتتىم، مەن ئۇنىڭغا تەلەپ قويسام، ئۇ مېنى رەت قىلدى. ئۇ ئاللاغا قەتئىي ئېتىقاد قىلدى، ئېرىمگە سەممىي - سادىق بولدى. مەن ھازىر شۇنداق ئېيتىمەنكى، ئۇ مەن كۆرگەن ئەڭ پاك، ئەڭ ئاق كۆڭۈل ئادەم. زىنداندا ئۇ ھەر خىل ئازاب - كۈلپەتلەرگە ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە چىداپ كەلدى. ئۇنى زىندانغا سالغان مەن، ئۇنى شۇنچە كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلغانمۇ مەن. بۈگۈن مەن خەلقئالەم ئالدىدا، پادىشاھ ۋە خالايىق ئالدىدا شۇنداق ئېيتىمەنكى، زىنداندا يېتىۋاتقان يۈسۈفنىڭ بىرەر سەۋەنلىكى ياكى گۇمانلىق جايلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، ئىلگىرى، مەن مۇشۇ ئاياللارغا ئۇنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىمنى، ئۇنىڭ مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدىم. ھازىرمۇ شۇنداق ئېيتىمەن، مەن ئۇنى ئازدۇرغان، ئۇ رەت قىلغان.

www.alma.cn

# يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرغا ۋەزىر بولۇشى

زۇلەيخانىڭ ئىقرارى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ، گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . خۇددى پادىشاھنىڭ ساقىيسى ئېيتقاندەك ، ئۇنىڭ زىنداندىكى سۆز - ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ، شۇنداقلا كەمتەر ، كەڭ قورساق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . پادىشاھنىڭ ئۇ توغرۇلۇق پەم - پاراسەتلىك ، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەتراپلىق ، دەپ ئاڭلىغانلىرىمۇ ئىسپاتلاندى .

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر خىسلىتى پادىشاھنى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن قىلىش ، ئۆز يېنىدا قالدۇرۇش ، ئۇنىڭ ناھەق تارتقان رىيازەتلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئىرادىسىگە كەلتۈردى .

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى . پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن بىر قۇر سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، دەرۋەقە ئۇنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ، پىكىر قىلىشتا پىشىپ يېتىشكەن ، ئۆتكۈر ئىقتىدارلىق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى .

پادىشاھ مۇنداق دېدى :

— ئەي يۈسۈپ ، سېنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىڭ ، كىشىلەردە قالدۇرغان ياخشى تەسىرلىرىڭ ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئۆتمۈشۈڭ ، ئاجايىپ ئەقىل - ئىدراكلىرىڭ مېنىڭ نەزەرىمدە سېنىڭ قىممىتىڭ ۋە ئورنۇڭنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى . بۈگۈندىن باشلاپ سەن مېنىڭ ئېتىبارلىق ۋەزىرىم . سەن دۆلەتكە بەخت كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېڭىلىق يارىتىسەن ، سەن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭنى قىلىشقا ھوقۇقلۇقسەن .

www.aimz.cn

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ دۆلەتتە توقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك

بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى . توقچىلىق يىللىرىدا نىل دەرياسى كىشىلەرگە مول سۇ مەنبەسى ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كېلەتتى . قەھەتچىلىك يىللىرىدا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولاتتى . پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەرقانداق كىشى دۆلەت خەزىنىسىنى ئوبدان باشقۇرۇشى كېرەك ئىدى . خەزىنە دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، ھەرقانداق ئىشنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسى ئىدى . شۇڭا، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ ئاچقۇچلۇق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ دۆلەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ كېمىنى گۈللەنگەن باياشات قىرغاققا يەتكۈزۈشنى خالايتتى . ئۇ پادىشاھقا مۇنداق دېدى :

— ئەگەر سىز مېنى مىللىتىمىزگە جاۋابكار بولۇپ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى پىلانلىسۇن دېسىڭىز، مەن سىزدىن مېنى خەزىنىنى باشقۇرۇشقا ۋە مالىيە ئىشلىرى باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىشىڭىزنى سورايمەن . ئاللا خالىسا، مەيلى جاپالىق كۈنلەر ياكى گۈللىنىش دەۋرى بولسۇن ۋە مەيلى توقچىلىق يىللار ياكى قەھەتچىلىك يىللار بولسۇن، دۆلەتنىڭ ھەممە ساھەدىكى ئىشلىرى گۈللەپ ياشنايدۇ .

ھەش - پەش دېگۈچە، ئاللا ئۆتمۈشتىكى مەھبۇسنى ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن خورلانغان بۇ ياشنى چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئەتىۋارلىق ۋەزىر ۋە ھەممە كىشى ئىتائەت قىلىدىغان ئابرۇيلۇق كاتتا زات قىلدى . بۇ ئاللانىڭ ئۇلۇغ ھىممىتى ئىدى، پەقەت ئاللانىڭ ئۆزىلا مۇشۇنداق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىدى .

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگىنىگە يەتتە يىل بولدى . بۇ جەرياندا ھاۋا ياخشى بولدى . نىل دەرياسىدا سۇ ئەلۋەك بولدى، زىرائەتلەر ئوخشاپ، ئاشلىق مول بولدى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى باياشات ئۆتتى . يۈسۈف ئەلەيھىسسالام كاللىسى سەگەك، زېرەك ۋە يارامىلىق ياش ۋەزىر ئىدى . ئۇ نۇرغۇن ساڭ، ئامبار ياسىتىپ، بۇ ساڭ، ئامبارلارغا ناھايىتى كۆپ ئاشلىق ھەم پۇل - ماللارنى قاچىلىدى . بۇنداق بولغاندا، يەتتە يىلغىچە ئۇدا ئاپەت يۈز بەرسىمۇ، خەلق ئامان -

ئېسەن تۇرالايتتى، ئاچارچىلىق كۆرۈلمەيتتى.

مىسىردا ۋە قوشنا ئەللەردە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئاپەت يەئقۇب پەيغەمبەر تۇرۇشلۇق كەنئان رايونىغا يامرىدى. شۇ چاغدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى مىسىرنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاققىچە يېتىپ بارغانىدى. كىشىلەر بەس - بەس بىلەن بىر - بىرىگە: مىسىردا ئالىيجاناب بىر ياش ۋەزىر بار ئىكەن، ئۇ ئاللىبۇرۇن قەھەتچىلىككە ھەم قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويۇپتىكەن، ئۇ ھەرقانداق مەملىكەتنىڭ خەلقىنى تەڭ كۆرىدىكەن، ئۇلارنى كەمسىتمەيدىكەن، ئۇ ھازىر ئاشلىق ۋە پۇل - ماللارنى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىۋېتىپتۇ، دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشەتتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىغا:

— باللىرىم، بىزنىڭ بۇ يەردە قۇرغاقچىلىق بولدى، سىلەر دەرھال ئات - ئۇلاغ، تۆگىلەرنى جابدۇپ، ھەممە ئادەم گېپىنى قىلىۋاتقان، مىسىردىكى ئالەمگە داڭقى كەتكەن باش ۋەزىرنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىڭلار! بىراق، سىلەر بۇنيامىننى قېشىمدا قالدۇرۇڭلار، سىلەر كەتكەندە ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمنى تەسەللى تاپقۇزارمەن. خاتىرجەم مېڭىڭلار! سىلەر قايتىپ كەلگەندە، بىز يەنە جەم بولارمىز، سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، سىلەرنى ئاللا ئۆزى بىر يولغا سالغاي، — دېدى.

......

ئوردا خىزمەتچىلىرى كىرىپ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق خەۋەر يەتكۈزدى:

— تالادا بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئون كىشى قالدى، ئۇلار ئۇزايىدىن ئاق كۆڭۈل ئەرلەردەك قىلىدۇ. تەلەپپۇزلىرى ۋە ھال - ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن سەھرالىقتەك قىلىشىدۇ، ھازىر ئۇلار ئوردا دەرۋازىسىدا سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئىجازەت قىلدى. ئۇلار ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكىنى تونۇدى، ئۇلاردىن ئايرىلغىنىغا كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ئانچە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى بىرلىكتە پىلانلىغان، كېچىلىرى ئۇنى ئۇيقۇسىز قويغان، ئاخىر بىرىپ دادىسىدىن ئايرىلىشقا ۋە خىلمۇخىل ئازاب ـ كۈلپەت چېكىشكە مەجبۇر قىلغانلار ئەنە شۇلار ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشكەنىدى.

ئاللا ھەممە نېمىنى قايتا بىر يەرگە قىلىشقا قادىردۇر. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تونۇدى، لېكىن ئۇلار يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى تونۇيالمىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قۇدۇققا تاشلانغاندىن كېيىن ئۆلدىمۇ، ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولدىمۇ ياكى قۇل ئورنىدا سېتىۋېتىلدىمۇ، بۇ ئۇلارغا نامەلۇم ئىدى. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى ھوقۇقلۇق، نۇرغۇن خىزمەتكارلارغا ئىگە باش ۋەزىرنىڭ دەل ئۆزلىرىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى پەم قىلالمىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام چېچەن، كەسكىن، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، سالماق ھەم سەۋرلىك ئىدى. ئۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نامى ھەم سەرگۈزەشتلىرىنى ئوچۇق ئېيتمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرىنى ۋە ئۆزىگە نامەلۇم بولغان ئەھۋالنى پەم بىلەن ئۇقماقچى بولدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قىزغىن، سەمىمىي كۈتۈۋېلىپ، ياخشى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇردى، بىر كۈنى ئۇلارنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتىپ كىرىپ مۇنداق دېدى:

— مەن سىلەرنى سەمىمىي كۈتۈۋالدىم، ئەھۋالىڭلارنى بىر قۇر ئۇقۇپ بېقىشىم كېرەك، سىلەر زادى قانداق ئادەملەر؟ بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭلار؟ سىلەرنىڭ سانىڭلاردا مەسىلە باردەك قىلىدۇ، مەن سىلەرنى خوجايىنىڭلار تەرىپىدىن ئەھۋال

تىنىڭ ـ تىڭلاشقا ئەۋەتىلگەن ئايغاقچىلارمىكىن، دەپ گۇمانلىنىمەن. مېنى گۇماندىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، قېنى قايسىڭلار ئۇرنۇڭلاردىن دەس تۇرۇپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق سۆزلەپ بېرىسىلەر؟

— تەقسىر، — دېدى ئۇلار، — بىز ئاكا ـ ئۇكا ئون ئىككىيلەن ئاللانىڭ ئەلچىسى — پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولىمىز. ھازىر ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئون ئىككىيلەننىڭ ئونى، ئون ئىككىنچىسىنى دادىمىزدىن خەۋەر ئېلىشقا قالدۇردۇق، ئون بىرىنچىسى غايىب بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتكەنلىكى ياكى بۇ دۇنيادا ھايات ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. بىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىمىز مانا شۇ.

— ئېيتقىنىڭلار راست بولۇشى مۇمكىن، — دېدى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام، — لېكىن كىشىنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى، دەلىل كۆرسىتىڭلار ياكى شاھىت ھازىرلاڭلار.

— تەقسىر، — دېدى ئۇلار، — بىز ياقا يۇرتلۇق، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەۋلادىمىز يىراقتا، بۇ يەردە بىز تەلىپىڭىزنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئامالسىزمىز. سىزدىن بىزگە باشقا بىر چىقىش يولى بېرىشىڭىزنى تىلەيمىز.

— مەن سىلەرنىڭ سەپىرىڭلارغا كېتەرلىك نەرسە ۋە ئوزۇقلۇق تەييارلاپ قويدۇم، — دېدى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا، — سىلەر ئۆز سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قايتىپ بېرىپ، داداڭلارنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ قويغان ئىنىڭلارنى بۇ يەرگە شاھىت بولۇشقا ئېلىپ كېلىڭلار. ئەگەر قىلغان سۆزۈڭلار راست بولۇپ چىقسا، مەن سىلەرنى تېخىمۇ ئوبدان كۈتۈۋالىمەن، تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق بېرىمەن. بۇ مېنىڭ سىلەرگە قويغان شەرتىم، شۇنداقلا ۋەدەم. ناۋادا ئىنىڭلارنى قېشىمغا ئېلىپ كېلەلمەيدىكەنسىلەر، ئۇ چاغدا، سىلەر مەندىن بىر كۆرمۇ ئاشلىق ئالالمايسىلەر، ياخشىلىقمۇ كۆرمەيسىلەر.

— تەقسىر، — دېدى ئۇلار، — بىزنىڭچە، دادىمىز ئۇنى

ئەۋەتمەسلىكى مۇمكىن، دادىمىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا چىدىمايدۇ. بىز بىر ئىلاج قىلىپ چۈشەندۈرۈپ دادىمىزنى ئۇنىتايلى. بىز ھازىر ماڭايلى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام خىزمەتكارلىرىنى ئۇلارغا يېتەرلىك ئاشلىق تەييارلاپ بېرىشكە ھەمدە ئۇلارنىڭ سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن مال ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىمۇ ئۇلارغا ئۇقتۇرماستىن يۈك - تاقلىرى ئىچىگە تىقىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

ئاكا - ئۇكا ئونەيلەن بۇ باش ۋەزىردىن ئالغان ياخشى تەسىراتلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مىسىردىن ئۆز دۆلىتىگە قايتتى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن بەزى ئەھۋاللارنى سۈرۈشتە قىلدى.

ئۇلار جاۋاب بېرىپ دېدى:

— ئى دادا! بىز ئۇلۇغ بىر زات بىلەن، ئالىيجاناب بىر ياش ۋەزىر بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇ كىشى بىزگە مېھىر - شەپقەت قىلدى، بىزنى سەممىي كۈتۈۋالدى، بىزگە ئەزىز مېھمىنى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلدى، تېخى بىزگە يېتەرلىك ئاشلىقمۇ بەردى. بىراق، ئۇ بىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىمىزنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئىنىمىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىمىزنى شەرت قىلىپ قويدى. بۇ شەرتكە كۆنمىسەك، بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ئاشلىق سېتىپ بەرمەيدىغان بولدى. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشتىكى مەقسىتىمىزنى ساپ ئەمەس، دەپ گۇمانلاندى. ئەتە ئاشلىقىمىز تۈگەيدۇ، ھازىر بىز ئاشلىققا جىددىي ئېھتىياج، شۇڭا ئىنىمىزنى بىز بىلەن بىللە بېرىشقا ئىجازەت قىلغايسىز. ئىنىمىز بىزنىڭ ئاشلىققا ئېرىشىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

— مەن ئىنىڭلارنىڭ قېشىمدىن ئايرىلىشىغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايمەن، — دېدى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىغا، — سىلەر ئۇنى ئېلىپ كەتسەڭلار، خاتىرجەم بولالمايمەن. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئاكىسىنى ئېلىپ كېتىشىڭلارغا ماقۇل بولغاندەك، ئەمدى ئۇنىمۇ سىلەرگە قوشۇپ قويۇشقا قانداقمۇ كۆڭلۈم تىنسۇن! بولدى، ماڭا

www.v.alma.cn

ھىيلە ئىشلەتمەكلار ، قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭلارنىڭ دەردىنى يېتەرلىك تارتتىم .

ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى تەكشۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇلغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاپتى - دە ، خۇشال بولۇشۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېيىشتى :

— ئى دادا ! بىز راستىنلا كەڭ قورساق ، مەرد ۋەزىرگە يولۇقۇپتۇق . بىز زادى كاززاپلىق قىلىۋاتقىنىمىز يوق . ئىنىمىزنى بىز بىلەن بىللە بېرىشقا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىمىز قانداقتۇر سىزنى ئالداش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىمۇ ئەمەس . مانا بۇ قايتۇرۇپ بەرگەن ماللار ئاشۇ باش ۋەزىرنىڭ مەرد ، سېخىي كىشى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى . ئىنىمىز بىز بىلەن بىللە بارسۇن ! بىز ئۇنى ئوبدان قوغداشقا قەسەمياد قىلىمىز .

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ ئاشلىققا موھتاج ئىكەنلىكىنى ، بۇ قېتىم ئۇلاردا ئۆزىنى ئالدايدىغاندەك ئالامەت كۆرۈلمىگەنلىكىنى ، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىنىسىنى ئېلىپ بېرىشى باش ۋەزىرنىڭ قويغان شەرتى ئىكەنلىكىنى ، باش ۋەزىرنىڭ يېكرىگە ئۇلارنىڭ خىلاپلىق قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ، ئاخىر ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى ۋە ئۇلار بىلەن بىرەر پالاكەتچىلىككە ھەممەيلەن تەڭ دۈچ كەلمىسىلا ، بۇنيامىننى چوقۇم سالامەت ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا پۈتۈشتى . ئۇلار : «ئاللا بىز ئۈچۈن كېپىل» دەپ قەسەمياد قىلىشتى .

ئۇلار دەريا - ئېقىنلارنى كېچىپ ، تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ ، ئۇدۇل يۈسۈف ئەلەيھىسسالام تۇرۇشلۇق جايغا قاراپ راۋان بولدى . ئۆز قېرىنداشلىرىنى كۆرگەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە سېغىنىش ۋە مېھرىبانلىق ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنى كۈچەپ بېسىۋالدى ، ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلاپ ، ھەرقايسىسىنى ئايرىم - ئايرىم ئولتۇرغۇزۇپ داستىخان سالدى . بۇنيامىن ئۆزى ئايرىم بىر چەتتە ئولتۇردى . ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئەگەر ئاكام يۈسۈف ھايات بولغان بولسا ، مەن بىلەن بىللە

ئۆلتۈرغان بولاتتى ، — دېدى . بۇ چاغدا يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۈنيامىننى ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا چاقىردى ۋە ئۇلارغا :

— سىلەر ئىككىدىن ئولتۇرۇڭلار ، ئۇ يالغۇز قاپتۇ ، مەن بىلەن بىللە ئولتۇرسۇن ، — دېدى .

بۈنيامىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا :

— مەن ئۆلۈپ كەتكەن ئاكاڭنىڭ ئورنىغا ئاكا بولسام ، ماقۇل دەمسەن ؟ — دېدى پىچىرلاپ .

— سىزدەك بۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىنى كىممۇ ئۆزىگە ئاكا قىلالىسۇن ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن راھىلەنىڭ پەرزەنتى ئەمەس ، — دېدى بۈنيامىن . بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بۈنيامىننى مەھكەم قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭغا پەس ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى :

— سېنىڭ ئىزدىمەكچى بولغان ئاكاڭ مانا مەن ! مەن بۇ ئاكىلىرىمنىڭ خىلمۇخىل سۇيىقەستلىرىگە ئۇچرىغان ، ئۇلارنىڭ كاساپىتىدىن نۇرغۇن پېشكەللىك ۋە بەختسىزلىككە دۇچ كېلىپ ، تارتمىغان ئازاب ـ كۈلپەتلىرىم قالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن مەن ئۇلارغا بەرداشلىق بېرەلىدىم . ئاللا مېنى جاپادىن ھالاۋەتكە ، كەمبەغەللىكتىن بايلىققا ، ئاددىي پۇقرالىقتىن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتۈردى . سەن بۇنى ئۇلارغا ئېيتمىغىن .

بۈنيامىن بەكمۇ شادلاندى ، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇپ ، قايتا روھلاندى . ئۇ ئاكىسى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ شەپقەتلىك ھۇزۇرىدا غەم ـ قايغۇسىز ياشىدى .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، ئۇلار تۆگىلىرىنى جابدۇپ قايتىشقا ھازىرلاندى . بۇ چاغدا يۈسۈف ئەلەيھىسسالام پەم ئىشلىتىپ ئاكىلىرىنى ئاۋارە قىلماقچى بولدى ـ دە ، خىزمەتكارلىرىغا خۇپىيانە ھالدا بۈنيامىننىڭ يۈك ـ تاقىسى قاچىلانغان قاپنىڭ ئىچىگە بىر ئالتۇن جامنى سېلىپ قويۇشقا بۇيرۇدى .

www.elmla.org

تۆگىلەر يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى ، بىردىنلا بىراۋنىڭ :

— ھوي كارۋانلار ، توختاڭلار ، يۈك - تاقىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار ، سىلەر ئوغرى ئىكەنسىلەر ، — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى . ئۇلار ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ ، توۋلىغان كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— نىمە قالايمىقان ۋارقىرايسەن ! بىر نەرسەڭلار يوقىلىپ كېتىپتىمۇ ؟ — دەپ سوراشتى .

— پادشاھنىڭ بىر ئالتۇن جامى يوقىلىپ كېتىپتۇ ، — دېدى توۋلىغۇچى ، — سىلەر ئوغرىلىۋالدىڭلارمۇ ، قانداق ؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭلار ، نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار ! قورقماڭلار ، كىمكى ئالتۇن جامنى تاپشۇرۇپ بەرسە ، شۇنىڭغا بىر تۆگە مال بېرىلىدۇ ، بۇنىڭغا مەن كېپىل ، گېپىم گەپ .

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى :

— ئەزىبىرايى خۇدا . سىلەرگە مەلۇم ، بىز سىلەرنىڭ دىيارىڭلاردا يامان ئىش قىلمىدۇق . بىز ئوغرى ئەمەس ، — دېيىشتى .

— بىز سىلەرگە ھەرگىز تۆھمەت قىلمايمىز ، زىيانكەشلىكمۇ قىلمايمىز ، — دېدى توۋلىغۇچى ، — لېكىن ئالتۇن جام سىلەرنىڭ يۈك - تاقلىرىڭلارنىڭ ئىچىدىن تېپىلىپ قالسا ، قېنى ئېيتىڭلار ، قانداق قىلىسىلەر ؟

— بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە خاس قانۇنىمىز ، دىنىمىز بار ، بىزدىمۇ ۋىجدان ، ئەھدە بار ، — دېيىشتى ئۇلار ، — سىلەر ئالتۇن جامنى كىمنىڭ يۈك - تاقىسى ئىچىدىن تېپىۋالساڭلار ، شۇنى تۇتۇپ قېلىپ قۇل قىلىڭلار ، مانا بۇ بىزنىڭ قانۇنىمىز ۋە ئەھدىمىز . بىز ئۆزىمىزنىڭ گۇناھسىز ، پاك ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىق بىلىمىز .

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئەھدە ۋە پىكىردىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى . چۈنكى ، مىسىرنىڭ ئەينى چاغدىكى دۆلەت قانۇنى بويىچە ، ئوغرىلىق قىلغانلارنى تۇتۇشقىمۇ ، جازالاشقىمۇ بولاتتى . بۇ ھەقىقەتەن ئاللانىڭ ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا

يىردەم قىلىۋاتقانىدى .

ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈلدى ، ئالتۇن جام بۇنيامىننىڭ يۈك - تاقلىرىدىن تېپىلدى . ئاختۇرغۇچىلار ئالتۇن جامنى ئېلىپ ئۇلارغا كۆرسەتتى ، ئۇلار چىرايلىرى ئۆڭۈپ ھەيران ۋە خىجىل بولۇشقان ھالدا باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى .

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا :

— سىلەر ئالدىن ۋەدە بەرگەنىدىڭلار ، مەن ۋەدە بويىچە ئىش قىلىمەن . ئالتۇن جام تېپىلغان يۈك - تاقنىڭ ئىگىسى قېپقالسۇن ! بىز ئۇنى ئۆز ئىزامىمىز بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز ، — دېدى .

— باش ۋەزىر جانابلىرى ، — دېيىشتى ئۇلار ، — ئۇنىڭ سەكسەن ياشقا ئۇلاشقان دادىسى بار ، دادىمىز ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ ، بىز دادىمىزغا ئۇنى قوغداش ، ئامان - ئېسەن ئېلىپ قايتىش توغرىسىدا قەسەم بەرگەنىدۇق . ئونەيلەن ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمىز ، ئۇنىڭ ئورنىغا قايسىمىزنى ئېلىپ قالسىڭىز مەيلى .

— خۇدا ساقلىسۇن ، — دېدى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ، — بىز بىگۇناھ كىشىلەرنى قالايمىقان تۇتمايمىز ، پەقەت ئالتۇن جامنى ئوغرىلىغان كىشىنىلا تۇتىمىز . بۇنداق قىلمىساق ، ئۆزىمىز نائەھلى كىشىلەردىن بولۇپ قالىمىز .

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەلەپ ۋە تەكلىپلىرىنى باش ۋەزىرنىڭ قوبۇل قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، بىر چەتكە يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىشكە باشلىدى . يەھۇدا مۇنداق دېدى :

— ئەجەبا ، سىلەر دادىمىزنىڭ ئاللانىڭ نامىدا بىز بىلەن ئەھدە تۈزگەنلىكىنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويدۇڭلارمۇ ؟ ھالا بۇگۈنكى كۈندە بىز مۇشۇ پېتى قايتىپ كەتسەك ، ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز ؟ ئىنىمىزنى يوقىتىپ قويۇپ ، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلدۇق ، دەپ ئېيتالايمىزمۇ ؟ يۇسۇفنىڭ دەرد - پىراقىدا يۈرىكى زېدە بولۇپ ، كۆزىدىن ياش قۇرۇمايۋاتقان دادىمىزغا يەنە ئىككىنچىلەپ بۇ روھىي ئازابنى يۈكلەشكە بولمايدۇ . بىز بىر قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزدۇق ، قانداقمۇ ئىككىنچى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە

بولسۇن؟ دادامنىڭ رۇخسىتىنى ياكى ئاللانىڭ بىرەر ھۆكمىنى ئاڭلىمىغۇچە، مەن بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن. سىلەر قايتىڭلار، بېرىپ دادامغا: «ئوغلىڭىز ئوغرىلىق قىلدى» دەڭلار. ئۇ زادى ئوغرىلىدىمۇ ياكى ئوغرىلىمىدىمۇ، تېخى بىر نېمە دېيىش تەس. ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن بىز يېتىپ- قوپقان جايغا بېرىپ، شۇ يەردىكى كىشىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش كېرەك.

توققۇز ئاكا- ئۇكا چوڭ ئاكىسى يەھۇدانى قالدۇرۇپ قويۇپ قايتىشتى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قايتىپ كەلگەن ئوغۇللىرى ئىچىدە بۇنيامىننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، گويا يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى كېسىۋېتىلگەندەك ئەنسىزلىك ۋە بىئاراملىق ئىچىدە قالدى- دە، غەزەپلەنگەن ھالدا:

— سىلەر بۇنيامىنغا يەنە نېمە يامانلىق قىلدىڭلار، ماڭا بەرگەن قەسىمىڭلارغا ئەمدى نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى.

توققۇز ئاكا- ئۇكا بولغان ئەھۋالنى بىر- بىرلەپ بايان قىلدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام دېدى:

— سىلەر چوقۇم شەيتاننىڭ ئازغۇنىغا كىرىپ يەنە يامان ئىش قىلىپسىلەر. خەير، بوپتۇ، سەۋر- تاقەت قىلىپ تۇراي، ئىشنىڭ تېگىنى خۇدا ئۆزى بىلدۇرەر. ئۆتكەندە، مەن يۈسۈفتىن ئايرىلدىم، مانا ئەمدى بۇنيامىن بىلەن يەھۇدادىن ئايرىلدىم. ئۇلارنى ماڭا ئاللا ئۆزى يەتكۈزۈپ بەرگەي، ئاللا ھەممىگە قادىر.

## جەم بولۇش

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى چەكسىز غەم- قايغۇ ئىلكىدە ئۇخلىيالمايتتى. مۇنداق ئىككى ئەھۋالدىن باشقا چاغدا، ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام ئۆتەتتى: بىرى، ئاللاغا ئىبادەت ۋە ئىستىقامەت قىلغان چاغ ئىدى، بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاللادىن بېشارەت ئېلىپ، سەۋر قىلاتتى ۋە ئۆز ئېتىقادىنى ئاشۇراتتى؛ يەنە بىرى، ئىككى

www.alma.cn

ئوغلىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىرىنى ئەسلىگەن چاغ ئىدى، بۇنداق چاغلاردا، ئۇ كۆز يېشى قىلىپ يىغلاش ئارقىلىق كۆڭۈل ئازابىنى يەڭگىللىتەلەيتتى. قىسقىسى، ئۇ ئىبادەت قىلىشتىن ۋە ئەسلەشتىن تەسەللى ھەم ئىشەنچ تاپاتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشى بىكار ئاقمىدى، ئاللا ئۇنىڭ ئازابىنى چۈشىنەتتى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام زار - زار يىغلاپلا يۈرەتتى، چىرايى سۇنغانىدى، تېنى زەئىپلىشىپ ئورۇقلاپ تاياقتەكلا بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ ناماز خۇپتەندىن يېنىپ ئۆيىگە كىردى - دە، كۆزىنى ياشلاپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «ئاھ، بىچارە يۈسۈف!» دېگىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلاپ، جېنىدىن جۇدا بولغۇسى كەلدى. بىر ئوغلى دادىسىنىڭ بۇ قەدەر ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن بىئارام بولدى - دە، دەرھال قالغان قېرىنداشلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا دادىسىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرسەتتى.

ئۇلاردىن بىرى مۇنداق دېدى:

— ئى دادا! سىز ئۇلۇغ ئەلچى، ئالىيجاناب پەيغەمبەر. ئاللا سىزگە مەدەت بېغىشلىغان، بىز سىزدىن ئىلھام ۋە ئىشەنچ ئالغان. ئۆزىڭىزنى پاراكەندە قىلىپ سالامەتلىكىڭىزگە زىيان يەتكۈزمەڭ، بۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ كۆپ يىغلاپ كۆزىڭىزمۇ ئولتۇرۇشۇپ ئاقىرىپ قاپتۇ! زىيادە ھەسرەت - نادامەت تېنىڭىزنى ئورۇقلىتىۋېتىپتۇ! ئەزىبىرايى خۇدا، يۈسۈفنى ئۇيلاۋەرسىڭىز، كېسەل بولۇپ يىقىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

— سىلەرنىڭ بۇنداق بولمىغۇر قىلىقىڭلار مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى، — دېدى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا، — دەرد - ئەلەملىرىمنىمۇ قوزغىدى، يۈسۈفنى كۆرمىگۈچە مېنىڭ كۆز ياشلىرىم قۇرۇمايدۇ. سىلەر ئۇنى بۆرە يەپ كەتتى، ئۆلدى، دېدىڭلار، مەن ئۇنىڭ دۇنيادا تېخى ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئاللا تەرەپتىن ھەم قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن شۇنداق سەزدىم. ئۇنىڭ قايسى جىرا - سايلاردا چېپىپ يۈرگەنلىكى ياكى قايسى يوللاردا كېتىۋاتقانلىقى تېخى ماڭا مەلۇم ئەمەس. ئادەتتىن تاشقىرى

ئازابلىنىۋاتقانلىقىمىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ. ئەگەر سىلەر مېنى ئازاب ۋە دىلخەستىلىكتىن قۇتۇلدۇرايلى دېسەڭلار، تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ يۈسۈفنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ بېقىڭلار. سىلەر ئاللانىڭ ھىممىتىدىن ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار، پەقەت ئىمانسىز كىشىلەرلا ئاللانىڭ ھىممىتىدىن ئۈمىد ئۈزىدۇ.

ئۇلار دادىسىنىڭ بۇ گەپلىرىگە چىن دىلىدىن قوشۇلدى. چۈنكى، ئۇلار ئىنىسى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى چۆلگە ئېلىپ بارغان، ئاندىن ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەنىدى. بەلكىم ئۇ قۇدۇقتىن چىقىرىۋېلىنغاندۇ. ئەمما ئۇ قەيەردە؟ ئۇلار ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىشقا ئامالسىز ئىدى، لېكىن بۇنيامىننىڭ ئەھۋالى ئۇلارغا ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇلار، يەنىلا مىسىرنىڭ باش ۋەزىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرساق، بەلكىم بۇنيامىننى ياندۇرۇپ كېلىشىمىز مۇمكىن. مۇشۇنداق قىلساق، دادىمىزنىڭمۇ ئازابى يەڭگىللەپ، كۆڭلى ئارام تېپىپ قالار، دەپ ئويلاشتى.

ئۇلار دەككە - دۈككە ئىچىدە مىسىرغا بېرىپ، باش ۋەزىر بىلەن كۆرۈشتى - دە، باش ۋەزىرگە تىز پۈكۈپ خۇشامەت قىلدى.

— باش ۋەزىر جانابلىرى، — دېدى ئۇلار، — پەلەك بىزنى يەنە جانابىڭىزنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىپ ئايىغىڭىزدا ئىستائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. تەبىئەتتىمۇ كۆتۈلمىگەن ھادىسە، ئىنسانلاردىمۇ ئۈشتۈمتۇت پېشكەللىك بولۇپ تۇرىدۇ! ھوسۇلىمىز ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھۇزۇرىڭىزغا ھېچقانچە بىرنېمە ئېلىپ كېلەلمىدۇق. ئەگەر جانابىڭىزغا توغرا كەلسە، بىزگە ئاشلىق بەرسىڭىز ئىكەن! ناۋادا بىزگە شەپقەت قىلىشنى راۋا كۆرسىڭىز، ئىنىمىزنى قويۇۋەتسىڭىز ئىكەن! مۇشۇنداق بولغىنىدا، دادىمىزنىڭ كۆز يېشىنى توختىتىپ، ئازابىنى يەڭگىللەتكەن بولاتتۇق.

ئاللا يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ۋەقەنى تەقدىرگە ئىشىنىش، ئازاب - كۈلپەتكە بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئالىي ئۈلگىسى قىلدى. يۈسۈف

ئەلەيھىسسالام ئاكىلىرىغا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان خاتالىقلىرىنى كەچۈردى. شۇڭا ئۇ ئۆزى ھەققىدىكى ۋەقەگە مەردانىلىكى ۋە كەڭ قورساقلىقى بىلەن يېڭى سەھىپە قوشتى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

— سىلەر ياش ۋاقتىڭلاردا يۇسۇفكە ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىگە يامانلىق قىلغانىدىڭلار، ئەجەبا، بۇ يادىڭلاردىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ سىلەر يۇسۇفنى قۇدۇققا تاشلىۋەتتىڭلار، ئۇنىڭ ئىنىسىغىمۇ خىلمۇخىل ھىيلە - مىكىر ئىشلەتتىڭلار، ئەجەبا بۇنى ئېسىڭلارغا ئالمايۋاتامسىلەر؟ ئاراڭلاردىن بىرى يۇسۇفنى قاتتىق تارتقۇچلاپ كۆڭلىكىنى سالدۇرغان چاغدا، ھېچقايسىڭلار قىلچىمۇ ئىچ ئاغرىتماستىن، ئۇنى قۇدۇققا تاشلاپ، پېشانىسىگە پۈتۈلگىنىنى كۆرسۇن، دېگەنىدىڭلار.

باش ۋەزىرنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇلاردا: بۇ ئىشلارنى ئۇ قانداق بىلگەندۇ؟ ئۇنىڭغا كىم ئېيتقاندۇ؟ بۇنيامىن ئېيتقانمىدۇ؟ بۇ ئىشلارنى بۇنيامىن قانداق بىلگەن بولغىيتتى؟ دېگەن گۇماننى پەيدا قىلدى. ئۇلار مۇشۇنداق پەرەز قىلغىنىچە باش ۋەزىرگە سىنچىلاپ سەپسېلىپ چىقىپ، ئاخىردا باش ۋەزىرنىڭ چىرايىدىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىشىدىغان ئالامەتلىرىنى سەزدى. ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ بىرى:

— سىز يۇسۇف ئىكەنسىز - دە، — دېدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇنيامىننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ تېزلا جاۋاب بەردى:

— مەن يۇسۇف، بۇ مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم. ئۇنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىدى. ئازاب - كۈلپەتكە سەۋر قىلىپ، ئاللاغا ئىخلاس قىلايلى! ساۋابلىق ئىش قىلغانلارغا ئاللا شەپقەت قىلىدۇ.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى ئۆپكىدەك قىزىرىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي، تىلى كالۋالىشىپ قالدى. ئۇلار خىجىللىقتا يەردىن ئۆزلىرىنى يوتۇۋېتىشنى ياكى ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ

ئۆزلىرىنى يانجىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى … لېكىن ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام كەڭ قورساق بولغاچقا ، ئۇلارنى ئۇزاققىچە چۆچۈتۈپ تەشۋىشكە سالمىدى ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا چارە كۆرۈشنىمۇ راۋا كۆرمىدى ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئۇنىڭ ئاكىلىرى ئىدى . ئۆتكەندە ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن ، ئۇنىڭ ئىنىسىنى خارلىغان بولسىمۇ ، ئۇلار يەنىلا بىر ئانىلىنىڭ ، بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى ئىدى .

— بۈگۈن مەن سىلەرگە تاپا - تەنە قىلمايمەن ، — دېدى ئۇ ئاكىلىرىغا ، — ئاللا سىلەرنى ئەپۇ قىلدى ، ئۇ ئەڭ رەھىملىك . بىز ھەممەيلەن دادىمىزنىڭ قېشىغا كېتەيلى ! ئۇ كۆپتىن بۇيان كۈلپەت تارتتى ، تاغۇتاشلارمۇ چىداشلىق بېرەلمەيدىغان ئازاب - كۈلپەتكە چىداشلىق بېرەلىدى . ئاللا ئۇنى ئەڭ ئاق كۆڭۈل ، پاك پەيغەمبەرلەر قاتارىغا قويىدۇ . ئاللا ئۇنى قەدىرلەپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە جەننەت تەييارلاپ قويىدى . سەۋر - تاقەتلىك ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ۋە ئاللاغا قەتئىي ئىشىنىدىغان بەندىلىرىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ، بۇ دۇنيادىمۇ ئاللا ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىلتىپات قىلىدۇ .

بىر كۈنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلىدىغان جايغا كېلىپ ، ئاللاغا ئىبادەت قىلىۋېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى ، ئاندىن بىردىنلا جىمىپ كۆز يېشىنى توختاتتى . بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىدى . بۇ نېمە ئىش؟ شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ قەلبى ئىلگىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قېشىدا تۇرغاندەك ھۇزۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى .

«يۈسۈفنىڭ پۇرىقىنى ئالدىم !» ئۇ ئىختىيارسىز تۈۋلىۋەتتى .

ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى جايىدا ئىدى . شۇ چاغدا كارۋانلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ مىسىردىن يولغا چىققانىدى . يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان خۇش خەۋەر يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ تېنىگە كۈچ ،

www.alfna.cn

كۆزلىرىگە نۇر بېرىۋاتاتتى .

كارۋانلار يېتىپ كېلىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى . يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغاندا ، كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلدى ، ئەس ـ ھوشىمۇ ياخشىلاندى . بالىلىرى بولغان ئەھۋالنىڭ ئەينىنى دادىسىغا بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى .

— قىلغان ئىشلىرىڭلارغا ئامالىم يوق ، — دېدى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىغا ، — ئاللانىڭ سىلەرگە بېرىدىغان جازاسىنىمۇ توسۇيالمايمەن ، بىراق ، مەن ئاللادىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن . ئۇنىڭ كەرىمى كەڭدۇر . ئات ـ ئۇلاغنى جابدۇپ چاققان تەييارلىنىڭلار ، بىز مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى ھۇزۇرىغا بارايلى !

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام دادىسى بىلەن كۆرۈشتى ، ئۇن بىر ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداش دادىسىنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى . ئۇلار ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ يۈكۈندى . يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئاللانىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر ئېيتتى . ئۇ مۇنداق دېدى :

— ئى رەببىم ! سەن ماڭا مەرتىۋە ، ھوقۇق ئاتا قىلدىڭ ، ماڭا چۈشكە تەبىر بېرىشنى ئۆگەتتىڭ ! ئى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئىگىسى ، بۇ دۇنيادىمۇ ، ئۇ دۇنيادىمۇ سەن مېنىڭ پاناھىمسەن ! سەن ماڭا تەقدىرگە تەن بېرىشنى ۋە پارچە دىيانەتلىك ئىنسانلار بىلەن بىرلىشىشنى ئۆگەتتىڭ !

www.alma.cn

# شۇئەيب ئەلەيھىسسالام

مەدىيەنلىكلەر شام چېگراسىدىكى مىئەنا دېگەن يەرگە جايلاشقان ئەرەبلەر ئىدى . ئۇلار ئاللاغا ئېتىقاد قىلماي ، كۆپ خۇدالىق دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى ، ئوت ـ چۆپ ، دەل ـ دەرەخ قويۇق ئۆسكەن ئورمانلارغا چوقۇناتتى . ئۇلار باشقىلارغا زىيان سېلىپ ، ئۆزلىرى پايدا ئالاتتى ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئادىل ئەمەس ئىدى ، ئېلىشتا كۆپ ئېلىۋېلىپ ، بېرىشتە كەم بېرەتتى .

ئاللا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ھەم ئۇنىڭغا مۆجىزە بىلەن ياردەم قىلدى ، مەدەت بەردى . شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مەدىيەنلىكلەرگە ئاللاغىلا ئېتىقاد قىلىش ، ئىشتا ئادىل بولۇش ھەققىدە تەشۋىق قىلدى . ئۇلارغا باشقىلارنى بوزەك قىلسا ، جازالىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى ھەمدە ئۇلارنى ئاللانىڭ قىلغان مەرھەمىتىنى — ئۇلارنىڭ قولى ئۇزۇك چاغدا ئاللانىڭ ئۇلارنى بېيىتقانلىقىنى ، نامرات بولۇپ قالغاندا ئاللانىڭ ئۇلارنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلغانلىقىنى ، ئەگەر ئۇلار ئاللانىڭ تەلىمىگە ئەگەشمىسە ۋە قۇلاق سالمىسا ، ئاللانىڭ غەزىپىگە قالىدىغانلىقىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇش توغرىسىدا ئۇزلۇكسىز ئاگاھلاندۇردى . مەدىيەنلىكلەر شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە دىمىغىدا كۈلۈپ قويدى ، تېخى مەسخىرە قىلىپ زىتىغا تەگدى . ئۇلار مۇنداق دېيىشتى :

— ئەي شۇئەيب ، سەن بىزنى ئۆزۈڭ ھەمىشە ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ باقمىغان ئاشۇ نەرسىگە چوقۇندۇرماقچى بولۇۋاتامسەن؟ بولدى قوي ، بىزنى ئۆز مەيلىمىزگە قويۇۋەت ! بىز ئۆزىمىزنىڭ بېيىش يولىمىزدا

ماڭمىز . سەن زېرەك ، هوش ـ كاللاڭ جايىدا ئادەم ، ئەزەلدىن كۆڭۈل ـ كۆكسۈڭ كەڭ ، سەن قانداق قىلىپ بىزنىڭ بۇرۇنلا ئادەتلەنگەن ھەم داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قانۇنىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرالايسەن ؟

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ گەپلەرگە ئاچچىقلانماي ، مۇلايىم ھالدا ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشتى . ئۇ ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىگە ھۆرمەت قىلاتتى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ بۇ سەممىي نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ ، ساۋابلىق ئىش قىلىش يولىغا مېڭىشنى تەلەپ قىلاتتى .

ئۇ ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتكەن چاغلاردا ، ئەمدى پۇرسەت كەلدى دەپ بىلىپ ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتقا ھەم ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىر ئېقىمدا ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى ، ئۆز مەسئۇلىيىتىدىنمۇ ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى . ئۇ ئاللانىڭ ئۆزىگە ھىدايەتتىن بېشارەت بەرگەنلىكىنى ، ھەقىقەتنى ئۆگەتكەنلىكىنى ۋە مېھىر ـ شەپقەت قىلغانلىقىنى ، شۇڭا بۇ بېشارەت بىلەن ھەقىقەتنى ھارماي ـ تالماي تەشۋىق قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايتتى ، ئەمما ئۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ھەرگىز زورلىمايتتى ، بەلكى ئىختىيار قىلغان ھالدا بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى .

مەدىيەنلىكلەر ئارىسىدا شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن شۆھرەت تېپىپ ، دانالىقى بىلەن نام چىقارغانىدى . ئۇ كىشىلەرگە ھىدايەتنى كۆرسىتەتتى ، ئەمما ھەق تەلەپ قىلمايتتى . ئۇ ئۇلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرەتتى . كىم شۇنداق قىلسا ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ ۋە ئۇنى ئۈلگە قىلىدۇ . شۇئەيب ئەلەيھىسسالام نەپسانىيەتچىلىكتىن خالىي ئىدى ، ئىش بېجىرگەندىمۇ باشقا غەرەزدە بولمايتتى .

ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى قۇسۇرسىز بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىدىن كىشىلەرنىڭ بىزار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا زىت يول تۇتۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى . ئۇ

ھەسەتخورلۇق، نائىنساپلىق، تەكەببۇرلۇق ۋە غەزەپ - نەپرەتنىڭ ۋەسۋەسىسى ئۇلارنى مەن بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشنى خالىمايدىغان ھالغا كەلتۈرگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى - دە، ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى، ئۇلارغا يامانلىق قىلمۇېرىش ۋە گۇناھ قىلىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى، ئاللاغا تۇۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، ئاللانىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇردى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ چىرىك ئېتىقادىنى كۆرسىتىپ، بۇنداق كېتىۋەرسە، جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇ نۇرغۇنلىغان دەلىل - ئىسپات ۋە ئاللانىڭ پاك، ئېنىق بېشارىتىنى نەقىل كەلتۈرگىنىدە، مەدىيەنلىكلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدى، ھەتتا تىللىدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

— بىز سېنىڭ مەقسىتىڭنى چۈشىنەلمىدۇق، سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭ بىزنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ ۋە بىزنىڭ كۆڭلىمىزگىمۇ ياقمايدۇ، بىز ساڭا يەنىلا بىزنىڭ چىشىمىزغا تەگمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىمىز. سەن تېگىڭ پەس، چاكىنا ئادەم، ماڭ، كۆزىمىزدىن يوقال، بولمىسا، كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمىز.

ئەمما شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆكتەملىكلىرىگە قىلچە باش ئەگمىدى، ساختىلىققا ھەققانىيەت بىلەن تاقابىل تۇردى، يالغان - ياۋىداق ئەپسانىلەرگە پاكىت ئارقىلىق رەددىيە بەردى. ئاللانىڭ يار - يۆلەكتە بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ شىجائىتى ئاشتى، روھى جۇش ئۇردى. ئۇ مەدىيەنلىكلەرگە ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئۇنچىۋالا كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاللاغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن شىجائەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت تاپقانلىقىنى ئېيتتى، ئاندىن:

— سىلەر نېمە ئۈچۈن مېنى ھەقىقەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاللاغا ئىتائەت قىلغىلى قويمايسىلەر؟ ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى قارارگاھىمىزدۇر! — دېدى.

مەدىيەنلىكلەرنىڭ تەھدىتى ئۇنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرالمىدى ياكى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى. ئۇ مەدىيەنلىكلەر خالىغانچە

زىيانكەشلىك قىلىسمۇ ۋە ئۇنى ھاقارەتلىسمۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىۋېرىدىغانلىقىنى، مەقسىتىگە يەتمىگۈچە توختىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئاللانىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئاللاغا ئەگىشىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەدىيەنلىكلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئاللاغا ئايدىڭ ئىدى. ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇزاققىچە زېرىكمەي، ئاللاغا بەيئەت قىلىشنى تەشۋىق قىلىشى ئارقىسىدا، بەزى كىشىلەر ئاخىر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئويغاندى، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئىشەندى. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسىرىنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ۋە ئۇ تەشۋىق قىلغان دىنىنىڭ تارقىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىگە خەۋپ يېتىشىدىن قورقتى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقلىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يارەنلىرىگە تەھدىت سېلىپ: ئەگەر سىلەر ئەسلىدىكى مەزھەپىڭلارغا قايتىپ كەلمىسەڭلار، سىلەرنى قوغلاپ چىقىرىمىز، دېيىشتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ قەبىلە باشلىقلىرىغا: ماڭا ئەگەشكەن يارەنلەرنىڭ ئېتىقادى ئۇلارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقان، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى پولاتتەك مۇستەھكەم، ئۇلارغا مەجبۇرلۇق قىلىنمىسىلا، ئۇلار ئاللاغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ. ئۇلار ئاللا تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىندى، ئۇلار قايتىدىن گۇناھ قىلىشنى خالىمايدۇ؛ ئۇلار ۋابا تارقىلىپ كەتكەن جايدىن ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن قېچىپ قۇتۇلغان تۇرۇقلۇق، يەنە قانداقمۇ غاپىللىقنىڭ دوزىخىغا سەكرىسۇن، — دېدى.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قالغان ئادەملەرنى ھىدايەتكە باشلاشتىن ئۈمىد ئۈزدى. پاكىت ئۇلارنىڭ ئاللاغا ئىشەنمەسلىكتە تەرسالىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. شۇڭا شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جازا بېرىش توغرىسىدا ئاللادىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە ئاللادىن ئۇلارغا تېگىشلىك ئەدىپىنى بېرىشنى ئۆتۈندى.

www.ilma.cn

ھەقىقەتتىن چەتنىگەن ئۇ كىشىلەر ئار ـ نومۇسنى بىلمىدى . ئۇلار بۇ دۇنياغا كەلدى ، يەنە پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى بويىچە بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ . ئۇ ئادەملەر ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ، بەزىلەرنى ئاجىز ، بوزەك دەپ قاراپ ، ئۇلارغا پوپوزا قىلىپ مۇنداق دېيىشتى : ئەگەر باشقىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلمىدىكەنسىلەر ، گۇمران بولىسىلەر ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سېلىپ ، ئۆز مەنپەئىتىڭلارنى كۆزلىمەيدىكەنسىلەر ، قىلغان ئىشلىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ .

شۇئەيب سەممىي ، ئالىيجاناب كىشى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تۆھمەت چاپلاپ ، خالايىقنى قۇتراتتى ۋە ئۇنى ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ ، بىزنى ئازابلىغانىدى ، دېدى .

ئاللا شۇئەيبنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ ئۇنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلدى . ئاللا ئوتتەك قىزىق ھاۋا بىلەن مەديەنلىكلەرنى ئازابلىدى . سەگىگۇدەك سايىمۇ ، پاناھلانغۇدەك لەخمە ياكى ئۆيمۇ يوق ئىدى ، شۇڭا ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى ، لېكىن ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ يەنىلا ئاللانىڭ ئالىقىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى . ئۇلار بىرەر پارچە بۇلۇتنى كۆرسە ، ئۇنىڭ ئاستىغا توپلىشۇۋېلىپ ، ئۇنى ئىسسىقتىن ۋە قۇياشنىڭ قىزىق تەپتىدىن ساقلىنىشتىكى پاناھ جاي قىلماقچى بولۇشاتتى . بۇ گۇمراھلار بۇلۇت ئاستىغا توپلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، بىردىنلا ئوت يالقۇنى تەرەپ ـ تەرەپكە چاچراپ ، ئاسماندىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە ، دەسسەپ تۇرغان يەر تەۋرەپ كەتتى ، ئاندىن كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇلارنىڭ جېنى تېنىدىن جۇدا بولۇپ ھەممىسى ئۆلدى .

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بۇ قەبىلىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەت چەككەن ھالدا بۇ يەردىن كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاللاغا ئىشەنمەي ، ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقىنى ، ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى د[illegible] كۈلۈپ زاڭلىق قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سەممىي نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي ، ئاخىر مۇشۇنداق كۆلپەتلىك

www.alma.cn

تەقدىرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ئۇيلاپ، كۆڭلى بىرئاز ئارامغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەي خالايىق، مەن سىلەر ئۈچۈن ئاللانىڭ ئەمرىنى ئېلىپ كېلىپ، سىلەرگە سەمىمىي نەسىھەت قىلدىم. ئۇيلاپ بېقىڭلار، ئىمان كەلتۈرمىگەن ئاشۇ گۇمراھلارغا قانداق ياردەم بېرىشىمىز كېرەك ئىدى!»

www.alma.cn

# مۇسا ئەلەيھىسسالام

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى

پىرئەۋن[1] مۇستەبىتلىك سىياسەت يۈرگۈزۈپ، يەر يۈزىدە زالىملىق ۋە ئۆكتەملىك قىلىپ، ئۆز پۇقرالىرى بەنى ئىسرائىلغا ئىزا - ئاھانەت كەلتۈرەتتى. بەنى ئىسرائىل پىرئەۋننىڭ زۇلمى ئاستىدا جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، چەكسىز ئازاب - كۈلپەت چېكەتتى. ئۇلار ناھايىتى ئالاقزادە بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى ئاستىدا قەددىنى تۈزلىيەلمەي، تولىمۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قالغان چاغدا، بىر كاھىن[2] پىرئەۋننىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— بەنى ئىسرائىلدا بىر ئوغۇل بالا دۇنياغا كېلىدۇ، كەلگۈسىدە سېنىڭ پۇل - ماللىرىڭ شۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، — دېدى.

پىرئەۋن بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلدى - دە، ۋارقىراپ چۇقان سالدى. ئۇ ئەسكىلىك قىلىشقا باشلاپ، بەنى ئىسرائىلدىكى ئوغۇل بالىلارنى كۆپلەپ قىرىپ تاشلىدى، قىز بالىلارنىلا قالدۇردى. لېكىن، ئاللانىڭ كۈچ - قۇدرىتى ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. ئاللا ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل بەربات قىلدى. ئاللا ئىنسانلارنى ياراتقاندىن تارتىپلا ئاجىز، پېقىر دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ پىرئەۋندەك ئاشۇنداق قۇدرەتلىك زالىم پادىشاھنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان. پىرئەۋننىڭ ھوقۇقى بەنى ئىسرائىلدىكى بىر بالىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ بالا تىكەنلىك چاتقاللار

www.alma.cn

① پىرئەۋن — قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ نامى.
② كاھىن — دىنىي مۇراسىملارنى باشقۇرغۇچى چوڭ روھانىي.

ئارىسىدىن ئېچىلغان قىزىلگۈلگە ۋە پاكى زۇلمەت بۆشۈكىدىن بارا - بارا كۆتۈرۈلۈۋاتقان تاڭ قۇياشىغا ئوخشايتتى.

ئاللا بەنى ئىسرائىلنىڭ ئورنىنى كۆچەيتىپ، پىرئەۋن بىلەن ھامانغا[1] ۋە ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىگە بەنى ئىسرائىلنى سەپ تارتىپ دېۋەيلەپ تۇرغان ھالەتتە كۆرسەتتى.

جائىزە ئۆيدە ئولتۇرۇپ تولغاق تۇتقانلىقىنى سەزدى - دە، ئىمراننى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: تۇغۇتۇمنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويۇڭ، دېدى. ئىمران ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى بىر - بىرلەپ ئورۇندىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام «ئىڭە - ئىڭە» دەپ يەرگە چۈشكەندە، جائىزە ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بىردىنلا ئۇرغۇغان ئانىلىق مېھرى ئۇنى ئوغلىنى تىرىك قالدۇرۇش ۋە ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەشكە ئىلھاملاندۇردى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر باللارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى پىرئەۋنگە مەلۇم قىلىنمىدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۈچ ئايلىق بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا پادىشاھ شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە ئادەم چىقىرىپ تۇغۇلغان باللارنى ئىزدىتىۋاتاتتى. ئاللا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا بىر ساندۇق تەييارلاپ، بالىنى ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنى نىل دەرياسىغا تاشلىۋېتىشنى ۋە بۇ بالىنىڭ ئاچىسىنى دەريانى بويلاپ ساندۇقنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ساندۇقنىڭ ئېقىپ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇشنى بېشارەت قىلدى. ئاللا ئۇنىڭغا خاتىرجەم بولۇش، ھودۇقۇپ كەتمەسلىك توغرىسىدىمۇ بېشارەت بەردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچىسى ساندۇقنىڭ ئېقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كېلىپ، ھودۇققان ھالدا ساندۇقنى پىرئەۋننىڭ بېغى تەرەپكە ئېقىپ كەتتى، دېدى. لېكىن، ئاللانىڭ مېھرىبانلىقى ناھايىتى يېقىن ئىدى. پىرئەۋننىڭ خوتۇنى ساندۇقتا

www.alma.cn

① ھامان — پىرئەۋننىڭ ۋەزىرى.

ئېقىپ كەلگەن بۇ بالىنى كۆرگەندە، ئاللا ئۇنىڭ قەلبىگە بالىنىڭ مېھرىنى سالدى. ئۇ ئېرىدىن بالىنى بېقىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. جائىزە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بالىسىدىن غەم قىلمايدىغان بولدى. ئۇ ئوغلىنى ئاللاغا خاتىرجەم تاپشۇردى.

بالىنى ئېمىتىشكە بىر ئىنىكئانا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، بالا بۇ ئىنىكئانىدىن سەسكىنىپ، ئۇنى زادىلا ئەممىدى. هامان چىداپ تۇرالماي، بىر تەرەپتە مارىلاپ تۇرغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچىسىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ قىز بۇ بالىنى تونۇيدىكەن، ئۇنى تۇتۇپ، بۇ بالا توغرۇلۇق سوراپ بېقىڭلار، — دېدى. قىز سوراققا تارتىلغاندا:

— مەن پادىشاھقا سەممىي سۆز قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. پىرئەۋن ئۇنىڭغا بالىنى بېقىپ ئەي قىلالايدىغان كىشىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بالا كۆتۈرۈپ كېلىنگەندە، قاتتىق يىغلىدى. پىرئەۋن ئۇنى بەزلىدى. قىز بىر ئايالنى ئېلىپ كەلدى، بالا بۇ ئايالنى كۆرۈپلا مەھكەم چاپلىشىۋالدى.

پىرئەۋن ئەجەبلەنگەن هالدا ئايالدىن:

— سەن كىم؟ بۇ بالا نېمىشقا باشقىلارنى ئەممەي، سېنىلا ئېمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ ئايال مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئىدى. ئۇ:

— سۈتۈمنىڭ تەمى ياخشى ئىدى، شۇڭا بالا ماڭا ھېرىس بولسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنداق قىلىپ، پىرئەۋن بالىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئىش ھەققىمۇ بەردى. جائىزە بالىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى. ئاللا جائىزەگە مانا مۇشۇنداق مەرھەمەت قىلدى. جائىزە بالىسىغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ، ئاللانىڭ ۋەدىسىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى بىلدى.

www.alma.cn

# مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى

جائىزە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بېقىپ چوڭ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوردىدىكىلەرنىڭ دۈشمىنى ۋە قايغۇسى بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن، پىرئەۋننىڭ ئوردىسىغا ئەكىرىپ بەردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بەستلىك، كۈچلۈك ئىدى. ئاللا ئۇنىڭغا بېشارەت بېرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەت ئۆگىتەتتى.

ئېزىلگەن ئاجىزلار بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسىگە تەلپۈنەتتى، ئۇنىڭدىن بۇ مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ئازابىغا خاتىمە بېرىشنى كۈتەتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا مەنسۇپ كىشىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللانىڭ كۆپ ئىلتىپات - مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن رەھىمدىل يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېزىلگەن بۇ كىشىلەر بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ پىرئەۋننىڭ پايتەختىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئىككى ئادەمنىڭ جېدەل قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، بۇلارنىڭ بىرى ئېزىلگەن ئىبرانىيلاردىن ئىدى. يەنە بىرى، ھوقۇق تۇتقان پىرئەۋننىڭ ئادىمى ئىدى. ھېلىقى ئىبرانىي مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئادالەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنى بۇ قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېتىلىپ بېرىپ، پىرئەۋننىڭ ھېلىقى ئادىمىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، بۇنى ئىبلىسنىڭ قىلمىشىغا ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ قالدى، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بىھۇدە قىلغان بۇ ئىشى ئۈچۈن ئاللادىن ئەپۇ سورىدى. ئاللا ئۇنى ئەپۇ قىلدى. ئاللا شەپقەتلىك، رەھىمدىلدۇر.

ئەپۇ قىلىش مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قىلىنغان بىرخىل

ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت، شۇنداقلا ئۇنىڭ رەھىمدىل تەبىئىتى ۋە ياۋاش، مۇلايىملىقى ئۈچۈن بېرىلگەن بىر ئىلھام ئىدى. ئۇ ئاللادىن ئۆزىنى جىنايەتكارلارنىڭ قولچومىقى بولۇپ قېلىشتىن ساقلاشنى تىلىدى. بىراق ئۇ ئىنسان تەبىئىتى تەرىپىدىن يېڭىلىپ، پۈتكۈل كائىنات ئىگىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشالمىغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئاللانىڭ ئىرادىسىدىن ئۆزىنى چەتتە تۇتالمىدى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، شەھەردە گويا ئوۋقىيادىن ئۈركۈگەن قۇشتەك دەككە - دۈككىدە يۈردى. تۈنۈگۈن ئۇ قۇتقۇلدۇرۇپ قويغان ھېلىقى ئىبرانىي يەنە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تۈيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئەيىبلىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ياردەم قىلاي، دەپ تۇرۇۋىدى، ھېلىقى ئىبرانىي مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەمدى مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن رەھىم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن ھېلىقى ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ ياخشى ئادەم بولۇشنى ئويلىماي، جاھانغا زومىگەر بولۇۋالماقچىمۇ؟ — دېدى.

پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى تۈنۈگۈنكى ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقالماي، قاتىلنىمۇ تاپالماي يۈرەتتى، بۇ دەلىل - ئىسپاتلىق ئەيىبلەشنى ئاڭلاپلا، ھېلىقى ئىبرانىينىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئىبرانىي ئەھۋالنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېيتىپ بەردى. پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى دەرھال توپلىنىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تېپىپ قىيما - چىيما قىلىۋەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئاللانىڭ رەھىم - شەپقىتى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بىر ئادەم شەھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي مۇسا، ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى، — دېدى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دەرھال شەھەردىن چىقىپ، ئەقىل ئىگىسى كۆرسەتكەن يەرگە كېتىشكە ئۈندىدى.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىيەنگە بېرىشى

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە شەھەردىن قېچىپ چىقتى - دە، ئەزگۈچىلەر قوغلۇق - شۇملۇق بىلەن ئۇنى سۈرگۈن قىلىدىغان جايغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇ مەدىيەن دۆلىتى تەرەپكە قاراپ سەككىز كېچە يول يۈردى، يول ئۈستىدە ئاللانىڭ خەيرخاھلىقىدىن باشقا، ئۇنىڭغا يار - يۆلەكتە بولغۇدەك بىرمۇ ئادەم چىقمىدى؛ ئاللانىڭ نۇرىدىن باشقا، ھالىغا يەتكۈدەك بىرەر ھەمراھىمۇ ئېرىشەلمىدى. ئۇ ئوزۇق - تالىقان بار بولغاچقا، ئۆز - ئۆزىنى روھلاندۇرۇپ مېڭىشقىلا مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭ پۇتىدا ئاياغ يوق ئىدى، تاپانلىرى قاپىرىپ تېشىلىپ كەتتى، قورسىقى ئېچىپ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كەتتى.

ئۇ مۇشۇنداق مېڭىۋېرىپ، ئاخىر پىرئەۋننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئۇ مەدىيەن دۆلىتىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى، يولدا بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ بىر قۇدۇقنىڭ سۈيىنى تالىشىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتتى. ئىككى قىز ئۆز قويلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ قويلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىدىن قورقۇپ قويلىرىنى ھاي - ھۇيلاپ تۇراتتى.

بۇ قىزلار ئاشۇ ئادەملەر سۇغا تويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن قۇدۇق بېشىغا كېلەلەيتتى.

ئاللا پەيغەمبەرنى غەزەپلەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئادالەتنى ياقلاپ، ئاجىزلارنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى ئىككى قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلاردىن:

— سىلەر نېمە ئىش قىلماقچى ئىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— بىز بۇ قىستاڭچىلىقتىن قورقتۇق، — دېيىشتى ئىككى قىز، — بۇ چارۋىچىلار كېتىشكەندىن كېيىن، ئاندىن مالىرىمىزنى سۇغىرالايمىز. دادىمىز قېرىپ ماڭالماس بولۇپ

www.aima.cn

قالدى . بۇ ئىشقا بىز كەلمەي نېمە ئىلاج !

مۇسا ئەلەيھىسسالام قىلچە ئىككىلەنمەستىن بۇ ئىككى قىزنىڭ چارۋىلىرىنى سۇغىرىشقا ياردەملەشتى ، ئاندىن سايىگە بېرىپ ، دۇرۇت ئوقۇپ ، ئاللادىن موھتاجلىق ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان بۇ كەمبەغەللەرگە ھېمداشلىق ۋە سىلى - رەھىم قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى .

ئىككى قىز پادىلىرىنى ھەيدەپ ئۆيىگە ئادەتتىكى كۈندىن بالدۇر قايتتى . دادىسى ئۇلاردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋىدى ، ئۇلار بولغان ئەھۋالنى ئەينەن بايان قىلىپ بەردى . بوۋاي شۇ زامات ئاللادىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مېھىر - شەپقەت تىلىدى . بوۋاي بىر قىزنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . قىز مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوڭايسىزلانغان ھالدا :

— دادام سىزنىڭ قويلىرىمىزنى سۇغىرىشقا ياردەملەشكەنلىكىڭىزگە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆيىمىزگە چاقىردى ، — دېدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام قىز بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردى . ئۆيدىكىلەر ئۇنى ھۆرمەتلىدى ، سەمىمىي كۈتۈۋالدى . مۇسا ئەلەيھىسسالام خۇشال بولۇپ كۆڭلى ئېچىلغان ھالدا ، ئۆزى ھەققىدىكى ئىشنى بوۋايغا ئېيتتى . بوۋاي ئۇنىڭغا :

— قورقما ، سەن ئەمدى ئۇ نائىنساپنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇڭ ، — دەپ تەسەللى بەردى .

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىشى

مېھىر - شەپقەتلىك بۇ بوۋاينىڭ ئۆيىدە تۇرغاندىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى . بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، بوۋاي بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ

قەلبىدە بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش ، سەمىمىي ـ ساداقەت ئۇرغۇيتتى ، ئوخشاش خۇسۇسىيەت ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە مېھرىبان قىلىۋەتكەنىدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاق كۆڭۈل ئىدى ، ئاللا ئۇنىڭغا توغرىلىق ، ئادىللىق ، مېھرىبانلىق ئاتا قىلغانىدى . شۇ ۋەجىدىن ، ئۇ بوۋاينىڭ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى . قىزلارنىڭ قەلبىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشتىياق قوزغىلىپ قالدى . ئۇلار ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ، ساددا ـ سەمىمىيلىكىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى ، شۇڭا دادىسىغا :

— دادا ، سىز ئۇنى ئىشقا ياللىۋالسىڭىزچۇ ! قاۋۇل ، سەمىمىي ئادەم ئەڭ ياخشى ئىشلەمچى بولالايدۇ ، — دېيىشتى .

بوۋاي قىزلىرىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، بۇ گەپلەرگە ئېتىبارسىز قارىماي ، مۇساغا چوڭراق ئۈمىد باغلىدى . بوۋاي سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— ئى مۇسا ، مەن ئىككى قىزىمدىن بىرىنى ساڭا بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن ، سەن ماڭا ياردەمچى بولغىن ، ھىممىتىمگە ئېرىشىپ ، پادىلىرىمنى باققىن . مەن سەندىن ماڭا سەككىز يىل ياردەمدە بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن ، ئەگەر سەن يەنە تېخىمۇ ئۇزۇنراق ياردەم قىلالىساڭ ، مەسىلەن ، ئىككى يىل دەپ ئېيتايلۇق ، ئۇنداقتا ، سەن ناھايىتى زور ساۋابلىق ئىش قىلغان بولىسەن ، مەن قىزلىرىمنى ساڭا بېرىشكە رازى ، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى مەجبۇرلىيالمايمەن . مۇبادا ئاللا خالىسا ، بىز سەمىمىي دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز .

ئەينى چاغدا ، مەديەن دۆلىتىدىكى مۇسا ئەلەيھىسسالام بارارغا ماكانى يوق ، يات ئەلدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن مۇساپىر ئىدى ، ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقانىسىز ، تولىمۇ مىسكىن ئۆتەتتى . شۇڭا ، ئۇ بوۋاينىڭ تەلىپىنى ئاڭلاش بىلەنلا گويا شېرىن مەي ئىچكەندەك بىردىنلا شادلاندى ـ دە ، دەررۇ بوۋايغا :

— ئــى شەپقەتلىك مەۋلانىم ، سىزگە ھەمراھ بولۇش مەن ئۈچۈن بەخت ، سىزگە ياردەمدە بولۇش مەن ئۈچۈن خۇشاللىق ، سىزگە مەدەتكار بولۇش مەن ئۈچۈن پەخىرلــىنــەرلــىــك ئىش ، — دېدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆنى ئوبدان ئۆتتى ، ئۇنىڭ ھايات دەرىخــىــنــىــڭ ئــۇمــىــد شاخلىرى كۆكىرىشكە باشــلــىدى . ئــۇ ئەتىگەندىن - كــەچــكــىــچە بوۋاينىڭ ئىشلىرىنى چەبدەسلىك بىلەن بــاشــقــۇراتتى ، ئۇ سەمىمىي ، ئىشەنچلىك ۋە تەدبىرلىك ئىدى . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ بوۋاينىڭ بىر قىزى بىلەن توي قىلدى . بوۋاي ئەڭ ياخشى قويلىرىنى قىزىنىڭ تويلۇق مېلى قىلدى .

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، مۇسا ئەلەيھىسسالام يــۇرتــىنى سېغىنىشقا باشلىدى ، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىشى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى .

ھەرنە بولسۇن سۆيمەن ئۆز ۋەتىنىمنى ،
بولمىسۇ گەر ئۇندا بەزى سەۋەن - ئىللەت .
سۆيى گەرچە بولمىسىمۇ تاتلىق ئۇنىڭ ،
سۆيمەن ۋەتىنىمنى دىلدىن ئەبەد .

مــۇســا ئــەلــەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى مىسىرغا قايتىش قــارارىــغــا كــەلدى . ئۇلار يۇك - تاقلىرىنى تېڭىپ ، ئايرىلىشقا قىيىنغان ھالدا بوۋاي بىلەن خوشلاشتى . بوۋاي ئۇلارغا ئاقىول تىلەپ دۇئا قىلدى . ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن جەنۇب تەرەپكە قاراپ يول ئېلىپ ، تۇر تېغىغا كەلگەندە يولدىن ئېزىقىپ كەتتى . ئۇلار بەكمۇ دىققەت بولۇپ ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغاندا ، ئاللا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا غەمخورلۇق قىلدى ، ئۇنى ئۈمىدسىز قالدۇرمىدى .

www.alma.cn

ئەگەر ئاللاتائالا ساڭا غەمخورلۇق قىلغان بولسا،
سەن خەۋپ ـ خەتەردىن ئەنسىرىمەي بەخىرامان ئۇخلا.

ئۇلار كېتىۋاتقاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئالدى تەرەپتىكى تاغ باغرىدا بىر پارچە ئوت كۆرۈندى. ئۇ خوتۇنى ۋە ھەمراھلىرىنى توختىتىپ:

— توختاپ تۇرۇڭلار، ئوت يورۇقىنى كۆردۈم. بەلكىم ئۇ يەردىن سىلەرگە يېگۈدەك بىر نەرسە ياكى چوغ ئېلىپ كېلىشىم مۇمكىن، ئۇ چاغدا سىلەرمۇ ئىسسىنالايسىلەر، — دېدى ـ دە، ئوت كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ كەتتى.

جىلغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېگىز قىيا ئۈستىدە، سۇبھى تاڭ ئالدىدا، ۋاقىت مېھىر ـ شەپقەتلىك ئاللانىڭ بۇ پەيغەمبىرىگە تەبەسسۇم ئەيلەۋاتاتتى. بىردىنلا: «مۇسا، مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللا بولىمەن» دېگەن ئاۋاز جاراڭلىدى. دەرۋەقە، ئاللا ئۇنىڭغا ئالدىن ھۆكۈم قىلىشنى ئاتا قىلغان ۋە ئۇنى ئالاھىدە مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. ھازىر ئۇ مېھىر ـ شەپقەتلىك ئاللانىڭ يەنە: «ئەي مۇسا، ئوڭ قولۇڭدا ئېلىپ يۈرگىنىڭ نېمە؟» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىختىيارى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن پەرقلەنمەيتتى. ئۇ تېخى ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ يەتكۈدەك ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەردەكلا:

— قولۇمدىكىسى ھاسا، بۇنى مەن پادا ھەيدەش، بەزىدە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىۋالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئاللا قولۇمدىكى ھاسىنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىمنى سوراۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئېھ، ئاللانىڭ قۇدرىتى چەكسىزدۇر! ئاللاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! ئاللانىڭ بۇ سوئالى ئۇنىڭغا ئېنىق يول كۆرسىتىپ بەردى.

ئاللا ئۇنىڭدىن ھاسا توغرۇلۇق سورىغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كۈتۈلمىگەن مۆجىزە نامايان بولدى، ئۇ بۇنىڭدا

ھەقىقىي روشەن دەلىل بارلىقىنى سەزدى . بۇ ئاللا ئۇنىڭغا ئالاھىدە تاپشۇرغان ۋە كۆرسەتكەن مۆقەددەس ۋەزىپە ئىدى :

ھەقنى دېسەڭ ھەر زامان كۆڭلۈڭ بولۇر شاد ـ خۇرام ،
ئاللانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش پەرزدۇر ساڭا ھامان .

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسىسىنى تاشلاش توغرىسىدا ئاللا ئەمر قىلغاندىن كېيىن ، ئۇ ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە ھاسىنى تاشلىۋەتتى . بىردىنلا ، بۇ ھاسىغا جان كىرىپ ، ھاسا سوزۇلۇپ ياتقان يىلانغا ئايلاندى . مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ قاچماقچى بولۇۋىدى ، بۇ چاغدا ئۇلۇغ ئاللادىن يەنە : «ئەي مۇسا ، قورقۇش بىھاجەت ، مېنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمدىن قورقۇشۇڭ ھاجەتسىز . » دېگەن خىتاب كەلدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوكۇملىرى ئەمەلگە ئاشتى ، چۈنكى مېھرىبان ئاللانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى تىنغانىدى . ئاللا يەنە بىر مۆجىزە كۆرسەتتى ، ئۇنىڭغا : قولۇڭنى قوينۇڭغا سېلىپ چىقار ، دەپ ئەمر قىلدى . ئۇ قولىنى قوينىغا سېلىپ چىقىرىۋىدى ، قولى ئاپئاق بولۇپ قالدى ، قولىدا ھېچقانداق كېسەللىك يوق ئىدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كۆڭۈل توختىتىپ ، پىرئەۋننىڭ پۇقرالىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مۆقەددەس ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ۋە ھەقنى تەشۋىق قىلىشقا تەييارلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، رەھىملىك ئاللا بۇ ئىككى مۆجىزە ئارقىلىق ئۆز ئەلچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەمر قىلدى . بۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ، نەرە تارتىپ ، بارلىق توغرا بولمىغان ئىشلارنى ۋە ھىدايەتكە ماڭمىغانلارنى تارمار قىلىشقا ئاتلاندى .

www.alma.cn

## ئەلچى مۇسا ئەلەيھىسسالام

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى نىل دەرياسى بويىدىكى دۆلەتتە تۇرۇپ ، قىبتلارغا[1] ۋە بەنى ئىسرائىلغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . پىرئەۋن پۇقرالارغا زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن تۈرلۈك ئالۋان ـ ياساق سالدى ؛ ئۆزىنى خۇدا دەپ ، ئاللادىن تەپ تارتماستىن ، ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەرنى ئۆزىگە چوقۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى ؛ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى بىلەن بىللە بەنى ئىسرائىلنى ھاقارەتلەپ ، ئۇلارغا ئازاب ـ كۈلپەت سالدى ؛ ئۇلارنى ئىشلەشكە مەجبۇرلىدى ؛ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد چىرىغىنى ئۆچۈردى .

پىرئەۋن قاتارلىق كىشىلەر نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ، ئېتىقادتىن يىراقلاشتى ، ھىدايەتتىن چەتنىدى .

تۈيۈق يولغا چۈشكەنلەر كەتتى بارغانسېرى يىراقلاپ ،
بولمىدى ئۇلاردىن بىرگە ئەسلا قىلچە سىيلە ـ رەھىم .

ئەمدى ئاللا ئۆزى مېھىر ـ شەپقەت ياغدۇرۇپ ، ئادالەت ھەم مەرھەمەت بۇلىقىنى ئاچقاي ! شەپقەتسىز زالىملارغا رەھىم قىلىپ ئۇلارغا نۇرلۇق پەلەمپەي تىكلەپ ، ھىدايەت يولىنى ئېچىپ بەرگەي ، ئۇلارنىڭ زۇلمەتلىك ھاڭگىنى يورۇتقاي !

ئاللا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئويغاتتى : «سەن ئىككى مۆجىزىنى ئېلىپ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنىڭ ئىچىگە بار ، ئۇ مۆجىزىلەر سېنىڭ ئورنۇڭنى كۆچەيتىدۇ . بارغىن ، ئۇلارنى "زۇلمەت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، يورۇقلۇققا باشلىغىن ، ھەقىقەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئۇنى نىل دەرياسى بويىدىكى بۇ ئەلدە لەپىلدەتكىن ؛ ئويغىتىش نۇرىنى چاقنىتىپ ، تاڭ ئالدىدىكى زۇلمەتنى قوغلىۋەتكىن .»

www.alma.cn

[1] قىبتلار — مىسىرنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاتلىنىشقا ھازىرلاندى. ئاللا ئۇنىڭ قەلبىگە ئېتىقادنى سىڭدۈرۈپ، مۆجىزە ئارقىلىق ئۇنىڭ ئورنىنى كۈچەيتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئىككى مۆجىزىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقماس بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ پىرئەۋن بىلەن كونا ئاداۋىتى بار ئىدى، ئۆتكەندە ئۇلار ئۇنى قوغلاپ ـ سۈرۈپ، ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر قىلىشقانىدى. ئۇ ۋەتىنىنى قاتتىق سېغىنغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۈمىد ئۇچقۇنى پارلىدى. گەرچە ئۇنىڭ ۋەتىنى ناھايىتى يىراقتا بولسىمۇ، ئاللا ئۇنى چاقىرماقتا، ئۇنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىمەكتە ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ھەيدىتىۋېتىلگەن يەرگە ماڭاي دەپ تۇراتتى. ئۇزاقتىن بۇيان نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنغان ئۇنىڭ ئەركىنلىك غايىسى مانا ئەمدى قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىدىغان بولدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى ئاللاغا بولغان ھۆرمەت ۋە تەۋەززۇ بىلەن تولۇپ تاشتى. ئۇ: «ئى رەببىم! بۇرۇن مەن ئۇلارنىڭ بىر ئادىمىنى ئۆلتۈرگەچكە، مەن ئۇلاردىن، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن، دەپ قورقاتتىم» دېدى. ئۇ ئاللادىن ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنى ۋە ئۆز ئورنىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈمىد قىلىپ بۇ گەپنى قىلدى. ئاللا ئۇنىڭغا ھېكمەتلىك سۆز قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرۇپ، غايىۋى يولىنى ئېچىپ، ئۇنى ئىشەنچ ۋە شادلىققا چۆمدۈردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ يارلىقى بىلەن پىرئەۋنىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ تەمكىن ئىدى، ئۆزىنىڭ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بىر مەھەل دېلىغۇل بولۇپ، چوڭقۇر ئوي ـ خىيالغا چۆمۈپ، ئاللانىڭ بېشارىتى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغىلى تاس قالدى. ئۇ گەپ قىلسا تىلى چېنىپ، راۋۇرۇس سۆزلىيەلمەيتتى. چۈنكى، زىممىسىدىكى يۈك ناھايىتى ئېغىر ئىدى، شۇڭا ئۇ ئاللاغا ئىلتىجا قىلدى: «ئى رەببىم، ماڭا كۆڭلۈمنى كەڭ تۇتۇپ، بۇ زور

ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا ئىمكان بەرگەيسەن. مېنى مۇنازىرىگە ئۇستا سۆزمەنلەردىن قىلىپ، ئاغزىمدىن چىققان سۆزلىرىمنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلغۇدەك ھالغا كەلتۈرگەيسەن. ئى رەببىم، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن ئاكام ھارۇننى ماڭا ياردەمچى قىلىپ بەرگەيسەن.»

ئاللا بۇ پەيغەمبەرنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى قوللىدى. ئاللا ئۆز ئەلچىسىنى ھۆرمەتلەيتتى، ھەقىقەت يولىدىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئاللا شۇ چاغدا مىسىردىكى ھارۇنغا بېشارەت بەردى. ھارۇن ھەقىقەتنى تەشۋىق قىلغۇچىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، دەرھال يولغا چىقىپ، تاغنىڭ ئۇڭ تەرىپىدە ئىنىسى بىلەن ئۇچراشتى.

شۇنداق قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئارقا تىرەككە ئىگە بولدى، كۆڭلىمۇ پۈتۈنلەي تىندى. ئاللا ئۇنىڭ تىلىگەنلىرىنى ئىجابەت قىلىپ بەردى.

ئاللا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى ھارۇنغا مۇنداق دەپ بېشارەت بەردى: «پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن مۇلايىم سۆزلەڭلار، ئۇنىڭغا كەڭ قورساقلىق قىلىڭلار، ئەدەپلىك بولۇڭلار. مۇئامىلەڭلەرنىڭ يۇمشاقلىقى ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئازايتىشى، خورىكىنى چۈشۈرۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭ دۆتلۈك قىلىپ سىلەرگە زەربە بېرىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۇنىڭ ھىيلە - مىكىر، قۇۋلۇق - شۇملۇق ئىشلىتىشىگە ئىمكان بەرمەڭلار، ئۇنى ئۆز تەختىدىن ئەنسىرەتمەڭلار، ئۇنىڭ بىلەن توقۇنۇشۇپمۇ قالماڭلار.»

دىيانەتلىك، ئەدەپلىك بولۇشنى ئالەمنىڭ ئىگىسىدىنمۇ بەك سۆزلىيەلەيدىغان، سۆزدە ئۇنىڭدىنمۇ مۇلايىم، سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق كىم بولسۇن؟

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى باققان ئەمەسمىدى؟ شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سۆزدە مۇلايىم، سىلىق بولۇشى كېرەك.

www.alma...

«ئەي مۇسا! — دېدى ئاللا، — سەن ئاكاڭ بىلەن بىللە

مېنىڭ ئالامەتلىرىمنى ئېلىپ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئارىسىغا بېرىپ ئۇلارغا ئاستا ـ ئاستا تەشۋىق قىل، ئۇنىڭغا: بىز سېنىڭ ئىگەڭنىڭ ئەلچىلىرى، دەپ ئېيت، ئۇنىڭدىن خورلانغان، جازالانغان بەنى ئىسرائىلنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىل.»

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاكىسى بىلەن مىسىرغا بېرىپ، پىرئەۋنىنىڭ ئالدىغا كىردى. پىرئەۋن ئۇلارنى سەل چاغلاپ كۆزگە ئىلمىدى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن پىرئەۋن:

— سەنمۇ شۇنداق بولۇپ كېتىپسەن، مۇسا. بىز سېنى كىچىك چېغىڭدا باققان ئەمەسمىدۇق؟ ئارىمىزدا كۆپ يىللار تۇرغانىدىڭ، — دېدى.

— سەن، — دېدى مۇسا ئەلەيھىسسالام، — مېنى باققانلىقىڭنى ئاغزىڭغا ئېلىپ، مېنى ۋاپاسىزلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلەۋاتىسەن، سەن بۇنى ماڭا قىلغان ئىلتىپات دەپ قارامسەن؟ ئەجەبا، بۇ سېنىڭ دىيانەتسىزلىك قىلىش، بەنى ئىسرائىلنى قۇل قىلىشتىكى سەۋەبلىرىڭمۇ؟

پىرئەۋن ئالدىراپ:

— سەن ھەقىقەتەن ۋاپاسىز ئىكەنسەن، — دېدى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرغىباتىنى رەت قىلدى.

— مەن نېمىلا قىلغان بولاي، يولدىن ئاداشقۇچى ئىدىم، — دېدى مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنغا، — مەن سېنىڭ زوراۋانلىقىڭدىن قورققاچقا، سەندىن ئايرىلدىم، نەتىجىدە، ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا، شەپقىتىگە ئېرىشتىم. ئۇ ماڭا بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلىپ، مېنى دىن تارقاتقۇچىغا ئايلاندۇردى.

بۇ چاغدا، پىرئەۋن سۆھبەت دەرۋازىسىنى تاقىۋالدى. ئۇ ئاللاغا ئىشەنمەسلىكنى خاتا ھالدا ئامان ـ ئېسەن بولۇشنىڭ يولى، دەپ قارىدى ـ دە، بىردىنلا:

— ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمىكەن ئۇ؟ — دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

ئەگەر سەن شەيئىلەر توغرىسىدىكى ھەقىقەتكە ئىشىنىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەسىرىنى چۈشىنەلەيسەن،

www.aima.cn

مېنىڭ ئىلاھىمنىڭ ھەممىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيسەن، ئۇ يەر، ئاسمان ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، — دېدى.

پىرئەۋن غەزەپلەندى، ئەتراپىدىكىلەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن نەپرەتلىنىشكە، ئۇنى ئەيىبلەشكە قۇتراتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئەي خالايىق، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ مەن مۇسادىن ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى سوراۋاتسام، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى دەۋاتىدۇ.

— مېنىڭ پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلار، ئەجدادىڭلارنىڭمۇ پەرۋەردىگارى، مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىب بىلەن مەشرىق ئارىلىقىدىكى ھەممە مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارى. ئەگەر سىلەر بۇنى چۈشەنسەڭلار، ئەھۋالنى بىلەلەيسىلەر.

پىرئەۋن ئورنىدا ئولتۇرالماي گاڭگىراپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى - دە، قاتتىق غەزەپلىنىپ، قويقا چېچى تىك تۇردى. ئۇ مۇنازىرىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، شۇملۇق ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، ئۆز ھوقۇقىنى ھىمات قىلدى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

— ناۋادا سەن مېنى ئىلاھلىققا تاللىمايدىغان بولساڭ، زىندانغا تاشلايمەن، — دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قىلچە پەرۋا قىلماستىن، يەنىلا ئۆز تەشۋىقاتىنى تەمكىن داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— مەن ساڭا بىر دەلىل - ئىسپات كۆرسىتەي، بۇ رەت قىلىشقا بولمايدىغان ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان بىر مۆجىزە، بۇ مۆجىزە سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى بارلىق شەك - گۇمانىنى چىقىرىۋېتەلەيدۇ...

— ئەگەر ئېيتقانلىرىڭ راست بولىدىغان بولسا، قېنى، دەلىل ئىسپاتلىرىڭنى كۆرسىتىپ باق، — دېدى پىرئەۋن.

# مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈكلۈكى، يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭ توغرىلىقى بىلەن، ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ھەممىدىن ئۇلۇغ ئاللانىڭ ياردىمىگە ۋە پاناھ بولۇشىغا ئىگە ئىدى. ئۇ چاغدا قىبتلار ئىچىدە سېھىر - جادۇگەرلىك كەڭ تارقىلىپ، ئۇلار شۇ ھۈنىرى بىلەن شۆھرەت تاپقانىدى. بۇ سېھىر - جادۇچىلارنىڭ ھۈنىرى بۇرۇنمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرۈلمەيدىغان ئاجايىپ، مىسلىسىز دەرىجىگە يەتكەنىدى.

ئاللامۇ كىشىلەرگە دەل مۇشۇ جەھەتتىن مۆجىزە كۆرسىتىپ، ئۇلاردىكى ھەيرانلىق ۋە شۇبھىلىنىش ئالامەتلىرىنى چىقىرىپ تاشلىماقچى، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز ھۈنىرىگە ئوخشاش ھۈنەر بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلماقچى بولدى.

ئاللا مۆجىزىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا تاپشۇردى. بۇنداق كارامەت ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان سېھىر - جادۇغا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇنى كۆرسە ھەيرانۇھەس قالاتتى. ئاللانىڭ سۆزى چەكسىز ئۇلۇغ ۋە ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، پىرئەۋنگە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ قىلغان سۆزلىرى بولسا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق گەپتۇر. ئاللا گۇمراھلارغا ھىدايەت قىلمايدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى يەرگە تاشلىغاندا، ئاللا ھاسىغا ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچ ئاتا قىلدى - دە، ھاسا شۇ ھامان ئاقۇچ يىلانغا ئايلاندى. پىرئەۋن بۇنى كۆرۈپ قاتتىق قورققان بولسىمۇ، يەنىلا تەكەببۇر قىياپەتتە تۇرۇپ:

— يەنە باشقا كارامىتىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەمدى دەسمايىسى غالتەككە چىقىپ بولدى، كۆرسىتىلىدىغان مۆجىزىسىمۇ مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن بۇ پەيغەمبەر قولىنى قوينىغا سېلىپ

چىقىرىۋىدى . ئۇنىڭ قولىدىن چاقنىغان نۇر ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ ، تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ ، ئۇپۇققىچە يەتتى .

شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن زوۋانى تۇتۇلۇپ ، قايغۇغا چۆمدى . ئۇ ئۆزىنىڭ مال - مۈلۈك ۋە تەختىنى ساقلاپ قېلىشقا تەشنا بولسىمۇ ، بۇ كارامەت مۆجىزە ئالدىدا خۇدىنى يوقىتىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىيجاناب خوجايىن ، قول - چاكارلىرى نەزەرىدىكى ئىلاھ ئىكەنلىكىنى يادىدىن چىقىرىپ ، ئۇلار بىلەن بىللە مۇسا ئەلەيهىسسالامغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇشقا ، خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى . لېكىن ، يەنە ئاستىرتىن سۈيىقەست ئىشلىتىپ ، كىشىلەرنى مۇسا ئەلەيهىسسالامغا يامان كۆزى بىلەن قاراشقا قۇترىتىپ ، ساختىلىققا ۋە ئالدامچىلىققا پاك ھەقىقەت تونىنى كىيدۈرمەكچى بولدى . پىرئەۋن قۇتراتقۇلۇق بىلەن :

— ئى خالايىق ، بۇ ئىككىسى جادۇگەرلەر ئىكەن ، ئۇلار سېھىر - جادۇ بىلەن سىلەرنى بۇ ئەلدىن ھەيدەپ چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ ، بۇنى سىلەر قانداق قىلىسىلەر ؟ — دېدى .

پىرئەۋنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى :

— بۇ ئىككىسىنى قاماپ قويايلى ، ئاندىن جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ، ھەممە جادۇگەرلەرنى بۇ يەرگە كەلتۈرەيلى ، — دېيىشتى .

بۇ گەپ دەل پىرئەۋنىنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى . ئۇ تازىمۇ بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا ، بىردىنلا بۇ ساختا گەپكە چىڭ ئېسىلىۋالدى - دە ، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى مۇشۇ يوقىلاڭ گەپكە باغلىدى .

پىرئەۋن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ، تەرەپ - تەرەپتىن جادۇگەرلەرنى چاقىرتىپ كەلدى . ئۇ تەختىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى ، گۇمانخورلۇق ، ۋەھىمە ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىغىنىدا ئىختىيارسىز تىترەپ كېتەتتى . ئۇ ئېھتىياتچانلىق ، ئەمما قۇۋلۇق بىلەن مۇسا ئەلەيهىسسالامغا :

www.alma.cn

— ئى مۇسا ، سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭ جادۇگەرلىك قىلىپ ، بىزنى ئۆز دۆلىتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئىكەن ـ دە ! — دېدى .

پىرئەۋننىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ ، بىئاراملىق ۋە تاقەتسىزلىك ئىچىدە قالدى . ئۇ ئۆتكەندە ئۆزىنى قالتىس دانىشمەن چاغلاپ ، ھېچنېمىنى كۆزگە ئىلمىغان ئەۋلىيا ئەمەسمىدى ؟ كۈچ ـ قۇدرەتلىك ، سۈر ـ ھەيۋەتلىك پادىشاھ ئەمەسمىدى ؟ مانا ئەمدى ئۇ ئاللا تەرىپىدىن سىرلىق كۈچ ئاتا قىلىنغان بىر ئاددىي كىشى ئالدىدا مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى .

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا :

— بىز بىر كۈننى بېكىتەيلى ، سەنمۇ لەۋزىڭدىن يېنىۋالما ، بىزمۇ ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلمايمىز ، — دېدى .

— سەن بېكىتكەن ئۇ كۈن ھېيت كۈنى بولسۇن ، — دېدى مۇسا ئەلەيھىسسالام ، — كىشىلەر زامانغا لايىق ياسىنىپ بىر يەرگە جەم بولسۇن ، ئۇ كۈن ھەقىقەت دۇنياغا ئاشكارا بولىدىغان كۈندۇر .

پىرئەۋن جىمى جادۇگەرنى شۇ كۈنگە ئۈلگۈرتۈپ ئەكېلىش ئۈچۈن ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ جىددىي ھەرىكەتلەندى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئازراق ئۈمىد ساقلىنىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۆز تەختىگە ھېرىسمەنلىكى ئۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ئېلىشىپ كۆرۈشكە ھەمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرغىباتى ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە ئۈندەيتتى . لېكىن ، توزۇغان توپا ـ چاڭنىڭ ئاسماندىكى قۇياشنى توسۇۋېلىشى تەس ، ئەلۋەتتە ! ھىدايەتتىن ئايرىلغان تەختنىڭ ھەققانىيەت كۈچىنى ئاجىزلىتىمەن ، دېيىشى خۇددى تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك ياكى دەرەخ بېشىدىن بېلىق ئىزدىگەندەك ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش .

مۇسا ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن جادۇگەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى :

— مۇبادا سىلەر ئاللانى كەمسىتىدىغان بولساڭلار ، ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ھالاك قىلىسىلەر . سىلەر ئاللانىڭ

www.alma.cn

— ئى مۇسا ، سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭ جادۇگەرلىك قىلىپ ، بىزنى ئۆز دۆلىتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئىكەن ـ دە ! — دېدى .

پىرئەۋننىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ ، بىئارامىلىق ۋە تاقەتسىزلىك ئىچىدە قالدى . ئۇ ئۆتكەندە ئۆزىنى قالتىس دانىشمەن چاغلاپ ، ھېچنېمىنى كۆزگە ئىلمىغان ئەۋلىيا ئەمەسمىدى ؟ كۈچ ـ قۇدرەتلىك ، سۈر ـ ھەيۋەتلىك پادشاھ ئەمەسمىدى ؟ مانا ئەمدى ئۇ ئاللا تەرىپىدىن سىرلىق كۈچ ئاتا قىلىنغان بىر ئاددىي كىشى ئالدىدا مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى .

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا :

— بىز بىر كۈننى بېكىتەيلى ، سەنمۇ لەۋزىڭدىن يېنىۋالما ، بىزمۇ ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلمايمىز ، — دېدى .

— سەن بېكىتكەن ئۇ كۈن ھېيت كۈنى بولسۇن ، — دېدى مۇسا ئەلەيھىسسالام ، — كىشىلەر زامانغا لايىق ياسىنىپ بىر يەرگە جەم بولسۇن ، ئۇ كۈن ھەقىقەت دۇنياغا ئاشكارا بولىدىغان كۈندۇر .

پىرئەۋن جىمى جادۇگەرنى شۇ كۈنگە ئۈلگۈرتۈپ ئەكېلىش ئۈچۈن ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ جىددىي ھەرىكەتلەندى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئازراق ئۈمىد ساقلىنىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۆز تەختىگە ھېرىسمەنلىكى ئۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ئېلىشىپ كۆرۈشكە ھەمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرغىباتى ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە ئۈندەيتتى . لېكىن ، توزۇغان توپا ـ چاڭنىڭ ئاسماندىكى قۇياشنى توسۇۋېلىشى تەس ، ئەلۋەتتە ! ھىدايەتتىن ئايرىلغان تەختنىڭ ھەقىقانىيەت كۈچىنى ئاجىزلىتىمەن ، دېيىشى خۇددى تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك ياكى دەرەخ بېشىدىن بېلىق ئىزدىگەندەك ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش .

مۇسا ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن جادۇگەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى :

مۇبادا سىلەر ئاللانى كەمسىتىدىغان بولساڭلار ، ئۇزۇڭلارنى ئۆزۈڭلار ھالاك قىلىسىلەر . سىلەر ئاللانىڭ

www.alma.cn

مۆجىزىسىنى سېھىر - جادۇ دەۋالدىڭلار . سىلەر پىرئەۋنگە پارلاق يورۇقلۇقنى ۋە دەلىل - ئىسپاتلىق ھەقىقەتنى بىلدۈرمەستىن، ئەكسىچە، سېھىر - جادۇ ئىشلىتىش ئارقىلىق مېنى باش ئېگىشكە مەجبۇرلىماقچى بولدۇڭلار . ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار ! كىمكى ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىكەن، ئۇنىڭ كۆتكىنى ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، چوقۇم گۇمران بولىدۇ .

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ھەققانىي سادا سۈپىتىدە جادۇگەرلەرنى لەرزىگە كەلتۈردى ۋە ئۇلارنى غاپىللىقتىن ئويغىنىپ، ساختىپەزلىكنى تاشلاپ، ھىدايەتنى ئېنىق تونۇۋېلىشقا دەۋەت قىلدى .

جادۇگەرلەر پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىرىمۇ قېپقالماي تولۇق مەيدانغا چۈشتى، قوللىرىدا بىردىن ئارغامچا، بىردىن كالتەك تۇتۇشقان بىرەر مىڭدەك جادۇگەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھەيۋە قىلىشتى، تېخى ئۇنىڭ ئاكىسى ۋە تاماشىبىنلارغىمۇ پوپوزا قىلىشتى .

پىرئەۋن ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھەدەپ ۋارقىراپ، سېھىر - جادۇگەرلەرنى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، قوي قۇربانلىق قىلىدىغان چاغدا[①] كاتتا تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتتى .

كىشلەردە، جادۇگەرلەر غەلىبە قىلىسىكەن، دەيدىغان ئۈمىد بارغانسېرى ئۆلغايدى . ئۇلار نادان، بىخۇد بولغاچقا، توغرا پىكىر قىلالمايتتى .

جادۇگەرلەر قىنىغا پاتمىغان ھالدا كۆرەڭلىشىپ پىرئەۋننىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇلار ئۆزلىرىچە جەڭ مەيدانىدىكى قەھرىمانلار، بەيگىدىكى ئارغىماقلار ئىدى، كىشلەرنىڭ ئۈمىدى ئاشۇلاردا ئىدى .

— ئەگەر بىز غالىب كەلسەك، بىزگە ھەق بېرەمسەن؟ — دېدى ئۇلار پىرئەۋنگە .

www.alma.cn

① قۇربان ھېيتنىڭ چۈشتىن ئىلگىرىكى ۋاقتى دېمەكچى .

— ھەق بىرىمەن ، ئاياللارىڭمۇ سوۋغات قىلىمەن ، — دېدى
پىر ئەۋن ، — مېنىڭ قانات ئاستىمدا راھەت - پاراغەتتە ياشايسىلەر ،
شان - شۆھرەت ، دۇنيا - دۆلەتكە ئىگە بولىسىلەر ، چۈنكى سىلەر
كۈچۈمگە كۈچ قوشتۇڭلار !

جادۇگەرلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭۈل توختاتتى ۋە پىر ئەۋنغا
قەدەھ تۇتتى ، ئاندىن ئۇلار مەيدانغا چىقىپ مۇسا
ئەلەيھىسسالامدىن :

— ئەي مۇسا ، ھۈنەرنى ئاۋۋال سەن كۆرسىتەمسەن ياكى
بىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سېھىر - جادۇسىغا پىسەنت
قىلمىدى ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىمۇ مەنسىتمىدى . ئۇ ئالدى بىلەن
ئۇلارنىڭ ھۈنەر كۆرسىتىشىگە قوشۇلدى . ئارقىدىنلا ئاللا ئۇنىڭ
قۇدرىتىنى كۆرسەتمەكچى بولدى .

جادۇگەرلەر ئالدىغا بىر ئۇچۇم قولىدىكى نەرسىلىرىنى يەرگە
تاشلىۋىدى ، بۇ نەرسىلەر بىردىنلا ۋىشىلداپ كېتىۋاتقان يىلانغا
ئايلاندى . مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ، كىشىلەر
بۇنداق ساختا ھادىسىدىن قايمۇقۇپ كېتەرمۇ ، تەرغىباتىمغا تەسىر
يېتەرمۇ ، دەپ ئەنسىرەپ ، ئىختىيارسىز كۆڭلى سوۋۇپ
مەيۈسلەنگەندەك بولدى ، لېكىن ئاللا ئۇنى قوغدىماقتا ، ئۇنىڭغا
غەمخورلۇق قىلماقتا ئىدى . ئاللا ئۇنىڭغا شۇنداق خىتاب قىلدى :

— سەن قورقما ، سېنىڭ كۈچ - قۇدرىتىڭ ئەڭ چوڭ ،
ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىگە پىسەنت قىلما ، قولۇڭدىكى ھاسىنىڭ
كۈچ - قۇدرىتى ئەڭ چوڭ ، ئۇنى تاشلىغىن .

ئاللانىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ
ھاسىسى جادۇگەرلەر سېھىر بىلەن پەيدا قىلغان چوڭ يىلاننى
بىردىنلا دەم تارتىپ يۇتۇۋەتتى . جادۇگەرلەر ئىغۋا تېرىپ مۇسا
ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت چاپلاشتى ھەم ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىشتى ،
ئاخىر ئالدامچىلىقنى ئىشقا ئاشۇرالماي لەت بولۇشتى .

www.alma.cn

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يەرگە تاشلىغان ھاسىسى

جادۇگەرلەرنىڭ ساختا نەرسىلىرىنى بىر - بىرلەپ دەم تارتىپ ، ئۇلارغا ئاجايىپ بىر مۆجىزە كۆرسەتتى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇيۇق يول ئىچىدە تۇرۇپ ھىدايەتنى ، ھەقىقەتنى ئېنىق تونۇۋالدى . جادۇگەرلەر يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ، ئىلگىرىكى قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ، ھەقىقەتكە تەن بېرىپ ، بايىقى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشكە ھەيرانۇھەس بولۇشتى .

پىرئەۋننىڭ قەلبىدە بىردىنلا ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ ئۇرغۇدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەسلىدە ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى كۈچەيتمەكچى ئىدى . بىراق ، كۈتۈلمىگەندە چىققان قارا بوران ئۇنىڭ ساختىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان سەلتەنەتلىك تەختىنى ئۆرۈۋەتتى - دە !

پىرئەۋن ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ، تارتقان ئىزا - ئاھانەتنىڭ ئابىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ، جادۇگەرلەرگە مۇنداق دېدى :

— سىلەر ئۇنىڭغا ئىشىنىۋاتامسىلەر ؟ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنماقچى بولۇۋاتامسىلەر ؟ مەن تېخى ئۇنىڭغا قايىل بولمىدىم . سىلەر ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ قويغانمىدىڭلار ؟ سىلەرگە سېھىرگەرلىكنى ئۆگەتكەن ئۇستا شۇ ئىكەن - دە ، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈشۈۋېلىپ يۈرىكىڭلارنى قاپتەك قىلىپ ، مەن يول قويغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتتىڭلار . سىلەر ئۆز ۋەدەڭلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىڭلار . مەن سىلەرنىڭ سول قولۇڭلار بىلەن ئوڭ پۇتۇڭلارنى كېسىپ تاشلاپ ، سىلەرنى خورما دەرىخىگە مىخلايمەن ، سىلەرگە جازا بېرىمەن . چۈنكى سىلەر مېنىڭ ئىلتىپاتىمغا ناۋاپالىق قىلىپ ، قانۇنۇمنى بۇزدۇڭلار . مەن پاكىت ئارقىلىق سىلەرگە كۈچ - قۇدرىتىمنى ، يامانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قوياي !

لېكىن ، ئىمان كەلتۈرگەن بۇ ئادەملەر ئېتىقاد كۈچى ۋە ئالدىن قىلىنغان ھۆكۈم بىلەن مەھكەم بىرلەشكەنىدى . ئاللا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن ساختىلىق ۋە ئەپسانىلىكنى چىقىرىپ تاشلاپ ، ئۇلارنى توغرا يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىدى . ئۇلار پىرئەۋنگە دېدى :

www.alma.cn

سېنىڭ ماڭغان يولۇڭ بىلەن ماڭساق بىزگە پايدىسى يوق ، سېنىڭ نەپسىڭنى قاندۇرساقمۇ ، ئۇنىڭ بەدىلىگە سەندىن نەپ ئالالمايمىز . بىز ئەمدى سېنىڭ ئۆزۈڭنى شانلىق قۇياش ۋە دەلىل - ئىسپاتلىق ھەقىقەت ئۈستىگە قويۇشۇڭغا يول قويالمايمىز . سەن بىزگە ئادەم قورقۇتىدىغان يوغان گەپلەرنى قىلالىساڭمۇ ، بىزگە خالىغانچە تەھدىت سالالىساڭمۇ ، بۇ قىلغانلىرىڭ سېنىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىڭنىلا بىلدۈرىدۇ ، خالاس . بىز ئۆز ئېگىمىزگە ئىشىنىمىز ، ئۇنىڭدىن بىزنى سېنىڭ زۇلمۇڭغا دۇچار قىلماسلىقىڭنى تىلەيمىز . ئاللا ئەڭ رەھىملىكتۇر .

## پىرئەۋننىڭ تەرسالىقى

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى . ئىككى خىل ئوي - پىكىر ئۇنىڭ قەلبىدە كەسكىن ئېلىشماقتا ئىدى ، ئاخىر تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئارزۇسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى - دە ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن تاكى كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تۈگەتكۈچە قەتئىي ئېلىشىش نىيىتىگە كەلدى . بۇ ئېلىشىش ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيتتى . ھوقۇقلۇق بىر ئەرباب قانداقمۇ بۇنچە زور بايلىق ۋە شان - شۆھرەت ئۈچۈن كۆرەش قىلمىسۇن ؟ ئۇ بۇ ئېلىشىشنى ئاللاغا ئىشەنمەسلىكنىڭ قۇتراتقۇلۇقىدا داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى . ئۇ تەختىنى تارتىۋېلىشقا كەلگەن بۇ يات ئادەمنى تىز پۈكتۈرمەكچى ئىدى . ئۇ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە ئۆز پۇقرالىرىنى رازى قىلماقچى بولاتتى . ئۇنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئۇنىڭغا :

— سەن مۇسانىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ماكانىمىزنى بۇزۇشىغا ، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىقىڭنى دەپسەندە قىلىشىغا يول قويامسەن ؟ — دېدى .

www.alma.cn

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پىرئەۋن قاتتىق غەزەپلىنىپ ، ئاغزىنى

بوزۇپ ئۆز تەرەپدارلىرىغا :

— بىز ئۇلارنىڭ ئوغۇل باللىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، قىز باللىرىنى قالدۇرايلى ، — دېدى . ئارقىدىنلا پىرئەۋن ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى تەپ تارتماستىن ھاقارەتلىدى ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى . ئىمان كەلتۈرگۈچىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئاللاغا ئىمان كەلتۈرمىگەن بۇ ياۋۇز زومىگەرنىڭ بوزەك قىلىشىدىن ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلدى . ئۇلار :

— ئى مۇسا ، سەن بۇ يەرگە كېلىشنىڭ ئالدى - كەينىدىمۇ بىز ھەممىمىز دەپسەندە قىلىنغانىدۇق ، — دېيىشتى . مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىكنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىنى تىنچىتتى ، ئۇلارغا ياردەملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خاتىرجەم قىلدى . مۇسا ئەلەيھىسسالام :

— ئاللادىن ياردەم تىلەيلى ، سەۋر قىلىڭلار ، يەر - زېمىن ئاللاغا مەنسۇپ ، كىمكى ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدىكەن ، ئۇ يەر - زېمىنغا ئىگە بولالايدۇ ، ئاللاغا ئىخلاس قىلغانلار ياخشىلىققا ئېرىشەلەيدۇ ، — دېدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىپ ، ئۆز خەلقى ئۈچۈن نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرەتتى . ئۇنىڭ ئېتىقادى قەتئىي ، كۆكسى - قارنى كەڭ ئىدى .

پىرئەۋن ئاخىر ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش يارلىقىنى چىقاردى . بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياسىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئەڭ ئاددىي چارىسى ئىدى . ئۇ ھەقىقەتەن ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ ، قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى . پىرئەۋن تەرەپدارلىرى ئارسالدى بولۇپ قالدى ، ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئۇلارغا ئاللا كۆزىنى روشەنلەشتۈرگەن بىر كىشىنى كۆرسەتتى . بۇ كىشى خالايىققا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنىڭ زىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ ، خىلمۇخىل باھانە - سەۋەبلەرگە رەددىيە بەردى ، كىشىنى قايىل قىلارلىق نۇرغۇن دەلىل - ئىسپاتلارنى مىسال

www.alma.cn

قىلدى.

بۇ كىشى مۇنداق دېدى:

— ئى خالايىق، سىلەر شۇنداق بىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىلەركى، ئۇ ئاللا ئەۋەتكەن ئەلچىدۇر. ناۋادا ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولسا، ئۇنى يالغانچىلىق قىلغان جىنايىتى ئۈچۈن جازالاش كېرەك؛ ئەگەر ئۇ سەممىي - راستچىل يىگىت بولسا، ئەلۋەتتە، ئادىل مۇئامىلىگە ئېرىشىشى كېرەك. ئاللا ئالدامچىنى، بىزنىڭ تىرىكچىلىكىمىزنى ۋەيران قىلغۇچىنى بۇ يەرگە ئەۋەتمەيدۇ.

پىرئەۋننىڭ خىيش - ئەقرىبالىرىدىن بىر مۆمىن كىشىمۇ خەقلەرنى ئاللانىڭ قۇدرىتىگە دىققەت قىلىشقا ئاگاھلاندۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئى خالايىق، مەن سىلەردىن غەم قىلىۋاتىمەن، سىلەرنىڭ مەھشەرگاھدا نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاد، سەمۇد قوۋمىدىكىلەردەك ئاقىۋەتكە قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئاللا ئۆز ئېتىقادچىلىرىغا ئەرزىيەت يەتكۈزۈشنى راۋا كۆرمەيدۇ. ئى خالايىق، مەن سىلەرنى قىيامەت قايىم بولغاندا، ئاللانىڭ پاناھىغا ئېرىشەلمەسمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. كىمكى ئاللانى ئالدايدىكەن، ئۇ ھىدايەت تاپالمايدۇ. بۇرۇن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام سىلەرگە دەلىل - ئىسپات ئېلىپ كەلگەندە، سىلەر گۇمانلانغانىدىڭلار؛ ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بەلكىم سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئاللا يەنە ئەلچى ئەۋەتمەيدۇ، دېگەن بولاتتىڭلار. كىمكى گەپنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىكەن ياكى گۇماندا بولىدىكەن، ئۇ توپۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ.

پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى مۇشۇ ھالدىمۇ ئىمان ئېيتىشنى رەت قىلدى، بۇ ئادەمنى ئالدامچى، دەپ تىللاشتى، ئۇنىڭدىن ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىشتى. بۇ ئادەم دېدىكى:

— ئەي خالايىق، مەن سىلەرنى قۇتۇلدۇراي دەۋاتسام سىلەر مېنى دوزاخقا كىرىشكە، ئاسىيلىق قىلىشقا، قىلچە ئەھمىيىتى يوق

www.alma.cn

كۆپ خۇدالىق دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۈندەۋاتىسىلەر. مەن يەنىلا سىلەرنى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ كىشىگە ئەگىشىشكە چاقىرىمەن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە سىلەر دۇئا ـ تىلاۋەتنى ياقتۇرمايسىلەر، ئەمما بىز ھەممىمىز ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارىمىز. ھەقىقەتنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكى كىشى دوزاخنىڭ ھەمدوستى بولىدۇ. ئۇ چاغدا، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئەسلىشىڭلار مۇمكىن. مەن ئۆزۈمنى ئاللاغا تاپشۇرىمەن. ئۇ ئېتىقاد قىلغان كىشىنى تونۇيدۇ.

كىشىلەر ئامالسىز قالدى. ھېلىقى ئادەم ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا قاراشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەخمىقانە خام خىياللىرىنى پاش قىلدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قاراشتى، تېخى ئۇنى دۆت دېيىشتى، ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. لېكىن، ئاللا ئۇنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى ۋە زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. بۇ ھال پىرئەۋننى قاتتىق ئازابلىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام داۋاملىق تەشۋىق قىلدى، ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى ۋە تەھدىت سالالمىدى. ئۇ پىرئەۋندىن ئاللاغا ئېتىقاد باغلاپ، ئالەمنى ياراتقۇچىنىڭ ئىلكىگە قايتىپ، بەنى ئىسرائىللارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ ھەقتىكى سۆزلەر جىددىي ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نائىنساپ زالىم ئېزىتقۇ پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇنغىچە ھوشىنى تاپمىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھىدايەتتىن چەتنەپ كەتكەن تۈرلۈك ئادەملەرنى يىغدى، ئۇلار ئىتائەتمەنلىككە ئادەتلەنگەنىدى، خورلۇقتا ياشاش ۋە قۇل بولۇش بىلەن قانائەتلىنەتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۇلارنى ئويغاتتى، ئۇلارنىڭ ھىدايەتتىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى ۋە قارا يۈز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى:

— ئى خالايىق، ئەجەبا، مىسىر ماڭا مەنسۇپ ئەمەسمۇ؟ بۇ دەريالار ئايىغىم ئاستىدىن ئېقىپ كېتىۋاتامدۇ؟ ئەگەر پىرئەۋننىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل ـ ماللىرى بولمىغان بولسا، پەرىشتىلەر

www.aimi.cn

بەرگەن خوتۇنى بولمىغان بولسا، بۇ ئادەم مەندىن كۆپ تۆۋەن تۇرمامتى؟ ئاشۇ گۇمراھلار ئۇنىڭ زالىملىقى ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ بېرىدىغان، باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشتا قامچا بولۇپ بېرىدىغان غالچىلاردۇر.

پىرئەۋن يەنىلا ئۆكتەملىك قىلىپ، ھەقىقەتنى ساختا گەپلەر بىلەن بۇرمىلىدى، ھەتتا ئۇ كۇندۇزدىكى يورۇقلۇقنىڭ قۇياشتىن كېلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. ئەھۋال ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، پىرئەۋن بەنى ئىسرائىلغا بولغان زىيانكەشلىكىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

ئۇلۇغ ئاللا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنىڭ ئاللاغا ئىشەنمىگەنلىكىنىڭ ۋە بەنى ئىسرائىلغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىگە جاۋابكار بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ قويۇش توغرىسىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پەرمان چۈشۈردى.

ئاللا ئۇلارنى جازالاشقا باشلىدى: ئۇلارنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل بايلىقى بارا ـ بارا ئازلاپ كەتتى؛ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان نىل دەرياسىنىڭ سۈيى بارا ـ بارا تۈگەپ كەتتى؛ ئۇلار يەرلىرىنى سۇغىرىشقا سۇ تاپالمىدى، ئوخشىغان زىرائەتلەرمۇ قۇرۇپ، ھوسۇلى بىراقلا كېمىيىپ كەتتى؛ ئارقىدىنلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەلكۈن پەيدا بولدى، كەلكۈن ئۆزۈنىچە پەسلىمەي، زىرائەت ۋە چارۋىلارنى نابۇت قىلدى؛ چېكەتكىلەر پەيدا بولۇپ مېۋە ـ چېۋە، گۈل ـ گىياھلارنى يەپ قۇرۇتتى؛ ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى پىت بېسىپ، قىچىشتۇرۇپ، ئۇخلىغىلى قويمىدى؛ پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى ئۇلارغا ئارام بەرمىدى؛ ئۇلار ئەمدىلا بىر يەرگە يىغىلىپ غىزالىناي دېگەندە، ئاللا ئۇلارنىڭ بۇرۇنلىرىدىن قان ئاقتۇردى. بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ گۇمراھلار ئۈچۈن تېگىشلىك جازا ئىدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

— ئەي مۇسا، بىز ئۈچۈن ئىگەڭدىن تىلىسەڭ، بىز شۇنداق ۋەدە بېرىمىزكى، ئەگەر سەن بىزنى ئازابتىن خالاس قىلساڭ، بىز سېنىڭ تەشۋىقاتىڭغا ئىشىنەيلى، بەنى ئىسرائىلنىمۇ قويۇپ

www.alma.cc

بىرەيلى .

ئاللا ئۇلارنى ئازابتىن خالاس قىلىپ ، ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلىغانىدى . لېكىن ئۇلار ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ، گېپىدە تۇرمىدى ، ئىمان ئېيتىشنى رەت قىلدى .

## بەنى ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى

خەلقئالەم ئالدىدا بەنى ئىسرائىل توغرا بىلەن خاتانى ئېنىق ئايرىپ ، رەھىملىك ئاللانىڭ ئەلچىسىنى قىزغىن سۆيۈپ ، ئاللانىڭ مېھىر - شەپقىتى ۋە يېتەكچىلىكىگە مۇشەررەپ بولدى .

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قانداقمۇ ئېچىلمىسۇن ، ئېتىقاد بۇلاقلىرى قانداقمۇ بۇلدۇقلاپ ئۇرغۇمىسۇن !؟ ھەقىقەتنىڭ مۆجىزىسى ئاجايىپ نۇر چاچماقتا ، ئۇلار بۇنىڭغا كۆزىنى ئۇزمەي زەن قويۇپ قارىشاتتى . ئەمدى ئۇلار ئارامخۇدا تىرىكچىلىك قىلاتتى . پىرئەۋننىڭ پوپوزىسىدىن ياكى ئۇنىڭ يىرتقۇچتەك ھۆركىرىشىدىن قورقۇش بىھاجەت ئىدى . ئۇلار قىبتىلارنىڭ زېمىنىدىن ئايرىلىپ ، خاتىرجەملىككە يېتىشنى ، بۇ مۇستەبىتلەردىن نېرى كېتىشنى ئىزدەيتتى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يېتەكلەپ بەيتۇلمۇقەددەسكە كېتىۋاتقان تۈنجى كۈنى ئاخشىمى ئاللا ئۇنىڭغا تۈپتۈز ئازادە يول ھازىرلاپ بەرگەنىدى . ئۇلار ۋەھىملىك سۈرگۈنگە ئۇچراپ ھەم ئېتىقادىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ ، ئاخىر قورغاق مىسىر زېمىنىدىن ئايرىلدى . بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىردىنلا شىددەتلىك دولقۇنلاۋاتقان پايانسىز دېڭىز پەيدا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ يولىنى توستى . كىشىلەر بۇنىڭدىن تەشۋىشلەندى ، قورقتى . پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن دەمبەسقەدەم قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . پىرئەۋن ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىش كويىدا

www.alnsa.cn

ئىدى . ئۇ ئۇلارنى قاچقان قۇللار ، ئىسيانكار مالايلار ، دەپ لەشكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى توپلاپ ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . شۇ تاپتا پىرئەۋننىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارغا يېتەيلا دەپ قالغانىدى .

بەنى ئىسرائىللار بارغانسېرى تەشۋىشكە چۈشتى ، پەرىشانلىق ۋە غەم ـ قايغۇ ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ھەرىدەك چاقاتتى ، ئۆلۈم ۋە ئاپەت قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىۋاتاتتى ، پىرئەۋننىڭ تورلىرى ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئالدىدا تۇراتتى . بەنى ئىسرائىللار خۇددى پايانسىز قاقاس قۇملۇقتا قېپقالغاندەك ، پاناھ تىلەپ ئاھ ـ پەرياد قىلىشاتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشقانلارمۇ ، بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەشكەنلەرمۇ ، ئۈمىدسىزلەنگەنلەرمۇ بار ئىدى . ئاھ ـ پەرياد قىلغۇچىلار ئىچىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يارەنلىرىدىن ئىبنى نۇنەيمۇ بار ئىدى . ئۇ مۇنداق دېدى :

— ئى ئاللانىڭ مۇڭداشچىسى① ، سەن قانداق پىلانلىغانىدىڭ ؟ بىز قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر بالا ـ قازاغا دۇچ كېلىپ قالدۇق . ئالدىمىزدا پايانسىز دېڭىز ، ئارقىمىزدا مۇدھىش دۈشمەن ، ئەمدى بىز ئۆلىدىغان بولدۇق .

— ئاللا ماڭا دېڭىز يولىدا مېڭىشقا ئەمر قىلغان ، — دېدى مۇسا ئەلەيھىسسالام ، — بەلكىم ھازىر قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن كۆرسەتمە سوراش ۋاقتى بولۇپ قالغاندۇ .

كىشىلەرنىڭ ئەمدىلا يانغان ئۈمىد ئوتىنى نائۈمىدلىك تېزلا ئۆچۈرۈۋەتتى . ئادەملەر توپى ئىچىدە پاتىپاراقچىلىق كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنى قېپقالغان كىچىككىنە ئۈمىد ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەسەللىسى تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇلار ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنغاي ، ئاللا چوقۇم ئۇلارغا رەھىم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقان مۇستەبىت زالىملارنىڭ ھۇجۇمىغا

① بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللا بىلەن مۇڭداشقانىكەن .

www.aima.cn

ئاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئاللا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «قولۇڭدىكى ھاسىنى دېڭىزغا ئۇر!» دەپ بېشارەت بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام دەرھال شۇنداق قىلدى. شۇ ھامان زۇلمەت غايىب بولۇپ، ئۇممىدسىزلىكنىڭ پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ، ئاللانىڭ كارامىتى بىلەن دېڭىزدا ئون ئىككى يول پەيدا بولدى ـ دە، ئون ئىككى سىبتى قەبىلىسى بىردىن يولغا ماڭدى. ھەممىدىن ئۇلۇغ ئاللانىڭ خەيرخاھلىقى بىلەن كىشىلەر بۇ يولغا كىرىپ ئىشەنچ بىلەن ئالغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئىگىسى ئۆز ئەلچىسىنى قوغدىماقتا ئىدى. ئاللا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق دېدى: «سەن ئۇلار ئۈچۈن دېڭىزدىن بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەر، پىرئەۋننىڭ سىلەرنى قوغلاپ كېلىشىدىن قورقما.»

بەنى ئىسرائىل قەبىلىلىرى بىخەتەر يەرگە قاراپ چاپاتتى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇلگەن سۇ خۇددى تاغدەك ئېگىزلەپ كەتكەنىدى، كىشىلەر ئامان ـ ئېسەن ئۆتمەكتە ئىدى.

كىشىلەر پىرئەۋن لەشكەرلىرىنىڭ قوغلاپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭمۇ سۇدا پەيدا بولغان مۇشۇ يول بىلەن ئۆتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئەنسىزلىككە چۈشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قورقۇپ، ئۆزلىرىنى قوغداشقا چارە ئىزدەشمەكتە ئىدى. ئۇلار پىرئەۋننىڭ قوغلاپ كېلىپ زەربە بېرىشىدىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ يەنە ئىلگىرىكىدەك ئېچىنىشلىق كۈنگە قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ھەممەيلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەلمۈرۈشتى. بۇنداق سىناق ئالدىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يەنىلا ئاللاغا تايىنىپ قۇتۇلۇشقا توغرا كېلەتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام دېڭىزنىڭ ئەسلىي ھالەتكە كېلىپ پىرئەۋننى ئايرىۋېتىشىنى ۋە قوغلاپ كېلىۋاتقان زوراۋانلارغا تاقابىل تۇرىدىغان كۈچلۈك توسۇق بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

www.alma.cn

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەتئىي نىيەتكە كېلىۋىدى، ئاللا ئۇنىڭغا:

«دېڭىزدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلما، قولۇڭدىكى ھاسىنىمۇ دېڭىزغا ئۇرما!» دەپ بېشارەت بەردى. بۇ بېشارەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتىغا ئامان - ئېسەن يېتىپ بارىدىغانلىقى، پىرئەۋننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى دېڭىزدىكى يولنىڭ تۇپتۇز ئىكەنلىكىنى، بۇ يول بىلەن بەنى ئىسرائىلنى قوغلاپ تۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى پەملەپ ھەددىدىن ئاشتى. پىرئەۋن لەشكەرلىرىگە:

— قاراڭلار، بۇ قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇشىمىز ئۈچۈن، دېڭىز مېنىڭ ئىرادەم ۋە پەرمانىم بىلەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىزگە يول ئېچىپ بەردى، — دېدى.

پىرئەۋننىڭ لەشكەرلىرى بىردىنلا روھلاندى - دە، گويا ئۇششۇك ھەرە ئۇۋىسىدىن قوزغالغاندەك، دېڭىزدىكى يولغا قاراپ ئاتلىنىپ، بەس - بەس بىلەن بەنى ئىسرائىلنى قوغلىدى. ئۇلار دېڭىز يولىنىڭ يېرىمىغا كېلە - كەلمەيلا، ئىككى تەرەپتە تۇرۇلگەن سۇ بىردىنلا قوشۇلۇپ، پىرئەۋننىڭ لەشكەرلىرىدىن بىرىمۇ ساق قالماي ھەممىسى دېڭىزغا غەرق بولۇپ ئۆلدى.

پىرئەۋن ئۆزىنىڭ ھۆرمىتى ۋە شان - شۆھرىتىنى ئۇنتۇپ، ئۇزۇندىن بېرى يوشۇرۇنۇپ كەلگەن ھەقىقەتنى چۈشەندى، ئۆزىنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدىغان دۆت ھەم پەس بىر بەندە ئىكەنلىكىنى، ئۇستىدىكى قارا بۇلۇتنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى، ھەقىقەتنىڭمۇ ئۆز قەلبىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى سەزدى.

بۇ جىددىي پەيتتە، پىرئەۋن ئاللاغا ئېتىقاد قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئاللاغا ئىشىنىمەن. ئاللادىن ئۆزگە ئىلاھ يوق، بەنى ئىسرائىلنىڭ ئېتىقاد قىلغىنىلا بىردىنبىر ئىلاھدۇر. مەن مۇسۇلمانلاردىن بىرىدۇرمەن.»

ئاللا بۇ زالىمنى قوبۇل كۆرمىدى، بۇ زالىمنىڭ تىرىلغۇ يەرلىرى ۋە زىرائەتلىرىنى خاراب قىلدى، ئۇنىڭ زوراۋانلىقىغا تېگىشلىك جازا بەردى.

www.alma.cn

دېڭىز سۈيى قوشۇلۇپ ، ئاجايىپ ھۆركىرەشكە باشلىدى . بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن :

— بۇ نېمە ئاۋاز ؟ — دەپ سوراشتى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام :

— ئاللا پىرئەۋننى يوقاتتى ، ئۇنىڭ ھەممە ئادەملىرى دېڭىزدا ھالاك بولدى ، — دەپ جاۋاب بەردى .

بۇ چاغدا ، بەنى ئىسرائىل ئەسلىي تەبىئىتى يەنە قوزغىلىپ ، قۇرۇق خىياللارغا غەرق بولدى ۋە :

— ئى مۇسا ، پىرئەۋن ئۆلمەيدۇ ، ئەجەبا ، سەن ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ياشىغانلىقىنى كۆرمىگەنمىدىڭ ؟ ئۇ ئۇنى - بۇنى تەلەپ قىلىپ ياشايدىغان ئاددىي ئادەملەرگە ئوخشاشمايدۇ ، — دېيىشتى .

ئۇلارنىڭ ئوي - خىياللىرى شۇ قەدەر غەلىتە بولغانىكەن ، ئۇنداقتا ، ئۇلار ئاشۇ ساختا ، قىلچە قىممىتى يوق ئەپسانىلەرنىڭ غېمىدە بولسۇن . يەنىلا ئاللا قۇدرەتلىك . ئاللا بىر ئەمر قىلىۋىدى ، دېڭىز پىرئەۋننىڭ جەسىتىنى قوبۇل قىلماي دولقۇن بىلەن سوقۇپ قىرغاققا ئىتتىرىپ كېلىپ ، كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىنى بېسىقتۇردى . بەلكىم بەزىلەر : «پىرئەۋن باشقا بىر دۇنيادا ھايات ياشايدۇ» دېيىشكەن ، يەنە بەزىلەر يالغان ئەپسانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ، كاززاپلىق قىلىشقان بولغىيتتى . ئەمدى ئاللا ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئاچالماس قىلىۋەتتى . ئاللا دېڭىزغا ئەمر قىلىپ ، سېسىپ كەتكەن بۇ جەسەتنى تاشلاتقۇزۇۋەتتى .

بەنى ئىسرائىل ھاڭ - تاڭ بولۇشقان ۋە تەمتىرەشكەن ھالدا بۇ قۇدرەتلىك ، ئۆكتەم پادىشاھنىڭ جەسىتىگە قاراپ قېلىشتى . ئاللا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى سۇغا غەرق قىلىپ ئۆلتۈرۈپ ، پىرئەۋننىڭ جەسىتىنى ئىبرەت قىلىپ ، كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىنى كۆرسەتتى . بۇ رەببىلئالەمىننىڭ ئىلتىپاتى ئىدى .

www.alma.cn

# مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھدىسى

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يارەنلىرى ئۆزلىرى تاللىغان جايغا خاتىرجەم ئورۇنلاشتى. ئۇلارغا ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر قانۇن لازىم ئىدى. شۇڭا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللادىن ئۆزلىرىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئاللانىڭ ھۆكمىگە يېتەكلەيدىغان ۋە ئۆزلىرىنى نىشانسىز تۇرمۇش ئىلكىدە جان تالىشىشتىن ھەم ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ يېگىلىپ قېلىشتىن خالىي قىلالايدىغان بىر كىتاب ئاتا قىلىشنى تىلىدى.

ئاللا ئۇنىڭغا غۇسلى قىلىپ ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇشنى، ئاندىن سىنا تېغىغا بېرىپ پەرمان كۈتۈپ تۇرۇشنى ئەمر قىلدى. شۇنداق قىلغاندا، ئۇ ئاللانىڭ ئەمر - پەرمانلىرى بىلەن تولغان كىتابقا ئېرىشەتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يەتمىش ئەرنى تاللاپ، ئاللا بەلگىلىگەن ۋاقىتتا يولغا چىقتى، لېكىن ئۇ ئۆزى ئالدىراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سىنا تېغىغا باشقىلاردىن بالدۇر يېتىپ باردى. ئاللا ئۇنىڭدىن بالدۇر كېلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ:

— ئۇلار مېنىڭ كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ، مەن سېنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بالدۇر كەلدىم، — دېدى. ئاللا ئۇنى ئىلگىرىكىدىن ئون كۈن ئۇزارتىپ قىرىق كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز كىشىلىرىدىن ئايرىلغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئاكىسى ھارۇن ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇردى. ھارۇن كۆپچىلىكنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىممەتلىك بەخت ئېلىپ كېلىشىنى كۈتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام سىنا تېغىغا بارغاندىن كېيىن ئاللانىڭ غەمخورلۇقىغا نائىل بولدى. ئاللا ئۇنىڭ بىلەن سەممىي

www.alma.cn

سۆزلىشىپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمە ۋە خاتىرجەمسىزلىكنى تۈگەتتى . ئۇنىڭ قەلبىدە تەلپۈنۈش ئوتى يالقۇنلىدى ، تەشنالىق قىزغىنلىقى تولۇپ تاشتى . مۇسا ئەلەيھىسسالام :

— ئى رەببىم ، ماڭا يېقىنراق كەلسەڭ ، جامالىڭنى ئېنىقراق كۆرۈۋالسام ، — دېدى . نېمە ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ئاللانى كۆرۈشنى ئويلاپ باقمىغان ؟ چۈنكى ، ئۇ ئاللا تاپشۇرغان ئىشنى قوبۇل قىلىشنى بەخت ، ئىگىسىنىڭ غەمخورلۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى خۇشاللىق ، دەپ قارايتتى . ئۇ ئىگىسىنىڭ ھوزۇرىدىن دۇنيادا ھېچكىم ئېرىشمىگەن نەرسىگە ، يەنى ئالىيجاناب مەقسەتكە ، رەھىملىك ئارزۇغا مۇشەررەپ بولدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر پەيغەمبەر ئىدى . ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن : «بىزگە ئاللانى كۆرسەتسەڭچۇ» دەپ تەلەپ قىلىشقان بولسىمۇ ، لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ تەلەپنى ئاللاغا ئېيتمىغانىدى .

ئاللا خىتاب قىلىپ :

— سەن مېنىڭ جامالىمنى كۆرەلمەيسەن ، بىراق ، سەن ئاشۇ تاغقا دىققەت بىلەن قارىغىن ، مۇبادا ئۇ ئۆز جايىدا مىدىرلىماي تۇرسا ، سەن مېنىڭ جامالىمنى كۆرەلەيسەن ، — دېدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام تاغقا قاراپ تۇردى ، تاغ بىردىنلا غۇلاپ ئۇلتۇرۇشۇپ كەتتى ... مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇلۇغ مۆجىزە ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتىن ئەيمىنىپ تىترەپ ، گويا چاقماققا سوقۇلغاندەك يەردە دۈم يېتىۋالدى . ئاللا ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى ۋە غەمخورلۇق قىلدى . مۇسا ئەلەيھىسسالام چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك بولدى - دە ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇلۇغ جانابى ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلغا كېرەكلىك نەرسىگە ، يەنى بارچە شەيئىلەر توغرىسىدىكى نەسىھەت ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى . ئۇ :

www.alma.cn

— ئى رەببىم ، سەن ماڭا ئاتا قىلغان بۇ شان - شۆھرەتكە

ئىلگىرى ھېچكىم ئېرىشىپ باققان ئەمەس، — دېدى.

— ئى مۇسا، — دېدى ئاللا، — مەن سېنى تاپشۇرۇقۇمنى ئېلىپ كىشىلەر ئارىسىغا بېرىشقا تاللىدىم. ھازىر سەن بۇ تاپشۇرۇقنى ئالدىڭ، ماڭا شۈكۈر ئېيتقىن.

بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇز كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، لېكىن كۈتۈلمىگەندە، ئۇنىڭ ۋاقتى سوزۇلۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن: «مۇسا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى، لەۋزىدە تۇرماي، بىزنى بۇ قاراڭغۇ تۈن ئىلكىگە تاشلىۋەتتى. بىز ھازىر بىرەر ئادەمنىڭ بىزگە يول كۆرسىتىپ، بىزنى ھىدايەتكە باشلىشىغا شۇقەدەر موھتاج تۇرساق!» دەيدىغان مىش-مىش گەپلەر تارقالدى.

بۇ چاغدا سامىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يامان پىلان كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— مۇسا قايتىپ كەلمەيدۇ، سىلەر بىر ئىلاھ تاللىۋېلىشىڭلار كېرەك. مۇسا سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلارنى ئىزدەيمەن دەپ بېرىپ، يولدىن ئېزىقىپ كېتىپ ئىشىڭلارغا بەرھەم بەردى، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى.

شۇ ئەسنادا، شەيتان ئەلەيھىلەنە كىشىلەرنىڭ مەيۇسلىنىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئاللاغا ئىشەنمەي، ھەر خىل بۇتقا چوقۇنغانلاردىن ئىدى. بۇ ئادەملەر سامىرىغا:

— باشقىلارنىڭ بىر ئىلاھى بولغىنىدەك، بىزگىمۇ بىر ئىلاھ تېپىپ بەرسەڭچۇ، — دېدى.

سامىرى بۇ ئادەملەرنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ، يەردىن بىر كامار كولاپ، بىر سىقىم زىننەت بۇيۇمنى كامارغا تاشلىدى، ئاندىن ئوت يېقىپ، ئۇلاردىن بىر ئالتۇن موزاي[1] ياسىدى، ئۇنىڭ تېنىمۇ بار، ئۇنىمۇ بار ئىدى، سۆڭەكلىرى بىلەن گۆشلىرى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنچە ئوماق ئىدىكى، كىشىلەر ئۇنى بەس-بەس بىلەن كۆرۈشتى.

www.alma.cn

① ئالتۇن موزاي — بەنى ئىسرائىلنىڭ چوقۇنىدىغان نەرسىسى.

بەنى ئىسرائىل ئالتۇن موزايغا مەپتۇن بولۇپ ، باش ئۇرۇپ چوقۇنۇپ كەتتى . هارۇن بىئارام بولۇپ ۋە قايغۇرۇپ جىنىدىن جۇدا بولغىلى تاسلا قالدى - دە ، ئۇلارغا :

— ئەي خالايىق ، سىلەر بۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ كەتتىڭلار ، سىلەرنىڭ ئىگەڭلار رەھىملىك ئاللادۇر ، ماڭا ئەگىشىپ ، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار ، — دېدى . لېكىن ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام قايتىپ كەلگۈچە ئالتۇن موزايغا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

هارۇن ۋە ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇپ ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ كەلگۈچىلەر ئورنىدىن دەس تۇرۇشتى . ئۇلار بىرەر جاڭجال چىقىپ ، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل پىرقە - گورۇھلارغا بۆلۈنۈپ كېتىپ ، پاراكەندىچىلىك تۇغۇلۇشتىن ئەنسىرەيتتى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ دەرگاھىدا تۇرۇپ بۇ ۋەقەنى بىلدى ، ئاللادىن ئۇنىڭغا :

— ئى مۇسا ، سەن ماڭغاندىن كېيىن ، سېنىڭ ئادەملىرىڭ ئازدى ، سامىرى ئۇلارنى تۇيۇق يولغا باشلىدى ، — دەپ خىتاب كەلدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام بەلگىلەنگەن مۇددەت توشقاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى . ئۇ يىراقتىنلا چۇقان - سۈرەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ۋەقەنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ھەقىقىي ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى بىلدى . كىشىلەر ئالتۇن موزايىنى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئويناپ ، ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى . بۇ ھال مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى . ئۇ قولىدىكى نەرسىنى تاشلاپلا هارۇنغا قاراپ چاپتى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ قاتتىق سىلكىپ تۇرۇپ دېدى :

— سەن ئۇلارنىڭ تۇيۇق يولغا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى مېنىڭ يولۇمغا باشلىمايسەن؟ چاققان بول ، ئۇلارنى تېزدىن توۋا قىلدۇر ، ئۇلارنىڭ بۇ چۈشكۈنلۈكىگە قارشى كۈرەش قىلىپ ، ئاللاغا شەك كەلتۈرىدىغان بۇ ئوتنى ئۆچۈر !

هارۇننىڭ كۆڭلى لاسىدە بولۇپ ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ تەشۋىشلىنەتتى ھەم ھەسرەت چېكەتتى . ئۇ ئىنىسىدىن

www.elma.cn

كەچۈرلۈك ۋە ئەپۇ سورىدى ھەم ئىنىسىنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىشكە تىرىشتى. ئۇ ئىنىسىغا:

— جېنىم ئۇكام، ساقلىرىم بىلەن چېچىمنى قويۇپ بەرگىن، ئۇلار مېنى بويسۇندۇرۇۋالدى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. سەن دۈشمەنگە ئويۇن قىلىپ بەرمىگىن، مېنى يولدىن ئازغانلار قاتارىدا كۆرمىگىن. ئى رەھىملىك ئۇكام، مەن ئۇلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارسام، سېنىڭ مېنى بەنى ئىسرائىل ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، گېپىمنى ئاڭلىمىدى، دېيىشىڭدىن قورقىمەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپى يېنىپ، بۇ ۋەقەنى بىرقەدەر سوغۇق قانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن بۇ پاراكەندىچىلىكنىڭ سەۋەبىگە ۋە مۇشرىكلارنىڭ باشلىقلىرىغا، شۇنىڭدەك ھىدايەتنى تاشلاشقا قۇتراتقۇچىلارغا دىققەت قىلدى. ئۇ سامىرىغا مۇنداق دېدى:

— سامىرى، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟

— مەن ھەۋەسكە بېرىلىپ، پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسىدىن ۋاز كېچىپ قاپتىمەن، — دېدى سامىرى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام خالايىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:

— ھوي خالايىق، سىلەر ئۆز ئىگەڭلەرگە ۋەدە قىلغان ئەمەسمىدىڭلار، سىلەر ئاشۇ ۋەدەڭلەرگە داۋاملىق ئەمەل قىلامسىلەر ياكى ئاللانىڭ غەزىپىنى قوزغاپ ۋەدەڭلەرگە خىلاپلىق قىلامسىلەر؟

— بىز ساڭا بەرگەن ۋەدىمىزگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايمىز، — دېيىشتى خالايىق جاۋاب بېرىپ، — لېكىن بىر مۇنچە گۇناھنى يۈكلىۋالدۇق، سامىرى ئالتۇن موزاي ياساپ بىزنى قۇتراتقاچقا، بىز ئازدۇق.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يولدىن ئازغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئاللادىن مەغپىرەت تىلىدى ۋە شۇنداق دېيىشتى:

— ناۋادا، ئاللا بىزنى ئەپۇ قىلمايدىكەن ۋە بىزگە رەھىم

www.alma.cc

قىلمايدىكەن، بىز چوقۇم چوڭ زىيان تارتىمىز.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

— سىلەر ئالتۇن موزايغا چوقۇنۇپ، ئۆزۈڭلارنى ۋەيران قىلدىڭلار، — دېدى.

— بىز ھازىر قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ — دەپ سورىدى كىشىلەر.

— ئاللاغا قەسەم بېرىپ، ئۇنىڭدىن گۇناھىڭلارغا مەغپىرەت تىلەڭلار، — دەپ جاۋاب بەردى مۇسا ئەلەيھىسسالام.

ئۇلار يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قەسەم بېرىش ۋە مەغپىرەت تىلەشنىڭ چارىلىرىنىمۇ سورىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام دېدى:

— سىلەر ئۆز نەپسىڭلارنى توسۇپ، ھەسەتخورلۇقنى تۈگىتىڭلار، خام خىيالنى تاشلاپ گۇناھىڭلارنى يۇيۇڭلار، ھەممە بەتنىيەتلىكنى تاشلاپ، بارلىق بولمىغۇر ئوي - خىياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار...

ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ سەمىمىي مۇراجىئىتىنى قوبۇل قىلدى، كەرىمى كەڭ ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى.

كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ تۈيۈق يولغا باشلىغان سامىرىنى ئاللا جازالايدۇ. بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا تۇرمايدۇ، ئۇ تاكى ئاخىر زامان بولغۇچە ھېچكىم ھېسداشلىق قىلمايدىغان، ھېچقانداق ئادەم يېقىن يولىمايدىغان ۋە ئۇچراشمايدىغان يىرتقۇچقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ بىر ئاسىي، گۇناھكار سۈپىتىدە دوزاخقا كىرىدۇ، قىلغان گۇناھى ئۈچۈن ئازاب چېكىدۇ. مانا بۇ مەلئۇنلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام سامىرى ياسىغان ئالتۇن موزايىنى كۆيدۈرۈپ دېڭىزغا تاشلىدى. سامىرى پەيدا قىلغان جىنايى ۋەقە مانا مۇشۇنداق ئاياغلاشتى.

www.salmz.cn

# يولدىن ئېزىش

ئۇ چاغدا ئاللا بەنى ئىسرائىلغا خىلمۇخىل مېھىر ـ شەپقەت قىلىپ، بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇلار پىر ئەۋنىڭ ئىلكىدە تۇپتوغرا بىر ئەسىر ئازاب چەككەنىدى. ئاللا ئۇلارنى قۇتۇلدۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا پىرئەۋنىنى يوقاتتى. بۇرۇن ئۇلار خار قۇللار ئىدى، كېيىن ئەركىنلىككە ئېرىشتى؛ بۇرۇن نادانلىقتا يولدىن ئازغۇچىلار ئىدى، ئەمدىلىكتە، ئاللا ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىغا ئۆز ئەلچىسىنى ئەۋەتتى ۋە مېھىر ـ شەپقەت ياغدۇردى، خۇشاللىق بېغىشلىدى، ئىلگىرىكىلەر كۆرۈپ باقمىغان ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدى.

ئاللا ئۇلارغا مېھىر ـ شەپقەت، بەخت ـ سائادەت ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇ بېغىشلىغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەنى ئىسرائىلنى يېتەكلەپ سۈرىيىدىكى بەيتۇلمۇقەددەسكە، يەنى ئاللا ئىبراھىم خېلىلۇللاغا ئاللانىڭ قانۇنى بويىچە ھەققانىي كىشىلەرنىڭ پادشاھى بولۇشقا ئىجازەت قىلىنغان جايغا بېرىش توغرىسىدا بېشارەت بەردى.

بەنى ئىسرائىل ئىلگىرى قەبىلىلەرنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىغا، بۇرنى كېسىلىشتەك جازاغا ۋە ھەرخىل خورلۇققا ئۇچرايتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قەبىلىلەرگە باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

ئۇلار ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى خەۋەرنى، ئۇرۇش قىلىپ ئەرىقەتكە بېرىپ، ھىسلار ۋە كەنئانلىقلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇ يەرلەردىكى مۇنبەت زېمىننى ئۆزىنىڭ زېمىنى قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان بىردىنلا بوشىشىپ، قورقۇپ كېتىشتى ۋە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ:

— ئۇ يەردىكىلەر بەك يامان، بىز ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتەلمەيمىز. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كەتكەندىلا، بىز ئاندىن ئۇ يەرگە كىرەلەيمىز، — دېيىشتى.

www.alma.cn

ئۇلار ئۇ يەردىكى ئادەملەرنى چىقىرىۋېتىشتە يەنە مۇجىزىگە تايىنىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ھېچقانداق كۆچمەيلا ياكى بىرەر ئادەم چىقىم تارتمايلا كىرىشنى ئويلايتتى.

ئەمما، تەقۋادار ئىككى مۆمىن مەسىلىگە ئۇلاردەك قارىمىدى، ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىگىمۇ ئەگەشمىدى، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ:

— ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ئۇ يەرگە بېرىش كېرەك! ئەگەر سىلەر ھۇجۇم قىلىپ بارساڭلار، بويسۇندۇرغۇچى بولالايسىلەر. مۇبادا سىلەر مۆمىن بولساڭلار، ئاللاغا ئىشىنىڭلار، — دېيىشتى.

لېكىن ئۇلار ئۆز ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئاشۇ گەپلىرىنى يەنىلا تەكرارلىدى، ھەتتا يۈز - خاتىر قىلمىدى، ئاڭسىز، نادانلىقتىن غوۋغا پەيدا قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. رەھىم - شەپقەتچىلەر سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان گەپلەرنى قىلىشىپ:

— ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە، بىز ھەرگىز بارمايمىز، سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ جەڭ قىلغىن، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ كۈتۈپ تۇرايلى، — دېيىشتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەتراپقا سەپسېلىپ چىقتى، ئاكىسى ھارۇن ۋە ھېلىقى ئىككى مۆمىندىن باشقا، ئىشەنگۈدەك ۋە تايانغۇدەك بىرەر ئادەممۇ تېپىلمىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرەپتىكى بۇ بىرنەچچەيلەن ئەڭ ئاجىز، ئىقتىدارسىز قوشۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن سان جەھەتتىن كۆپ دەرىجىدە ئۈستۈن بولغان لەشكەرلەرگە دۇچ كەلدى. شۇڭا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاغا تەلپۈنۈپ:

— ئى رەببىم، مەن ۋە ئاكام قاتارلىق بىرنەچچە كىشىلا قاپتۇق، بىزنى ئاشۇ مۇشرىكلاردىن جۇدا قىلغايسەن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ئاللا ئۇنىڭغا مۇنداق بېشارەت بەردى:

www.alma.cn

— ئۇلار ئادەم قەدىمى تەگمىگەن مۇشۇ چۆلدە ئېزىقىپ كېتىدۇ. گىياھ ئۈنمەيدىغان بۇ قاقاس جەزىرىدە تەمتىرەپ يۈرىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە قىرىق يىل تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، يېڭى، كۈچلۈك بىر ئەۋلاد مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىدۇ.

## سېرىق ئىنەك

شۇئەيب ئەلەيهىسسالام يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياشىنىپ بارا - بارا ئاجىزلاپ قالدى، ئۆزىنىڭ ئۆمرىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئاللاغا ئىخلاسمەن بەندە ئىدى، تۇرمۇشتا راھەت ئۆتسىمۇ، ئاللاغا بولغان ئىشەنچىسى قىلچە تەۋرەنمەيتتى، پۇل - دۇنيالىرىنىڭ كۆپىيىشىمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى مەپتۇن قىلالمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكى يايلاقتىن تېپىۋالغان بىر ئىنەكلا ئىدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللادىن: «ئى خۇدا، مۇشۇ ئىنەكنى ئوغلۇم چوڭ بولغۇچە ئامان قىلغايسەن» دەپ تىلەيتتى. ئۇ ئاللانىڭ مېھىر - شەپقىتىگە كۈچلۈك ئۈمىد باغلايتتى. ئاللانىڭ مېھرىبانلىقى ئەبەدىيلىكتۇر. دەرۋەقە، شۇئەيب ئەلەيهىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاللا ئىنەكنى ئۇنىڭ يېتىم ئوغلىغا قالدۇردى.

بۇ يېتىم ئوغۇل ئىنەكنى داۋاملىق باقتى، دادىسىدىن مىراس قالغان ئىلتىپاتمۇ ئۇنىڭغا يورۇقلۇق بېغىشلىدى.

بەنى ئىسرائىلدا مۇسار ئىسىملىك بىر بوۋاي بولۇپ، ئاللا ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا مول نېمەت ۋە بايلىق ئاتا قىلغانىدى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلى ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ ئەھۋالدىن ئۇنىڭ بىر نەۋرە قېرىنداشلىرى ھەسەت قىلدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇللىرى ئاز ئىدى. ھەسەتخورلۇق ئۇلارنى تىل بىرىكتۈرۈپ، مىراس ئالغۇچىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلار يەنە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى

بولدى . بىر دەمدىلا بۇ دەھشەتلىك شۇم خەۋەر يامراپ كەتتى . ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانلار باشقا چىقىش يولى تاپالماي ، نائىلاجلىقتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تېپىپ ، ئۇنىڭدىن ئادالەتنى ياقلاشنى تەلەپ قىلدى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى ئاللادىن سوراپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇلارنى ئىنەكتىن بىرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى ھەمدە ئۇلارغا ئۆلتۈرۈلگەن ئىنەكنىڭ تىلىنى ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىگە ئۇرسا ، ئۆلگۈچىنىڭ تىرىلىدىغانلىقىنى ، ھەتتا قاتىلنىمۇ تونۇپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئەمما بۇ ئادەملەر قايمۇقۇپ كەتكەچكە ، ئاللانىڭ قۇدرىتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى . مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىزنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ ، زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ ، دەپ قارىدى . ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قوغلىۋەتتى . مۇسا ئەلەيھىسسالام :

— خۇدايا ، مېنى بۇ نادانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن ، — دېدى .

ناۋادا بۇ ئادەملەر ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىپ ، شۇ كۈنى بىرەر ئىنەكنى ئۆلتۈرگەن بولسا ، ھەممە ئىش ئوڭايلا ھەل بولغان بولاتتى . لېكىن ئۇلار گىجىڭلىق قىلدى ۋە چۇقان - سۈرەن سالدى . ئاللا ئۇلارنى قاتتىق جازالىدى . ئاللانىڭ ھېكمىتى بىلەن ئىنەك ھەرخىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى ۋە ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ، ئۇلارنى ئۇيان - بۇيان يۈگۈرتۈپ ئاۋارە قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇملۇقتا ئېزىپ كەتتى .

بۇ ئىش ئادەتتىكىدىن باشقىچە بولغاچقا ، ئۇلار يەنە ھەقىقەتكە ئىشەنمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ :

— بۇ قانداق ئىنەكتۇ ؟ ئۇ بىز كۆرۈۋاتقان ئادەتتىكى ئىنەككە ئوخشىمىدۇ ياكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ، مۆجىزە يارىتالايدىغان باشقا بىر خىل مەخلۇقمۇ ؟ — دېيىشتى .

ئۇلار يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا :

www.alinaa.cn

— ئى مۇسا ، سەن ئاللادىن ئۇ ئىنەكنىڭ قانداق رەڭدە

ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغىن ، — دېدى . مۇسا ئەلەيھىسسالام :

— ئاللا ئېيتتى ، ئۇ كىشىلەرگە ناھايىتى يېقىملىق كۆرۈنىدىغان ساپسېرىق ئىنەك ئىكەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

ئۇلار كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ تېخىمۇ ئىككىلەندى ـ دە ، بۇ خاسىيەتلىك بېشارەتنى ئاڭقىرالماي ، يەنە ئىلگىرىكىدەك سوئاللارنى تەكرارلىدى . ئۇلار ئىنەكلەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ ، دەپ قاراپ ، ئاللادىن ئېنىق كۆرسەتمە بېرىشنى تەلەپ قىلدى . نەتىجىدە ئۇلار : ئۇ ئىنەك يەر سۈغىرىش ياكى تېرىقچىلىق قىلىشقا ئىشلىتىلمەيدىغان ساپسېرىق ئىنەكتۇر ، دېگەن جاۋابقا ئېرىشتى .

ئۇلار نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ ۋە سان ـ ساناقسىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، ئاخىر ھېلىقى يېتىم ئوغۇلنىڭ ئۆيىدىن بۇ خاسىيەتلىك ئىنەكنى تېپىپ ، ئۇستۇن باھادا سېتىۋالدى ، بىرھازا ئىككىلەنگەندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈردى .

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام

مۇسا ئەلەيھىسسالام — ئاللا ئۇنى ئامان قىلسۇن — بەنى ئىسرائىلغا تولىمۇ سەمىمىيلىك بىلەن سۆز قىلىپ ، ئاللانىڭ ئۇلارنى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرگەنلىكىنى ئەسكەرتتى . ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مىننەتدار بولۇپ ، كۆز يېشى قىلىشتى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ بولۇشىغا ، ئارىدىن بىرەيلەن ئالدىغا چىقىپ ، ئۇنىڭ چاپىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى ، بۇ جاھاندا سەندىنمۇ بىلىملىك كىم بار ؟ — دەپ سورىدى . مۇسا ئەلەيھىسسالام :

— يوق ، — دەپ جاۋاب بەردى ، ئارقىدىن يەنە ، — مەن بەنى ئىسرائىلنىڭ چوڭ پەيغەمبىرى ، پىرئەۋن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى ؛ مەن ئاشۇ كارامەتلىك قول ۋە ھاسىنىڭ ئىگىسى

www.al na.cn

سۈپىتىدە دېڭىز سۈيىنى ئىككىگە بۆلگەن؛ مەن ئاللانىڭ نەسىھىتى ۋە ھېكمەتلىك سۆزىنى قوبۇل قىلىشتەك شان - شەرەپكە مۇشەررەپ بولغۇچى، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قانداق شان - شەرەپ بولسۇن؟ — دېدى.

لېكىن، ئاللا ئۇنىڭغا: بىلىم ئۇنى ئىگىلىگەن ئادەمدىنمۇ ئۇلۇغدۇر، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ جاھاندا بىلىمى تېخى سەندىنمۇ كۆپ، ئاللانىڭ غەمخورلۇقىغا سەندىنمۇ بەك مۇشەررەپ بولۇۋاتقان ئادەم بار، دەپ بېشارەت بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام:

— ئى رەببىم، ئۇ قەيەردە؟ مۇبادا مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالسام، ئۇنىڭدىن ئاز - تولا بىلىم ئالالارمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ بىلەن ئىككى دېڭىزنىڭ تۇتىشىدىغان يېرىدە كۆرۈشىسەن، — دېدى ئاللا.

مۇسا ئەلەيھىسسالام:

— ماڭا يول كۆرسەتكىن، مېنى شۇ يەرگە يېتەكلىگىن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا سەن، — دېدى ئاللا، — خورما يوپۇرمىقىدىن توقۇلغان سېۋەتتىن بىرنى تەييارلاپ، ئۇنىڭغا بېلىق قاچىلاپ يولغا چىققىن. بېلىقنى يوقىتىپ قويغان يەردە ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشەلەيسەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە ئاز - تولا ئوزۇق تەييارلاپ، بېلىق قاچىلانغان سېۋەتنى ئوغلىغا كۆتۈرتۈپ، ئاللا بېشارەت قىلغان ئاشۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىلىم ئېلىشنى شۇنداق سەمىمىي نىيەت قىلدىكى، بىرنەچچە كېچە - كۈندۈزلا ئەمەس، ھەتتا بىرنەچچە يىل يول يۈرۈپ بولسىمۇ، ئاشۇ يەرگە چوقۇم يېتىپ بېرىشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئوغلىغا: بېلىقنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن ھامان ماڭا خەۋەر قىل، دەپ جېكىلىدى.

www.alma.cn

دادا - بالا ئىككىيلەن ئىككى دېڭىز تۇتىشىدىغان يەرگە، يەنى

ئاللا بەنى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبىرىنى يەنە بىر ساداقەتمەن بەندە بىلەن ئۇچرىشىشقا بۇيرۇغان يەرگە يېتىپ باردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام چارچاپ كەتكەچكە، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىرىن ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چاغدا، ئاسماندىن يامغۇر ياغدى، سېۋەتتىكى بېلىق بىر پىلتىڭلاپلا سېۋەتتىن چىقىپ سۇغا كىرىپ كەتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئوغلىنى چاقىرىپ:

— ماڭايلى، سەپەرنى داۋاملاشتۇرايلى، — دېدى. شەيتان ئەلەيھىللەنە بالىغا بېلىقنىڭ سۇغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇردى. بىر مەھەل يول يۈرگەندىن كېيىن، دادا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ قورسىقى راسا ئېچىپ كەتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا:

— ئوزۇقنى ئالغىن، ئەجەبمۇ ھېرىپ كەتتۇق، — دېدى.

بالا سېۋەتتىن يەيدىغان ئوزۇقنى ئېلىۋېتىپ، بېلىقنىڭ سۇغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە:

— بىز ھېلىقى چوڭ تاشنىڭ قېشىغا كەلگەندە، سىز ئۇخلاپ قالدىڭىز، سېۋەتتىكى بېلىق پىلتىڭلاپلا سۇغا كىرىپ كەتتى. مەن بۇنى سىزگە ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بەلكىم شەيتان ئۇنتۇلدۇرغان بولسا كېرەك، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدە غالىبلارچە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئۇ:

— ئاشۇ يەر بىز ئىزدەپ كەلگەن يەرنىڭ ئۆزى. يۈر، ئارقىمىزغا يېنىپ شۇ يەرگە بارساق، مەقسەتكە يېتىمىز، — دېدى. ئىككىيلەن كەلگەن ئىزنى بويلاپ ئارقىسىغا قايتتى.

ئۇلار بېلىقنى يوقىتىپ قويغان يەرنى تېپىپ كەلگەندە، يادىڭغۇ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، پەيغەمبەرلەرگە خاس بىر مۇنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر ئەرنى ئۇچراتتى. ئۇ خۇش جىبرائىل مۇلايىم، تېتىك كىشى بولۇپ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن يەكتەك يېپىنىۋالغانىدى، يەكتىكىنىڭ پېشى ئىككى پۇتىنى يېپىپ

www.alkia.cn

تۇراتتى . مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سالام بەردى . ئۇ تەبەسسۇم قىلدى ۋە :

— بۇ يەردە خېلى ياخشى ئولتۇۋاتامسەن ، ئىسمىڭ نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— ئىسمىم مۇسا ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇسا ئەلەيھىسسالام .

— بەنى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبىرىمۇ ؟ — يەنە سورىدى ھېلىقى كىشى .

— ھەئە ، تەقسىر ، بۇنى سىلىگە كىم ئېيتتى ؟ — دېدى مۇسا ئەلەيھىسسالام .

— سېنى مۇشۇ يەرگە ئەۋەتكەن رەببىم ، — دېدى ھېلىقى كىشى .

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ دەل ئۆزى ئىزدىگەن كىشى ۋە تەلپۈنگەن غايىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى . شۇڭا ئۇ گەپ - سۆزدە ئېھتىمۇ كەمتەر بولدى ۋە ئاللانىڭ تەلىمى بويىچە ئەدەپ - ئىكرام بىلەن مۇنداق دېدى :

— ئى ئاللانىڭ ئىتائەتمەن بەندىسى ، بىلىمگە تەشنا بىر كىشىنىڭ ئۆزىڭىز بىلەن كۆرۈشۈشىگە رۇخسەت قىلغايسىزمۇ ؟ بۇ كىشى[1] سىزنىڭ ھوزۇرىڭىزغا كېلىش ئۈچۈن كۆپ يول يۈرۈپ ھالىدىن كەتتى . ئۇ سىزدىن مۇپەسسەل بىلىم ېپ ، يېتەكچىلىك قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىدۇ . ئۇ سىزگە ئەگىشىدۇ ، بۇيرۇقلىرىڭىزغا ئىتائەت قىلىدۇ .

ئاللانىڭ بۇ بەندىسى خىزىر دېگەن كىشى ئىدى . ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى :

— ناۋادا سەن ماڭا ھەمراھ بولساڭ ، نۇرغۇن ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارغا يولۇقىسەن . بەزى ئىشلار يامان ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ، ياخشى ئىشتۇر . سەندىمۇ ئاللا ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئاتا قىلغاندەك پارلاق سېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ، بىرەر ئىشنىڭ ئۇچۇر - بۇجۇرىنى زىغىرلاپ سۈرۈشتە قىلىدىغان

www.alma.cn

[1] مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى دېمەكچى .

خۇي بار. سەن قىلغان ئىشلىرىمنى كۆرسەڭ، جىم تۇرالمايسەن، ھەتتا ئاچچىقلىنىسەن. سەن ئۆز خۇيۇڭنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز چۈشەنچەڭدىن ھالقىپ كەتكەن ئىشلارنى قانداقمۇ چۈشىنەلەيسەن؟

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلىمگە بولغان تەشنالىقنى ئويلاپ مۇنداق دېدى:

— خۇدا بۇيرۇسا، سىز مېنىڭ سەۋر- تاقەتچان بىر كىشى ئىكەنلىكىمنى كۆرىسىز. مەن سىزنىڭ بۇيرۇقلىرىڭىزغا خىلاپلىق قىلمايمەن.

— ناۋادا سەن مەن بىلەن بىللە بولىدىغان بولساڭ، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — ساڭا تەلەپ قويۇپ ئەھدىلىشىمەن. بۇ تەلەپ شۇكى، سەن قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشىڭ، سەۋر- تاقەتچان بولۇشۇڭ، بىرەر ئىشنى مەندىن ئالدىراپ سورىماسلىقىڭ، مېنىڭ قىلغان- ئەتكەنلىرىمگە ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكىڭ كېرەك. بۇ يولنى بېسىپ بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سېنىڭ گۇمانلىرىڭنى يېشىپ بېرىمەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدا ئېيتىلغان قائىدە- نىزاملارنى قوبۇل قىلىپ، ئەھدىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار قىرغاق بىلەن مېڭىپ، دېڭىز بويىدا تۇرغان بىر كېمىنى كۆردى- دە، كېمىدىكى كىشىلەردىن ئۆزلىرىنى مەلۇم بىر جايغا ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. كېمىدىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ خۇش چىراي، مۇلايىم كۆزلىرىدىن ھۆكۈمرانلارنىڭ كۆزلىرىدىكىدەك نۇر چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كىرا ئالمايلا كېمىگە چىقاردى ۋە ئۇلارنى قىممەتلىك مېھمان قاتارىدا ئالاھىدە ئىززەتلىدى.

كېمىگە چىقىپ ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا، خىزىر ئەلەيھىسسالام كېمىنىڭ تاختايلىرىدىن ئىككىنى چۇۋۇپ ئېلىۋەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ — كىشىلەرنى ساۋابلىق قىلىش، گۇناھىدىن ساقلىنىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر

www.alfna.cn

بولۇش سۈپىتى بىلەن — چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان رەزىل قىلمىشقا دۇچ كېلىپ قالغانىدى . ئۇ كېمىدىكى ئادەملەرنىڭ غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۆزىنىڭ تۈزگەن ئەھدىسى ۋە خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قويغان شەرتلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى - دە ، ۋارقىراپ مۇنداق دېدى :

— سىز بىزگە ساۋابلىق ئىش قىلغان كىشىلەرنىڭ قىلغىنىنى ياندۇرماقچى ئەمەسمىدىڭىز ؟ ئەمدى قانداق بولۇپ ئۇلارنىڭ كېمىسىنى چۆكتۈرۈۋەتمەكچى ۋە ئۇلارنى سۇغا غەرق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدىڭىز ؟ بۇ سىزنىڭ ياخشى ئىشىڭىزمۇ ؟

خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھېلىقى ئەھدىنى ئەسكەرتىپ :

— مەن بىلەن بىللە بولساڭ ، سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالماسلىقىڭنى بۇرۇنلا ئېيتمىغانمىدىم ؟ — دېدى .

شۇ چاغدىلا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلىپ ، خىزىر ئەلەيھىسسالامغا ناماقۇل بولدى ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ مۇنداق دېدى :

— ئۇنتۇغانلىقىمنى ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىڭىزنى سورايمەن ، لېكىن مېنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ بولۇش شەرىپىدىن ۋە ئېرىشكەن شەپقەتلىرىڭىزدىن مەھرۇم قىلمىغايسىز . ھازىردىن باشلاپ دېگەنلىرىڭىزگە بويسۇنىمەن .

ئىككىيلەن كېمىدىن چۈشۈپ يولنى داۋاملاشتۇردى . يولدا ئۇلار قاش - كۆزى جايىدا ، كېلىشكەن بىر ئوغۇل بالىنىڭ بىر توپ بالىلار بىلەن ئويناۋاتقانلىقىنى ئۇچراتتى . خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ چىرايلىق بالىنى سۆرەپ يىراق بىر يەرگە ئېلىپ باردى ، ئاندىن بالىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنداق ۋەھشىيانە قاتىللىقتىن قاتتىق چۆچۈدى ۋە بۇنى ناھايىتى چوڭ جىنايەت دەپ قارىدى . بۇ بالا تازا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئۆسمۈر ئىدى ، ئۇ تېخى يالغۇز ئوغۇل بولۇشىمۇ مۇمكىن ، ئەمما ھازىر ئۇ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى ، ھەتتا ئۇنىڭ قىساسىنى ئالىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى . يەنە كېلىپ

بۇ جىنايەت ئاللانىڭ ھەم پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، تۇزگەن ئەھدىنىمۇ نەزەردە تۇتمىدى، بەرگەن ۋەدىنىمۇ ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىر ئەلەيھىسسالامغا:

— بۇ قىلغىنىڭىز رەزىللىك، جىنايەت! قاراپ تۇرۇپ بىر پاك جاننى نابۇت قىلدىڭىز! — دېدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خېلىغىچە دىققەت بىلەن قارىدى، بۇ دورەم ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان شەرتىنىمۇ ئەسكەرتمىدى، بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن:

— مەن ئاللىبۇرۇن ساڭا سەۋر - تاقەت قىلالمايسەن، دەپ ئېيتقانىدىم، — دېدى.

بۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام، بۇ پەزىلەتلىك بەندىگە يەنە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈپ قويدۇم. ئەسلىدە ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئىشىنىڭ تېگى ئاشكارىلانغۇچە سەۋر قىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى، دەپ قاتتىق خىجىل بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قارامىلىق قىلىۋەرسە، نەپرەتكە ۋە يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلدى. ئەمدى ئۇ ئالدىراپ سوئال سورىماسلىقىم كېرەك، بولمىسا خىزىر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلمايدۇ، دېگەن قارارغا كەلدى. شۇڭا ئۇ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنە سىزدىن بىرەر ئىشنى سوراپ قالسام، مېنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلماڭ. مېنىڭ ناماقۇللۇقۇمنى قوبۇل قىلىڭ، — دېدى.

ئىككىيلەن مۇشۇ شەرتلەر بويىچە يولنى يەنە داۋاملاشتۇردى. ئۇلار كۆپ يول مېڭىپ ھاردى، ئاچتى، يول بويىدا بىر مەھەللە كۆرۈندى. ئۇلار مەھەللىگە كىرىپ، ئاز - تولا يېمەكلىك تېپىپ، يولنى يەنە داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەنىدى، لېكىن مەھەللىدىكىلەر بېخىل بولغاچقا، ئۇلارنى كۈتمىدى. تېخى ئۇلارنىڭ قونۇپ قېلىشىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى. ئۇلار تاماق تېپىپ يېيەلمەي، كەيپى ئۇچقان

ھالدا مەھەللىنىڭ سىرتىغا قاراپ يول ئالدى .

مەھەللىدىن چىقىشقا ئاز قالغاندا ، ئۇلارغا يىقىلاي دەپ قالغان بىر تام چېلىقتى ، خىزىر ئەلەيھىسسالام بىردىنلا تامغا ئاۋۋال بىر نەرسە بىلەن تىرەك قويدى ، ئاندىن تامنى ئوڭلاپ قويدى . مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنە سەۋر - تاقەت قىلالماي :

— غەلىتە بىر ئىشقۇ ! سىز بۇ بېخىل پەسكەشلەرگە ساۋابلىق ئىش قىلىپ بېرىۋاتىسىز . خالىسىڭىز ، مۇشۇنداق قىلىپ پۇل تېپىپ ، بىزنى باقسىڭىزمۇ بولغۇدەك ! — دېدى .

خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يەنە بىر قارىدى - دە ، مۇنداق دېدى :

— سېنىڭ مەندىن پەرقلىنىدىغان يېرىڭ مانا مۇشۇ يەردە . ئەمدى مەن ساڭا بۇ ئىشلارنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرەي : ھېلىقى كېمە ئەسلىدە مىسكىن - بىچارىلەرنىڭ دېڭىزدا ئىشلىتىدىغان كېمىسى ئىدى ، ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ چەكسىز ئېقىنىدا ياخشىراق كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن ، ئاشۇ كېمىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى . بىراق ، زالىم پادىشاھ ياخشى كېمىلەرنى كۆرسىلا زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى . شۇڭا ، مەن كېمىنىڭ تاختىيىنى قومۇرۇپ بۇزۇۋەتتىم . بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتىم ئاشۇ مىسكىن - بىچارىلەرگە ھېسداشلىق ۋە خەيرخاھلىق قىلىش ئۈچۈن ئىدى ، چۈنكى زالىم پادىشاھ كېمىنىڭ ئەيجەق ئىكەنلىكىنى كۆرسە ، ئۇنى ئالماي تاشلاپ كېتىشى مۇمكىن . بۇ قارىماققا يامان ئىشتەك كۆرۈنگەن بىلەن ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ئۇلارغا رەھىم قىلغانلىق . سەن بۇ ئىشنى جىنايەت دەپ قارىدىڭ ، ئەمەلىيەتتە بۇ مىسكىن - بىچارىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ ، بەختسىز كىشىلەرگە تىرىكچىلىك يولى قالدۇرغانلىق .

ھېلىقى بالىغا كەلسەم ، ئۇ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ۋە ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان بىر نەرسە ئىدى . ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىمان كەلتۈرگەنلەردىن بولۇپ ، ئاللاغا ئېتىقاد قىلغانلىق تۈپەيلى ، پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنەتتى . مەن ئۇلارنى بالىسىغا مۇشۇنداق

كۆيۈنۈپ ، قانات يېيىپ ، ئۇنى خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىشقا قويۇپ بېرىپ ، ئاخىردا گۇمراھلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويارمىكىن ، دەپ ئەنسىرىدىم . شۇڭا ، مەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېتىقادىنى ئاسراش ئۈچۈن ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم ۋە ئاللادىن ئۇلارغا تېخىمۇ چىرايلىق ۋە رەھىملىك پەرزەنت بېرىشنى تىلىدىم .

ھېلىقى تامغا كەلسەم ، مەن ئاللانىڭ ھۆزۈرىدىن بۇ تامنىڭ ئاستىدا ئىككى يېتىم ئوغۇلغا تەئەللۇق پۇل - دۇنيا بارلىقىنى بىلدىم . ئۇلار مېھرىبان ، شەپقەتلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلار ئىدى . مەن ئۇلار چوڭ بولۇپ ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرگۈدەك ھالغا يەتكەندە ئاشۇ تام ئاستىدىكى پۇل - دۇنيانى ئېچىپ ئالارمىكىن دەپ ، ئۇ تامنى ئوڭلاپ قويدۇم .

بۇ ساۋابلىق ئىشلارنى كۆزۈمگە ئەمەس ، بەلكى پۈتۈنلەي ئەقىل - پاراستىمگە تايىنىپ قىلدىم . ئەقىل - پاراستىم ئاللانىڭ بېشارىتى ۋە يېتەكچىلىكىدىن كەلدى . سەن ئۇقالمىغان ئاشۇ ئىشلار توغرۇلۇق مېنىڭ دەيدىغىنىم مۇشۇ .

## قارۇن

قارۇن بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر قوۋمدىن ئىدى ، ئىككىيلەندە تېخى يېقىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتمۇ بار ئىدى . قارۇن ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن باياشات ياشايتتى ، تاپاۋىتى ئۈستۈن ، مال - دۇنياسى مول ئىدى . ئۇ بىمالال ، ئەركىن ۋە ناھايىتى خۇشال ئۆتەتتى . بۇنداق بەخت - تەلەي جاھاندا كەم ئۇچرايتتى .

قارۇننىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ ، خەزىنە ۋە ساندۇقلىرى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن لىق تولدى . ئۇ مال - دۇنيالىرىنى ساقلاشقا بىر نەچچە ئادەم ياللىدى . ئۇلار بۇ ساندۇقلارنى يا كۆتۈرەلمەيتتى ، يا ئاچالمايتتى .

ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا، تۇرمۇشنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزەتتى، ئازادە كىيىنىپ يۈرەتتى. ئۇ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشىدىغان چاغدا، ئالدى بىلەن بىر قۇر پەرداز قىلىپ ياسىناتتى. ئۇنىڭ سارىيىدا قۇللار ۋە خىزمەتكارلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇ ئاشۇنداق كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، لېكىن ئىچىدە: «ئەگەر كەيپ - ساپانىڭمۇ چېكى بار بولسا، مەن چوقۇم شۇ چەككە يېتىشىم كېرەك» دەپ ئويلايتتى.


ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ئالتۇن - كۈمۈش جاھاننىڭ زىبۇزىننىتى ۋە شان - شەۋكىتى، تۇرمۇشنىڭ ئاساسى ۋە تۈۋرۈكى بولۇپ كەلدى، ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنياغا ئىگە بولغان كىشى زورلۇق - زومبۇلۇق قىلالايدۇ، سەن ئەمەس مەن دەپ، جاھاندا ئۆزىنى يوغان تۇتىدۇ، ئۆزىنى ھېچ كىشىگە تەڭ قىلمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ، بۇ دۇنياغا كەلگەن كىشىلەر مېنىڭ زاڭلىق ۋە مەسخىرە قىلىشىم ئۈچۈنلا كەلگەن، دەيتتى. ئۇ يەنە مەن گەپ قىلسام، كىشىلەر ھۆرمەت - ئىكرام بىلەن ئاڭلىشى، قارارلىرىمنى بويسۇنۇپ ئىجرا قىلىشى، ماڭا ساداقەتمەن بولۇشى كېرەك، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۆلۈمگە مەھكۇم؛ مەن ئۈچۈن كەتمەن چېپىشنى راۋا كۆرمىگۈچىلەر گۇناھكار، دەپ قارايتتى.

قارۇننىڭ بۇنداق قىلىشى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلىقى بولۇپ، بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان يېرى يوق ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە شەپقەتسىز ئىدى، زالىملىق ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلاتتى.

بۇ بايلار ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى بىر قۇر پەسەيتىپ، تۇرمۇشنى، تۇرمۇشنىڭ يولىنى بىلگەن بولسا، مال - دۇنياغىلا تايىنىپ كىشىنى باش ئەگدۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى، قۇللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگىمۇ زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ خەير - ساخاۋەتلىكىنىلا ئىزدەيدىغان بەندىلەردىن ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا چىقىش يولى بەرگەندىلا، خەير - ساخاۋەت

www.elmn.cn

# قۇرئاندىكى قىسسەلەر



قىلىنغاندىلا، ئاندىن ئۇلار بۇيرۇقىا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتى.

بايلار مۇشۇنداق قىلىنغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىپ، يامانلىقتىن ساقلىنالايدۇ. ئۇلار پەقەت خەير ـ ساخاۋەتكە بۇرالغاندىلا، ئاندىن كىشىلەر ئۇلارنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ؛ شۇندىلا ئاللا ئۇلاردىن رازى بولۇپ ئۇلارغا نېمەتلەر ئاتا قىلىدۇ، جەننەتتىن ئورۇن بېرىدۇ؛ يەنى ئۇلار بۇ دۇنيادا بەخت ـ سائادەت تاپىدۇ، قىيامەتتە شاپائەت كۆرىدۇ.

مال ـ دۇنياغا تويمايدىغان ئاشۇ زالىم ئۆكتەملەر تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر ساختا جانابلاردۇر. ئۇلار كۆرۈنۈشتە ھەدەپ قويۇپ، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتىدۇ، مىسكىن ـ بىچارىلەرنىڭ قارشىلىقلىرىنى، ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالىدۇ.

قارۇن ئەپ تارتماستىن ئەسكىلىك قىلاتتى، ئەس ـ يادى پۇل تېپىش، باي بولۇشتىلا ئىدى، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىنى ياساپ يۈرەتتى، بەكمۇ كۆرەڭلەيتتى، باشقىلارنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىشى بىلەن كارى يوق ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يامانلىقنى تاشلاپ، توغرا يولغا مېڭىش، قەلبىدە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان بىر روھنى پەيدا قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا: مال ـ دۇنياغىلا مەپتۇن بولۇپ كەتمەي، موھتاجلاردىن ئەھۋال سوراپ، كىشىلەرنىڭ قايغۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، بۇ دۇنيالىقىڭ ۋە ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلىپ قوي. بۇ قوش ساۋاب مال ـ دۇنيالىرىڭدىنمۇ ئەۋزەل ۋە ئەبەدىيلىكتۇر، دېيىشتى.

ئۇلار مۇنداق دەيتتى:

— بىز سېنىڭ بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىشىڭنى خالىمايمىز، سېنى بۇ ئالەمنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولمىسۇن دېمەيمىز، بۇ بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئەمەس. بۇ ساڭىمۇ، بىزگىمۇ پايدىلىق.

سەن يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىڭنى ، قانۇنلۇق راھەت ـ پاراغەتلىرىڭنى ساقلاپ قالساڭ ، ئۆزۈڭگە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەر بىلەن قامدالساڭ بولىۋېرىدۇ .

بىراق ، سەن كەمبەغەل بىچارىلەرگە سەل قارىماسلىقىڭ ، ئاشۇ موھتاجلارنى ئېسىڭدىن چىقارماسلىقىڭ كېرەك . سەن ئۇلارغا خۇددى ئاللا ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك ياخشىلىق قىل . مۇشۇنداق قىلساڭلا ، ئاندىن ئېرىشكەن شەپقەت ـ مەرھەمەتلىرىڭنى ساقلاپ قېلىپ ، ئۆز بايلىقىڭنى ئاشۇرۇپ ، گۈل ئۈستىگە گۈل قوندۇرالايسەن .

ئالتۇن ـ كۈمۈش كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇيان ـ بۇيان بولۇپ كېتىدىغان كۆلەڭگە ، ۋاقىتلىق مال ـ دۇنيا . شۇڭا ، سەن ئۇنىڭغا ئېرىشكەنلىكىڭ بىلەن خۇشال بولۇپ كەتمە . ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قالما . شۇنداقلا ئۇنى بۇ دۇنيادىكى مەقسەتلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ياكى ئۇ دۇنياغا بېرىشنىڭ يولى دېمە . بىزنىڭ ساڭا قىلغان بۇ سەمىمىي نەسىھەتىمىز پەقەتلا ساڭا كۆيۈنۈش ۋە ئاللادىن بارلىق مېھىر ـ شەپقەتنى ساڭا بېرىشنى ئۈمىد قىلىش ئۈچۈندۇر . ۋەھالەنكى ، ھازىر بىز ئاللانىڭ سېنى ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭدىن مەھرۇم قىلىپ قويۇشىدىن ياكى ئاخىردا سېنى جەننەتكە كىرگۈزمەسلىكىدىن ئەنسىرىمەكتىمىز .

ئەسلىدە بۇ نائىنساپنىڭ ئۇ نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . لېكىن ، ھاكاۋۇر كىشى قانداقمۇ سەمىمىي نەسىھەتلەرگە قۇلاق سېلىپ ، يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ توغرا يولغا ماڭسۇن !؟

قارۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئاۋۇتۇش ، بايلىق توپلاش خام خىيالىغا چۆمۈپ كەتتى . بايلىق ئۇنى بارغانسېرى تەكەببۇرلاشتۇرۇۋەتتى . سەمىمىي نەسىھەتلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . كىشىلەر ئۇنىڭغا سەمىمىي نەسىھەتلەرنى ئاڭلىتىشنىڭ چارىسىنى تاپالمىدى . قارۇن بولسا ئۆز قىلمىشىنى يوللۇق ، دەپ قارايتتى .

شۇڭا، ئۇ كىشىلەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ماڭا سىلەرنىڭ نەسىھەتلىرىڭلار ھاجەتسىز، قىلغانلىرىم سىلەرنىڭكىدىن توغرا. مەن كۆپنى كۆرگەن، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىم بىلەن كۆڭلۈم توق ھەم شۇنداق بولۇشقا مۇناسىپمەن. سىلەر نەسىھەتلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ غېمى بىلەن بولساڭلار بولدى. مېنىڭ ئەھۋالىم سىلەردىن كۆپ ياخشى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىممۇ سىلەرنىڭكىدىن كۆپ.

قارۇن تېخى ئۇلارنى ئەيىبلەش ۋە قاتتىق ئىزا - ئاھانەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە ياسىنىپ چىقىپ، ئاللاناڭ ئۇنىڭغا قىلغان مول شەپقىتىنى ئۇلارغا كۆز - كۆز قىلدى.

كىشىلەر ئۇنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن ئېگەر - جابدۇقلۇق ئارغىماقىقا مىنىپ، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چاكارلىرى پوش - پوش دەپ مېڭىشاتتى. كىشىلەر قولى بىلەن كۆنىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇنىڭ شۇقەدەر سۆلەتۋازلىق قىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئېچىندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىن، كۆڭلى غەمكىن ئىدى. كىشىلەر بىر - بىرىگە، بىزمۇ ئاشۇنداق تەلەيلىك بولغان بولساق - ھە، دەپ پىچىرلىشاتتى.

سەمىمىي نەسىھەتلەر قارۇنغا كار قىلمىدى، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتمۇ ئۇنىڭ دىلىنى يۇمشىتالمىدى. كۆلپەتلىك، پاجىئەلىك ئەھۋاللارمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى.

ئاخىر مۇسا ئەلەيھىسسالام جىددىي ۋە قەتئىي ھالدا ئۇنىڭغا ئالتۇن - كۈمۈشلىرىدىن سەدىقە بېرىش، كەمبەغەللەرگە خەير - ساخاۋەت قىلىشنى جاكارلىدى، ئۇنىڭ پۇللىرى ئىچىدە تىلەمچىلەرنىڭمۇ، مىسكىن - بىچارىلەرنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئېنىق كۆرسەتتى.

لېكىن، قارۇنغا ئاللا تەرىپىدىن پېخسىق دېگەن تامغا بېسىلىپ كەتكەچكە، ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇراجىئەتلىرىگە زادىلا قۇلاق سالمىدى. ئەكسىچە، ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلدى، ئۇنىڭ زىتىغا تەگدى، ھەتتا ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىدى. قارۇن شەپقەتسىزلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ ساڭا تاقەت قىلىپ تۇرغۇچىلىكىمىز قالمىدى. سەن بىزگە يېڭى دىننى تاڭدىڭ، بىزدىن ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلدىڭ، بىزگە بۇنى قىل، ئۇنى قىل دەپ بۇيرۇق قىلدىڭ. ھازىر سەن يەنە بىزنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش ۋە بايلىقىمىزنى بۇلىماقچى بولۇۋاتىسەن. بىز قەلبىمىزنى ساڭا تاپشۇرايلى، سېنىڭ نازارىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، ئەمما سەن بىزدىن يۈرىكىمىز ياكى كۆز قارىچۇقىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭگە تەقدىم قىلىشنى ئۈمىد قىلما! سېنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىڭ ساختا چۈمپەردەڭنى ئېچىپ بەردى. سەن ئادەم ئالدايدىغان جادۇگەر!

قارۇن پۈتۈن ئوي-پىكرىنى ئىشقا سېلىپ چۇقان-سۈرەن سالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا پاكىت بىلەن رەددىيە بەردى. چۈنكى، بۇ ئاللانىڭ ئەمرى ئىدى، بۇنىڭدا تالاش-تارتىش قىلىش ياكى شەرت قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قارۇن باش ئەگدى.

قارۇن ئۆيىگە بېرىپ، كەمبەغەللەرگە بەرمەكچى بولغان پۇلىنى بىر قۇر ھېسابلاپ چىقتى-دە، قاتتىق چۆچۈپ، ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، كونا كېسىلى قوزغىلىپ يەنە بۇرۇنقىدەك چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان ھالغا كەلدى، مىسكىن-بىچارىلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە بەخت-سائادەت، شاد-خۇراملىقتىن تەڭ بەھرىمەن قىلىشنى ئويلىمىدى. ئۇ بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىپ كىشىلەرگە مۇنداق دېدى:

— مۇسا ساختىلىق قىلىپ، دۇنيادىكى ھەممە ياخشىلىقنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭ كۆڭلىدە زادى نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئىنچىكە كۆزەتمىدىغان بولساق، ئۇ

چاغدا ئۇنىڭ دىندىن يىراق، ئاللادىن يىراق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

قارۇن تېخى ساھىبجامال ئايالنى[1] ئىشقا سېلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇشقا ۋە كىشىلەرنى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بەزلەپ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن يىراقلاشتۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى تەۋرىتىشكە ئۇرۇندى. لېكىن، ئاللا ئۇنىڭ زەھەرلىك نىيىتى ۋە سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىدى. قەلبى پاك مۇسا ئەلەيھىسسالام سىناققا بەرداشلىق بېرىپ تېخىمۇ يۇقىرى ئابرۇي قازاندى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قارۇنغا يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ توغرا يولغا مېڭىش ھەققىدە قىلغان نەسىھەتلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاخىر ئۈمىدىنى ئۈزدى - دە، كىشىلەرنى قارۇننىڭ ئازدۇرۇشى ۋە قۇترىتىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاللادىن قارۇنغا جازا بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاللا ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆردى. شۇنىڭ بىلەن زېمىن ئۆلتۈرۈشۈپ، ئۆي - ئىمارەتلەر يىقىلدى، ئاللانىڭ ئالدىدا قارۇنغا ياردەم بېرىشكە ئادەم چىقمىدى.

زېمىن قارۇننى ۋە ئۇنىڭ پۇل - مال، ئۆي - ئىمارەتلىرىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئاشۇ ناكەسلەرنىمۇ يەر يۇتتى. قارۇننىڭ ئاقىۋىتىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىبرەت قىلدى، ئۇلار ئىلگىرى قارۇننىڭ ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىدىن نومۇس ھېس قىلدى. كىشىلەر ئاللاغا تەسبىھ ئېيتاتتى، ئاللانىڭ ئۇلارنىمۇ قارۇن بىلەن تەڭ يەرگە يۇتقۇزۇۋەتمىگەنلىكىگە شۈكۈر ئېيتىشاتتى. ئۇلار: «ئەگەر ئاللانىڭ غەمخورلۇقى بولمىغان بولسا، بىزمۇ يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەن بولاتتۇق. ئاللاغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەر ياخشى كۈن

www.alnama.cn

① [illegible] ئۇنىڭ ئىزاھىغا قارىغاندا، قارۇن بىر ئايالنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇشقا كۈشكۈرتكەن. ئايال ئۇنىڭ بېرىشىغا بارغان، كېيىن بىر مەجلىستە قارۇننى پاش قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك، گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان — ئەنزۇيىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كۆرمەيدۇ، قارۇننىڭ قىپقالغان ئۆيى يەر يۈزىدە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان، كەيپ ـ ساپا سۈرۈپ چۈشكۈنلەشكەن كىشىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بولسۇن. شان ـ شەرەپ تەقۋادار مۆمىنلەرگە مەنسۇپ!» دېيىشتى.

www.alma.cn

# تالۇت

تابۇت سىكىنە[1] ئاللانىڭ بەنى ئىسرائىلغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى پۈتمەس - تۈگىمەستۇر. بەنى ئىسرائىل ئۈچۈن ئېتىقاندا، تابۇت سىكىنە ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىدى، ئۇلار جەڭ مەيدانلىرىغا بېرىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدىغان چاغلاردىمۇ ئۇنى ئېلىۋالاتتى، بەلكى ئۇنى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ مېڭىشاتتى. بەنى ئىسرائىل ئۇنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتى بىلەن ئەركىن، خاتىرجەم يۈرەتتى، دۈشمەنلەر بولسا ئالاقزادە بولۇشۇپ تەشۋىشكە چۈشەتتى.

لېكىن، ئۇلار ئەمر - پەرمانىدىن چەتنەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەندە، ئاللا پەلەستىنلىكلەرگە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش، ئۇلارنى يۇرت - ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىۋېتىش ۋە ئاخىرقى ھېسابتا، تابۇت سىكىنەنى ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ھوقۇقىنى تاپشۇردى. شۇ سەۋەبتىن، بەنى ئىسرائىل چاك - چېكىدىن بۇزۇلۇپ، تىز پۈكۈشكە ۋە ئىزا - ئاھانەت تارتىشقا مەجبۇر بولدى.

مۇشۇنداق خورلۇق بىر ئەسىر داۋاملاشتى. كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر پەيغەمبەر مەيدانغا كېلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھىمايىسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇ كىشىلەرنى خورلۇق ئورنىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، گۇناھتىن نېرى قىلىشنى ئويلايتتى. بەنى ئىسرائىل ئۆزلىرىنى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا يېتەكلەيدىغان يولباشچىغا ئىگە قىلىش ۋە ئۆز غەلىبىسىنى ئاللانىڭ كاپالىتىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ پەيغەمبەردىن ئۆزلىرى ئۈچۈن

[1] [illegible] دا بايان قىلىنغان قەدىمكى يەھۇدىي دىنىدىكى مۇقەددەس نەرسە. «تەۋرات»تا خاتىرىلىنىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن تابۇت سىكىنەنى ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىدە خۇدا بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدە (ئون نەسىھەت)نىڭ تاش مەتنىسىنى ساقلىغانىكەن — ئەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.alnama.cn

بىر پادىشاھ تاللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى ئىشمۇئىل ئىدى . ئۇ بەنى ئىسرائىلنى ئۇزاق مۇددەت كۆزەتتى ۋە سىنىدى ، ئۇلارنىڭ ئاجىز ، ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇ بۇ ئادەملەرگە مۇنداق دېدى :

— ئەگەر چوقۇم ئۇرۇش قىلىدىغان بولساڭلار ، پەمىچە ، سىلەر بىر - بىرىڭلارنى تاشلىۋېتىشىڭلار ، لەشكەر بېشى سىلەردىن كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلغاندا ، سىلەر باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىشىڭلار مۇمكىن .

— بىز يۇرت - ماكانلىرىمىزدىن قوغلىنىپ ، سەرسان بولغان تۇرساق ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار ، — قانداقمۇ ئۇنداق قىلايلى ، بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز بەكمۇ يامان ، بىز تارتمىغان يەنە قانداق خورلۇق قالدى ؟

— ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ ، بېشارەت سوراپ باقاي ، — دېدى ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالام .

ئۇلارغا كىم باشچىلىق قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇ ئاللادىن بېشارەت تىلىدى .

— مەن تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھ قىلىپ تاللىدىم ، — دەپ بېشارەت بەردى ئاللا .

— ئى رەببىم ، مەن تالۇتنى تونۇمايمەن ، ئىلگىرىمۇ ئۇنى كۆرمىگەنىدىم ، — دېدى ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالام .

— مەن ئۇنى سېنىڭ قېشىڭغا ئەۋەتىمەن ، — دەپ بېشارەت بەردى ئاللا ، — ئۇنى كۆرمىگۈڭ تەس ئەمەس . سەن پادىشاھلىقنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ، جەڭ تۇغىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزغىن !

تالۇت بەستلىك ، قاۋۇل ، كۈچتۈڭگۈر ئادەم ئىدى ، ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرانە كۆزلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىل - پاراسەتلىك ، ساپ دىل ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى . شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ تېخى نامى چىقمىغاچقا ، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى . ئۇ دادىسى بىلەن بىر

جىلغىدا ياشايتتى، چارۋا باقاتتى، دېھقانچىلىق قىلاتتى.

بىر كۈنى ئۇ دادىسى بىلەن ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتاتتى. بىردىنلا، بىر توپ مادا ئېشەكلەر دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. تالۇت بالىسى بىلەن بىللە جىلغىدىكى ئوتلاقلارنى ئىزدىدى، ئەتراپتىكى تاغلارغا بىرنەچچە كۈن چىقىپ، سازلىق ۋە ئېگىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ چىقىپ، قاتتىق چارچاپ پۇتىنى كۆتۈرگۈچىلىكى قالمىدى.

— يۈر، كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتىپ كېتەيلى، — دېدى تالۇت بالىسىغا، — بوۋاڭ بىزدىن ئەنسىرەپ قالىدۇ، ئۇ بەلكىم بىزنى چوقۇم ئېشەكلەر ئازدۇرۇۋەتتى دەپمۇ ئويلىغاندۇ.

— بىز ھازىر ئىشموئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتى سۇفىيغا كېلىپ قالدۇق، — دېدى بالا دادىسىغا، — مەن ئۇنىڭ بېشارەت بېرەلەيدىغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، پەرىشتىلەر دائىم ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇرىدۇ. بىز بېرىپ ئۇنىڭدىن ئېشەكلەرنىڭ قەيەرگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى سوراپ باقساق، ئۇ بەلكىم ئېشەكلەرنى تېپىپ بېرەر. ئۇنىڭ گېپى بويىچە قىلساق چاتاق يوق.

تالۇت ئوغلىنىڭ تەكلىپىنى خۇشال ھالدا قوبۇل قىلىپ، قايتا ئۇممىدلەندى ۋە مۇشۇنداق قىلساق ياخشى بولار، دېگەن ئويدا بولدى.

دادا ـ بالا ئىككىيلەن ئىشموئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، سۇغا چىققان بىر توپ قىزلارنى ئۇچراتتى ـ دە، ئۇلاردىن رەھىملىك ئاللانىڭ بۇ ئەلچىسىنىڭ ئائىلىسى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى.

— كىشىلەر تاغ ئۈستىدە ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. ئۇ ھازىرلا كېلىدۇ، — دېيىشتى قىزلار.

قىزلار ئۇلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئىشموئىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرلەرگە خاس خۇش پۇراق كېلىپ تۇراتتى، پەيغەمبەرلەرگ

www.alma.cn

مۇناسىپ ساداقەتمەنلىك ۋە رەھىمدىللىك ئىپادىلىنەتتى . ئۇنى كۆرۈپلا تالۇتنىڭ قەلبى ئىللىق تۇيغۇغا چۆمدى . ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالام كۆڭلىدە : «ئاللا پادىشاھلىق ھوقۇق تاپشۇرغان تالۇت شۇ ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى .

— ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ، — دېدى تالۇت ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالامغا ، — مەن قېشىڭىزغا كۆرسەتمە ئېلىش ۋە ھىدايەتكە مېيسەر ئۈچۈن كەلدىم ، چۈنكى دادامنىڭ ئېشەكلىرى مۇشۇ جىلغىلاردىكى چىغىر يوللاردا يوقىلىپ كەتكەنىدى . مەن بالام بىلەن ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ ، شۇنچە ئاۋارە بولۇپمۇ تاپالماي ، قايتىپ كېتەيلى دېگەن ، لېكىن سىزنىڭ بىلىمىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئويلاپ ، بەلكىم ئېشەكلىرىمىزنى تېپىپ بېرىشكە ياردەم بېرەر ، دېگەن ئويدا ئالدىڭىزغا كەلدۇق .

— ئېشەكلەر يولدا كېتىۋاتىدۇ ، — دېدى ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالام ، — داداڭنىڭ قېشىغا قايتىپ بارىدۇ ، سەن غەم قىلما . مەن ھازىر سەندىن ئەڭ زور بىر ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن ، ئاللا سېنى بەنى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلىدى . ئاللا سەندىن ئۇلارنىڭ پىكرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇلارنى دۈشمەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا . ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ . سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ .

— مېنى قانداقمۇ پادىشاھ دېگىلى بولسۇن ، — دېدى تالۇت ، — مەن پەقەت بەنى ئىسرائىلدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممىتى ، نامسىز ، ئاددىي ۋە ھەممىدىن كەمبەغەل ئادەممەن ، مەن قانداقمۇ پادىشاھ بولالايمەن ؟

— بۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە بېشارىتى ، ئۇنىڭ ئەمرى ۋە يارلىقى ، — دېدى ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالام ، — سەن ئۇنىڭ [illegible]ىغا تەشەككۈر ئېيتىپ ، پۈتۈن زېھنىي كۈچۈڭ بىلەن ياخشى ئىشلىگىن .

ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالام تالۇتنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، ئۇنىڭ ئالدىنى كىشىلەر تەرەپكە تۇرغۇزۇپ ، خالايىققا :

— ئاللا تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا ئەۋەتتى . ئۇ لەشكەرلەرگە باشچىلىق قىلىش ، ھاكىمىيەتنى تۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە . سىلەر بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىپ ، بىرلىشىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە تەييارلىنىڭلار ، — دەپ جاكارلىدى .

ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە تالۇتنىڭ پادىشاھ بولىدىغانلىقىنى ، بىراق ئۇنىڭ نامى چىقمىغان ، پۇل - مېلىمۇ يوق ئىكەنلىكىنى جاكارلىغاندا ، بەنى ئىسرائىل قوۋمىدىكىلەر داڭقېتىپ ھەيران قېلىشتى . ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ، قوشۇملىرىنى تۈرۈپ :

— ئۇ بىزگە پادىشاھ بولۇشقا قانداقمۇ مۇناسىپ كەلسۇن ؟ ئۇ مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن ، ئېسىل قانداشلاردىن ئەمەس ، پەيغەمبەرلەر تارقالغان لاۋىيە جەمەتىگە مەنسۇپمۇ ئەمەس ، پادىشاھ يەھۇدانىڭ جەمەتىگىمۇ كىرمەيدۇ ، ھېچنېمىسى يوق مۇشۇنداق بىر سالتاڭ كەمبەغەلنى قانداقمۇ ئۆزىمىزگە ھۆكۈمران قىلالايمىز ؟ ئىش قىلىش ۋە ھۆكۈمرانلىقنى قوغداش ئۈچۈن پۇل ياكى مال - مۈلۈك بولمىسا بولامدۇ ؟ بىز پۇللىمىز ، كۈچىمىز بار ئابرۇيلۇق كىشىلەر ، — دېدى .

ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :

— لەشكەرلەرگە باشچىلىق قىلىش ۋە شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشقا قانداشلىق ياكى پۇل - مالنىڭ ھاجىتى يوق . قانداشلىق نادانلىق ۋە ئەخمەقلىككە ياردەم بېرەلمەيدۇ ، پۇل - مالنىڭ كۆپلۈكىمۇ ئەقىل - ئىدراكتىكى قالاقلىققا ھەم لەشكەرلەرگە باشچىلىق قىلىش قابىلىيىتى يوق دۆلەتلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ . تالۇتنى ئاللا سىلەرگە تاللاپ بەردى ، ئۇ قابىلىيەتلىك ، ئۇنى ئاللا قاۋۇل ، تەمبەل ، زېھىنلىك ، ئەخلاقى يۈكسەك قىلىپ ياراتتى . بۇلار كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر سەردار بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئالامەتتۇر . ئەجەبا ، ئاللا سىلەرگە لەشكەرلەرمۇ كۆزگە

ئىلمايدىغان، چاكىنا، ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىز بىر نېمىنى پادىشاھلىققا بەلگىلەپ بېرەتتىمۇ؟ تالۇت جەڭگە ماھىر، پىكرى ئۆتكۈر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تەدبىرلىك، بىلىكىدە كۈچى بار ئادەم، ناھايىتى ئەپلىك ئۇرۇش قىلالايدۇ.

ئۇنىڭ ئاللا ئاتا قىلغان تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدۇ. ئىشتا ئادىل، شۇڭا ئاللا ئۇنى پادىشاھلىققا تاللىدى. ئەل ـ جامائەتمۇ مۇشۇنداق ئادەمنى ئارزۇ قىلىدۇ.

— ناۋادا، ئاللا شۇنداق قارار قىلغان ۋە شۇنداق بۇيرۇغان بولسا، — دېيىشتى خالايىق، — بۇنىڭغا باشقا بىر نېمە دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىرەر نىشان ـ مۆجىزە كۆرسىتىپ، بۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاللانىڭ قارارى ۋە بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈرۈش كېرەك.

— ئاللا، — دېدى ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالام، — سىلەرنىڭ كۈچلۈك تەلىپىڭلار ۋە خىلمۇخىل ئەيىبلەشلىرىڭلارنى بىلىپ، سىلەرگە بىر مۆجىزە كۆرسىتىدىغان بولدى. سىلەر سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقساڭلار، تابۇت سېكىنەنى — ئۇنىڭدىن ئايرىلساڭلار پەسكەشلەرگە ئايلىنىپ، ھاقارەت ۋە ئار ـ نومۇسقا قالىسىلەر — كۆرىسىلەر، ئۇنى پەرىشتىلەر سىلەرگە ئەكېلىۋاتىدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاغا ئىشىنىدىغان بولساڭلار، تابۇت سېكىنە ھەقىقەتەن بىر مۆجىزىدۇر.

ئۇلار ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بويىچە ئىش قىلدى. دەرۋەقە، ئۇلار تابۇت سېكىنەنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئامان ـ ئېسەن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، تالۇتقا ئۆمۈرۋايەت ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىشقا قەسەمياد قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن تالۇت ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى.

www.alma.cn

تالۇت پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ قەيسەر، ئەقىللىق،

لەشكەرلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ناھايىتى قائىدىلىك ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە:

— ئى خالايىق، مۇشكۇل جاپادىن قورقمايدىغانلار، ئۆي ـ جاي سېلىۋاتقان بولسىمۇ، تېخى پۈتتۈرۈپ بولالمىغانلار، توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بولسىمۇ، تېخى نىكاھ قىلمىغانلار لەشكەرلىرىمنىڭ سېپىگە كىرەلەيدۇ، — دېدى.

ئۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىپ، بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى تۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بىر قوشۇنغا ئىگە بولدى. ئۇ ئىنتايىن سالماق، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكىنى ئويلايتتى، چۈنكى، بەنى ئىسرائىل ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى پادىشاھلىققا تەيىنلەش مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش قىلغانىدى. تالۇت ئۆز قوشۇنىغا ئۇرۇش باشلانغاندا ياكى دۈشمەن بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىۋاتقاندا سەپنى تاشلاپ قاچارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئىپتىماقچى بولۇپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر بىر دەرياغا دۈچ كېلىسىلەر، كىمكى بەرداشلىق بېرىپ، سۇ ئىچمەسلىكنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىسە ياكى بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە سۇ ئىچىپ گېلىنى نەمدىسە، مەن ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولىمەن①.

نەتىجىدە، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا سىناقتىن ئۆتەلمىدى. كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ چىدامىلىق ۋە ئاللاغا ئىخلاسمەن، سادىق، ئىشەنچلىك، باتۇر جەڭچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە ئاجىزلىرىمۇ، قەيسەرلىرىمۇ، ساختىپەزلىرىمۇ ۋە ساداقەتمەنلىرىمۇ بار ئىدى. تالۇت ساداقەتمەنلەرنى ئۆزىگە مۇستەھكەم تۈۋرۈك قىلدى، تەۋرىنىپ تۇرغانلارغا خىزمەت ئىشلىدى. ئۇ لەشكەرلەرنى يېتەكلەپ دۈشمەنگە زەربە بېرەتتى، ئاللا يولىدا قانغا مىلىنىپ جەڭ قىلاتتى.

www.elina.cn

① [illegible] لەشكەرلىرىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق چاڭقىغاندا، ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپ، سۇنى كۆپ ئىچىپ، كۈچىنى خورىتىپ قويۇپ، دۈشمەنگە زەربە بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇلار جەڭ مەيدانىغا يېتىپ بېرىپ، ئېگىزلىكنى ئىگىلەپ، ياۋۇز دۈشمەنلەرنى قىردى. جالۇت دۈشمەنلەرنىڭ زەبەردەس پالۋانى ئىدى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ بەنى ئىسرائىلنى قىراتتى، ھېچقانداق كۈچ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى.

تالۇتنىڭ بىر قىسىم لەشكەرلىرى ھالسىزلىنىپ، قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي: «بىز بۈگۈن جالۇت ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگە ھېچ ئامال قىلالمىدۇق» دەپ نالە قىلىشتى. تالۇتنىڭ يەنە بىر قىسىم لەشكەرلىرى جەڭنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئېتىقادىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئاللاغا مۇھەببەت باغلاپ، ھايات ـ مامات جېڭى قىلىشقا تەييارلاندى. دۈشمەن كۆپ، ئۆز ئاز بولۇشتەك پايدىسىز ۋەزىيەت ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى ۋە تەسىر يەتكۈزەلمىدى. ئۇلار تالۇتقا مۇنداق دېيىشتى:

— پىلانىڭنى يولغا قوي، ئىجرا قىل! ئاللا خالىسا، بىز ئازلىقىمىز تۈپەيلى مەغلۇپ بولمايمىز، ئاجىزلىقىمىز تۈپەيلى يېڭىلىپمۇ قالمايمىز. جاھاندا ئازچىلىق كۆپچىلىكنى يەڭگەن مىساللار ناھايىتى كۆپ، ئاللا سەۋر ـ تاقەت قىلغۇچىلار بىلەن بىللە!

ئۇلار يەنە راسلىنىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلارغا سەۋر ـ تاقەت قورال، ئېتىقاد ئوزۇق بولدى. ئۇلار ئاللادىن ئۆزلىرىگە زور كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ، غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئاللا ئۈچۈن، ئاللانىڭ ئىرادىسى ئۈچۈن جەڭ قىلدى.

ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى گىرەلىشىپ كەتتى، جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولدى. جالۇت ئۆز لەشكەرلىرىنى دۈشمەننى باتۇرلۇق بىلەن قىرىشقا چاقىراتتى؛ تالۇتنىڭ ئادەملىرى جالۇتنىڭ جاسارىتىدىن قورقۇپ، بارا ـ بارا سەپتىن چېكىنىدى.

بەيتراھامدا[1] ئىنتايىن ساغلام بىر بوۋاي بار ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك ئۆتەتتى، پەرزەنتلىرى بىلەن ئىناق ياشايتتى.

www.alma.cn

① جاي ئىسمى. ئىيرۇسالىمغا يېقىن يەردە. ئىسا پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ، تالۇت بەنى ئىسرائىلنى جەڭگە بىرىشقا سەپەرۋەر قىلدى . بوۋاي ئۈچ چوڭ ئوغلىغا :

— قورال - ياراغلىرىڭلارنى ئېلىپ بېرىپ ، قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار ، جەڭ مەيدانىغا بېرىپ بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىڭلار ، — ئۇ يەنە كەنجى ئوغلىغا مۇنداق دېدى ، — بۇ ئۇرۇشتا ، سېنىڭ ئىشىڭ ئاكىلىرىڭغا تاماق يەتكۈزۈپ بېرىش ، مەن بىلەن ئاكىلىرىڭ ئوتتۇرىسىدا خەۋەرچىلىك قىلىش بولسۇن . سەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا بىر قېتىم خەۋەر قىل . لېكىن ، جەڭ مەيدانىغا يېقىن بارما . جەڭگە قاتنىشىشىڭغىمۇ رۇخسەت يوق . چۈنكى سەن تېخى قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويمىدىڭ ، ئۇرۇشنى چوڭ ئادەملەر قىلسۇن .

بۇ كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىسمى داۋۇد[1] ئىدى . ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشى تېخى كىچىك ئىدى ، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى . ئۇ تېخى سىناقلاردىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ ، بىراق ئاجايىپ ئەقىل - پاراسەتلىك ئىدى ، ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى .

ئۇ ئاكىلىرىغا ئەگىشىپ جەڭ مەيدانىغا بېرىپ ، ناھايىتى يوغان بىر ياۋۇز ئادەمنىڭ ھەدەپ ھەيۋە قىلىپ كۆرەڭلەۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئەتراپتىكى كىشىلەر بۇ ئادەمدىن قورقۇپ ھەدەپ كەينىگە داجىۋاتاتتى . ئۇ كىشىلەردىن خورىكى يامان بۇ ھاكاۋۇر كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى . كىشىلەر ئۇنىڭغا : بۇ كىشى دۈشمەننىڭ لەشكەر بېشى جالۇت بولىدۇ . كىمكى ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ قالسا ، يا جېنىدىن ئايرىلىدۇ ، يا يارىدار بولۇپ سەپتىن چىقىدۇ . بۇ ھال نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى . تالۇت ئۇنى ئۆلتۈرگەنلەرنى مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ، كىمكى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، مۆمىنلەرنى قوغدىسا ، شۇنىڭغا ئۆز قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى ، تەختكە ۋارىس قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ،

① «بىبلىيا» دىكى ھېكايىدە بايان قىلىنغان قەدىمكى يەھۇدىيلار پادىشاھى داۋۇد . «تەۋرات» تا خاتىرىلىنىشىچە ، ئۇ يەھۇدىي قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، پادىشاھلىق قۇرۇپ ، ئېرۇسالىمنى پايتەخت قىلغان . ئۇ ياشلىق دەۋرىدە پىلىستىنلىك پالۋان گىبرىيەنى ئۆلتۈرگەن . ئۇ پادىشاھلىق قىلىپ تۇرغان دەۋرىدە كۈچلۈك قوشنىلارنىڭ تاجاۋۇزىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغان — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن .

www.alma.cn

دېيىشتى . داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، جالۇتقا چەكسىز نەپرەتلەندى . داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى خاتىرجەمسىزلەندۈرگىنى شۇكى ، توخۇ يۈرەك كىشىلەر بۇ ئىمانسىز ئادەمدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ ئالدىغا بىر قەدەممۇ ماڭالمايتتى .

داۋۇد ئەلەيھىسسالام تالۇتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا : جالۇت بىلەن ئېلىشىپ باقاي ، بەلكىم ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈممۇ مۇمكىن . ماڭا رۇخسەت قىلغىن ، دەپ تەلەپ قويدى . تالۇت داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى كۆزگە ئىلمىدى . ئۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى يېشى كىچىك ، جالۇت بىلەن ئېلىشىپ قالسا ، كاللىسىدىن جۇدا بولىدۇ ، دەپ ئەنسىرەيتتى . شۇڭا ئۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بۇ نىيىتىدىن قايتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ ، يېشى چوڭ ، تېنى كۈچلۈك ، قەيسەر ، قابىل كىشىلەرنى جالۇت بىلەن ئېلىشىشقا بەلگىلىمەكچى بولدى .

— سەن مېنى يېشى كىچىك ، تېنى ئاجىز دەپ تۆۋەن مۆلچەرلىمە ، — دېدى داۋۇد ئەلەيھىسسالام تالۇتقا ، — قەلبىمدە ئېتىقاد تولۇپ تاشماقتا ، غەزەپ ئوتى لاۋۇلدىماقتا . تېخى يېقىندا ، دادامنىڭ قوي پادىلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بىر شىرنى تۇتۇپ ئۆلتۈردۈم . يەنە بىر قېتىم يولدا كېتىۋېتىپ بىر ئېيىققا دۇچ كېلىپ بىر ھازاغىچە ئېلىشقاندىن كېيىن ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتىم . بۇ مىساللار شۇنى بىلدۈرىدۇكى ، بۇنداق ئىشتا يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ياكى تەنىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا ئەمەس ، يۈرەكنىڭ كۈچىگە قاراش كېرەك .

تالۇت ئۇنىڭ سۆزىدە سەممىيلىك ، قەتئىي نىيەت ھەم ئىشەنچ بارلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇنىڭغا :

— ئۇنداق بولسا ، ئۆزۈڭگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئال ! ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ، — دېدى ، ئاندىن ئۆزىنىڭ شەمشىرىنى ، بېشىغا دۇبۇلغا ، ئۇچىسىغا ساۋۇت بەردى . لېكىن ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيمىدى ، شەمشەر ئالمىدى ، ھەتتا بېشىغا دۇبۇلغىمۇ كىيمىدى . بىر تال تاياق بىلەن

تاش ئاتىدىغان پالاخماننى ئېلىپلا ئالمان ـ تالمان چىقىپ كەتتى .

— تاياق بىلەن پالاخمان نېمىگە يارايدۇ ؟ ئۇ يەر شەمشەر بىلەن ئوقيا ئىشلىتىدىغان جاي ! — دېدى تالۇت .

— ئالـلا مېـنـى ئېيىقنىڭ چىشى ، شىرنىڭ تىرنىقىدىن ساقلىغان . ئۇ ياۋۇز ئەبلەخ مەيلى قانچە ھىيلىگەر بولسۇن ، مېنىڭ ئالدىمدا ھېچ ئامال قىلالمايدۇ ، — دېدى داۋۇد ئەلەيھىسسالام .

ئۇ ئىرادىسىگە ، ئېتىقادىغا ، كىشلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە ئۈمىدىگە تايىنىپ جالۇتقا قارشى جەڭگە ئاتلاندى .

جـالۇت ئۆز رەقىبىنىڭ بۇرنىدىن سۈت تېمىپ تۇرىدىغان ، تېنى ئاجىز ، ئورۇق ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتمۇ كىيمىگەن ، شەمشەرمۇ ئالمىغان بىر گۆدەك بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، كۆزگە ئىلماي ، زاڭلىق قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى :

— قـولـۇڭـغـا ئـېلىۋالغىنىڭ قانداق تاياق ؟ ئۇنى ئىتتىن ئـۆزۈڭنى قوغداشقا ئىشلىتەمەكچىمۇ ياكى ئۇششاق باللار بىلەن ئۇرۇشقاندىمۇ ؟ شەمشىرىڭ بىلەن قالـقانـلىرىڭ نەگـە كەتتى ؟ قورال ـ ياراغلىرىڭ قېنى ؟ پەممىچە ، سەن جاندىن تويۇپ بۇ يەرگە ئۆلگىلى كەلگەن ئوخشايسەن . سەن تېخى كىچىك ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىپ باقمىغان . كەل ، يېقىنراق كەل ، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا جېنىڭنى ئالىمەن ، گۆشلىرىڭنى تېخى ئۇچار قۇشلارغا ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا تاشلاپ بېرىمەن .

— سـەن دۇبـۇلـغا ـ ساۋۇت كىيىپسەن ، — دېدى داۋۇد ئـەلەيھىسسالام ، — قولۇڭدا شەمشەر ۋە قالقان . مەن بولسام پـەقەت بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىلاھى — ئاللانىڭ نامىنىلا ئۆزۈمگە ھىمات قىلدىم . سەن بەنى ئىسرائىلنى ھاقارەتلىمىدىڭ ، ئۇلارنى تىز پۈكۈشكە مەجبۇرلىدىڭ . زادى قاتىللىق شەمشىرىڭ يامانمۇ ياكى ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى يامانمۇ ، بۇنى ئۆز ۋىنغا قالماي بىلىپ قالىسەن !

داۋۇد ئەلەيھىسسالام پالاخمانغا تاش سالدى ـ دە ، جالۇتنى نىشانلاپ تۇرۇپ بىر ئېتىپلا ئۇنىڭ بېشىنى زەخىملەندۈردى .

www.alma.cn

جالۇت بېشىدىن قان توختىماي ئېقىپ ئېغىر يارىلاندى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام پالاخماننى تاكى جالۇت ئۆلگەنگە قەدەر ئارقا ـ ئارقىدىن توختاتماي ئېتىۋەردى.

غەلىبە تۇغى ئېگىز چىقىرىلدى. دۈشمەنلەر جالۇتنىڭ ئۆلۈشى بىلەن يىمىرىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن چېكىندى. بەنى ئىسرائىل ئۇلارنى قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئىنتىقام ئېلىپ، ئىلگىرىكى شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

## تالۇت بىلەن داۋۇد ئەلەيھىسسالام

بۇ ئۇرۇش داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆردى، سەممىي ئادەم دەپ قەيت قىلىشتى. ئۇ نەگىلا بارسا كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ نەزەرىنى جەلپ قىلدى. تالۇتمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ قىزىنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق قىلدى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى دەپ قارىدى. تالۇت داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر نىشاندا بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلاشتى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئىرادىسىگە تايىنىپ زەپەر ـ نۇسرەت قازاندى. ئاللانىڭ ئىلتىپات ـ مەرھەمىتى كاتتىدۇر.

بىر كۈنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىردىنلا تالۇتنىڭ چىرايى تۈرۈلۈپ، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كەم سۆز بولۇپ قالغانلىقىنى، سۆز قىلغاندىمۇ، غەزەپ ـ نەپرەت ئارىلاش سۆزلەيدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. تالۇتنىڭ پاك قەلبىنى قوچۇپ، مۇشۇنداق ھالەتكە كەلتۈرگەن قانداق نەرسىدۇ؟ ئۇ پىتنىخورلارنىڭ ئارىغا ئۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن پەيدا قىلغان ئىغۋالىرىغا ئىشەندىمۇيا؟ داۋۇد جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەنلەرنى باتۇرلۇق بىلەن قىرىپ، ئاللانىڭ پاناھىغا ئېرىشمىگەنمىدى؟ ئۆز تېنىنى تالۇت ئۈچۈن سوپەر قىلىپ ئۇنى دۈشمەنىنىڭ زىيان ـ زەخمىتىدىن ساقلاپ قالغان ئەمەسمىدى؟ ئەجەبا، ئۇ تالۇتنىڭ ياخشى كۆيئوغلى، ئۇنىڭ

قىزىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ئىككىسى توي قىلىشقاندىن بۇيان، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، ئىناق ئۆتۈۋاتىدىغۇ؟ ئۇنداق بولسا تالۇتنىڭ كۆڭلىنى باشقىچە قىلىۋاتقان نەرسە زادى نېمىدۇ؟

داۋۇد ئەلەيھىسسالام تالۇتنىڭ خاتىرجەم بولالماسلىقى بەلكى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى باشقا بىرەر ئوي - خىياللاردىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. بىر كۈنى كېچىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالام خوتۇنى مىلىكىمگە:

— قارىغىنا، مەن گۇناھ سادىر قىلدىممۇ ياكى گۇناھسىزمۇ، مەن ساداقەتمەنمۇ ياكى ساداقەتسىزمۇ؟ قارىسام دادىڭنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، كەيپى باشقىچە بولۇپ قاپتۇ، كۆزلىرىدىنمۇ غەزەپ - نەپرەت چىقىپ تۇرىدۇ. دادىڭنى ئەزەلدىن بۇنداق ھالەتتە كۆرمىگەنىدىم، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئويدىمۇ؟ — دېدى.

مىلىكىم يېنىك بىر خورسىندى - دە، كۆزىگە ياش ئېلىپ دېدى:

— داۋۇد، مەن سەندىن ھەرقانداق ئىشنى يوشۇرمايمەن. دادام بەنى ئىسرائىلنىڭ سېنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ، قەدىرلىگەنلىكىنى، ساڭا ئېتىقاد، ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سېنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭ، پىكىرلىرىڭ ئۇلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ شاھلىق تەختىدىن ئەنسىرىمەكتە، سېنىڭ تەسىرىڭدىن ۋەھىمە يېمەكتە. ھەي داۋۇد، شاھلىق تەخت تۆگىمەس بايلىقتۇر. ھوقۇق ئىگىسى ئۇنى ھاياتى، جان - جەھلى ۋە قورال - ياراغلىرى بىلەن قوغدايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز خىزمەتكارلىرىدىن گۇمانلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى ئېنىقلانمىغۇچە ئۇلارغا رەھىم قىلمايدۇ. دادام ھازىر ھەرخىل پەرەز - گۇمانلاردا بولۇۋاتىدۇ.

دادام تەقۋا دىندار، مول بىلىملىك ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىجەزى چاچقۇن، كاللىسىدا خىلمۇخىل ئوي - غەرەزلەر بار. ئۇنى سەنمۇ ئاخىر چۈشىنىپ قالىسەن. ئۇ ھازىر سەندىن قۇتۇلۇش، سېنىڭ ھوقۇقۇڭنى

ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قانىتىڭنى كېسىپ تاشلاش كويىدا بولۇۋاتىدۇ، مەن ساڭا ئېھتىياتچان بولۇپ، ھاياتىڭنى ساقلاپ قېلىشىڭنى مەسلىھەت بېرىمەن. مۇبادا مېنىڭ مۆلچەرلىرىم جايىدا چىقسا، سەن ئامان - ئېسەن قالىسەن، ئەھۋال مەن ئېيتقاندەك ئۇنچىۋالا ئېغىر بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلغانىنىڭ زىيىنى يوق.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام خوتۇنىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، قايغۇرغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— مەن پادىشاھنىڭ تۇغى ئاستىدا جان تىكىپ ئېلىشىدىغان بىر جەڭچىمەن، ئېتىقادنى قوغدىغۇچى ئىخلاسمەن مۆمىنمەن. شەيتان ئەلەيھىلەئنىنىڭ غەيۋەتلىرى داداڭنى ئازدۇرۇپ، ئۇنى يامانلىق قىلىشقا باشلىغان بولسا كېرەك. ئىنسان ئەزەلدىن يامان تەبىئەتلىك. داداڭ بەلكىم شەيتان ئەلەيھىلەئنىنىڭ ئازدۇرۇشى ئۈستىدىن غالىب كېلىشىمۇ مۇمكىن، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا كۆزىنى يۇمدى - دە، گويا تالۇتنىڭ خىلمۇخىل ئوي - غەرەزلىرىدىن ھېچقانداق خەۋىرى يوقتەك بىمالال ئۇيقۇغا كەتتى.

بىر كۈنى تالۇت داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا:

— ئى داۋۇد، بۈگۈن مەن مۇنداق بىر ئىشنى ئويلىدىم، بۈگۈن كەنئان تەرەپتىن كەلگەن خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ يەردىكى ئادەملەر توپلىشىپ بىر گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپتىمىش. ئۇلارنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئۇلغىيىۋېتىپتۇ، بۇنداق بولۇشىنى مەنمۇ ئالدىن مۆلچەرلىگەنىدىم. مېنىڭ باشقا يانتايىقىم يوق، بۇ ئىشتا پەقەت ساڭىلا تايىنىمەن. شەمشىرىڭنى ئېلىپ، لەشكەر تاللىغىن، كەنئانلىقلار ئۈستىدىن غالىب كەلمىگۈچە قايتىپ كەلمىگىن. يا شەمشىرىڭ دۈشمەنىنىڭ قېنى بىلەن بويالسۇن، يا ئۆلۈكۈڭنى [illegible]قلار ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى.

تالۇت كۆڭلىدە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى تازا يامان يەردىن قىستىدىم دەپ ئويلايتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىمۇ بار، زىيىنىمۇ بار دەپ

چۈشەنسىمۇ ، نائىلاج بويسۇندى . ئۇ كەنئانغا قاراپ ئاتلاندى . جەڭ داۋامىدا شەمشەرىنى ئويىنىتىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ، پىداكارلىق كۆرسەتتى . ئۇ جەڭدە يا جېنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقى ياكى ئۆلۈم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئويلىنىپ تۇرمىدى . ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇ ئاخىر غەلىبە قازىنىپ ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ تالۇتنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى .

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ غەلىبىسى تالۇتنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى . تالۇت چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، ئاخىر داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق باشقىلارغا ئىبرەت قىلماقچى بولدى . داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى دادىسى تالۇتنىڭ شۇم نىيىتىنى بىلىپ ، قاتتىق قايغۇرغان ھالدا ئېرىنى تاپتى - دە ، دۈككە ئىچىدە :

— ئى داۋۇد ، چاپسان قاچ ، مۇشۇنچىلىك ۋاقىتىڭدا جېنىڭنى بىر ياققا ئالغىن ! بولمىسا ، سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ ، مەن تۇگىشىپ كېتىمەن ، — دېدى .

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئامالسىز قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ ، سەرسانلىق يولىغا قەدەم قويدى . ئۇ تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ، تۆگىگە مىندى - دە ، ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان قاچقۇنغا ئايلاندى . لېكىن ، ئۇ قەلبىدە ئاللاغا قەتئىي ئېتىقاد قىلاتتى .

ئۇ بىر قاقاس چۆلگە كېلىپ قېلىپ ، چەكسىز پەرىشانلىق ۋە بىئاراملىققا چۆمگەن ھالدا چۆلدە قونۇپ قالدى . ئاردىن ئانچە ئۆتمەيلا ، بەنى ئىسرائىل قوۋمىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئارقا - ئارقىدىن ئۇزۇلمەي كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى .

تالۇت داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئاشۇنداق قىلغاچقا ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتتى . ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ قاچقانلار كۆپەيدى . قوشۇندىكى ئەسكەرلەر كۈنسايىن ئازايدى . ئۇ تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتكە قېلىپ ، شەرمەندە بولۇشتىن ئەنسىرەپ ،

ھە دېسىلا ئۆكتەملىك قىلىپ، بىگۇناھ كىشىلەرگە يوقىلاڭ جىنايى بەتنام چاپلىدى. مۆمىنلەر، ئۆلىمالار، بىلىملىك ئاقىل زاتلارنى خورلاپ، لەشكەرلەر ئىچىدە قورقۇنچ ۋە ساراسىمە پەيدا قىلدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ساق ـ سالامەت ئىدى. ئۇ تالۇتنىڭ پادىشاھلىقىغا تەھدىت سالماقتا، ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئېلىشماقتا، ئۇنىڭغا ئاتىدىغان ئوقىنى تەييارلىماقتا ئىدى. تالۇت داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ زىيانكەشلىك قىلىش كويىدا بولدى. ئۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا قارشى لەشكەر تارتىشقىچە بېرىپ يېتىپ، بۇنداق قىلىشتىن قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتمىدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام قاقاس چۆلدىن ئايرىلىپ، تالۇتنىڭ ئەھۋالىنى تىمىڭ ـ تىمىڭلاشقا باشلىدى. ئۇ تالۇتنىڭ ئۆز لەشكەرلىرىنى يېتەكلەپ بىر جىلغىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى كۆردى. تالۇتنىڭ لەشكەرلىرى ئۇزۇن يول يۈرۈپ تازا چارچىغانىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام تالۇتنىڭ نەيزىسىنى چەبدەسلىك بىلەن ئوغرىلىۋالدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ قونالغۇ يېرىگە قايتتى. تالۇت نەيزىسىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى سېزىپ تازا ساراسىمىگە چۈشكەن چاغدا، داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى كېلىپ تالۇتقا:

— بۇ سىنىڭ نەيزەڭ. ئاللا داۋۇدقا سىنىڭ بېشىڭنى ئالغۇدەك قۇدرەت ئاتا قىلغان، لېكىن ئۇ ئاق كۆڭۈل، ئاللاغا ھەممىدىن بەك ئىخلاسمەن زات، — دېدى.

ئەلچىنىڭ گېپى يوللۇق بولۇپ، تالۇتنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى. ئۇ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز قايغۇلۇق ياش ئاققۇزدى ـ دە، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئاخىر قاتتىق ئېچىنىپ يىغلىدى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىغا، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان بەزى ئاقىل ـ دانىشمەن زاتلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئەمدى ئاللانىڭ ئالدىدا قانداق قىلار؟

تالوٛت قايتتى . ئۇ تېگىرقاپ قوملۇق جەزىرىگە قاراپ ماڭدى . ئۇ ئۆلگۈچە ئاللاغا توۋا قىلىپ ئۆتتى .

بەنى ئىسرائىل داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئاللا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىنى كۆچەيتىپ ، ئۇنىڭغا ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلدى .

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

# داۋۇد ئەلەيھىسسالام

## داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ غاپىللىقى

ئۇرىيا ئىبن يۇھنا ئۆز ئىشلىرىغا ياردەملەشكۈدەك بىر خوتۇن ئېلىشنى ئويلايتتى. ئۇ سېھرىي كۈچكە باي بىر قىزنىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇ بۇ قىزنى ئۆزىنىڭ قەلبىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئەسىر قىلالايدىغان، ئۇنى ئۆز ئىختىيار ئىلكىگە ئالالايدىغان، جىمى گۈزەل پەزىلەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىر قىز سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

ئۇرىيا ئاخىر ئۆزىنى قالمايلا كۆڭلىدىكىدەك ئاشۇنداق بىر قىزنى تاپتى. ئۇ باي ـ باياشات كىشىلەر ئارىسىدىن ساھىبجامال، خۇلق ـ مىجەزى يېقىملىق بىر قىزنى كۆردى ـ دە، خۇشال بولۇپ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ توي قىلىش تەلىپىنى قويدى، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىنىق جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، كۆڭلى ئىز ـ ئورنىغا چۈشۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە جىددىي تەييارلىنىپ، توي كۈنىنىڭ پاتراق يېتىپ كېلىشىگە ئىنتىزار بولدى.

ئۇرىيا ياش يىگىت ئىدى. ئۇنىڭدا يۇقىرالىق كىيىمنى تاشلاپ، جەڭ كىيىمى كىيىپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ئاللا يولىدا جەڭ قىلىش، ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا تەييار تۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى.

بۇ جاسارەتلىك يىگىت جەڭ قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەستىن قوشۇنغا قاتنىشىپ،

باتۇرلۇق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييارلاندى . لېكىن ، ئۇنىڭ قەلبىنى مۇھەببەت بىلەن تەشۋىش تەڭلا چۇلغىۋالغانىدى . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇنىڭدىكى شېرىن غايە ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرۇپ غەم ـ غۇسسىدىن خالاس قىلدى . ئۇنىڭ ئالماقچى بولغان قىزى بىتشابىغ ئۇنىڭدىن يىراق يەردە تۇرسىمۇ ، بەربىر ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىدى . ئۇمۇ قىزغا مەنسۇپ ئىدى . شۇڭا ، ئۇرىيا جەڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ، ئاندىن سۆيۈملۈك يارىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىش ئۈمىدىدە بولدى .

ئۇرىيا قوشۇن ئىچىدە ئۇزاق مۇددەت مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ، سان ـ ساناقسىز تۈن ۋە كۈنلەرنى ، بىھېساب جەڭ ـ غازاتلارنى بېشىدىن كەچۈردى . ئۇ سەۋر ـ تاقەت قىلاتتى ، جەڭ بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇيتتى ۋە ھەممە ئىشنى ئاللاغا تاپشۇراتتى .

تەقدىر ئۇنى سۆيگىنىدىن ئۇزاق مۇددەت ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى . ئۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، يۇرتداشلىرىدىن خەت ـ خەۋەرمۇ ئالالمىدى . ھەممە ئىش ئۇنىڭغا ئۈمىدسىز تۇيۇلدى ، ھەتتا ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ئۈمىد قالمىدى . بىر كۈنلەر كېلىپ ، كامالەتنىڭ سىمۋولى شايىئەنىڭ قىزىغا ، يەنى ئۇرىيانىڭ سۆيگىنى بىتشابىغقا پادىشاھ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى . ئۇ دەررۇ قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئالماقچى بولدى ـ دە ، قىلچە كېچىكمەيلا بېرىپ توي تەلىپىنى قويدى . رەھىملىك ئاللانىڭ بۇ پەيغەمبىرىنىڭ تەلىپىنى كىممۇ رەت قىلالىسۇن ؟

پادىشاھنىڭ توي قىلىش تەلىپى بىتشابىغنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش ئەمەسمۇ ؟ ئۇرىيانىڭ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان بولۇپ ، ئۇرىيا بىلەن بىتشابىغنىڭ مۇناسىۋىتى سۇسلىشىپ قالغانىدى . قىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مۇشۇنى باھانە قىلىپ ، قىزنى تويلۇق كىيىم كىيگۈزۈپ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى . شۇنداق قىلىپ ، قىز داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە

ئۆتتى .

بۇ خەۋەر جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى ئۆرىيا ئۈچۈن يوشۇرۇن ئوق بولۇپ تەگدى . بىراق ، ئۇنىڭغا نېمە ئامال ؟ ھەممە ئىش ئاللانىڭ ئىلكىدە ئىدى . ئاللا ئۆزىنىڭ رەھىم - شەپقىتى بىلەن ئادەملەرنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىدۇ ، دەرد - ئەلەملىرىنى تۈگىتىدۇ .

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرگەن بۇ يېڭى خوتۇنىغا كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى . قىز ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ بولدى ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىۋېرىدۇ . ئۇ بىر مەزگىلگىچە ئۆزىگە ئۆزى تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ، ۋاقتىنى تۆتكە بۆلدى : بىر بۆلۈك ۋاقتىنى ئۆزىگە قالدۇردى ؛ بىر بۆلۈك ۋاقتىنى رەببىگە ئىبادەت قىلىشقا ئاجراتتى ؛ يەنە بىر بۆلۈك ۋاقتىنى كىشىلەرنىڭ دەۋالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاجراتتى ؛ ئاخىرقى بىر بۆلۈك ۋاقتىنى بولسا كىشىلەرنى ھىدايەتكە قانداق باشلاشنى ئويلىنىشقا ئاجراتتى .

ئۇ پادىشاھ ھەم پەيغەمبەر ئىدى . ئۇنىڭ ھۇجرىسى ئالدىدا ياساۋۇللار ، نۆكەرلەر تۇرۇشاتتى . ئۇ ئۆزى ئورناتقان تۈزۈمگە زادى خىلاپلىق قىلمايتتى ، دانا پىكىردىن ئېغىپ كەتمەيتتى .

بىر كۈنى ، ئىككى ئەر بەلگىلەنمىگەن بىر ۋاقىتتا كېلىپ داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈش تەلىپىنى قويۇپ تۇرۇۋالدى . بۇ ئىككى ئادەم ئەر - ئەزىمەتلەرگە خاس ھەرخىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈزۈمگە رازىمەنلىك بىلەن بويسۇنۇشقا ئادەتلەنگەن بەنى ئىسرائىلغا ئوخشىمايتتى . مۇھاپىزەتچىلىكنى ئۈستىگە ئالغان نۆكەرلەر ئۇلارنى كىرگۈزمىدى ۋە ئۇلاردىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى .

بۇ ئاددىي نۆكەرلەر بۇ ئىككى ئادەمنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ پەرق ئېتەلىسۇن ؟ بۇ ئىككىيلەن داۋۇد ئەلەيھىسسالام

بىلەن ھازىرلا كۆرۈشمىگەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى . چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشىش تاپشۇرۇقىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ ، ھېكمەتلىك گەپلەر ، كىشىنى قايىل قىلارلىق دەلىللەرنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزۈپ ، ئۇنى بىر ساۋاققا ئىگە قىلماقچى ئىدى .

ئىككى پەرىشتە ئۇدۇللا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىردى ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام چۆچۈپ كەتتى . پەرىشتىلەر ئۇنىڭ رۇخسەت قىلىشىنى كۈتمەيلا كىلىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ :

— قورقماڭ ، بىز — بىر جۈپ رەقىبلەر سىزگە ئەرز قىلغىلى كەلدۇق ، سىزدىن ئادىل ھۆكۈم قىلىپ بىزگە توغرا يول كۆرسىتىشىڭىزنى سورايمىز ، — دېيىشتى .

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئەھۋالنى سورۇشتۇرۇپ ھۆكۈم قىلىشقا تەييارلاندى ، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ مۇنازىرىسىنى ئاڭلىدى . ئۇلاردىن بىرى دېدى :

— بۇ مېنىڭ ئاكام بولىدۇ . ئۇنىڭ توقسان توققۇز ساغلىق قويى بار ، مېنىڭ بولسا پەقەت بىرلا ساغلىقىم بار . ئۇ پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان بولۇپ كەتتى . ئېخى ئۆزىنى تۇتۇۋالماي ، مېنىڭ ئاشۇ بىر ساغلىق قويۇمنىمۇ تالىشىۋاتىدۇ . مەن ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلىپ ، ئۇنى يېڭەلمىدىم . ئۇ ناھايىتى گەپدان بولغاچقا ، ئاغزىمنى ئاچۇرمىدى ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدىم .

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى كىشىدىن پاكىت كۆرسىتىپ ، ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى . ئىككىنچى كىشى مۇنداق دېدى :

— مېنىڭ توقسان توققۇز ساغلىقىم بار ، ئۇنىڭ بىر ساغلىقى بار . مەن ئۇنىڭ بىر ساغلىقىنى ئېلىپ قويلىرىمغا قېتىپ قويلىرىمنىڭ سانىنى يۈز قىلىۋالاي دەپ ئويلىۋىدىم .

— [illegible]نىڭ بۇنداق قىلىشىڭىزغا قارشى تۇرىدىكەنغۇ ؟ — دېدى داۋۇد ئەلەيھىسسالام .

www.alma.cn

ئۇ ئادەم: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە:

— ئۇنداق بولسا، بىز سېنىڭ بۇنداق قىلىشىڭغا رۇخسەت قىلمايمىز. ئەگەر ئۇنىمىساڭ، تاياق يەيسەن، — دېدى.

كۆتۈلمىگەندە ھېلىقى ئادەم مۇنداق دېدى:

— ئەي داۋۇد، بۇنداق جازا ساڭا تېخىمۇ لايىق كېلىدۇ. سېنىڭ توقسان توققۇز خوتۇنۇڭ بار تۇرۇقلۇق، ئۇرىيا ئالماقچى بولغان قىزغا چاڭگال سېلىپ، ئۇنىمۇ ئەمرىڭگە ئېلىۋالدىڭ، ئۇرىيانى ئويلاپمۇ قويمىدىڭ.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە مەلۇملۇق بۇ ئىش ھەققىدىكى توغرا ۋە ئۆتكۈر ھۆكۈمنى ئاڭلاپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يېنىدا بىرمۇ ئادەم يوقلۇقىنى كۆردى، شۇ ھامان ئۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندى-دە، دەررۇ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ھەممىدىن ئۇلۇغ ئاللادىن ئەپۇ سورىدى. ئاللا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەۋەنلىكىنى كەچۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىززەت-ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلىك ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام جامائەتنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرايدىغان ئىشنى قىلىپ، ئاللانىڭ ئەيىبلىشىگە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قىلمىغانىدى. شان-شەرەپلىك، مەرتىۋىلىك بۇنداق بىر كىشىگە بېرىلگەن ساۋاق كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بەردىكى، ئاللا كىچىك ئىشلارغا سەل قارىمايدۇ، چوڭ ئىشلارنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ، چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلچەپ كۆرىدۇ. ئۇ مەيلى ئاددىي پۇقرا ياكى دانىشمەن پەيغەمبەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئۇ ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلىشنى يالغۇز پەيغەمبەرگىلا بەرگەن ئەمەس، مۇبادا پەيغەمبەر ئاجىزلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە چېقىلسا، ئاللا بۇنىڭغا قاراپ تۇرمايدۇ.

# شەنبىچىلەر

مېھرىبان ئاللانىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىگە ئاساسەن، كىشىلەر ھەر ھەپتىدە بىر كۈن ئىش توختىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىگىسىگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ، ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆز قەلبىنى پاكلاشتۇراتتى.

جۈمە كۈنى ئاللاغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان كۈن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار باشقا بىر كۈننى بەلگىلەشنى، بۇ كۈنى ئاللانىڭ ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئىبادىتىنى قوبۇل قىلماسلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلار شەنبە كۈننى بەلگىلىدى. ئاللامۇ شۇ كۈننى قوبۇل قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ شەنبە كۈنى ئۇلارغا كۆرسەتمە بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى.

بىر مەزگىلگىچە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى ئەسلىدىكى ئادەت بويىچە شەنبە كۈنى ئاللاغا سەجدە ـ ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. شۇ كۈنى ئۇلار ئاللاغا ئۈنلۈك ھەمدۇسانا ئېيتاتتى.

قۇلزۇم دېڭىز بويىدا ئەيلە دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بولۇپ، بۇ يەردە بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرى تۇراتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئۇلار ھەر شەنبە كۈنى ئەجدادلىرىنىڭ دىنىي قائىدىسى بويىچە ئوۋ ئوۋلاشنى ۋە سودا ـ سېتىقنى توختىتىپ، ھەممە يېرلىكتە ئاللاغا ئىبادەت قىلاتتى.

دېڭىز بويىدا ئىككى پارچە ئاق قورام تاش بولۇپ، ھەر شەنبە كۈندۈزى ۋە ئاخشىمى بۇ ئىككى قورام تاش يېنىغا لەھەڭلەر ئۈزۈپ كېلەتتى، كىشىلەرنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىنمۇ قورقمايتتى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق چاغدا، لەھەڭلەر ناھايىتى شادلىنىپ، بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتەتتى. كىشىلەر بۇنداق چاغدا بۇ لەھەڭلەرنى تۇتمايتتى ياكى چۆچۈتمەيتتى، بەلكى ھەممە مەخلۇقات ۋە

مەۋجۇداتلارنى ياراتقان ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن بەند بولاتتى. بۇنداق كۈندە ئۇۋ قىلىش ياكى باشقا خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش مەنئى قىلىناتتى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، بۇ لەھەڭلەر يەنە دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتەتتى. ئۇ چاغدا، كىشىلەرنىڭ دېڭىزغا كىرىپ ئۇلارنى تۇتۇشى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ئىش ئىدى.

بۇ كەنتتە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بەزى بۇزۇق ئادەملەرمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ئەدەپ، نەپسى يامانلىشىپ كەتكەنىدى، ھەتتا پەيغەمبەرنىڭ تەلىمىنىمۇ كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئوتتۇرىغا قويغان ئاخىر زامانىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. بۇ بىكار تەلەپ ئادەملەر لەھەڭلەرنى قانداق تۇتۇش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋالدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

— بىز لەھەڭلەرنى تۇتماي نېمىشقا قويۇۋېتىمىز؟ ئۇلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى؛ يەنە بەزىلىرى بۇ يەرگە ئۆزۈپ كەلمەكتە. شەنبە كۈنى بىزنىڭ ئوۋلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىنمايۋاتىدۇ. قارىغاندا، لەھەڭلەرنى تاپا ــ تەنىلەردىن قورقمىغاندىلا، ئاندىن تۇتقىلى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىراق بۇنداق قىلساق، توغرا يولدىن چىقىپ كېتىدىغانمۇ يېرىمىز بار.

— شەنبە كۈنى تۇتايلى، شۇنداق قىلساق، مەقسەتكە يېتەلەيمىز.

ئۇلار تەييارلىنىپ، مەلۇم بىر شەنبە كۈنى كۆپ كۆچمەيلا بىرمۇنچە لەھەڭ ۋە بېلىقلارنى تۇتتى. ئۇلار لەھەڭلەرنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىك ھازىرلاپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، نەپسىنى قاندۇرۇشتى.

بەزى تەقۋادار كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بۇ بۇزۇقلارنىڭ بىشەملىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى. بىراق نەسىھەت ئۇلارغا كار قىلمىدى. ئۇلار خاتا يولدا تېخىمۇ ئۆزاپ كەتتى. مۆمىنلەر ئۇلارغا غەزەپلىنىپ، قوللىرىغا قورال

ئېلىپ، كەنتنىڭ ئېغىزىنى قامال قىلىپ، بۇ گۇمراھلارنى كەنتكە كىرگۈزمىدى.

بۇزۇقلار ئۆزلىرىنىڭ شەنبە كۈنى لەھەڭ تۇتۇشىغا ھاي بېرەلمەيتتى، چۈنكى لەھەڭلەر شەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنلەردە كەلمەيتتى. بۇ بۇزۇقلار مۆمىنلەرگە مۇنداق دېيىشتى:

— بۇ كەنت ھەم بىزنىڭ، ھەم سىلەرنىڭ. بىزنى ھەيدەپ چىقىرىپ، بۇ يەرنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىشىڭلارغا ھەققىڭلار يوق. ھەرقانداق ئادەمنىڭ پۈتۈن كەنتنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشىگىمۇ بولمايدۇ، بۇ يەر بىزنىڭ يۇرتىمىز، بىزنىڭ پاناھلىنىدىغان ۋە ياشايدىغان ماكانىمىز. بىز بۇ يەرنى تاشلىۋېتەلمەيمىز، بىزنىڭ بۇ يەردىن باشقا بارار جايىمىز يوق. مۇبادا، سىلەر ئۆز پىكرىڭلاردا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئىلگىرىكى پىكرىڭلارنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا، بىز كەنتنى بۆلۈشۈۋالايلى، ئوتتۇرىغا تام سوقۇپ، قانداق ياشىغۇمىز كەلسە، شۇنداق ياشايلى.

كەنتنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىشكە مۆمىنلەرمۇ قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىغا بىر تام سوقۇلۇپ، مۆمىنلەر بىلەن گۇمراھلار ئايرىۋېتىلدى.

ئىككى تەرەپنىڭ تۇرمۇشى ئايرىلدى. ھېلىقى بۇزۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئوۋچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇلار كەنتتىن دېڭىزغا بارىدىغان بىر ئېرىق چاپتى. شەنبە كۈنى لەھەڭلەر ئۇدۇل ئۇلارنىڭ ئېشىكىگە ئۈزۈپ كېلىدىغان بولدى. كەچقۇرۇنلۇقى كۈن قايرىلىپ لەھەڭلەر دېڭىزغا قايتىدىغان چاغدا ئۇ بۇزۇقلار ئېرىقنى توسۇۋالاتتى - دە، لەھەڭلەر دېڭىزغا قايتالمايتتى.

مۆمىنلەر ئۇلارغا قارىتا تاپا - تەنە ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. مۆمىنلەر ئۇ بۇزۇقلارنى: جاھىللىق قىلىۋېرىدىغان بولساڭلار، ئاقىۋىتىڭلار ياخشى بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى، لېكىن بەزىلەر: «ئاللا قاتتىق جازالايدىغان، ھالاك قىلىدىغان ئادەملەرگە نەسىھەت قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دېيىشتى.

www.alma.cn

بۇنىڭ بىلەن ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزۈۋېرىشكە ، غاپىللىق ئىچىدە تېگىرقاپ يۈرۈۋېرىشكە قويۇپ بېرىلدى . مۆمىنلەر ئۇلارغا قايتا نەسىھەت قىلماي ، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى ، چۈنكى ئۇلار قۇلاق سالمىغانىدى .

ئۇ بۇزۇقلار مال - دۇنياسى كۆپىيىپ ، ئەيش - ئىشرەت ، كەيپ - ساپا بىلەن ئۆتتى . داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاخىر چىداپ تۇرالماي ، ئاللادىن ئۇلارغا بىر بالايىئاپەت بېرىشنى تىلىدى . ئاللا ئۇنىڭ تەلىپىنى مەقبۇل كۆردى . نەتىجىدە ، ھېلىقى گۇمراھلار ئولتۇراقلاشقان جاي قاتتىق تەۋرەپ كەتتى . مۆمىنلەرمۇ بۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كېتىشتى . ئاللا : «ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا ، يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتۇلدۇردۇق ، ئاللانىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق» دەپ بېشارەت بەردى .

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

# سۈلايمان ئەلەيھىسسالام

## سۈلايمان ئەلەيھىسسالام ۋە ئايال پادىشاھ بىلقىس

ئاللانىڭ پەيغەمبىرى سۈلايمان ئەلەيھىسسالام ئىبادەت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئاللاغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئېرۇسالىمدا بىر ئوردا بىنا قىلدۇرماقچى بولدى. ئۇزۇنغا قالماي ئاجايىپ سەلتەنەتلىك، كۆركەم بىر ئوردا قۇرۇلۇپ پۈتتى. ئوردا قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، ئۇ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ ئۇھ دېدى. ئاللانىڭ ھوزۇرىغا كىرىش مۇراسىمىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۇ يەنە بىر قوشۇن تەشكىللىدى.

بۇ پەيغەمبەر مۇشۇ مەشھۇر جاينىڭ يۆنىلىشىنى بىلمەكچى بولدى. ئۇ نەزىر - چىراغ ۋە قۇربانلىق قىلىدىغان نەرسىلەرنى تولۇق تەييارلاپ، جىددىي ئاتلىنىپ يەمەنگە بېرىپ ساناغا كىردى. سۇ مەنبەلىرىنى ئىزدەپ، تاغ ئۆڭكۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

سۈلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن تېزلا ئايرىلىپ، سۇ مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھۆپۈپنى ئىزدىدى. لېكىن بۇنداق قۇشنى ئۇزاقچە تاپالماي غەزەپلىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەسەم قىلدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي، ھۆپۈپ ئۇچۇپ كېلىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن سۈلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلگەندى، پەيغەمبەر ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلدى. ھۆپۈپ سۈلايمان ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى:

— مەن بىر ئىشنى كۆزەتتىم، ئۇنى سەن ئۆز بىلىملىرىڭ

www.alma.cn

بىلەنمۇ چۈشىنىپ كېتەلمەيسەن ، پادىشاھلىق ھوقۇق ۋە كۈچ - قۇدرىتىنىڭ بىلەنمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيسەن . مەن كۆزەتكەن بۇ ئىش شۇ قەدەر سىرلىقكى ، ئىلگىرى سەن ئۇنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان .

ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان بۇ گەپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپىنى باستى ، ئۇنى بۇ سىرنى بىلىشكە تەشنا قىلدى ۋە ئالدىراتتى . ئۇ ھۆپۈپتىن زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ھۆپۈپ مۇنداق دېدى :

— مېنىڭ بىلىشىمچە ، سابا ۋىلايىتىگە بىر ئايال پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدا بار . ئۇنىڭ يەنە ناھايىتى كاتتا بىر تەختى بار . لېكىن ، شەيتان ئۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ ، ئۇلارنىڭ ھىدايەتكە مېڭىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ ... مەن بۇ ئايال ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئاللاغا ئەمەس ، قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . ئۇلارنىڭ بۇ گۇمراھلىقىدىن بەك قورقتۇم . ئۇلار شۆھرەتلىك ھەم كۈچلۈك ، ئۇلار ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاغا چوقۇنسا ناھايىتى توغرا بولاتتى . پەقەت يەككە - يېگانە ئاللا ئۇلۇغ ، شانۇ شەۋكەتلىك تەختىنىڭ ئىگىسىدۇر .

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈگەن بولسىمۇ ، بىئارام بولۇپ كەتمىدى . ئۇ ھۆپۈپنىڭ تەلىپىگە ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي ، مۇنداق دېدى :

— سېنىڭ يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىڭنىڭ راست ياكى راست ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ، بىز بۇنى بىر قۇر ئويلاپ كۆرەيلى . مۇبادا ئەھۋال سەن ئېيتقاندەك ئاشۇنداق بولسا ، سەن بۇ خېتىمنى ئۇلارنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ بارغىن ، ئاندىن مەلۇم بىر يەردە تۇرۇپ خەتنىڭ جاۋابىنى كۈتكىن .

ھۆپۈپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئايال پادىشاھ بىلقىسنىڭ دۆلىتىگە قاراپ ئۇچتى ، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ، ئايال پادىشاھنىڭ بىر نەرسە ئويلاۋاتقاندەك بىر ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى . ئايال

پادىشاھ خەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا يېزىلغان : «مەن رەھىم - شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلغان سۇلايمان بولىمەن . سىلەر ئۆزۈڭلارنى چوڭ تۇتۇپ بىئەدەپلىك قىلماستىن ، ئالدىمغا كېلىپ ماڭا ئەل بولۇڭلار !» دېگەن جۈملىلەرنى كۆردى .

ئايال پادىشاھ ئوردىدىكى ئەمىر - ئۇمرا ، ۋەزىر - ۋۇزرالارنى يىغىپ ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ۋە ئۇلارنى چارە - ئامال كۆرسىتىشكە ئۈندىدى . ئۇلار :

— بىزدە قورالمۇ ، جاسارەتمۇ بار . سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە تەييارمىز . ئەمر قىلىڭ ، — دېيىشتى .

ئايال پادىشاھ ئۇلارنىڭ سۇلايمانغا قارشى تۇرۇشقا مايىل بولۇپ ، ئۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇلارغا كايىدى . ئۇ مۇنداق دېدى :

— ئەڭ ياخشى چارە سۇلايمان بىلەن كېلىشىش . ساغلام ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن كېلىشىش ھەممىدىن ئەلا تەدبىردۇر .

ئايال پادىشاھ شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتىكى ، تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلار بىرەر جاينى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىنلا ، ئۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتىنى خاراب قىلغان ، ئەزىزلەرنى خارلىغان ، خەلقنى ئاياغ ئاستى قىلغانىدى ...

ئايال پادىشاھ مۇنداق دېدى :

— مەن پادىشاھلىقىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، ئەلچى ئەۋەتىپ سۇلايمانغا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىمەن ، شۇ سوۋغىتىمنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىۋالىمەن .

ئايال پادىشاھ ئەۋەتكەن ئەلچى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ، كۆركەم مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى . سالاپەتلىك سۇلايمان ئەلەيھىسسالام كەلگەن ئەلچىنى خۇشال قوبۇل قىلىپ ، ئەلچىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى تەسلىي ئۇقۇشتى . ئاندىن ئەلچىدىن :

— ئارقاڭدىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نېمە ؟ — دەپ

www.alma.cn

سورىدى.

خىزمەتكارلار ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجان، ياقۇت، گۆھەر قاتارلىق ئاجايىپ ئېسىل نەرسىلەرنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، مەرھەمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ خۇشال قوبۇل قىلىشىغا ئىنتىزار بولدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پاكلىقى ۋە مەردانىلىكىنى ئىپادىلەپ، ئەلچىگە مۇنداق دېدى:

— سەن بۇ سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەت، ئاللا ماڭا مول نېمەت، باياشاتلىق ئاتا قىلغان. ئۇ ماڭا يەنە دانالىق ۋە پادىشاھلىق بەخش ئەتتى. بۇنىڭغا ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى مۇشەررەپ بولۇپ باققان ئەمەس. مەندەك مۇنداق مەرتىۋە ئىگىسى قانداقمۇ خۇشامەت قىلىپ ئېلىپ كەلگەن پۇل - مال ۋە ئالتۇن - كۈمۈشكە قانائەتلىنىپ قېلىپ، ھەقىقەتنى تەرغىب قىلماي تۇرالىسۇن! بولدى، قايتىپ كېتىڭلار، بىز سىلەرگە غالىب قوشۇن ئەۋەتىپ، سىلەرنى شان - شەۋكەتلىك ئورنۇڭلاردىن ھەيدەپ چۇشۇرىمىز.

ئەلچىلەر قايتىپ بېرىپ، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى پادىشاھ بىلقىسقا مەلۇم قىلدى، پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ:

— بىز ئامال قىلىپ بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا تېزدىن ئاۋاز قوشايلى، — دېدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئايال پادىشاھ بىلقىسنىڭ كېلىپ بەيئەت قىلماقچى بولغانلىقىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئالدىدا تۇرغان دىۋىلەرگە:

— قايسىڭلار ئۇلار كېلىپ بەيئەت قىلىپ بولغۇچە بىلقىسنىڭ تەختىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلەلەيسىلەر؟ — دېدى.

— سىلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بولغۇچە، مەن ئۇنىڭ تەختىنى ئېلىپ كېلەلەيمەن. بۇ ئىشقا مېنىڭ قۇربىم يېتىدۇ، — دېدى بىر كىچىك دىۋە.

— مەن تەختىنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئېلىپ كېلەلەيمەن، — دېدى كۆپنى كۆرگەن يەنە بىر دىۋە.

www.alma.cn

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايال پادىشاھنىڭ تەختىنى ئېلىپ

كىلىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى . ئۇ مۇنداق دېدى :

— بۇ ئىگەمنىڭ ماڭا قىلغان بىر ئىلتىپاتى ، ئاللا مۇشۇ ئىش ئارقىلىق مېنىڭ ئاللانىڭ ھەممىسىگە رەھمەت ئېيتقۇچى ئىكەنلىكىمنى مۇئەييەنلەشتۇردى . كىمكى بۇ ئىلتىپاتنى پاك دەپ ھېسابلايدىكەن ، ئاللاغا رەھمەت ئېيتىدۇ ؛ كىمكى ئاللانىڭ ئىلتىپاتىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ، ئۇ بۇ دۇنيانىمۇ ، ئاخىرەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدۇ ، ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ، — سۇلايمان ئەلەيھىسسالام لەشكەرلەرگە يەنە ، — سىلەر تەختنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ، چىرايلىقراق ياساڭلار ، قېنى ، ئايال پادىشاھ تونۇيالامدۇ ، يوق ؟ — دېدى .

بىلقىس يېتىپ كەلدى ، بىرەيلەن ئۇنىڭدىن :

— بۇ سىزنىڭ تەختىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

ئۇ بۇ تەختكە سابا زېمىنىدا ۋارىسلىق قىلغانىدى . لېكىن ، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان تەخت ئۆزگىرىپ ، چىرايلىق ياسالغانىدى . ئۇ ئىككىلەنگەن ھالدا :

— مېنىڭ تەختىمدەك تۇرىدۇ ، — دېدى - دە ، ھودۇقۇپ كەتتى .

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئاق ئەينەكتىن بىر ئوردا ياساشقا بۇيرۇق چۈشۈردى ، ئاندىن سابا ۋىلايىتىنىڭ ئايال پادىشاھىنى قوبۇل قىلدى . ئايال پادىشاھ بۇ ئوردىنى كۆرۈپ ، ھەممە يەر سۇ ئوخشايدۇ ، دەپ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ ، ئىككى پاچىقىنى ئېچىپ ماڭدى . سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا :

— بۇ پارقىراق ئوردا ، بۇنى ئەينەكتىن ياسىغان ، — دېدى . بۇ سۆز ئايال پادىشاھنىڭ پىكرىنى ئېچىپ ، دىلىنى يايرىتىۋەتتى . ئۇ بىردىنلا ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ ، مۇنداق دېدى :

— ئى ئىگەم ، مەن بىر مەھەل تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ ساڭا سېغىنماي ، مېھىر - شەپقىتىڭدىن مەھرۇم قاپتىمەن . مەن قاراڭغۇ زۇلمەت ئىلكىگە كىرىپ قېلىپ ، سېنىڭ نۇرۇڭدىن نېرى تۇرۇپتىمەن . ھازىر مەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىپ

www.alma.cn

ئىمان كەلتۈردۈم، مەن ساڭا سادىق بولىمەن، ساڭا بويسۇنىمەن، سەن ئەڭ سىيلى - رەھىملىكدۇرسەن.

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىل - پاراستى

داۋۇد ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل پادىشاھىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشنى تۈگەتتى، دەۋا ئىشلىرىنى ھەل قىلدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكى گەپ - سۆزلىرىنى ئېيتاتتى، ئۇ ئىشلارنى ئادىللىق بىلەن ھەل قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئون بىر ياشقا كىرىپلا ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە دادىسىدىن ئېشىپ كەتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام قېرىپ ئاجىزلاپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ۋاقتىنى پەرەز قىلىشاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۈندىلىك ئىشلارنى بوشاشماستىن بىر تەرەپ قىلىپ، تەخت ۋارىسىغا كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى. ئۇ بالىلىرىغا قاراپ كۆڭلىدە: «سۇلايماننىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈن. ئاكىلىرىغا قارىغاندا پۇختا، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا كەسكىن، يىراقنى كۆرەلەيدۇ» دەپ ئويلايتتى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ئۇنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى چېنىقتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشقا مەجبۇرلايتتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ ھەرخىل چىگىش مەسىلىلەرنى قانۇن بويىچە قانداق ھەل قىلغانلىقىنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن، دائىم دادىسى بىلەن بىللە بولاتتى.

بىر كۈنى ئوردىغا ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرى: مەن زىرائەت تېرىغانىدىم، زىرائەتلىرىم كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ئوخشىغانىدى. مەن زىرائەتلىرىمنى ئورۇشقا تەييارلىنىۋاتقان چاغدا، بۇ ئادەم پادىلىرىنى توسۇماي،

زىرائەتلىرىمگە قويۇپ بېرىپ، پۈتۈنلەي يېگۈزۈپ بوپتۇ، دېدى. پادىنىڭ ئىگىسى ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمىدى. ئاخىر پادىنىڭ ئىگىسى زىياننى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىندى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام، زىرائەتنىڭ زىيىنىنى قوي بىلەن تۆلەش، ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بىخەستەلىك قىلىپ پادىنى قويۇپ بەرگەن پادىچىنى جازالاش كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام — ئاللا ئۇنىڭغا ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىلىم بېرىپ، ئۇنى بۇ تەپسىلاتلارنى ئىنچىكە ئويلىنىۋېلىش، پادىشاھلىق تەختىگە تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى — ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، خالايىققا ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى. ئۇ دادىسى چىقارغان ھۆكۈمنىڭ ئانچە ئادىل بولمىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

كىشىلەر ئۇنىڭ غەيرەت - شىجائىتىدىن ھەيران قېلىشىپ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى جىمجىت تۇرۇپ كۈتۈشتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

— پادىنى دېھقانغا تاپشۇرۇپ بېرىش لازىم. ئۇ قويلارنى سېغىپ ئىچسۇن، تۆل ئالسۇن، يۇڭلىرىدىن پايدىلانسۇن؛ پادىنىڭ ئىگىسى يەر تېرىسۇن، زىرائەت ئۈنۈپ پادىلار خاراب قىلغان چاغدىكىدىن بۇرۇنقى ھالەتكە كەلگەندە، پادىمۇ ئۆز ئىگىسىگە، يەرمۇ ئۆز ئىگىسىگە قايتسۇن. مۇشۇنداق ھەل قىلىنسا، ھېچقايسىسىنىڭ ھەققى بىر - بىرىدە قالمايدۇ، ئەڭ ئادىل، ئەڭ مۇۋاپىق ۋە توغرا بولغان بولىدۇ.

بۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ — دادىسىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋارىسىنىڭ — تۇنجى قېتىم ئۆزىنى كۆرسىتىشى ئىدى.

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ شاھلىق تەختىدە

www.alma.cn

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ياش قۇرامى تېخى پادىشاھلىق تا

كىيىشكە يەتمىسمۇ، دادىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىزباسارى — خەلىپە قىلماقچى بولدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇسالىم ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ قاۋۇل، خېلى كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. لېكىن، تەختتە ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. ئۇ تەقدىرنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بەكمۇ نارازى ئىدى. شۇڭا ئۇ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولۇپ، دادىسى بىلەن ئىنىسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ كېيىنكى ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەشمەكچى بولدى.

ئەبۇسالىم بىر مەزگىل بەنى ئىسرائىلغا يېقىنلىشىپ ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىش، ماجىرا ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇ بەنى ئىسرائىلدىن پايدىلىنىپ، ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىدى. ئۇ ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، دادىسىنى ئىزدەپ كەلگەنلەرنى توسۇپ، چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ ھەل قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھال بەنى ئىسرائىلدا، ئۇ قابىلىيەتلىك ئوخشايدۇ، دادىسىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن بولسا كېرەك، دېگەندەك خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلدى. ئەبۇسالىم مۇشۇنداق چارە بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا، ئۇلارنى ئۆز تەشەببۇسىغا ئىتائەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى.

ئەبۇسالىم ئۆزىنىڭ ھىيلە - مىكرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر جەھەتتە تەييارلىق كۆردى. ئۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن گەيدۇنە دېگەن يەرگە بېرىپ ئىبادەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بەنى ئىسرائىل ئارىسىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە نۇرغۇن ئايغاقچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئەبۇسالىمنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، ئۇنىڭ پادشاھ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى، كىم مۇشۇنداق قىلسا، شۇ ياخشىلىق كۆرىدىغانلىقىنى

ئېيتتى .

كىشىلەر ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالدى . كوچىلاردا ئادەم مىڭىلدايتتى ، پايتەختتە ئېغىر پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ ، ھەممە نەرسە ۋەيران بولغىلى تاسلا قالدى .

داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن ئاچچىقلانغان بولسىمۇ ، لېكىن غەزىپىنى بېسىۋېلىپ ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە :

— بىز قاچايلى ، بىزدە ئەبۇسالىمنىڭ كۆتۈرگەن توپىلىڭىغا تاقابىل تۇرغۇدەك مادار يوق ، — دېدى ـ دە ، لەشكەرلىرى بىلەن پۇقرالىرىنى باشلاپ ، ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ زەيتۇن تېغى[①]غا چىقتى . ھەممەيلەن تەڭ ھۆڭگىرەپ يىغلاشتى .

بەزىلەر ئۈمىدسىزلىنىپ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تاپا ـ تەنە قىلدى ، ھەتتا ئۇنى تىللىدى . جانغا تېگىدىغان بۇ ئاچچىق سۆزلەر ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى . ئىلگىرى بۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا سادىق ئىدى . ئۇ ئېچىنغان ھەم قايغۇرغان ھالدا ئۇلارنى توسۇپ :

— مەندىن ئاغرىنماڭلار ، ئوغلۇم ئەبۇسالىمدىن باشقا ، ھەرقانداق كىشى پادىشاھلىققا يارايدۇ ! — دېدى .

داۋۇد ئەلەيھىسسالام كىچىك پېئىللىق بىلەن ئاللاغا تەلمۈرۈپ ، ئاللادىن ئۆزىنى ھازىرقى ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، قايغۇ ـ ئەلەمدىن خالاس قىلىشنى تەلەپ قىلدى .

ئەبۇسالىم دادىسىنى ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن ، پايتەختكە كىرىپ تەختتە ئولتۇردى .

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەمىر ـ ئۆمىرالىرىنى ئەبۇسالىم بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتمەكچى بولدى . ئۇلار مېڭىش ئالدىدا ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كۆپرەك باش قاتۇرۇپ ، چارە ـ تەدبىر ئىشلىتىپ ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوغلىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى تاپىلىدى . لېكىن ، تەقدىر بۇ رەھىمدىل دادىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولمىدى . بۇ ئەمىر ـ ئۆمىرالار

www.alma.cn

① زەيتۇن تېغى ئېرۇسالىمنىڭ شەرقىدە .

ئەبۇسالىمنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن پاراكەندىچىلىك تىنچىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

پادىشاھلىق داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا ئۆتتى، كېيىن يەنە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا مىراس قىلىندى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئاللا ئۇنىڭغا كاتتا ھوقۇق ۋە ناھايىتى زور شان - شەرەپ بەردى. شامالمۇ ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا شەرتسىز بويسۇناتتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇچار قۇشلارنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتى، ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى، شۇ ۋەجىدىن، ئۇ نۇرغۇن ياخشىلىققا ئېرىشتى.

ئاللا ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىكى مىس كانلارنى بايقىيالايدىغان ئۆتكۈر كۆزمۇ ئاتا قىلدى. ئۇستا مىسكەرلەر مىستىن ھەرخىل سايمان ياساپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ياخشىلىدى. دىۋە - پەرىلەر ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئوردا بىنا قىلدى، نەقىش چېكىپ، كۆلدەك يوغان پەتنۇس ۋە پۇختا قازان ياساپ بەردى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمى ۋە تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئاللا ئۇنىڭغا مىسلىسىز ھوقۇق بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئۇچار قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگەتتى، شەيتان ئەلەيھىلەئنىمۇ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى، شامالنىمۇ ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئۇچار قۇشلارنىڭ سۆزلەشكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ مەنىسىنى كىشىلەرگە ئېيتىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى ئاللانىڭ بۇ پەيغەمبىرى ئىنسان، دىۋە - پەرى ۋە ئۇچار قۇشلار قاتناشقان مەجلىسكە كەلدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ لەشكەرلىرى بىر پارچە تاشلاندۇق ئاق يەردىن ئۆتۈپ چۈمۈلە جىلغىسىغا كىردى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام يىراقتىن بىر ئانا چۈمۈلىنىڭ بۇ قېتىمقى مەجلىستىن ناھايىتى قورققانلىقىنى، لەشكەرلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا قېلىپ ئۇۋىسىنىڭ

www.alma.cn

ۋەيران بولۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى كۆردى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ ئانا چۈمۈلىنىڭ باشقا چۈمۈلىلەرنى: «ئەي چۈمۈلىلەر، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بىلمەي دەسسىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەممىڭلار ئۇۋاڭلارغا كىرىۋېلىڭلار!» دەپ ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئانا چۈمۈلىنىڭ گېپىنى ئۇقۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ مۆجىزىلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىغا شۈكۈر ئېيتتى. ئۇ يەنە ئانا چۈمۈلىنىڭ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىن ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئاللا ياراتقان باشقا مەخلۇقلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، دەپ قارىغانلىقىدىن ناھايىتى ھەيران قالدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى قوبۇل قىلىشىنى ئىلتىجا قىلدى. بولۇپمۇ ئاللانىڭ ئۆزىگە ئالاھىدە ماھارەت ئاتا قىلىپ، ساۋابلىق ئىش قىلىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ھىدايەت يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇ ئاللانىڭ ئۇنى ئەرەسات كۈنى ياخشى بەندىلىرى قاتارىدا قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ھەمدۇسانا ئېيتتى.

## ئاللانىڭ بەنى ئىسرائىلنى جازالىشى

يەنى ئىسرائىل زېمىنىدا كەيپ ـ ساپا بىر مەزگىل ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئۇلار غاپىللىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ بىر تىنىقتىلا قالدى. مۇشرىكلىق ھەممە ياققا تەڭ يامراپ جەمئىيەتكە بەكمۇ ئەنسىزلىك سالدى. كىشىلەرنىڭ قەلبىدە رەھىم ـ شەپقەتتىن دېرەك قالمىدى. ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ ھەيۋىتىنىمۇ كۆزگە ئىلمىدى. مۇشرىكلارنىڭ بەزى ئۆلىمالىرى ئاللانىڭ

سۆزلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئالدىدى، بېشارەتلىرىگە پىسەنت قىلمىدى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئازاب ـ كۈلپەتنىڭ دەردىنى تېتىپ بېقىشقا، ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچراشقا ھەقلىق بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇلۇغ ئاللا ئەڭ ئادىلدۇر. ئۇ ئاشۇ مەلئۇنلارغا ھىدايەت يولىنى كۆرسەتمەي ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ، ئۇلارنى جازالىمايدۇ.

ئارمىيا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، قەبىلىلەردىكى ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ تايانچىسى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتنى تەشۋىق قىلىپ، ئاللا ئەمرىنى شەرھلەپ مۇنداق دەيتتى:

— ئى بالىلىرىم، سىلەر ئۆزۈڭلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈچىنچى ... بىرى چۈشكۈنلىشىپ كەتتىڭلار، ھازىر يۇقۇملۇق كېسەل ئەدەپ كەتتى، ئاللانىڭ ئاچچىقى كەلدى. سىلەر ئاللانىڭ تەلىمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدۇڭلار، سىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمىدىڭلار. بىلىشىڭلار لازىمكى، جاھاننىڭ ھەممە يېرىدە ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بار. بەزىسى ئاشكارا، بەزىسى يوشۇرۇن، ئۇ ئۆز ئىلكىدىكى زېمىندا سىلەرگە خاتىرجەملىك بەردى. سىلەرنى ماكانلاشتۇردى. ئۇ دۇنيادىمۇ سىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ.

ئىلگىرى سىلەردە مۇشۇنداق ساۋاق بولۇپ ئۆتكەن. سەيناھەلب دېگەن باتۇر قەيسەر پادىشاھ بابىلدىن[1] كېلىپ سىلەرگە زەربە بەرگەن ۋە سىلەرنى بوزەك ئەتكەن چاغدا، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئوتلاقلىرىڭلارنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش ۋە زېمىنىڭلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىش قەستىدە بولغانىدى. ئەگەر سىلەر ئۇنى ئۆز خاھىشىغا قويۇپ بەرگەن بولساڭلار، چوقۇم يوقالغان بولاتتىڭلار. ئاللا سىلەرگە رەھىم قىلدى. ئاللانىڭ پەيغەمبىرى شائىيە[2] ئۇنىڭدىن سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا بالايىئاپەت كەلتۈرمەسلىكنى، بابىللىقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى تارمار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شائىيەنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولدى،

www.alma.cn

① بابىل پادىشاھى بەنى ئىسرائىلغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئالتۇن تەرەپتىن يوقىتىلغان.
② تولۇق ئىسمى شائىيە ئىبنى ئەمۇس، يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى.

دۈشمەنلەر شەرمەندىلەرچە قاچتى ، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى گۇمران بولدى .

شائىيە نېمە ياخشىلىققا ئېرىشتى ؟ ئۇنىڭ سىلەرنىڭ نەزەرىڭلاردىكى ئورنى قانداق بولدى ؟ ئەگەر ئۇ باشقا جايلاردا بولغان بولسىدى ، كىشىلەر ئۇنىڭ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىنى ئەسلىگەن ، ئېغىزدىن چۈشۈرمەي تەرىپلىگەن ۋە ئۇنىڭ گەپ - سۆزىگە كىرگەن بولاتتى . سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار كىشىنى قانچىلىك ئېچىندۇرىدۇ - هە ! كىشىنى هەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىسىلەر . سىلەر ئۇنى ياراتمىدىڭلار ، ئۇ نائۇمىد بولدى . كېيىن سىلەر ئۇنى ئۆلتۈردۈڭلار . سىلەر رەھىمدىل ، شەپقەتلىك ۋە جىگەرلىك بىر ئادەمنى كەمسىتتىڭلار . ئۇنىڭ پاك روهى جەننەتكە كىرىپ هۆرمەتكە سازاۋەر بولدى . ئۇنىڭ روهى هېلىمۇ ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئاسىي ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلماقتا .

سىلەر شۇ چاغدىن تارتىپ گويا ئاللانىڭ تەلىمىنى ئاڭلىمىغاندەك ۋە ياكى ئاللانىڭ ئەلچىسى چاقىرغانلارمۇ گويا ئۆزۈڭلار ئەمەستەك ، يامانلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ ، بىر - بىرىڭلارنى چېقىپ كەلدىڭلار . سىلەر يەنىلا سەممىي گەپكە قۇلاق سېلىڭلار ، بۇ جىددىي ئاگاهلاندۇرۇشنى قوبۇل قىلىڭلار . ئاللا سىلەرنى هىدايەتكە قايتۇرۇپ كېلىش هەققىدە بېشارەت بەردى . ئاللا ماڭا سىلەرنى ئاگاهلاندۇرۇشقا بۇيرۇدى . ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە دىققەت قىلىڭلار . مۇبادا سىلەر غاپىللىقتىن ئويغانماي ، ئاشۇ ئەخمىقانە نادانلىقنىڭ ئەدەپ كېتىۋېرىشىنى يەنە توسۇمايدىغان بولساڭلار ، ئاللانىڭ تەلىمىدە كۆرسىتىلگەنلەرگە قايتىپ كەلمەي ، ئاللانىڭ تەلىمىدە بەلگىلەنگەن ئەهكاملارغا بويسۇنۇپ ساۋابلىق قىلغۇچى قەبىلىلەردىن بولمايدىغان بولساڭلار ، ئاللا سىلەرگە ئادىمى كۆپ ، قورال - ياراغلىرى خىل ، ئىرادىسى پولاتتەك قوشۇنلارنى ئەۋەتىدۇ . سىلەرگە ئىككىنچىلەپ رەهىم - شەپقەت قىلمايدۇ ، بەلكى سىلەرگە زورلۇق ئىشلىتىدۇ ۋە زۇلۇم سالىدۇ ، ئۆي -

جايلىرىڭلارنى قايتۇرۇۋالىدۇ، ئورداڭلارنى كۆمپەيكۈم قىلىۋېتىدۇ، قەلئە ـ تۇرالىرىڭلارنى ۋەيران قىلىدۇ. ھەشەمەتلىك چار بېغىڭلار يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئىلكىدە قالىدۇ، ھوسۇل بېرىدىغان يەر ـ زېمىنىڭلار يولۋاس ـ يىلپىزلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىدۇ. ئاللا ياراتقان ئىبادەتخانىغا سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلار قويۇلىدۇ. سىلەر يا ئەسىر بولۇپ كېتىسىلەر، يا ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگەيسىلەر.

مەن سىلەرنى ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە سەممىي ئاگاھلاندۇردۇم، ئەھۋالنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن چۈشەندۈردۇم. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق يولدا مېڭىشقا ئۆزۈڭلار مەسئۇل بولۇشۇڭلار كېرەك.

— سېنىڭ بىزنى بۇ يەرگە يىغىپ كېلىشتىكى سەۋەبىڭ شۇمىدى؟ — دېيىشتى ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى، — سەن تەپتارتماستىن ئاللانىڭ ئالدىدا كازراپلىق قىلدىڭ. ئەجەبا، بىزنى ياراتقان، بىزنى ئۆز تەلىمىنى قوبۇل قىلىشقا تاللىغان ئاللا پادىشاھلىقنى ئاتەشپەرەسلەرگە تاپشۇرۇپ بېرەرمۇ؟ ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرى بۇتقىلا تىز پۈكۈپ، تەپەككۇر قىلىش ئورنىغا پالغا تايىنىپ، غاپىللىق ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرمەكتە.

— تازىمۇ ئادەمكەنسىلەر، — دېدى ئارمىيا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا، — ئاللا سىلەرنى جازالاشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. سىلەرگە تېخى ۋابا كېسىلى ۋە توپان بالاسىدەك ئاشۇنداق زور بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ. قېنى، ئېيتىپ بېقىڭلار، سىلەرگە زور بالايىئاپەت كەلتۈرۈش بىلەن سىلەرگە زۇلۇم قىلمىدىغان ئىمانى يوق بىر مۇشرىكنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتكەنىنىڭ نېمە پەرقى بار؟ ئاللا مېنى سىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سەممىي ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇدى. سىلەر يەنىلا ئوبدان ئويلىنىپ، كېيىنلىكىڭلارنىڭ غېمىنى قىلىڭلار.

— سېنىڭ بىز بىلەن قىلغان مۇنازىرەڭ يېتىپ ئاشتى، — دېدى ئۇلار، — سەن خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، بۇ كەڭ

www.alma.cn

زېمىندا گەپدانلىقنىڭ بىلەن يورغىلاپ يۈرسەن، ھەدېسلا بىزنى ئەيىبلەيسەن. قارىغاندا، سېنى ئىككى قولۇڭنى باغلاپ، ئىككى پۇتۇڭنى كىشەنلەپ، چوڭقۇر زىندانغا تاشلىۋەتسەك يا بولمىسا يىراق جايغا پالىۋەتسەك بولغۇدەك.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئارمىيا ئەلەيھىسسالام زىندانغا تاشلاندى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، بەنى ئىسرائىل شەرق تەرەپتىن ئاسمان - پەلەك چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، كۈننى توسۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. چاڭ - توزان بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، پۈتكۈل يەر - جاھان قاراڭغۇلاشتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، چاڭ - توزان تارقىلىپ، يىراقتىن بىر پالۋان كۆرۈندى. ئۇ چاناپ - چېپىپ كەلمەكتە ئىدى. بەنى ئىسرائىللار ئالاقزادىلىك ئىچىدە جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكىلا مەجبۇر بولدى.

بۇ پالۋان بابىلدىن كەلگەن بۇختەنەسسەر ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى بەنى ئىسرائىلنى يوقىتىش ئىدى. ئۇلار ئاللانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللا بۇختەنەسسەرنى ئىنتىقام ئېلىشقا ئەۋەتكەنىدى.

«ئۇنىڭغا نېمە بىلەن تاقابىل تۇرىمىز؟ ئۇنى كىم يېڭەلەيدۇ؟ — دېيىشتى ئۇلار بىر - بىرىگە، — ئارمىيا بىزگە ئاگاھلاندۇرغان جازا شۇمىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، بېشىمىزغا چوڭ بالا كەپتۇ!»

ئۇلار تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى ئويلاپ بولغۇچە، بۇختەنەسسەر جەڭنى ئاياغلاشتۇردى. مانا ئەمدى ئۇلار قالايمىقان جۆيلۈگەننىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندى. بۇختەنەسسەر شەھەرنى خاراب قىلدى، بارلىق ئۆي - ئىمارەتلەر ۋەيران بولدى، بارلىق ئوردا - سارايلار ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يول ۋە باشقا ئەسلىھەلەر پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلدى، شەھەرنىڭ ئەسلى قىياپىتى پۈتۈنلەي يوقىلىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى.

www.alma.cn

بۇختەنەسسەر ئېرۇسالىمنى خاراب قىلىپ، بۇ مۇقەددەس جايغا زىيان يەتكۈزدى. بۇ مۇقەددەس جاينى تاۋاپ قىلىشنى

ئەمەلدىن قالدۇردى . كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى ياكى باشقا جايلارغا سۈرگۈن قىلىندى . بۇ يەردە پەقەت ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ خارابىسىلا قالدى ، ھەممە ياق چۆلدەرەپ تۇراتتى .

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭى ئەۋلادلار ئۆسۈپ يېتىلدى . بۇختەنەسسەر قېرىپ ئۆلدى . بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتمىگەن ، يىلتىزى بوش بىر پادىشاھ بابىلنىڭ تەختىگە چىقتى . ئۇ بەنى ئىسرائىلنىڭ قول ـ پۇتلىرىغا زەنجىر ـ كىشەن سېلىنغان ھالدا پەسەندىلەرچە يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ :

— بۇ نېمە ئىش ؟ بۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنچە خورلىنىدۇ ؟ — دەپ سورىدى . كىمدۇر بىرى مۇنداق جاۋاب بەردى :

— بۇلار يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرى ، داۋۇدنىڭ نەۋرىلىرى ، ئۇلار بۇرۇن سۈرىيىدە تۇراتتى ، ئۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتى مول ، سۈيى تاتلىق ئىدى . سېنىڭ بوۋاڭ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئۇلارنىڭ يۇرتىغا ھۆكۈمران بولدى . ئۇلارنى تەرەپ ـ تەرەپكە مەجبۇرىي تارقىتىۋېتىپ ، مۇشۇنداق خورلۇقتا قويدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ :

— ئائىلەڭلەرگە قايتىپ ، ئىلگىرىكىدەك ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار ! — دەپ خىتاب قىلدى .

بەنى ئىسرائىل ئىلگىرىكى يۇرت ـ ماكانلىرىغا قايتتى . ئاللا ئۇلارغا يەنە شەپقەت قىلدى ، پۇل ـ مال بەردى . يەر ـ زېمىنلىرىدا زىرائەت ئۈندى ، چارۋا ـ ماللىرى ئاۋۇدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە بەختلىك ۋە ئازادە تۇرمۇشقا ئىگە بولدى .

ئۇلار بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ ئاللاغا شۈكۈر ئېيتىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، يامانلىق قىلىش پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن كىشىلەر قاچان ساۋابلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ؟ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىرلىشىپ زىيانكەشلىك قىلغان ئادەملەر قاچان تاجاۋۇزچىلىق قىلماي ، سىڭگەن نېنىنى يەپ يۈرگەن ؟ بەنى ئىسرائىل ياخشى كۈنگە ئېرىشىپلا . يەنە يامانلىق قىلىشقا باشلىدى . ئۇلار باشقىلارغا ئۇزاقچە

شەپقەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى . كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىككى ئەلچى — مېھىر - شەپقەتلىك پەيغەمبەر زىكرىيا ئەلەيھىسسالام بىلەن يەھيا ئەلەيھىسسالام مەيدانغا كەلدى . بەنى ئىسرائىل ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى . بۇ جىنايەت يەنە ئاللانىڭ ئىنتىقام ئېلىشىغا سەۋەب بولدى . ئاللا ئىلگىرى بۇختەنەسسەرنى ئەۋەتكەندەك ، بۇ قېتىم زۇدەرىزنى ئەۋەتىپ ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى ، ئىبادەتخانىلىرىنى ۋەيران قىلىپ ، ئۇلارنى تەرەپ - تەرەپكە پالاپ ، مەڭگۈ خورلۇقتا قالدۇردى . ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرىدىكى ، ئۇلار ئىمان كەلتۈرمەي ، پەيغەمبەرگە زىيانكەشلىك قىلغانىدى .

www.alma.cn

# ئۆزەير ئەلەيھىسسالام

ئۆزەيرئەلەيھىسسالام چارباغقا كىردى . بۇ باغ ئاجايىپ يايپېشىل مەجنۇنتال ۋە بۆك - باراقسان دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغانىدى . شاخلاردا مېۋىلەر سانجاق - سانجاق بولۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى ، ھەرخىل قۇشلار يېقىملىق سايراشماقتا ئىدى . ئۇ زوقلانغان ھالدا باغدىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلدى ، باغدىن چىقىپ كەتكۈسى كەلمەي قالدى . ئۇ بىر سېۋەتكە ئۈزۈم ئالدى ، يەنە بىر سېۋەتكە ئەنجۈر قاچىلىدى ، ئاندىن ئېشىكىگە مىنىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى .

ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرى ۋە ئۇلۇغۋارلىقى ئۈستىدە خىيالغا چۆمۈپ يولدىن ئېزىقىپ كەتتى . ئۇ ئىككى يول ئاچىلىدا تۇرۇپ قالدى ، يوللارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش كۆرۈنگەچكە ، ئۇلاردىن بىرىنى تاللاپ ماڭدى - دە ، بىردىنلا ۋەيرانە بىر كەنتكە كېلىپ قالدى . ئۇ ئۈنلۈك توۋلىدى ، ئۇنىڭغا جاۋابەن ھېچقانداق ئۈن - تاۋۇش ئاڭلانمىدى . ھەممە يەردە خارابىلىك ۋە سېسىپ كەتكەن جەسەتلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى .

ئۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ ، ئىككى سېۋەتنى بىر ياققا قويۇپ ، ئېشىكىنى باغلىدى - دە ، بىر پۇچۇق تامغا يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى . ئۇ ھوشىنى يىغىپ قەددىنى سەل رۇسلىدى . شۇ چاغدا مەيىن شامال ئۇنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتتى . ئۇ بەزى جەسەتلەرنىڭ ئاپتاپ ۋە يامغۇر ئاستىدا ئۇزاق تۇرۇپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ : «بۇ جەسەتلەر قاچان تىرىلەر ؟» دەپ ئويلىدى ، شۇنداق خىياللار ئىچىدە ئىختىيارسىز قايغۇرۇپ ، بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ، ئىككى ئايىغى بوشىشىپ كەتتى - دە ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلۇكتەك قاتتىق ئۇخلاپ

كەتتى.

تۇپتۇغرا يۈز يىل ئۆتتى. كونا نەرسىلەر ئورنىغا يېڭى نەرسىلەر بارلىققا كەلدى، نۇرغۇن نەرسىلەر يوقالدى، ئوردا - قەسىرلەرمۇ بۇزۇلۇپ ۋەيران بولدى. ئۆزەير تېخىچە شۇ ئورنىدا ياتاتتى، بىراق ئۇنىڭدا جان يوق ئىدى. ئۇستىخانلىرىمۇ ئاجراپ چېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى. ئاللا ئۇلارغا يول كۆرسەتتى. ئۇلار ئۆزەيرنى قوللىرى بىلەن سىلاشتى، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى يىغىپ، جاي - جايىغا كەلتۈرۈشتى. ئۇنىڭغا روھ كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا دەس تۇردى - دە، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سىڭىر گۆشلىرى تولغان، تېنى ساغلام بىر ئۆزەير پەيدا بولدى. ئۇ ھېلىلا ئۇخلاپ ئويغانغان كىشىدەك، ئېشىكىنى، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە سۇلىرىنى ئىزدىدى.

پادىشاھ كېلىپ ئۇنىڭدىن:

— ئى ئۆزەير، سېنىڭچە، سەن قانچە يىل ئۇخلىغانسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىر كۈن ئۇخلىدىم، بەلكى بىر كۈنگىمۇ يەتمەس، — دېدى ئۇ كۆپ ئويلانمايلا.

— سەن يۈز يىل ئۇخلىدىڭ، — دېدى پادىشاھ، — نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى بېشىڭدىن كەچۈردۈڭ، سان - ساناقسىز قېتىم يامغۇر، بورانلاردا قالدىڭ، ئەمما سېنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكۈڭ ياخشى تۇرۇپتۇ، سۇيۇقمۇ بۇزۇلماپتۇ، لېكىن ئېشىكىڭنىڭ ھەتتا ئۇستىخانلىرىمۇ ئاجراپ كېتىپتۇ. ئۇلۇغ خۇداغا قەسەم بېرىمەنكى، سەن بۇ ئۇستىخانلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن قانداق تۇتىشىدىغانلىقىنى، ئېشىكىڭنىڭ قانداق تىرىلىدىغانلىقىنى كۆرىسەن. بۇلارنى كۆرسەڭ، ئۇ دۇنياغا بولغان ئىشەنچىڭ ئاشىدۇ، كۆڭلۈڭ تېخىمۇ ئارام تاپىدۇ. بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتىم سېنى بىر مۆجىزە قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى گۇمانلىنىشتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئېتىقاد نۇرىغا يۈزلەندۈرۈش.

www.alma.cn

ئۇزەير ئەلەيھىسسالام دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى ، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئېشىكىنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ئۆز جايىدا ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆردى ، تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇزەير ئەلەيھىسسالام :

— ئاللانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم ، — دېدى .

ئۇ ئېشىكىگە مىندى ، ئۆيىگە بارىدىغان يولنىمۇ تاپالىدى . ئۇ گويا ئۇزاق ئۆتمۇشتىكى چۈشنى ئەسلىگەندەك ، ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسلەيتتى . ئۇ ئۆيىگە كەلگەندە ئۆيدە قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن بىر موماي تۇراتتى . ئۇزەير ئەلەيھىسسالام بالا چېغىدا ، بۇ موماي مۇشۇ ئائىلىدىكى بىر دېدەك ئىدى . شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇ ئۆلمەي كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن نامازشام قارىغۇسى بولۇپ قالغانىدى . ئۇ مومايدىن :

— بۇ ئۇزەيرنىڭ ئۆيىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەئە ، ئۇزەيرنىڭ ئۆيى ، — موماي ئاۋازى بوغۇلۇپ ، ئىككى كۆزىگە لىق ياش ئالدى ، — ئۇزەير كەتكەندىن كېيىن ، كىشىلەرمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالدى ، ئەمدى ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدىغانلار قالمىدى . ھازىر مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى سەندىنلا ئاڭلاۋاتىمەن .

— مەن ئۇزەير بولىمەن ، — دېدى ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ، — مەن ئۆلۈپ يۈز يىلدىن كېيىن ، ئاللا مېنى يەنە تىرىلدۈردى .

دېدەك تەشۋىشلەندى ، دەسلەپتە ئىشەنمىدى ، بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ياخشى ئادەم ئىدى ، ساۋابلىق ئىش قىلاتتى ، ئاللانىڭ تەلىمىگە ئاۋاز قوشاتتى ، ئۇنى قوبۇل قىلاتتى ، كېسەللەرنى داۋالاپ ، ئادەمنى قۇتۇلدۇراتتى . ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئۇزەير بولىدىغان بولساڭ ، ئاللادىن تەلەپ قىلىپ ، سالامەتلىكىمنى ياخشىلاپ ، كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىن !

ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئاللادىن تىلىگەندىن كېيىن ، دەرۋەقە ،

دېدەكنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلىپ، يۈز - كۆزىدىن نۇر ياغدى. دېدەك ئۇنىڭ قول - پۇتلىرىغا سۆيۈپ كەتتى ۋە بەنى ئىسرائىل ئىچىگە بېرىپ بۇ مۆجىزىنى ئېيتتى. بۇلارنىڭ بەزىسى ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، بەزىسى ئۇنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، بەزىسى سەكسەن ياشقا، بەزىسى ئەللىك نەچچە ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىكلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى بوشىشىپ، چىرايى سولۇپ، ياداپ كېتىشكەنىدى. دېدەك ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە:

— ئاللا ئايرىلغىنىمىزغا يۈز يىل بولغان ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنى كەلتۈرۈپ بەردى، ئۇنىڭ ياشلىقى ھېلىمۇ ئۇرغۇپ تۇرۇپتۇ، — دېدى.

ئۇزەير ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئالدىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ زېھنى قۇۋۋىتى يېتىلىپ، ئەقىل - ئىدراكى كامال تاپقانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ يۈز يىل غايىب بولۇپ كەتكەن ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. بۇ ئىشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر ئوغلى:

— دادامنىڭ يەلكىسىدە بىر قارا مەڭ بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇنى كۆرسەك تونۇيالايمىز، — دېدى. كۆپچىلىك ئۇزەيرنىڭ يەلكىسىنى تەكشۈرۈۋىدى، راست دېگەندەك، ئۇنىڭ يەلكىسىدە بىر قارا مەڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. كىشىلەر دەرھال بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشتى.

تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە بولۇش ۋە ھېچقانداق گۇمانغا ئورۇن قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار ئىچىدىن بىر ئاقساقال مۇنداق دېدى:

— بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇختەنەسسەر ئېرۇسالىمغا كەلگەندە، بارچە چېركاۋلارنى كۆيدۈرگەن، شۇنىڭدىن بېرى، بۇ زېمىندا «تەۋرات»نى ياد ئوقۇيالايدىغان ئاز ساندىكى ئادەملەرلا قالغانىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزەير بار ئىكەنمىش. ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئۇزەير بولىدىغان بولساڭ، قېنى، بىزگە «تەۋرات»نى

ياد ئوقۇپ بەرگىن .

ئۇزەير ئەلەيھىسسالام بىر ھەرپىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي «تەۋرات»نى ياد ئوقۇپ بەردى .

ئۇلار ئەمدى راستتىن ئىشەندى ـ دە ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭغا بەخت تىلىدى . ئەپسۇسلىنارلىقى ، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئۆز ئېتىقادىنى كۈچەيتىش ئورنىدا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ، ئېتىقاد قىلمىدى ، ھەتتا تەپ تارتماستىن :

— ئۇزەير خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەن ، — دەپ جۆيلۈشتى .

## راست بىلەن يالغان ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە

بەنى ئىسرائىل ئىچىدە بىر تۇغقان ئاكا ـ ئۇكا بار ئىدى . بۇلار بىر ئانىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن بولسىمۇ ، ئەمما بىر پىيالىدىكى سۈت بىلەن قاندەك دېگەندەك ، خۇي ـ مىجەزى بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى . ئاكىسى يەھۇدا ئاللاغا قەتئىي ئىشىنەتتى ، ئۆزىنى بىلەتتى ، تەمكىن ، مۇلايىم بولۇپ ، ئۆزىنى بۇ دۇنيانىڭ بارچە غەۋغالىرىدىن خالىي تۇتاتتى ؛ ئىنىسى گۇتلۇس ئاللاغا ئىشەنمەيتتى ، پىخسىق ، كۆزى كىچىك ، ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان ، قوپال بىرىنىمە ئىدى .

دادىسى ئۇلار ئۈچۈن بايلىق توپلاپ ، تۇرمۇشىنى راھەت ئۆتكۈزىدىغان قىلغانىدى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسى ئالەمدىن ئۆتسە ، ئۇلار پۇل ـ مالدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ ، ھەرقايسىسى بۇ پۇل ـ ماللارغا ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ئىگىدارچىلىق قىلالايتتى .

يەھۇدا ئاللاغا : «ئى ئىگەم ، مەن پۇلۇمنى سەن رازى بولىدىغان يولدا خەجلەيمەن ، ساڭا ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ئىتائەت قىلىمەن ، قىلغان ئىلتىپاتلىرىڭغا شۈكۈر ئەلھەمدۇلىللا ئېيتىپ ، سىنىڭ خەجلىشىڭگە تەلپۈنىمەن ...» دەيتتى ، پۇلىنىمۇ كەڭ قوللۇق بىلەن خەجلەيتتى ، كىم پۇلغا موھتاج بولسا ، شۇنىڭغا بېرەتتى ،

ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىپ ، يېتىم - يېسىرلارنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالاتتى ، تونۇش كىشىلەرگە ھەر جەھەتتىن مەدەت بېرىپ ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىلەرگە يار - يۆلەك بولاتتى . ئۇ خەير - ئېھسان قىلىشقا خۇشتار بولۇپ ، پۇل - ماللىرىنى دېگۈدەك سەدىقە بىلەن تۈگەتكەن بولسىمۇ ، قورسىقىم ئاچ قالمىسىلا بولدى ، دەپ يۈرىۋېرەردى .

گۈتلۇس بولسا پۇل ئۈچۈن جان بېرەتتى ، بىرەر تىيىنىنىمۇ بۇزماي يىغىپ - توپلاپ ، ساندۇققا سېلىپ مەھكەم قۇلۇپلايتتى ، ھېچكىمگە بەرمەيتتى . ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ ئاھۇزارىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ ، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرەتتى ، بىچارىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا قاراپمۇ قويمايتتى . ئۇ باي بولغاندىن كېيىن ، ئىككى چارباغ سېتىۋېلىپ ، ۋاقتىنىڭ تولىسىنى باغلىرىنى پەرۋىش قىلىشقا قاراتتى . ئۇ باغلىرىغا تەك تىكتى ، تەك تازا شاخلاپ ئۈزۈم تازا ئوخشىدى . ئۇ ئىككى باغنىڭ ئارىلىقىغا بىر يول سالدى ، يەنە ئېرىق ئېلىپ سۇ باشلىدى ، تۆت ئەتراپىغا خورما دەرىخى تىكتى . ئۇنىڭ نەزەرىدە مەڭگۈلۈك جەننەت يەر يۈزىدە ئاپىرىدە بولدى ؛ بۇ يەر نېمىدېگەن گۈزەل ، نېمىدېگەن راھەت - ھە ! مۇنبەت يەرلەر ، پىشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان مېۋىلەر ، ئۈنچىدەك شەبنەملەر يالتىراپ تۇرغان ياپېيېشىل يوپۇرماقلار ، ئېرىقلاردا كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان سۈپسۈزۈك سۇلار ، پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈل - چىمەنلەر ، يېقىملىق سايرىشىۋاتقان قۇشلار كىشىنى ئاجايىپ زوقلاندۇراتتى . بۇ باغنىڭ گۈزەللىكىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى .

ئاللا گۈتلۇسنىڭ تاپاۋىتىنى كۆپەيتىپ ، پۇل - ماللىرىنى زىيادە قىلدى ، بالا - چاقىلىرىنى ئاۋۇتۇپ ، گۈل ئۈستىگە گۈل قىلدى .

ئۇ تازا كۆرەڭلەپ كەتتى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇ بۇ نەرسىلەرنى كىمنىڭ ياراتقانلىقىنى ، كىمنىڭ مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ، ئۇنىڭغا كىم بەرگەنلىكىنى ئويلاپ ، بۇ

www.alma.cn

ھەممەتلەرگە ھەشقاللا ئېيتىپ، ئېتىقادىنى قەتئىيلەشتۈرۈشى، ھەقنى تونۇپ، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشى لازىم ئىدى. لېكىن، ئۇ مېھىر - شەپقەتكە ئېرىشىپ تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، بەخت - سائادەت بىلەن كۆزلىرى توسۇلۇپ قالغان، ئاخىر شۇم قىسمەتكە قېلىپ، ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئاشۇنداق ئادەملەر قاتارىغا كىرىپ قالغانىدى.

ئاللا گۇتلۇسقا مېھىر - شەپقەت قىلىۋىدى، گۇتلۇس ئاللاغا تېخىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولدى، ئۇ تېخىمۇ شەپقەتسىز، رەھىمسىز بولۇپ كەتتى.

بىر كۈنى ئۇ جۇل - جۇل كىيىملىك ئاكىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى كەمسىتتى ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق گەپلەرنى قىلدى:

— سېنىڭ پۇللىرىڭ قېنى؟ مال - مۈلۈكلىرىڭ نەگە كەتتى؟ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىڭچۇ؟ بىز بىر - بىرىمىزدىن كۆپ پەرقلىق بولۇپ قالدۇق. سەن ئاق كۆڭۈل، لېكىن كىيىم - كېچەكلىرىڭ جۇل - جۇل، چاكارلىرىڭ يوق، دوست - يارەنلىرىڭمۇ ناھايىتى ئاز. مېنىڭچۇ؟ مېنىڭ تۇرمۇشۇم باياشات، كۆڭلۈم ياخشى، بالا - چاقىلىرىم كۆپ، چاكارلىرىم توپ - توپ. كەل، جەننىتىمگە مەرھەمەت قىل! قارا، ئۇ يەردە ساڭگىلاپ كەتكەن ئۈزۈملەر، ياپيېشىل تال چىۋىقلار، شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۈپسۈزۈك سۇلار، باراقسان يوپۇرماقلار، بىر - بىرى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن يېشىل يىلەكلەر، شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان مېۋىلەر بار. قارا، بۇ مېۋىلەر يىلمۇيىل كۆپىيىپ بارغانسېرى ئاۋۇماقتا. مەڭگۈ تۈگىمەس بايلىق دېگەن مانا شۇ. كىيىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان شەپقەت كىيىمى دېگەن مانا شۇ.

ۋاقىت دېگەن سائەتتەك ھەرىكەتلىنىپلا تۇرىدۇ. سەن ئاخىرەتكىلا ئىشىنىسەن. مېنىڭچە، بۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئەقىلگە سىغمايدۇ. مۇبادا مەن سېنىڭ گەپلىرىڭ بويىچە ئىش قىلىپ سېنىڭ ئۆي - پىكرىڭگە بويسۇنسام، ئۇ چاغدا، مەن ئاللانىڭ دەرگاھىدىن ھازىرقى باغلىرىمدىنمۇ گۈزەل ۋە قىممەتلىك

نەرسىگە ئىگە بولالمايتتىم. سەن مېنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىمدىن بۇ ياخشىلىقلارنى كۆردۇڭغۇ؟ ئۇنداقتا، ئاخىر زامان بولغاندا، مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋە گۈزەل نەرسىلەرگە ئېرىشىشىمگە توسقۇنلۇق قىلغۇدەك يەنە نېمە بار؟

— سەن ھەقىقەتەن ئاللاغا ئاسىيلىق قىلدىڭ، — دېدى يەھۇدا ئىنسانغا، — سەن ئاللانىڭ سېنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى، ساڭا تولۇپ تاشقان ھاياتلىق بېغىشلايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلدىڭ. ئاللا سەندىن ھېساب ئالىدۇ. ئويلاپ باق، ئىنساننى تۇپراقتىن ياراتقان كىم؟ ئاللا ئادەمنى ئاۋۋال لايدىن ياسىدى، كېيىن مەنىينى ئاپىرىدە قىلدى، ئاندىن ئۇنى قانغا ئايلاندۇردى، ئۇنى يەنە بۇلجۇڭ گۆشكە، بۇلجۇڭ گۆشنى ئۇستىخانغا ئايلاندۇردى، ئاندىن ئۇستىخانلارغا گۆش ئۇندۇرۇپ، ئاخىردا ئۇنى ئادەمگە — ئاجايىپ سىرلىق ئادەمگە ئايلاندۇردى. ھەربىر ئادەم مۇشۇنداق جەرياننى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ياراتقۇچى ئىگەم ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. سەن ھازىر بۇ گەپلەرنى قۇلىقىڭ تۇرۇپ ئاڭلىماي، كاللاڭ تۇرۇپ ئويلىماي، ھىدايەتتىن چەتنەۋاتىسەن.

سەن مېنى كەمبەغەل دەپ زاڭلىق قىلىۋاتىسەن، پۇل - ماللىرىڭ بىلەن مەندىن ئۈستۈن تۇرماقچى بولۇۋاتىسەن. مېنىڭ پۇلۇم ئاز بولسىمۇ، سەندىن باياشاتمەن. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ بايلىقى سەن ئىگە بولغان پۇل - مال، ئۆي - مۈلۈك بىلەن ھېسابلانمايدۇ، بەلكى ئۇ سېنىڭ دۇئا - ئىبادەت قىلغانلىقىڭ ۋە بەھرىمەن بولغانلىرىڭغا شۈكۈر - قانائەت قىلغانلىقىڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ. سېنىڭ پەخىرلەنگەن پۇل - ماللىرىڭ مېنىڭ نەزىرىمدە پەقەت غايىبانە مەنزىرىدىنلا ۋە پارقىراق تاشتىنلا ئىبارەت، خالاس. كۆز ئالدىڭدا تۇرغان بۇ گۈزەل چارباغ، مېنىڭچە، ئۆسۈپ، قۇرۇپ، ئاخىر بېرىپ يوقىلىدىغان بىر پارچە ئوتلاقتىنلا ئىبارەت. قول ئاستىڭدىكى ئادەملىرىڭ سېنىڭ يانتاياقلىرىڭ ۋە ئاخىر سېنى ۋەيران قىلغۇچى مەلئۇنلار. مەن

ئاللاغا تايىنىمەن ، ئاللا غالىبتۇر .

ئاللا ماڭا مېھىر - شەپقەت بېغىشلىدى ، مېنىڭچە ، ھازىر ساڭا يامانلىقتىن قول ئۈزۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش ۋاقتى بولۇپ قالدى . مەن خالايىققا ئىشىنىمەن ، ھوقۇققا تايانمايمەن . مېنىڭ قورسىقىم قاچان ئاچسا ، ئاللاغا ئىلتىجا قىلىمەن . قاچان تويسا ، ئاللاغا ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈر ئېيتىمەن . بۇنداق قىلىشىم مېنى كۆرەلمەيدىغان ۋە زالىملاشتۇرىدىغان ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولغىنىمدىن كۆپ ياخشى . پۇل سېنىڭ خۇدۇڭنى يوقاتتى ۋە سېنى رەھىمسىز ، زالىم قىلدى . مەن ئىگەمنىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلىپ ، ھەممە پۇلۇمنى كەمبەغەللەرگە ئىشلەتتىم . ئىگەم ماڭا سېنىڭ بېغىڭدىنمۇ ياخشى بىر باغنى ۋە سېنىڭ جەننىتىڭدىنمۇ بەختلىك جەننەتنى تەييارلاپ قويدى .

سېنىڭ ئىككى بېغىڭ بەلكى بوران - چاپقۇننىڭ زەربىسى ياكى يامغۇرنىڭ سوقۇشىدىن قۇتۇلالمايدۇ . كۆنلەرنىڭ بىرىدە مېۋىلىك دەرەخلىرىڭنىڭ يوپۇرمىقى قۇرۇپ كېتىشى ، ئۈزۈملىرىڭ يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىشى ، ئېرىقلىرىڭدىكى سۇلار زېمىنغا سىڭىپ كېتىشى مۇمكىن . ئۇ چاغدا سېنىڭ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرمىكىڭ قۇرغۇي تۇخۇمىنى تېپىشتىنمۇ[1] تەسكە چۈشىدۇ .

يەھۇدا گېپىنى تۈگىتىپلا ، ئىنىسىنى باغدىن يالغۇز ھوزۇرلىنىپ ، ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتۈشكە قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى .

بىر كۈنى سەھەردە گۈزەللۈس باغقا كىرىپ دەم ئېلىپ ، ساپ ھاۋا يەپ ، دەرەخ سايىسىدە سەگىدىمەكچى بولدى . ئۇ باغقا كىرگەندە ، ئىختىيارسىز قاتتىق چۆچۈپ كەتتى . چۈنكى ، باغ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانىدى ، ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ ئۆلگەن ، تال بېدىشلىرى يىقىلىپ ، گۈل - گىياھلار ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ ، ھەممىلا يەر ۋەيران بولغانىدى .

ئۇنىڭ كانىيى قۇرۇپ كەتتى ، بەدىنى لاغىلداپ تىترەپ

www.alma.cn

[1] قۇرغۇي ئۆز تۇخۇمىنى تاپالمايدىغان يەرگە يوشۇرارمىش .

كەتتى، ئۇ ئاخىر ھەققە بويۇن ئەگدى. ئۆزۈندىن بېرى زورلۇق ـ ئۆكتەملىك قىلىپ كەلگەن گۆتلۇس ئەمدى ياۋاش ـ مۇلايىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئاچ كۆز ئىدى، ئەمدى قانائەت قىلدى. ئۇ قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن قوللىرىنى ئۈزۈلىغان ھالدا قولىدىن كەتكەن بارچە نەرسىلەر ئۈچۈن بىئارام بولۇپ: «باشقا نەرسىگە سېغىنماي، بىر ئاللاغىلا سېغىنسام بوپتىكەن» دېدى.

## باغنىڭ ئىگىسى

تاڭ سەھەر، مەيىن شامال يۈزنى سىيپاپ تۇراتتى، بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى. ئۇ ئاستا قەدەم تاشلايتتى، ھۆمۈدەيتتى، يىللار ئۇنىڭ قەددىنى ئېگىپ دۈمچەك قىلىپ قويغانىدى. تېخى كۈن يورۇمايلا، ئۇ دېلۋان[1] دىكى بېغىنىڭ ئىشىكىنى ھاسىسى بىلەن قاقتى.

بوۋاينىڭ بېغى ئوبدان جايغا چۈشكەن ھوسۇللۇق باغ ئىدى، باغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىقتا سۇ ئېقىپ تۇراتتى، نەم شامال دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. باغدىكى خىلمۇخىل گۈل ـ چېچەكلەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى، شاخلاردا ئاسماق ـ ئاسماق ئۈزۈم، خورمىلار ساڭگىلىشىپ تۇراتتى، باغدا كۆكتاتلار، زىرائەتلەرمۇ بار ئىدى. كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىشىپ، دەرەخ سايىلىرىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

بوۋاي ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، كىچىك يولدا ئۇيان ـ بۇيان ماڭماقتا، گۈل ـ گىياھلارنىڭ خۇشبۇي ھىدىدىن نەپەس ئېلىپ، گۈزەل مەنزىرىنى تاماشا قىلغاچ قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا قۇلاق سالماقتا ئىدى. ئۇ قايتىپ ئىبادەت قىلدى، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتتى، ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە شۈكۈر قىلدى، ئاللاغا بايلارنىڭ بوزەك ئېتىشىدىن، بىرەر ئېزىتقۇنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە شەيتان ئەلەيھىلەئىننىڭ قايمۇقتۇرۇشىدىن ساقلاشنى ئىلتىجا قىلدى.

www.alma.cn

[1] دېلۋان — يەمەندىكى بىر كەتتىناق ئىسمى.

يىللار بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ ، كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ تۇردى ، بوۋاي ھەر كۈنى ئەتىگەندىكى مۇشۇ ئادىتىنى تاشلىمىغانىدى . ئۇ باغدىكى زىرائەتلەرنىڭ پىشىپ ، مېۋىلەرنىڭ شاخ - شېخىغا پاتماي ساڭگىلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىدە ، باغۋەن ۋە ياردەمچىلىرىگە ئورغاق ھەم باشقا سايمانلارنى تەييارلاپ يىغىم ئىشلىرىغا ھازىرلىق كۆرۈشنى تاپىلايتتى . نۇرغۇن كەمبەغەللەرمۇ بوۋاينىڭ قېشىغا ھەر يىلى كېلىپ تۇراتتى ، بوۋاي ئۇلارنىڭ بىرىگە بىر سېۋەت مېۋە ، يەنە بىرىگە بىر تاغار ئاشلىق بېرىپ ھەممىسىنى رازى قىلاتتى . باغنىڭ ھوسۇلى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ، قالغانلىرىنى كەمبەغەللەر پاساق قىلىۋالاتتى .

ئەمما بۇ يىل بوۋاينىڭ بالىلىرى بۇنىڭغا چىدىمىدى ، ئۇلار دادىسىنىڭ پۇل - ماللىرىنىڭ كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىنىپ كېتىشىنى خالىمايتتى . ئۇلار بۇ ئادەملەرنى بىغىمىزغا بالادەك تىكىلگەن تەمەخورلار ، دەپ قارايتتى .

بوۋاينىڭ بىر بالىسى :

— دادا ، سەن بۇ كەمبەغەللەر ئۈچۈن شۇنچە كۆپ پۇل خەجلىدىڭ ، شۇنچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىڭ ، بىراق بۇ بىزنىڭ مەنپەئىتىمىزگە زىيانلىق ، بىزنىڭ تىرىكچىلىكىمىزگە تەسىر يەتكۈزىدۇ ، — دېدى .

يەنە بىر بالىسى :

— دادا ، مۇشۇنداق بېرىۋەرسەڭ ، سېنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ، مال - مۈلۈكلىرىڭ تۈگىمەيدۇ ، زىرائەت ۋە مېۋە - چېۋىلىرىڭمۇ قالمايدۇ ، بىزمۇ كىشىلەردىن نان تىلەيدىغان كەمبەغەللەرگە ئايلىنىپ قالىمىز ، — دېدى .

ئۈچىنچى بالىسى ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇۋىدى ، بوۋاي ئۇنىڭغا ئاغزىڭنى يۇم ، دەپ ئىشارەت قىلدى ، ئاندىن بالىلىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ دېدى :

— سىلەر قۇرۇق خىياللارغا بېرىلىپ ، چوتنى خاتا

سوقۇۋاتىسىلەر. سىلەرگە كېرەك بولغان ئالتۇن ـ كۈمۈش قانچىلىك نېمىتى؟ بۇ پۇللار مېنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭمۇ ئەمەس، بۇ باغ ماڭىمۇ، سىلەرگىمۇ تەۋە ئەمەس. ئاللا ماڭا پۇلنى مېھرىبان، شەپقەتلىك كىشىلەرگە، ئۇنىڭغا ساداقەتمەن كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان. بايلىقىمىزدا كەمبەغەللەر ۋە باشقا بىچارىلەرنىڭمۇ ھەققى بار، باغقا كىرىپ ئۆتكەن مېھمانلارمۇ قائىدە بويىچە بىر كىشىلىك ھەققىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك، ئۇچار قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭمۇ تېگىشلىك ھەققى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ دېگىلى بولامدۇ؟ مېنىڭ قىلغانلىرىم كۆپ يىللاردىن بېرى ئاللانىڭ ھۆكمى بويىچە بولۇۋاتقان ئىشلاردۇر. مۇشۇنداق بولغاچقا، پۇلۇم خەجلىگەنسېرى كۆپىيىپ تۇرىدۇ. مەن ياش ۋاقتىمدا شۇنداق قىلدىم، ئوتتۇرا ياشلىق بولغاندىمۇ شۇنداق قىلدىم، ئەمدى قېرىغان ۋاقتىمدا بۇنداق قىلماي تۇرالايمەنمۇ؟ سىلەر ئالدىرىماڭلار، سىلەر چېچىمنىڭ ئاقىرىپ، تېنىمنىڭ ئاجىزلاپ، كېسەلمەن بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بەلكىم ئۇزاققا بارمايلا ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىشىم مۇمكىن. شۇ چاغدا، سىلەر بۇ باغقا، پۇل ۋە ماللىرىمغا ۋارىسلىق قىلىڭلار. ئالدىڭلاردا ئىككى يول تۇرۇپتۇ: ناۋادا سىلەر ساۋاب، خەير ـ ئېھسان بىلەن بولساڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن خىراجىتىڭلارنى ئاللا ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ مۇبادا پىخسىقلىق ۋە شەپقەتسىزلىك قىلساڭلار، ئاللا سىلەرگە جازا بېرىدۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بوۋاي كېسەل بىلەن قازا تاپتى، ئۇنىڭ باغۇبوستانى ۋە باشقا نەرسىلىرى قېپقالدى.

ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە ئىدى، باغنىڭ ھوسۇلىنى يىغىش ۋاقتى بولۇپ قالدى، كەمبەغەللەر يەنە ئىلگىرىكىدەكلا ئۆز نېسىۋىسىنى كۈتمەكتە ئىدى.

بوۋاينىڭ بالىلىرى بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ، بۇ يىل ھوسۇلنى قانداق يىغىش ۋە تەقسىم قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۇلاردىن بىرى مۇنداق دېدى:

— بۇگۈندىن ئېتىبارەن كەمبەغەللەر بىلەن سائىللارنى بۇ باغنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن قىلماسلىقىمىز لازىم . ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭمۇ دەرەخ ئاستىدا سايىدەپ دەم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلمايلى . كىمكى بىر نەرسە ئالماقچى بولىدىكەن ، پۇل تاپشۇرۇشى كېرەك . بىز مۇشۇ چارىنى يولغا قويساق ، چوقۇم باي بولۇپ كېتىمىز .

— سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلار نېمىدېگەن يوغان ، — دېدى خۇلق - مىجەزى جەھەتتە دادىسىغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان بىر ئوغلى ، — سىلەر ئۆزۈڭلارچە ئەڭ پايدىلىق ئىش قىلدۇق ، دەپ قاراۋاتىسىلەر ، ئەمەلىيەتتە ، بۇ قىلمىشىڭلار جىنايەت بولىدۇ . ئەگەر سىلەر كەمبەغەللەرنى ھەققىدىن مەھرۇم قىلساڭلار ، بۇ باغنى تۈپتىن خاراب قىلغان بولىسىلەر ، بالا - قازاغا يولۇقىسىلەر ، يەنىلا كەمبەغەللەرنى ئۆز نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن قىلىڭلار ، دادىمىزنىڭ تەشەببۇسى بويىچە ئىش قىلىڭلار ! سىلەر ياخشى ئىش قىلساڭلار ، ئاللا سىلەرگە بارىكاللا ئېيتىدۇ ، سىلەرگە تېخىمۇ زور ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ !

قالغان ئوغۇللار ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ كايىدى :

— بۇ ئىشقا سېنىڭ چىشىڭ پاتمايدۇ ، بولدى ، سەن بۇنىڭغا ئەقىل كۆرسەتمە ، بىزگىمۇ نەسىھەت قىلىمەن دەپ يۈرمە . سەن بېرىپ ئاللاغا ئىبادەت قىلىۋەر ، ئىبادەت گۇناھىڭنى تۆكىتىپ ، سېنى ھىدايەتكە يەتكۈزۈپ ، كەمبەغەللەرگە كۆڭلۈڭنى مايىل قىلىدۇ . بىراق ، ئۇ يالاڭتۆشلەر سېنىڭ گېپىڭنى ھەم ئاڭلىمايدۇ ، ھەم ساڭا ۋاپامۇ قىلمايدۇ .

ئۇلار ئەتىسى ئەتىگىنى كۈن چىققۇچە ، كەمبەغەللەرنىڭ تېخى ئۇيقۇدىن ئويغانمىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ، باغدىكى ھوسۇلنى يىغىۋالماقچى ، ئاندىن ھەربىرى تېگىشلىكىنى ئالماقچى بولدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاش يۈرەك ، شەپقەتسىزلەر ئىدى .

ئاللا ئۇلارنىڭ بىچارىلەرنى ھەققى - ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلماقچى ، سائىللار ۋە بەختسىزلەرنىڭ ئاغزىدىكى ناننى

ئارتۇقچىلىق ماقۇل بولغانلىقىنى ئۇقۇپ ، ئۇلارغا بالا ـ قازا كەلتۈردى .
باغدىكى دەل ـ دەرەخلەر يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ كەتتى ، مېۋە ـ
چېۋىلەر تۆكۈلۈپ كەتتى ، يوپۇرماق ۋە گۈل ـ گىياھلار قۇرۇپ
كەتتى .

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇلار پۈتۈنلەي خاراب بولغان باغنى
كۆرۈپ ، بىر ـ بىرىدىن سوراشتى :

— بۇ بىزنىڭ بېغىمىزمۇ ؟ تۈنۈگۈن بۇ يەردە دەل ـ دەرەخلەر
باراقسان ، ئېقىن سۇلار راۋان ، گۈل ـ گىياھلار خۇشبۇي ،
مېۋە ـ چېۋىلەر مول ئىدىغۇ ! بۇ بىزنىڭ بېغىمىزمۇ ؟ بىز
ھەقىقەتەن تۈيۈق يولغا كىرىپ قاپتۇق !

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېلىقى ئاق كۆڭۈل بىرى دېدى :

— سىلەرنىڭ بېغىڭلار مانا شۇ . سىلەر كەمبەغەللەرنى
ھەققى ـ ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولۇۋىدىڭلار ، نەتىجىدە
ئۆزۈڭلار ھەممىدىن قۇرۇق قالدىڭلار . بۇ پىخسىق بايلارغا
بېرىلگەن ئەڭ قاتتىق جازا . مەن سىلەرگە ئېيتمىغانمىدىم ، ناۋادا
سىلەر ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتمايدىغان بولساڭلار...

— ماقۇل ، بىز ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتايلى ، — دېيىشتى
ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ ، — بىز ئۆتكەندە تولىمۇ يامانلىق
قىلىپتۇق !

ئۇلار بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشتى ، ئاندىن يەنە مۇنداق
دېيىشتى :

— بىز ئۆلۈمگە مەھكۇم ! بىز شەپقەتسىز ئىكەنمىز ! ئاللانىڭ
بىزگە يەنە بىر مەرتىۋە ياخشىلىق قىلىشىنى تىلەيمىز . ئاللاغا
سېغىنىمىز .

لېكىن تەقدىر شۇنداق ئىدى ، ئۇلارغا قېپقالغىنى ھەسرەت ـ
نادامەتلا بولدى . ئۇلار سۈيىقەست ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن
شۇغۇللىنىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقسۇن .
«ئۆتمۈشتىكىلەرنى جازالاش ئەنە شۇنداق بولدى ، مەھشەرگاھدىكى
جازا ھەممىدىن چوڭ بولىدۇ . ناۋادا ئۇلار شۇنداق قىلغان بولسا .»

www.alma.cn

# ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام

ئاللانىڭ ئەلچىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئاللاغا چوقۇنۇشى، بويسۇنۇشى ئۈستىدە سۆزلەشكەندە، بىر ئەلچى:

— ھازىرقى دۇنيادا، بۇ جەھەتتە ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامدىن ياخشى كىشى يوق. ئۇ ئاللانىڭ ئىخلاسمەن بەندىسى. ئۇ ئاللانىڭ بەرگەن نازۇنېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتقاچقا، ئاللا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلدى، ئۇ پۇلى بولسا، تىلەمچىلەرگە ۋە بىچارىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، پۈتۈن ئۆمرىدە ئاللاغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈپ، ئاللانىڭ ھىممەت ـ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىخلاسمەنلىكى ئەيش ـ ئىشرەت سۈرگۈچى بايلار ئۈچۈن بىر دەلىلدۇر، — دېدى. باشقا ئەلچىلەرمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

شەيتان ئەلەيھىلەنە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بۇ دۇنيادا ئاللاغا شۇنداق ئىززەت ـ ئىكرام قىلىدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىدىن ناھايىتى خاپا بولدى. شەيتان ئەلەيھىلەنە زېمىندا ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ ۋە قايمۇقتۇرۇپ، ئاللاغا بەيئەت قىلغۇچىلارنىڭ ئېتىقادىغا بۇزغۇنچىلىق قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇپ، ئۇنى ھىدايەتتىن چەتنىتىشكە ئۇرۇندى. ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ شەپقەت ـ مەرھەمىتىگە چۆمۈلۈپ، ئۆز مال ـ مۈلكىنى بەخىرامان باشقۇراتتى. ئۇ باي بولغانلىقى بىلەن مەغرۇرلانمىدى ۋە ئېسەنگىرەپ كەتمىدى، پۇلىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن شەپقەتسىز ۋە قوپال بولۇپ كەتمىدى. ئۇ باشتىن ـ ئاياغ ئاللاغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلدى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلدى، چاكارلىرىغا غەمخورلۇق قىلدى، ئاچ قالغانلارغا ئاش ـ نان، يالىڭاچ قالغانلارغا

www.alma.cn

كىيىم - كېچەك بەردى . ئۇ ئەسىرلەرنى قويۇپ بەردى ، موھتاجلارغا يېقىملىق مۇئامىلە قىلدى ، زالىملارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ ، نادانلار ئارىسىدا ئىلىم - ھېكمەتنى تارقاتتى .

شەيتان ئەلەيھىلەنە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ، ئۇنى ناماز ئوقۇماي ، ئەيش - ئىشرەت دۇنياسىنىڭ قىڭغىر يولىغا ماڭدۇرۇشقا ئۇرۇندى . لېكىن ، ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام بۇنداق پەسكەش سۆزلەرگە دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ ، يەنىلا بىر نىيەت ، بىر مەقسەتتە ئاللاغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئېتىقاد قىلدى . ئۇ ئۆرپ - ئادەتنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن گويا بېشىغا بىر چوڭ بالا - قازا كەلگەندەك قايغۇراتتى . شەيتان ئەلەيھىلەنە ئاللاغا شۇنداق دېدى :

— ئەي ئىگەم ، ساڭا ئىززەت - ئىكرام قىلغۇچى ۋە ھەمدۇسانا ئېيتقۇچى بەندەڭ ئەيۇپ مۇشۇ يەردە . ئۇ قەلبىدە سېنى ياد ئېتىش بىلەن ، تىلىدا سېنى زىكىر قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەكتە . ئۇنىڭدا ئىبادەتتىن باشقا بەندىچىلىك يوق . ئۇ ساڭا ئىززەت - ئىكرام قىلمۇۋىدى ، سەن ئۇنىڭغا پۇل ، مال ۋە پەرزەنت بەردىڭ . ئۇ سەندىن ئۆز بايلىقى ۋە بارلىق نەرسىلىرىنى ساقلاپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلماقتا . ئۇنىڭ مىڭلىغان قوي ۋە تۆگىلىرى ، يۈزلىگەن كالا ۋە ئېشەكلىرى ، بىرقانچە فەددان[①] يەرلىرى ۋە نۇرغۇن قۇللىرى بار ، نۇرغۇن ئوغۇل - قىزلىرى ، كەڭ ئوتلاق ۋە مۇنبەت باغۋارانلىرى بار ، سېنىڭ شۇنچىۋالا شەپقەت - مەرھەمەتلىرىڭ ئۇنىڭ ساڭا رەھمەت ئېيتىشىغا ئەرزىمەمتى؟ ئۇ ھازىر بۇنچىۋالا بايلىقتىن ئايرىلىپ كېتەرمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىدۇ ، سەن ئۇنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرى ئىچىدە تەمە ۋە تەشۋىش بارلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرىدە قورقۇش ۋە ئاچ كۆزلۈك بارلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ سەن ئۇنىڭغا بولغان شەپقەتلىرىڭنى بىكار قىلىپ ، ئۇنى بايلىقتىن مەھرۇم قىلغىن! قېنى سەن شۇنداق قىلىپ باق ، ئۇ سېنىڭ نامىڭنى تىلغا ئالمايدۇ ،

www.alma.cn

① فەددان — مىسىرنىڭ يەر كۆلىمى بىرلىكى بولۇپ ، بىر فەددان قىرىق ئىككى گېكتارغا تەڭ .

ئۇنىڭ قەلبىمۇ ساڭا ئىتائەت قىلمايدۇ .

— ئەيۇپ مېنىڭ ساداقەتمەن ، تەقۋادار بەندەم ، — دېدى ئۇلۇغ ئاللا ، — ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا ناماز ئوقۇدى ، ھەمدۇسانا ئېيتتى . ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىدا باشقا غەيرىي ھەۋەس يوق . بىراق ، ئەيۇپنى تەۋرەنمەس ئېتىقادقا ئىگە قىلىپ ، سەۋر قىلىش ۋە قەتئىي ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئالىيجاناب ئۇلگىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن ، مەن سېنىڭ ئۇنىڭ پۇل - ماللىرىنى ئىگىلىشىڭگە رۇخسەت قىلدىم ، ئۇنىڭ بايلىقىنى سېنىڭ خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىشىڭغا بولىدۇ ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كېيىن كۆرىمىز .

شەيتان ئەلەيھىلەنە ئۆز قول ئاستىدىكىلىرىنى يىغىپ ، ئۇلارغا : «ئاللا ماڭا ئەيۇپنىڭ پۇل - ماللىرىنى ئىگىلىشىمگە ئىجازەت بەردى ، ئەمدى سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار بىر كىشىلىك نېسىۋەڭلەردىن بەھرىمەن بولالايسىلەر . ئەيۇپنى پۇل - ماللىرىدىن پۈتۈنلەي قۇرۇقداپ قويغاندىن كېيىن ، ئېتىقادىدىنمۇ چېكىندۇرەلەيمىز ،» دېدى .

شەيتان ئەلەيھىلەنە ۋە قول ئاستىدىكىلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنى قوي ، تۆگە ، يەر - زېمىن ، قۇل - چاكار ۋە مېۋە - چېۋە ، دەل - دەرەخلەردىن ، قىسقىسى ، گەپ قىلالايدىغان ھەم گەپ قىلالمايدىغان بارلىق نەرسىلەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى .

بۇ چاغدا ، شەيتان ئەلەيھىلەنە سالاپەتلىك ، بىلىم - ھېكمەتلىك ، مول تەجرىبىلىك بىر بوۋاينىڭ تەقلىدىدە ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭغا :

— بايلىقىڭنىڭ ئاساسىغا ئوت كېتىپ ، زىرائەت ، مال - ۋاران ، پۇل - ماللىرىڭنى پۈتۈنلەي خاراب قىلدى ، — دېدى .

كىشىلەر بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ ، باشلىرىنى ساڭگىلاتقان پېتى تۇرۇپ قېلىشتى . بىرەيلەن : «ئىلگىرى ئەيۇپ قارىغۇلارچە ئىبادەت قىلىپ خەير - ئېھسان ۋە ناماز بىلەنلا بولۇپ كەتكەنىدى» دېسە ، يەنە بىرەيلەن : «ئەگەر ئاللا يامانلىقىقا تاقابىل

تۇرالايدىغان بولسا، ئەيۇپ مۇشۇنداق ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئىدى» دېدى. يەنە بەزىلەر: «ئاللا نېمىشقا دوستىنى ئاغرىتىپ، دۈشمەننى كۈلدۈرىدىغان ئىشنى قىلغاندۇ» دېيىشتى.

شەيتان ئەلەيھىلەنە كىشىنىڭ ئوغىسىنى قوزغايدىغان گەپ ۋە كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان خەۋەرلەر ئارقىلىق ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىقادىنى تەۋرىتىپ، ئۇنىڭ قەلبىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشكە ئۇرۇندى. كىم بىلسۇن، ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىقادى تېخىمۇ قەتئىيلىشىپ، ھەقىقەتكە بولغان مايىللىقى بارغانسېرى ئاشتى.

— ئاللا ماڭا ئارىيەت قىلغانلىرىنى قايتۇرۇۋالدى، قېشىمدا قويغان ئامانىتىنى ئېلىپ كەتتى. بىز بۇنىڭدىن ئۇزاق مەنپەئەتلەندۇق، مەن ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ئۇنىڭ ئۆتكەندە بېرىپ، ھازىر ئېلىپ كەتكەنلىكىگە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ئاللا مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇ بۇ نەرسىلەرنى خالىسا بېرىدۇ، خالىسا ئالىدۇ؛ بەزىلەرنى ئەزىز قىلىدۇ، بەزىلەرنى خار قىلىدۇ، — دېدى. ئۇ سۆزلەپ بولۇپ ئاللاغا سەجدە قىلدى، ئىزاغا قالغان شەيتان بىلەن كارى بولمىدى.

شەيتان ئەلەيھىلەنە ئاللانىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھىنى پەردازلاش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

— ئى ئىگەم، ئەيۇپ ئىلگىرى سېنىڭ قىلغان شەپقەتلىرىڭگە ھەمدۇسانا ئوقۇغان، بەختسىزلىككە سەۋر - تاقەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئاشۇ باللىرىغا تايىنىپ، قولىدىن كەتكەن پۇل، ماللىرىنى يەنە قايتۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر سەن مېنىڭ ئۇنىڭ باللىرىغا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشىمگە ئىجازەت قىلىدىغان بولساڭ، كېيىنكى ئېيتىمەنكى، ئەيۇپ ھىدايەتتىن يانغان بولاتتى. مېنىڭچە، ئۇ بەكمۇ نادان ۋە جاھىل، ئەگەر ئۇ باللىرىدىن ئايرىلىدىغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئازاب بولىدۇ.

— بولىدۇ، — دېدى ئاللا، — مەن ساڭا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى

ئارقىلىق ئۇنى سىناپ كۆرۈش ھوقۇقىنى تاپشۇردۇم . بىراق ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېتىقادىنى ئازراقمۇ كېمەيتىش مۇمكىن ئەمەس ، ئۇنىڭ سەۋر - تاقىتى ۋە ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇشمۇ تەس .

شەيتان ئەلەيھىلەنە قول ئاستىدىكىلىرىنى يىغىپ ، ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى تۇرۇشلۇق قەسىرىگە باردى - دە ، كۈچىنىڭ بارىچە بۇ قەسىرنى تەۋرىتىپ يىقىتىۋەتتى ، قەسىر ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تام ئاستىدا قالدى .

شەيتان ئەلەيھىلەنە مەقسىتىگە يېتىپ ، ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ قايغۇرغان قىياپەتتە ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامغا :

— ئەگەر سەن بالا - چاقىلىرىڭنىڭ ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكىنى بىلگىنىڭدە ، قىلغان ئىبادەتلىرىڭنى ئاللانىڭ مەقبۇل كۆرمىگەنلىكىنى ، سېنىڭ مەنپەئىتىڭگىمۇ كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنى بىلگەن بولاتتىڭ ، — دېدى .

ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام قاتتىق يىغلاپ چەكسىز مۇسىبەتكە چۆمدى ، لېكىن :

— ئاللا ئۆزى بەردى ، ئۆزى ئالدى ، مەيلى ئۇ ماڭا بەرسۇن ياكى مەندىن ئالسۇن ، غەزەپلەنسۇن ياكى رازى بولسۇن ۋە ياكى ماڭا زىيان سالسۇن ، ياكى پايدا يەتكۈزسۇن ، مەن ئاللاغا مەڭگۇ ھەمدۇسانا ئوقۇيمەن ، — دېدى . ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ بولۇپلا يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاللاغا ئىبادەت قىلدى ۋە شەيتان بىلەن كارى بولمىدى .

شەيتان ئەلەيھىلەنە ئاللانىڭ قېشىغا بېرىپ دېدى :

— ئى ئىگەم ، ئەيۇپ پۇل ، مېلىدىن ئايرىلدى ، بالا - چاقىلىرىمۇ ئۆلدى ، بىراق ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ساغلام تۇرۇۋاتىدۇ . ئۇ ساڭا بولغان ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرماي ، پۇل ، مېلىنىڭ قولىغا كېلىشىنى ، ئوغۇللىرىنىڭ تىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ . لېكىن مەن سەندىن ئۇنى يەنە بىر سىناپ كۆرۈشۈمگە

www.alfa.cn

ئىجازەت بېرىشىڭنى سورايمەن . مەن ئۇنى سالامەتلىكىدىن مەھرۇم قىلىمەن ، ئۇنىڭغا ئازغىنا دورا ئارىلاشتۇرۇپ بەرسەملا ، ئۇنىڭ بەدىنىگە كېسەل يېپىشىدۇ . ئۇ كېسەل بولۇپ يىقىلسىلا ، تائەت - ئىبادەتنىمۇ تاشلايدۇ ، بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ساڭا ئىتائەتمەنلىك قىلىش نىقابىنى يىرتىپ تاشلايمەن ، نەتىجىدە ئۇ كېسەل بىلەن بولۇپ ، ھەمدۇسانا ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ .

ئاللا ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامدىن ساداقەتمەن بەندە بولۇپ قېلىشىنى ، شەپقەت - ئىلتىپاتقا شۈكۈر ئېيتىپ ، سەۋر قىلغۇچى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلدى ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئازاب - كۈلپەت چەككەنلەر ئۈچۈن تەسەللى بولۇپ قېلىشىنى كۈتتى ، ئۇنى دۇنيادا جاپا - مۇشەققەت چېكىشنىڭ تۈنجى ئۈلگىسى ، تەۋرەنمەس ئېتىقادنىڭ ئالىيجاناب نەمۇنىسى قىلدى ھەمدە ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر مەرتىۋىگە ئېرىشتۈردى ، قىيامەتتىمۇ ئۇنى غايەت زور شان - شەرەپتىن بەھرىمەن قىلىدىغان بولدى . ئاللا شەيتانغا مۇنداق دېدى :

— مەن ساڭا ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرۈشكە ئىجازەت بەردىم . بىراق سەن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا ، تىلىغا ، يۈرىكىگە ۋە ئىرادىسىگە دىققەت قىل ، ئېتىقادنىڭ سىرى ئەنە شۇلاردا ، دىنىي بىلىملەرمۇ ئەنە شۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇ .

شەيتان ئەلەيھىلەنە ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنى ھەر ئامال قىلىپ كېسەلگە گىرىپتار قىلدى . لېكىن ، ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام يەنىلا ئاللاغا ئېتىقاد قىلدى ، تېخىمۇ جاسارەتكە تولۇپ ، كېسىلى ئېغىرلاشقانسېرى ئاللاغا شۇنچە تائەت - ئىبادەت قىلدى ، ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىدى .

كۈنلەر ۋە يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ، ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام كېسەل ئازابىغا بەرداشلىق بەرمەكتە ئىدى ، ياداپ ، بەدىنىدە كۈچ قالمىدى ، يۈزى كىچىكلەپ ، چىرايى سولدى ، ئاغرىق ئازابى ئۇنىڭغا خاتىرجەم ئۇيقۇ بەرمىدى ، دوستلىرىمۇ ،

www.alma.cn

ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتتى ، يەنە بەزى كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىزار بولدى . ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت مېھرىبان ، شەپقەتلىك خوتۇنىلا قېلىپ ، ئۇ ئۇنى پۈتۈن كۈچى ۋە پۈتۈن زېھنى بىلەن كۈتتى . بۇ ئايالنىڭ كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ ئىدى . ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام كېسەل ئازابىنى تارتقاندا ، ئۇمۇ تەڭ ئازابلاندى . ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام تەكىيە تۇتۇپ يېتىپ قالغان كۈنلەردىمۇ ئۇ ئاللاغا بولغان ئېتىقادىدىن تەۋرەنمىدى .

شەيتان ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئېتىقادىدىن ياندۇرالماي بەكمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى ، لېكىن ئۇ يەنىلا تەن بەرمەي ، قول ئاستىدىكىلىرىنى يەنە بىر قېتىم بىر يەرگە يىغىپ ، يېڭىلمەس ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۇنىڭ چىدامچانلىقى ھەم قەتئىي ئېتىقادىدىن ئاغرىندى . ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام پۇل - مال ۋە ئوغۇللىرىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئاللاغا ھەسسىلەپ ئېتىقاد قىلاتتى ؛ كېسەل ئازابىنى تارتقاندىمۇ ، تىلى ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشتىن توختىمىدى ، ئاللاغا قەتئىي ئىشەنچ باغلىغان يۈرىكى زادى توختاپ قالمىدى .

جىن - ئالۋاستىلار شەيتانغا مۇنداق دېيىشتى :

— سېنىڭ تەدبىر - پىلانلىرىڭ نەگە كەتتى ؟ سەن بەك رەھىملىك يول تۇتتۇڭ ، شۇڭا ھىيلەڭ ئەيۇپقا تەسىر كۆرسىتەلمىدى .

— سەن ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتىن قانداق ئازدۇرۇپ چىقارغانتىڭ ؟ — دېدى يەنە بىر شاياتۇن .

— مەن ئۇنى بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئازدۇرۇپ چىققاندىم ، — دېدى شەيتان .

— ئۇنداق بولسا ، سەن ھېلىمۇ ئىشنى ئەيۇپنىڭ ئايالىدىن باشلا ، — دېدى ھېلىقى شاياتۇن .

— ئېيتقىنىڭلار توغرا ، — دېدى شەيتان .

شەيتان ئەلەيھىلەنە ئەيۇپنىڭ ئايالىنى ئىزدىدى . بۇ ئايال ئۆز

ئىشى بىلەن ۋە ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بەند ئىدى. شەيتان بىر ئەر كىشى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ:

— ئېرىڭ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئايالدىن.

— مۇشۇ يەردە، — دەپ جاۋاب بەردى ئايال، — ئۇ كېسەل ئازابىدا ئۆلەيلا دەپ قالدى، ھازىر قىزىتما ئازابىدا ياتىدۇ. كېسىلى ساقىياي دېمەيدۇ، ئۆلۈپ كەتسە، ھازا تۇتىمەن، ھايات قالسا، ئۈمىد كۈتىمەن.

شەيتان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئازدۇرۇش نىيىتىدە ئۇنىڭغا ئەر - ئايال ئىككىيلەننىڭ ياش ۋاقتىدىكى ئامراقلىقىنى، ساغلام، كۈچلۈك ۋاقتىدىكى لەززەتنى ئەسلەتتى ھەم ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار ئۈستىدە سۆزلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ قايغۇسى ۋە تەشۋىشىنى قوزغاپ، ئۇنى نائۈمىدلىكتە ۋە مەيۇسلۇكتە قالدۇردى.

ئايال شەيتاننىڭ قۇتراتقۇشىغا ئۇچراپ، ئېرىنىڭ قېشىغا باردى - دەپ ئۇنىڭغا:

— ئىگەڭ سېنى قاچانغىچە قىينىماقچى؟ پۇللىرىڭ نەگە كەتتى؟ باللىرىڭچۇ؟ دوست - يارەنلىرىڭچۇ؟ سېنىڭ ئالتۇندەك ياشلىقىڭ قېنى؟ ئىلگىرىكى شان - شۆھرىتىڭچۇ؟ — دېدى.

— سېنى شەيتان ئەلەيھىلەنە ئازدۇرۇپتۇ، قارا سېنى، سەن ئىلگىرىكى شان - شۆھرەت ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ئوغۇللىرىڭ ئۈچۈن يىغلاۋاتامسەن؟ — دېدى ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام.

— سەن نېمىشقا ئاللادىن غەم - قايغۇ ۋە ئازاب - كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلمايسەن؟ — دېدى ئايالى.

— سەن قانچە يىل بەخت كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىدى ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام.

— سەككىز يىل، — دېدى ئايالى.

— سېنىڭ ئازاب تارتقىنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سورىدى ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام.

www.alkia.cc

— يەتتە يىل بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئايالى.

ئەيۇپ ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى :

— ھازىر ئاللادىن مېنى ئازاب - كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا تىلىم بارمايدۇ ، چۈنكى مېنىڭ كۈلپەت چەككەن ۋاقتىم راھەت - پاراغەت كۆرگەن ۋاقتىمدىن قىسقا ! ئىشىنىمەنكى ، سېنىڭ ئېتىقادىڭ ئاجىزلاپ قالدى ، ئاللانىڭ ھۆكمىگە تاقەت قىلالمىدىڭ . ئەگەر مەن ساقىيىپ ، ماغدۇرۇمغا كەلسەم ، سېنى چوقۇم يۈز قامچا ئۇرىمەن . بۇنىڭدىن كېيىن ، مەن ھەرگىز سېنىڭ قولۇڭدىن تائام يېمەيمەن ، سۇ ئىچمەيمەن ، سېنى قايتا ئۆز ئىشىمغىمۇ سالمايمەن . سەن كەتكىن ، ئاللانىڭ ھۆكمىنى كۈتكىن !

ئەيۇپ ئەلەيھسسالام ئەمدى تەنھا بولۇپ قېلىپ تېخىمۇ ئازابلاندى ، كېسىلىمۇ ئېغىرلاشتى . ئۇ ئاللادىن مەدەت تىلىدى ، ئۇ غەزەپلەنمىدى ، پەرىشان بولمىدى ، پەقەت ئىبادەتلا قىلدى . ئۇ :

— ئى رەببىم ، مەن قاتتىق يارىلاندىم ، سەن ئەڭ رەھىملىك ، ئەڭ شەپقەتلىك ، — دېدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېتىقادى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى . ئۇ شەيتان ئەلەيھىلەئنىنىڭ ئازدۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇپ ، ئاجايىپ سەۋر - تاقەتنى دۇبۇلغا - ساۋۇت قىلىپ ، تاغدەك ئېغىر كۈلپەتنى كۆتۈرۈپ ، ئاخىر ئاللانىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدى : ئۇ سەۋر - تاقەتنىڭ ئالىي ئۈلگىسى ، ئېتىقادقا ساداقەتمەن ئەلچى بولدى . ئاللا ئۇنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىپ ، ئۇنىڭغا :

— ئى ئەيۇپ ، سەن ئالدىڭغا قاراپ ماڭ ، ئۇ يەردە ساڭا بىر بۇلاق ئۇچرايدۇ ، سەن ئاشۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچسەڭ ۋە بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنساڭ ، شىپالىق تاپىسەن ، بۇرۇنقىدەكلا ماغدۇرۇڭغا كېلىسەن ، — دەپ بېشارەت قىلدى . ئەيۇپ ئەلەيھسسالام بۇلاق سۈيىنى ئىچتى ، بەدىنىنى يۇدى - دە ، يارىسى شىپالىق تېپىپ پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى . ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ساغلام ھالغا كەلدى .

ئەسلىدە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆيۈنەتتى ، ئۇبدان قارايتتى ، ئۇنى تاشلىۋېتىش ئۇنىڭ شەپقەتلىك قەلبىگە كىرىپمۇ

باقمىغانىدى . ئەيۇپ ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ تەكىيە تۇتۇپ ياتقاندا ، بۇ ئايال ئۇنىڭ كارىۋىتى قېشىدىن نېرى كەتمىگەنىدى . بۇ ئايال ئېرىنىڭ خۇددى مۆجىزىگە ئېرىشكەندەك شىپالىق تاپقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، يەنە قايتىپ كېلىپ ئېرىدىن خەۋەر ئالدى . ئايالنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى ، ئۇ كېلىشكەن بىر يىگىتنى كۆردى ، ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى ، مۇسكۇللىرى توشقان ، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغانىدى . ئايال بۇ كىشىنىڭ ئۆز ئېرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى . لېكىن ، تونۇغاندىن كېيىن ، ئۇنى قۇچاقلاپ كەتتى . ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتتى ، ئۇنىڭ ئىخلاسمەن مۆمىن ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى .

ئاللا ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامغا يەنە :

— سەن قولۇڭغا پاخال ئېلىپ خوتۇنۇڭنى يەڭگىل ئۇرغىن . بۇ سېنىڭ ساداقەتمەن ئايالىڭغا قىلغان مېھرىبانلىقىڭ بولىدۇ . ئۇ سەن كېسەل بولغان چېغىڭدىكى بارلىق ئېغىرچىلىقىڭنى ئۈستىگە ئالدى ، سېنىڭ ئازابىڭغا شېرىك بولدى ، — دەپ بېشارەت بەردى ، ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋر - تاقەتچانلىقىنى مۇكاپاتلاپ ، پۇل - دۇنيالىرىنى يەنە ئۇنىڭغا بەردى ، ئۇنىڭغا يەنە بىر بالىنى ئاتا قىلدى .

www.alma.cn

# يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

بۇتلار كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان ، نادانلىق ۋە كۆپ خۇدالىق ھۆكۈم سۈرگەن جاھالەت ئاستىدىكى نىنەۋى دېگەن جايدا يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش مەشئىلىنى ياندۇرۇپ ، بىرلىك تۇغىنى كۆتۈردى . ئۇ جاھالەت ئىلكىدىكى كىشىلەرگە مۇنداق دېدى :

— سىلەر ئويدانراق ئويلىنىپ بېقىڭلار ، ئەمدى بۇتقا چوقۇنماڭلار ، بۇتقا چوقۇنۇش بىلەن شان ـ شەرىپىڭلار ئاشمايدۇ . سىلەر بۇ دۇنيادا غايەت كاتتا بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى كۆرىسىلەر ، ئۇ ئېتىقاد قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىردىنبىر ۋە مەڭگۈلۈك ئىلاھتۇر . ئۇ مېنى سىلەرنى ھىدايەتكە باشلاشقا ئەۋەتتى ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلار نادانلىق ئىلكىدە قالغان ، كۆزۈڭلار نادانلىق چۈمپەردىسى بىلەن توسالغان .

كىشىلەر قۇلىقىغا ياقمايدىغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى . ئۇلار ئىلاھ توغرىسىدىكى بۇنداق گەپنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى . كىشىلەر ئىلگىرى ئۆز قاتارىدىكى بىر كىشىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆردى ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن چوڭ بىر ئىش بولدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئەلچى ، يېتەكچى دەپ ئاتىغانلىقىمۇ كىشىلەرنىڭ چىشىغا تېگەتتى .

ئۇلار مۇنداق دېيىشەتتى :

— سەن نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن !؟ بۇ مەبۇدلارغا چوقۇنۇش بىزگە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان . ھازىر دۇنيادا بىزنى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشتىن ۋاز كەچتۈرۈپ ، ئۆزۈڭ ئىجاد قىلغان باشقا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلدۇرغۇدەك زادى نېمە ئىش بولدى ؟

— ئەي خالايىق، — دەپ جاۋاب بەردى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، — كۆزۈڭلارنى توسۇۋالغان پەردىنى ئېلىپ تاشلاڭلار، روھىڭلارنى چىرماپ تۇرغان تورنى يىرتىپ تاشلاڭلار! ئاز - تولا ئويلىنىپ بېقىڭلار: ئەتىدىن - كەچكىچە ئالدىڭلاردا تۇرغان بۇ بۇتلار ھاجىتىڭلاردىن چىقالامدۇ ياكى سىلەرنى بالا - قازا، پېشكەللىكلەردىن ساقلىيالامدۇ؟ بۇ بۇتلارنىڭ سىلەرگە ئازغىنە بولسىمۇ پايدىسى بارمۇ؟ ئۇلار بىرەر مۆجىزە يارىتالامدۇ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەمدۇ، كېسەلنى ساقايتالامدۇ، ئاداشقانلارنى توغرا يولغا باشلىيالامدۇ؟ بىز ئۇلارنى چېقىپ تاشلىساق، ئەسلىگە كېلەلەمدۇ؟ يەنە كېلىپ، سىلەر نېمە ئۈچۈن مەن دەۋەت قىلغان ئېتىقادقا قارشى تۇرماقچى بولىسىلەر؟ بۇنداق ئېتىقاد سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ياخشى يولغا سالىدۇ، ھال - ئەھۋالىڭلارنى ياخشىلايدۇ، سىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ، ئىلىم - مەرىپەتنى جارى قىلدۇرىدۇ، گۇناھنى تۈگىتىدۇ، سىلەرنى ئادالەتسىزلىككە نەپرەتلەندۈرىدىغان، تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان قىلىدۇ، ئاراڭلارغا تىنچلىق ۋە ئىشەنچ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، سىلەرنى كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق قىلىشقا، ئاجىز - يوقسۇللارغا يار - يۆلەكتە بولۇشقا، ئاچ قالغانلارغا ئوزۇق بېرىشكە، ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ، تۇرمۇشۇڭلارنى باياشات، ئىشىڭلارنى ئاسان قىلىدۇ.

لېكىن، ئۇلار يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا نادانلارچە جاۋاب بەردى، ئەپسانە گەپلەر بىلەن جاھىللىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

— سەنمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىر كىشى، بىزدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە يېرىڭ يوق، شۇڭا سەن بىزنى ئۆزۈڭگە ئەگەشتۈرۈش ۋە ئىتائەت قىلدۇرۇش يولىدا تەشۋىق قىلىشقا ئۇرۇنما. تولا سۆزلىمە، ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتمە ياكى چېكى يوق قۇرۇق ئۈمىدكە بېرىلىپ، كىشىلەرگە پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قالما.

www.aima.cn

— مەن سىلەرنىڭ مۇلايىمراق ۋە رەھىمدىلرەك بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، — مەن ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدا سىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىمەن، ئېتىقادىمنىڭ قەلبىڭلاردا يىلتىز تارتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنداق قىلمىساڭلار، مەن سىلەرنى شۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرىمەنكى، سىلەر كېيىنكى ئاقىۋەتىڭلاردىن، بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان ھالاكەتتىن ئېھتىيات قىلىڭلار، سىلەر ھالاك بولۇشنىڭ شەپىسىنى كۆرىسىلەر.

ئۇلار مۇنداق دېدى:

— يۇنۇس، بىز سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشمايمىز، سېنىڭ تېرە تاراقلىتىشىڭدىنمۇ قورقۇپ كەتمەيمىز. ئەگەر سەن سەممىي، چىن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، قېنى، قىلغان گېپىڭنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ باقمامسەن؟!

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ زادى تاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىدى. ئۇنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئۇلار ئىشەنمىدى؛ ئۇ شۇنچە ئويغاتسىمۇ، ئۇلار ئويلىنىشنى خالىمىدى؛ ئۇ مۇنازىرە قىلسا، ئۇلار قولاق سالمىدى؛ ئۇ سۆزلەپ ھاردى، ئاخىر ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاشتىن ۋاز كەچتى.

ئۇ يەنە بىر ئاز سەۋر قىلىپ داۋاملىق تەشۋىق قىلسا، ئۇلار ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشقا كۆنۈشى ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزىلىرى پۇشايمان قىلىپ ئەپۇ سوراپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تاشلاپ كېتىپ ئاللادىن ئۇلارغا كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ، تېگىشلىك جازا بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام نىنەۋىدىن ناھايىتى يىراق بىر جايدىن ئۇلارغا كىشىنى بىئارام قىلىدىغان خەۋەر يەتكۈزدى: يەر - جاھاننى قاپلىغان چاڭ - توزان، ھالاكەت شەپىسى بارا - بارا قىستاپ كەلدى. ئۇلار قاتتىق چۆچۈپ ئالاقزادە بولدى، قورقۇنچىدىن چىرايىدا قان قالمىدى، ئاخىر يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

تەبىئىيكى ، ئۇلارمۇ ئازاب - كۈلپەتنىڭ تەمىنى تېتىيدىغان بولدى . ئاد ، سەمۇد قوۋمى ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگىنى مانا ئەمدى ئۇلارنىڭمۇ بېشىغا كېلىدىغان بولدى .

ئۇلار ئاخىر يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھىغا ئىمان كەلتۈرۈپ ، ئاللادىن مەغپىرەت تىلىدى ، ئۇلار تاغ چوققىلىرىغا قېچىپ چىقىشۋالدى ، چوڭقۇر قۇملۇق چۆل - جەزىرىلەرگە بېرىۋېلىپ قاتتىق ئازاب تارتتى ، نالە - پەرياد قىلدى . ئانىلار بىلەن بالىلار ، ھىنگان بىلەن بوتىلاقلار ، ئىنەك بىلەن موزايلار ، قويلار بىلەن قوزىلار تەڭ نالە قىلدى . ئانىلار ۋارقىرايتتى ، تۆگىلەر بوزلايتتى ، كالىلار مۆرەپ ، قوي - ئۆچكىلەر مەرەيتتى . دەل شۇ چاغدا ، ئاللا ئۇلارغا شەپقەت قولىنى ئۇزىتىپ ، ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن كەلگەن قارا تۇتەكنى تارقىتىۋېتىپ ، ئۇلارنىڭ تووا - ئىستىغپارىنى قوبۇل كۆردى . چۈنكى ئۇلارنىڭ نىيىتى سەمىمي ئىدى ، ئېتىقادىمۇ قەتئىي ئىدى . ئاللا ئۇلارغا بېرىدىغان جازانى كەچۈرۈم قىلىپ ، ئازاب - كۈلپەتنى تۈگەتتى . كىشىلەر پۈتۈنلەي ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشتى . ئۇلار ئاللاغا ئىشىنىپ ، خاتىرجەم ياشىدى . ئۇلار يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ نىنەۋىگە قايتىپ كېلىپ ، ئەلچى ۋە پەيغەمبەر بولۇشىنى ، بۇ ئۇستاز بىلەن بىللە ياشاشنى ئارزۇ قىلىشتى .

لېكىن ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆي - ماكانىنى تاشلاپ ، جاھان كېزىپ ، ئاخىر دېڭىز بويىغا يېتىپ باردى . دېڭىز بويىدا بىر تۈركۈم كىشىلەر كېمىگە چىقىپ ، دېڭىزدىن ئۆتۈشكە تەييارلىنىۋاتاتتى ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ئۆزىنى كېمىگە ئېلىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇلار ئۇنىڭ تەلىپىگە خۇشال ھالدا ماقۇل بولدى ھەمدە ئۇنى ئەزىز مېھمان قاتارىدا كۈتتى . چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئېسىل ، پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغانىدى . ئۇلار قىرغاقتىن يىراقلاشقاندىن كېيىن دېڭىز قاتتىق ئۆركەشلەپ ، دولقۇن كېمىگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى . كېمىدىكىلەر ئىش چاتاق بولدى ، دەپ قورقۇپ

www.alma.cn

كېتىشتى . كىشىلەر قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ، ئاخىر ئۇلار چەك تاشلاپ ، چەك كىمگە چىقسا ، شۇنى دېڭىزغا تاشلاشنى بەلگىلىدى . چەك دەل يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىپ قالدى . لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ، قايتا چەك ئېلىشنى بەلگىلىدى . ۋەھالەنكى ، چەك يەنىلا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىپ قالدى ، كىشىلەر يەنىلا قايتا چەك ئېلىشنى بەلگىلىدى .

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام سەۋەبسىز ئىش بولمايدىغانلىقىنى ، بۇنىڭ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئاللادىن ئىجازەت بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆز قوۋمىنى تاشلاپ قاچماقچى بولغان خاتالىقىنى تونۇدى ـ دە ، بىردىنلا دېڭىزغا سەكرەپ ، مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان چەكسىز دولقۇن ئىچىدە بىر چۆكۈپ ، بىر لەيلەپ ئاخىر غايىب بولدى .

ئاللا لەھەڭگە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى قارنىغا يۇتۇۋېلىپ يېمەسلىكىنى ئەمر قىلدى ، چۈنكى ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر پەيغەمبەر ئىدى . ئاللا ئۇنى لەھەڭنىڭ قارنىدا ساقلاپ ، قاچان تۇۋا قىلسا ، شۇ چاغدا چىقارماقچى بولدى .

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام لەھەڭنىڭ قارنىدا ئىدى ، لەھەڭ بەزىدە دولقۇن يېرىپ ئۈزەتتى ، بەزىدە سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كېتەتتى . يۇنۇس ئەلەيھىسسالام لەھەڭنىڭ قارنىدا قاتتىق ئازابلىنىپ ، ئاللادىن پاناھ تىلەيتتى ۋە ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا تۇۋا قىلاتتى ، ئۇ قاراڭغۇ ـ زۇلمەت ئىچىدە ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن : «ئى ئاللا ، سەندىن ئۆزگە ئىلاھ يوق ، سەن يېگانىدۇرسەن ! ئى ئىگەم ، مەن ئۆزۈڭگە ھەمدۇسانا ئوقۇيمەن ! مەن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نائىنساپلىق قىلىپتىمەن !» دەپ پەرياد قىلاتتى .

ئاللا ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ ، لەھەڭگە :

«مېھمىنىڭنى دالىغا تاشلىۋەت ، ئۇ تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى» دەپ بېشارەت قىلدى . لەھەڭ زەئىپ ، كېسەلمەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى دېڭىز بويىغا تاشلىۋەتتى . يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

ئاللانىڭ خەيرخاھلىقىغا ئىرىشىپ ئۆز ئەتراپىدا ئۆنگەن كاۋا بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، كاۋىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئاستىدا سايىدەپ، سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆزە بولۇپ ماڭالىغۇدەك ھالغا كەلگەندىن كېيىن، ئاللا ئۇنىڭغا: «سەن يۇرتۇڭغا قايت، سېنىڭ خىيش - ئەقرىبالىرىڭ ۋە باشقا كىشىلەر يەنىلا ساڭا ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئېتىقاد بىلەن روناق تاپتى، بۇتلارنى تاشلىدى، سېنىڭ قايتىپ بېرىشىڭنى كۈتمەكتە» دېدى.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام دەككە - دۈككە ئىچىدە يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ كۆڭلىدە بەزىلەرنى بۇتقا ئېتىقاد قىلارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ھەممەيلەن ئاللانىڭ مېھىر - شەپقىتىگە ھەمدۇسانا ئېيتتى.

www.alma.cn

# زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام بىلەن يەھيا ئەلەيھىسسالام

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى چېكىسىگە ئاق كىرگەن، بىرلى سەل ئېگىلگەن چاغلىرى ئىدى. بۇ بوۋاي ئىبادەت ۋە ئىستىقامەت قىلىشتىن باشقا، ئادەتتە ناھايىتى ئاز ھەرىكەت قىلاتتى، كۈندۈزلىرى ئۆزىنىڭ كىچىك دۇكىنىدا ئازراق تىرىكچىلىك قىلىپ، كەچقۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە چېچى ئۇچتەك ئاقارغان خوتۇنىدىن باشقا كىشى يوق ئىدى. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئادەتتە كۆپ پۇل خەجلىمەيتتى، پۇلىنى يوقسۇل - نامراتلارغا بېرىۋېتىپ، ئۆيىگە قۇرۇق قول قايتىپ كېلەتتى، زادىلا ئاللانىڭ مەرھەمىتىنى ئېسىدىن چىقارمايتتى.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى توقسانغا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ بىرەر پەرزەنتى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ھاياتلىق رىشتىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھايات - مامات دوقمۇشىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ غەمكىن، مەيۈس ئىدى. نائۈمىدلىك ۋە ئىچ پۇشۇقى ئۇنى چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆيىگە قايتقىنىدا، تەئەللۇقاتلىرىنى باشقۇرۇشتىن كۆڭلى سوۋۇپ: «مەن ئۆزۈن ئۆتمەي بۇ ئالەمدىن ئاخىرەتكە سەپەر قىلىمەن، ئەمدى مېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىم، مال - مۈلۈكلىرىمگە كىم ۋارىسلىق قىلار؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىدىن قىلچە ئەيمەنمەيدىغان، دىنىي قائىدىلەرگە بويسۇنمايدىغان ۋە ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىشتىن باش تارتمايدىغان كىشىلەر ئىدى. شۇڭا ئۇ خاتىرجەم بولالمايتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە سەۋر - تاقەت قىلىپ ئۆزىنى

تۇتۇۋالاتتى .

بۇ ئاللانىڭ ھۆكمى ئىدى ، ئۇنى چىن دىلىدىن قايىل قىلغۇدەك ئاللادىن ئۆزگە ھېچكىم يوق ئىدى . بۇ ئۇنىڭ ئېتىقادى بولۇپ ، بۇنىڭغا ئۇ ئېتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇشقا ھەقلىق ئىدى . بەلكىم بۇنىڭ ئارقىسىدا ئاللا ئۇنىڭغا تېخى ئاتا قىلمىغان نامەلۇم بىر ئىش ياكى ئۇ تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن بىرەر سەۋەب بولسا كېرەك . ئۇ ئاللانىڭ بارچە ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ ، ئۆز ئۈمىدىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى سەۋرلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى .

بىر كۈنى زىكرىيا ئەلەيھىسسالام كۈندىكىدەك ئىستىقامەت قىلىش ئۈچۈن ئىبادەتخانىغا ، باردى . ئىستىقامەتلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ، بەيتۇلمۇقەددەستىكى بۇۋى مەريەمنىڭ ئالدىدىكى بىر نەرسىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھالدا مۇنداق دەۋەتتى: «غەلىتە ئىشقۇ ، بۇ مېۋە ئىكەنغۇ ، يەنە كېلىپ يازدىكى مېۋە ! ئەمما ھازىر زىمىستان قىش ! بۇ مېۋىلەر قەيەردىن كەلگەندۇ ؟ بۇۋى مەريەم يەھۇدىي دىنىي مۇخلىسلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قالغاندىن تارتىپ مۇشۇ يەرگە قاماپ قويۇلغان . ئۇنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ئۆز ھەمراھلىرى بىلەنمۇ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان . ئۇنىڭ ئانىسى ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئەكېلىپ قويغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاسانلىقچە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالمايتتى . ئۇنداق بولسا ، بۇ نازۇنېمەتلەر قەيەردىن كەلگەندۇ ؟»

زىكرىيا ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ بۇۋى مەريەمدىن :

— مەريەم ، بۇ نازۇنېمەتلەر قەيەردىن كەلدى ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇنى ماڭا ئاللا ئاتا قىلدى ، — دەپ جاۋاب بەردى مەريەم ، — سەھەر ئورنۇمدىن تۇرسام ، بۇ نەرسىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپتىكەن ، كەچ بولغاندا ، يەنە مۇشۇ يەردە تۇرۇپتۇ ، مەن بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرمىگەن ، ئاللادىن بۇ غەلىتە نەرسىلەرنى تەلەپ قىلمىغان بولساممۇ ، بۇ نەرسىلەر

ئۆزلۈكىدىن كېلىپ قالدى . بۇنىڭ سەن بۇنچىۋالا ئەجەبلەنگۇدەك نېمىسى بار؟ ئاللا كىشىلەرگە ھەقسىز شەپقەت قىلىپ كېلىۋاتىدىغۇ؟

زىكرىيا ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇ چاغدىلا ئەھۋالنى چۈشەندى . ئۇ ئىنچىكە كۆزەتمەكتە ۋە ئۇزاققىچە خىيال سۈرمەكتە ئىدى . بۇ قىزنىڭ تەقۋادارلىق بىلەن بەختكە ئېرىشكەنلىكى زىكرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنت تەلەپ قىلىشتىكى قىزغىنلىقىغا تېخىمۇ ئىلھام بەردى . لېكىن ئۇ مۇنداق ئويلىدى : ھازىر ياشىنىپ قالدىم ، تېرىلىرىم سولىشىپ ، ئۇستىخانلىرىم بوشىشىپ كەتتى ؛ قەدىنىسمىنىڭمۇ تۈغقۇچىلىكى قالمىدى . بىراق ، ئاللا مەريەمگە شەپقەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئۆز ۋاقتىدا نازۇنېمەتلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرغانىكەن ، ئۇنداقتا ، ماڭىمۇ شۇ بويىچە بىرەر پەرزەنت ئاتا قىلىماسمۇ؟ ئىككىلىمىز قېرىپ ، پەرزەنت كۆرۈشتىن قېپقالغان بولساقمۇ ، ھەر ھالدا ئاللادىن تەلەپ قىلىپ باقساق ، بەلكىم بىزنى نائۈمىد قويماس !

زىكرىيا ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ : «ئى رەببىم ، مېنى تەنھا قىلىپ قويمىغايسەن !» دەپ دۇئا قىلدى ، ئاللادىن ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى قاندۇرۇشنى ، نائۈمىد قويماسلىقىنى تىلىدى . بىردەمدىن كېيىن ، بەيتۇلمۇقەددەستە مۇناجات قىلىۋاتقان زىكرىيا ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىدىن : «ئى زىكرىيا ، ئاللادىن ساڭا خۇش خەۋەر ، سەن بىر ئوغۇلغا ئىگە بولدۇڭ ، ئۇنىڭ ئىسمى يەھيادۇر» دەپ ئىدا كەلدى .

زىكرىيا ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن چەكسىز شادلاندى . ئۇ ئاللانىڭ قۇدرىتىدىن گۇمانلانمىدى ، باشقىچە ئېيتقاندا ، ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىن زادىلا ئۈمىدسىزلەنمىدى . ئەمما ، تەلەپكارلارنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلغان ، ھاجەتمەنلەرنىڭ تەلىپى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان چاغدا ، ئۇلارنىڭ يەنە بۇلارنىڭ قانداق قىلىپ شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىدۇ . شۇڭا ، زىكرىيا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللادىن :

— قېرىپ، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغان، قەدىنىممىنىڭمۇ بالا تۇغقۇچىلىكى قالمىغان تۇرسا، بۇ بالا قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟ — دەپ سورىدى. ئىلگىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاغا: ئى ئاللا، ئۆلگەن ئادەمنى قانداق تىرىلدۈرىسەن؟ تىرىلدۈرۈش كۈنى قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا ھاياتلىق بېغىشلايسەن؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى قويغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق سوئاللارنى قويۇشى ئاللاغا ئىشەنمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز كۆڭلىدە تېخىمۇ پۇختا ئىشەنچكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىدى.

پەرىشتە جاۋاب بېرىپ دېدى:

— سېنى يارىتىپ بۇ دۇنياغا كەلتۈرگەن ئاللا ئەمدىلىكتە ساڭا بىرەر ئوغۇل بېرەلمەسمۇ؟ گەرچە بىر پۇتۇڭ گۆرگە ساڭگىلاپ ھاياتىڭ بىر چېتىگە بېرىپ قالغان بولساڭمۇ.

زىكرىيا ئەلەيھىسسالام ئاللادىن ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىرەر ئالامەت كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئاللا جاۋاب بېرىپ:

— بۇ ئالامەت شۇكى، ئۈچ كۈن ئىچىدە سېنىڭ تىلىڭ گەپ قىلالماس بولۇپ قالىدۇ، سەن مەقسىتىڭنى قول ئىشارىتىڭ بىلەنلا ئۇقتۇرالايدىغان بولىسەن، — دېدى.

ئاللا ئۇنىڭغا ئەقىللىق، زېرەك بىر ئوغۇل — يەھيا ئەلەيھىسسالامنى ئاتا قىلدى. ئاللا يەھيا ئەلەيھىسسالامغا ئەقىل - پاراسەت بېغىشلىدى ۋە ئۇنى چوڭ قىلىپ يېتىلدۈردى. يەھيا ئەلەيھىسسالام كۈن بويى ناماز ئوقۇپ، ئىستىقامەت قىلىشۋېرىپ، تېنىنى كاردىن چىقىرىپ قويدى، سارغىيىپ ياداپ كەتتى، بەدىنىدىكى تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ ناھايىتى بىلىملىك ئىدى، «تەۋرات» نى پىششىق بىلەتتى، «تەۋرات» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل نۇسخىلىرى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. كىشىلەر ئۆز نەزەرىدە ئۇنى ھەقىقەتپەرەست بولمىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان كىشى، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان باتۇر، ئادالەتنى ياقلاپ، مۇدھىش

كۆچلەرنى تونۇشقا جۈرئەت قىلغۇچى ئەزىمەت، دەپ ھېسابلاشتى.

بىر كۈنى يەھيا ئەلەيھىسسالام پەلەستىن پادىشاھى ھىرودوسنىڭ ئۆزىنىڭ جىيەن قىزى ھىرودىيىگە كۆيۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. پادىشاھ بۇ قىزنى ھۆسن - جامالدا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەپ ئويلىغاچقا، ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولغانىدى، بۇ ئىشقا قىزنىڭ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىمۇ قوشۇلدى. لېكىن، يەھيا ئەلەيھىسسالام بۇنى دىيانەتكە خىلاپ ئوي، دەپ جاكارلاپ: «بۇ توينى مەن ئېتىراپ قىلمايمەن، بەلكى ئاشكارا ئەيىبلەيمەن» دېدى.

يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ گەپلىرى ناھايىتى تېز تارقىلىپ، ئوردىدىن قىز ھۇجرىلىرىغىچە، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىن ئىستىقامەت جايلىرىغىچە يېتىپ باردى. بۇ گەپنى ھىرودىيىمۇ بىلەتتى. ئۇ يەھيا ئەلەيھىسسالامغا چىش - تىرنىقىغىچە نەپرەتلەنسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ جامائەت ئىچىدىكى ئابرۇيىنى بىلگەچكە ئامال قىلالماي ناھايىتى بىئارام بولدى، قىز تاغىسى ھىرودوسنىڭ بۇ توينى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شېرىن ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىشىدىن ئەنسىرىدى - دە، ئۆزىنىڭ ھۆسن - جامالى ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى تېخىمۇ پەردازلاپ ۋە تازا ياسىنىپ، تاغىسىنى يوقلاپ كەلدى. تاغىسى ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى - دە، ئۇنىڭغا:

— نېمە تەلەپلىرىڭ بولسا دېگىن، مەن سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە ئىش قىلىمەن، — دېدى. ھىرودىيە:

— شاھىم ئىجازەت قىلسا، ماڭا زىكرىيانىڭ ئوغلى يەھيانىڭ كاللىسى كېرەك. ئۇ ھەممىلا يەردە جانابىي ئالىيلىرى بىلەن مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئىغۋا تارقىتىپ، ئۆزلىرى بىلەن مېنىڭ نام - شۆھرىتىمگە زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئەگەر شاھ ھەزرەتلىرى تەلىپىمنى قوبۇل كۆرسىلە، كۆڭلۈم تىنچىغان بولاتتى، — دېدى.

ھىرودوس ئىنساپ - دىيانەتنى نەزەردە تۇتماي، بىر ئازازۇل

خوتۇنىنىڭ شىرىن - تاتلىق سۆزلىرىگە تىز پۈكتى . ئاردىن كۆپ ئۆتمەيلا يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ كاللىسى ئېلىپ كېلىندى . مۇرادىغا يەتكەن ھىرودىيىنىڭ خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى . لېكىن ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ۋە ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرى ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچرىدى .

www.alma.cn

# بوۋى مەريەم

بوۋى مەريەمنىڭ ئانىسى ئەسلىدە تۇغماس بولغاچقا، بالىسى يوق ئىدى. ئۇ بالا يۈزى كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئۇچار قۇشلارنىڭ ئۆز بالىلىرىغا يەم بېرىۋاتقانلىقىنى ياكى بىرەر ئايالنىڭ ئۆز بالىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭ بالا يۈزى كۆرۈش ئارزۇسى ۋە تەقەززاسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى، باشقا تۇغماس ئاياللارغا ئوخشاش ئازابلىناتتى. ئۇ بالىنى تۇرمۇشىنىڭ ئۈمىدى، يالغۇزلۇقىنىڭ ھەمراھى، ئەلەم - كۈلپەت، ئاغرىق - سىلاقلىرىنىڭ داۋاسى، دەپ قارايتتى.

ئۇ ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن، ھەرقانداق بەدەل بېرىشتىنمۇ ئايانمايتتى. ئۇ دائىم بىر بالا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى ۋە قىزغىنلىقىنى شۇ بالىغا بېغىشلاۋاتقاندەك، بالا جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردە ساغلام يېتىلىپ تەڭداشسىز بىر پالۋانغا ئايلانغاندەك تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتتى، شۇنىڭغىچە ئۇ ئاشۇ ئارزۇ - ئارمانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئۈمىد ئۈزمىدى. ئۇ بۇ ئالەمدىكى خىلمۇخىل ئەلەم - كۈلپەت ۋە بەختسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بەردى.

ئۇ ئاسمان - زېمىننىڭ ئىگىسىگە ئىشەنچ باغلايتتى، ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ ئىلتىجا قىلاتتى. ئۇ ئاللاغا، مۇبادا ئاللا مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكۈزۈپ ماڭا بىر ئوغۇل ئاتا قىلسا، مەن بۇ بالامنى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئەكىرىپ، ئاللانىڭ خىزمىتىگە تۇتماي، دەپ قەسەمياد قىلاتتى، ئۇ بالىسىنى ھەرگىز ئۆز ئىشىغا سالماي، بەيتۇلمۇقەددەسنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ساقلاشقا

قويىدىغانلىقى ئۈستىدە ۋەدە قىلاتتى.

ئاللا ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنىڭ ئاستا-ئاستا تەۋرەۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە چاقناۋاتقاندەك كۆرۈندى، كۆڭلىدىكى غەم-قايغۇ كۆتۈرۈلۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن يېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان ئىشلارنى ئېيتتى، ئېرى خۇشال ھالدا قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. ئەر-خوتۇن ئىككىلەن شادلىق دېڭىزىغا چۆمدى. خۇشاللىق ئۆتكەنكى ئازاب-كۈلپەتلەرنى ئۇنتۇلدۇردى.

ئۇ ئۈمىد-ئىقبال بېغىدا سەيلە قىلىپ پەرزەنت ئۈچۈن تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرگەن، غەم-قايغۇدىن خالاس بولۇپ، ھاياتى خۇشاللىققا چۆمگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئېرى ئىمران ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۇ ئېرىنى ئەسلەپ توختىماي يىغلايتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ھاياتلىقىدا قورسىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىگە نەقەدەر ئىنتىزار ئىدى-ھە! لېكىن بۇ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى، بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپ بولمايتتى.

ئۇ يالغۇزلۇقتا بىئارام بولۇپ، كۈن بويى غەمكىن يۈرەتتى. ئۇ بارغانسېرى ئازابلىنىپ، ئاستا-ئاستا ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاللاغا بولغان ئىلتىجاسى، ئۈمىد ئوتلىرى قەلبىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتمىگەنىدى. چۈنكى بۇ ئارزۇ-ئۈمىدلەر ئىلگىرى ئۇلار ئەر-خوتۇن ئىككىلەننىڭ بىئاراملىقى ۋە نائۈمىدلىكىنى ئازايتقان، ئۇلارنى بەختسىزلىكنىڭ ۋە غېرىبى-مىسكىنلىكنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلدۇرغانىدى.

ئۇمۇ باشقا ئاياللارنىڭ تۇغۇتتا تارتىدىغان ئازابىغا ئوخشاش ئازاب تارتىپ بىر بالا تۇغدى. لېكىن، ئۇ تۇغۇلغان بالىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە يەنە ئۈمىدسىزلىككە چۆمدى. ئۇ ئەسلىدە ئاللانىڭ قىلغان شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىر ئوغۇل بالا تۇغۇپ، ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئەكىرىپ ئاللانىڭ

www.alma.cn

خىزمىتىگە تۇتۇپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن بۇ ئىش قىز بالىغا لايىق كەلمەيتتى. ھەسرەت - نادامەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالدى.

ئۇ بالىسىنىڭ ئىسمىنى مەريەم قويدى. ئۇ ئاللادىن بالىنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەريەمگە ئايلاندۇرۇشنى، ئۇنى شەيتان ئەلەيھىلەنىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلدى.

غەم - قايغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى. ئۇ بىر بەختسىز ئايال ئىدى، ئەلەم - كۈلپەت ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ تۇراتتى، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ كۈلپەتلەرگە چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ بالىسى بولمىغاچ، ھايات گۈلى توزۇغانىدى؛ لېكىن ئۇ غەم - قايغۇلىرى تۈگەشكە باشلاپ، ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئاللا تەرەپتىن قاندۇرۇلۇپ، ھامىلىدار بولغان چاغدا، ئېرى ئۆلۈپ كەتتى؛ ئۇ ئاللانىڭ خىزمىتىگە تۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئاللادىن بىر ئوغۇل تىلىگەنىدى، لېكىن قىز تۇغدى. ئاللا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى، ئۇنىڭ قىلغان ھۆرمىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا مەريەمنى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئاپىرىپ بېرىشكە قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بەردى.

بۇ چاغدا، ئۇنىڭ خۇشاللىقى قىن - قىنىغا پاتماي كەتتى. ئۇ بۇنىڭ ئاللانىڭ ئۆزىگە قىلغان ئالاھىدە خەيرخاھلىقى ۋە غەمخورلۇقى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ بالىسىنى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئاپىرىپ، شەيخلەرگە تاپشۇرۇپ بەردى ۋە ئۇلارغا:

— سىلەر بۇ قىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىڭلار! مەن ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسكە تاپشۇرۇپ بېرىشنى نەزىر قىلغانىدىم، — دېدى - دە، كېيىنى تۈگىتىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

بىز ئەمدىلا ئېرىدىن ئايرىلغان، بۈگۈن يەنە ئۆزىنىڭ يۈرەك - باغرىنى بەيتۇلمۇقەددەسكە تەقدىم قىلغان بۇ ئانا ئۈستىدە توختىتالمايمىز، بىز ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىۋاتقانلىقىنى

تەسەۋۋۇر قىلالايمىز . ئۇنىڭ قىزى بەيتۇلمۇقەددەسكە قوبۇل قىلىنغاچقا ، ئۇ باشقا ئاياللار بەھرىمەن بولالمايدىغان شان - شۆھرەتكە ئېرىشتى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى قانائەت تاپتى .

بىز يەنە شۇنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى ، ئۇ ھەمىشە قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆز قىزىغا ھېسداشلىق قىلاتتى ۋە سۆيۈنەتتى . شۇڭا ، ھەمىشە بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ ، قىزىنىڭ ئەھۋالىنى يىراقتىن ئۇقۇشۇپ ، كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن ، ئۆيىگە قايتاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ سوۋغىتىنى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلغىنىغا ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر ئېيتاتتى .

ئەمدى بىز ئاشۇ قىزغا نەزەر تاشلاپ باقايلى . بۇ قىز بەيتۇلمۇقەددەستىكىلەر ئۈچۈن ئەزىز مېھمان ئىدى . بەيتۇلمۇقەددەستىكىلەر بۇ قىزنى قارشى ئالدى ، ئۇنى بېقىۋېلىشنى تالاشتى ، ئۇنىڭ ھامايىچىسى بولۇپ ، ئۇنى بېقىپ - تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئويلاشتى . چۈنكى ئۇ ئىمراننىڭ قىزى ئىدى .

شۇ چاغدا بۇ قىزنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ھەمدە ئۇنى بېقىپ تەربىيىلەشنى خالايدىغىنى زىكرىيا ئەلەيھىسسالام ئىدى . زىكرىيا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا :

— مەن ئۇنىڭ ھامما ئاچىسىنىڭ ئېرى بولىمەن ، ئۇنى مېنىڭ بېقىپ تەربىيىلىشىمگە بېرىڭلار ، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم سىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ يېقىن ، — دېدى .

كىشىلەر تالاش - تارتىش قىلىپ بىر يەرگە كېلەلمىدى ، ھەركىم ئۆز گېپىنى قىلىشاتتى ، ھەركىم ئۆزىنى ، مەن باشقىلارغا قارىغاندا ئۇنى بېقىپ تەربىيىلەشكە تېخىمۇ تېگىشلىكمەن ، دەيتتى . چۈنكى ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆز رەببىگە ياخشى بولۇشنى ئىزدەيتتى ، نەتىجىدە ، ئۇلار بىر - بىرىگە ئۆتۈنمەي ، داۋاملىق تالاش - تارتىش قىلىۋەردى . زىكرىيا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاساسلىرىنى باشقىلارنىڭكىدىن كۈچلۈك ، ئۇ قىزنى مەن تەربىيىلىشىم كېرەك ، دەپ ھېسابلايتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇلار كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى .

ئۇلار:

— بىز زىكرىيانىڭ پىكرىگە قوشۇلمايمىز، ئۇ كۆپچىلىكنى قايىل قىلالمىدى، — دېيىشتى. ئاخىردا كۆپچىلىك مەسىلىنى چەك تاشلاش ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولۇشتى. بۇنىڭغا زىكرىيا ئەلەيھىسسالاممۇ قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دەريا بويىغا كېلىپ، چەكنى دەرياغا تاشلاپ، كىمنىڭ تاشلىغان چېكىنىڭ لەيلەپ چىقىدىغانلىقىغا قارىدى. نەتىجىدە، زىكرىيا ئەلەيھىسسالام تاشلىغان چەك لەيلەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن قالغانلار زىكرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىزنى بېقىپ تەربىيىلىشىگە نائىلاج قوشۇلدى.

زىكرىيا ئەلەيھىسسالام ئاللا ئاپشۇرغان بۇ بالىنى تىنچ مۇھىتقا ئېرىشتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىدىن يىراق قىلىش، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن ئالاھىدە خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشىغىمۇ ئوڭايلىق يارىتىش ئۈچۈن، بەيتۇلمۇقەددەس ئىچىگە شوتا بىلەنلا چىققىلى بولىدىغان ناھايىتى ئېگىز بىر ئۆي سېلىپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىشىنى مەنئى قىلدى.

زىكرىيا ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرگە دائىم بېرىپ، بۈۋى مەريەمنى يوقلاپ تۇردى، ئۇنىڭ ئىستىقامەت قىلىدىغان ئۆيىگىمۇ كىرىپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

بۈۋى مەريەم كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇپ، سۇمباتلىق، ساغلام بىر قىز بولۇپ قالدى. ئۇ بەيتۇلمۇقەددەستە ئۆزىنى نازۇنېمەت ۋە باياشات تۇرمۇش بىلەن تەمىن ئەتكەن ئاللانىڭ خىزمىتىنى قىلدى، ساداقەتمەنلىك بىلەن بەيتۇلمۇقەددەسنى ساقلاپ، ئاللا ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

www.alma.cn

# ئىسا ئەلەيھىسسالام

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق دەۋرى

بىر كۈنى، بەيتۇلمۇقەددەستە ئىستىقامەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان بۈۋى مەريەم ئاللاغا ئىبادەت قىلىۋاتاتتى، بىردىنلا قاتتىق چۆچۈپ، ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر خىل ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت بىر پەرىشتە پەيدا بولدى. پەرىشتە ئۇنى ئەنسىزلىككە سالماسلىق ئۈچۈن ئادەتتىكى ئادەملەردەك قىياپەتتە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۈۋى مەريەم قاتتىق قورقۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ پاك - غۇبارسىز قىزلىقىغا زىيان يەتكۈزەرمىكىن، دەپ ئويلىغانىدى. پەرىشتە ئۇنىڭ ۋەھىمىسىنى تۈگىتىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— مەن رەببىڭنىڭ ئەلچىسى، ساڭا ئەڭ ياخشى بىر ئوغۇل ئاتا قىلىمەن، — دېدى.

بۈۋى مەريەمنىڭ قەلبى غەم - قايغۇ بىلەن قاپلاندى. ئۇ داڭقېتىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى، لېكىن قورقۇنچتىن ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالمىدى، ئۇ غەيرەتكە كېلىپ:

— ھېچقانداق ئادەم ماڭا يېقىنلىشىپ باققان ئەمەس، يەنە كېلىپ مەن ئار - نومۇسسىز قىزلاردىن ئەمەسمەن، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ — دېدى. پەرىشتە:

— بۇنداق قىلىش مەن ئۈچۈن ئاسان، بۇنى رەببىم ئېيتقان. بىز بۇ ئىشنى دۇنيادىكى ئادەملەر ئۈچۈن بىر مۆجىزە، ئاللادىن كەلگەن ئىلتىپات قىلماقچىمىز، بۇ تەقدىردە شۇنداق پۈتۈلگەن، — دېدى - دە، سۆزىنى تۈگىتىپلا غايىب بولدى.

بۈۋى مەريەم بىئارام بولۇپ، بايا ئاڭلىغان گەپلەرنى ئەسلەپ، ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى، شۈبھىسىزكى، كىشىلەر ئېرى يوق

بىر قىز ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ، دېگەن گەپلەرنى چوقۇم پەيدا قىلاتتى. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ تېخىمۇ بىئارام بولدى. كىشىلەرنىڭ چوقۇم گۇمان قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئۇ چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ تېخىمۇ يالغۇزلۇق ـ مىسكىنلىك ھېس قىلدى. ۋەھىمە ۋە غەم ـ قايغۇ ئۇنى تېخىمۇ چۇلغىۋالدى. ئۇ يېمەك ـ ئىچمەكنى ئويلىمايتتى، ۋاقتىنى يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ھېچقانداق ئادەمنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمايتتى.

كۆڭلى پەرىشانلىقتا قالغان بۇ غېرىبانە قىز ئۆز يۇرتى ناسىرە[1]گە باردى، ئاددىي بىر سەھرا ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ، كۈلكە ـ پاراڭ ۋە خۇشاللىقتىن نېرى تۇردى. بەلكىم ئۇ بۇ ئۆيىنى بۇ ئالەمدىن پۈتۈنلەي ئالاقىسى ئۈزۈلگەن جەننەت دەپ قارىغان بولسا كېرەك. ئۇ كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىپ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆزىنى ئىش ـ ئەمگەك بىلەن چارچاپ كەتكەن قىلىپ كۆرسىتەتتى، كىشىلەر بىلەن يېقىنلاشماي، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ دىققەت ـ نەزەرىدىن قاچۇرۇپ، ئىچكى سىرىنى مەھكەم ساقلايتتى. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ روھىي ھالىتى بارغانسېرى ناچارلاشتى. چۈنكى ئۇ ھەدەپ يوشۇرۇۋاتقان سىر ئاخىر ئاشكارىلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇ يېپىپ كېلىۋاتقان نەرسە ھامان باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

يارەببى! ئۇنى تەقدىر قەيەرلەرگە ئېلىپ بارار؟ قاراڭغۇ كېچە ئۇنىڭغا نېمىدىن دېرەك بېرەر؟ ئۇ پاك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، دادىسى گۇناھ قىلمىغان، ئانىسىمۇ بەڭۋاشلىق قىلمىغانىدىغۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، كىشىلەر ئۇنى ئىپپەتسىز دەپ گۇمانلىنارمۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشى، مەسخىرىسى ئالدىدا ئۇ قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇ قاتتىق قورقتى. بەلكىم كىشىلەر ئۇنى جېنىنىڭ

www.alma.cn

① ناسىرە پ[illegible]دىكى بىر جاي بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسا پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە تۇغۇلغانىكەن. خىرىستىيان مۇخلىسلىرىنى ناسارا، نەسرانى دېيىش مۇشۇ يەر نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بارچە قوغداشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دېيىشى مۇمكىن؛ ئۇلار ئۇنى ئائىلىسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى بۇزدى، شان - شۆھرىتىنى بۇلغىدى، دەپ ئەيىبلىشى ھەم مۇمكىن. بۇ ئېغىر ئىش ئىدى. گەرچە ئۇ غۇبارسىز، بىگۇناھ، قەلبى پاك ۋە ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەلكىم يۈز ئۆرۈپ بولغان بولۇشى ياكى يۈز ئۆرۈشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ كۆڭلى پەرىشان بولسىمۇ، ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇناتتى، تەقدىرگە تەن بېرەتتى.

شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئاللاغا بولغان ھۆرمىتى ۋە كۆڭۈل بۆيى قىلغان ئىبادىتى ئۇنىڭ روھىي ئازابىنى يەڭگىللىتىشى چوقۇم. دەرۋەقە، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ياخشىلىنىشقا، كۆڭلىمۇ بارا - بارا ئازادە بولۇپ، شادلىنىشقا باشلىدى، چۈنكى پەرىشتە ئۇنىڭغا: ئۇنىڭدىن تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ زاكىتلىك چېغىدىلا گەپ قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇ ئەھۋال كىشىلەرنىڭ شەك - شۈبھىلىرىنى تۈگىتىپ، بۇ قىزنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەسمۇ؟

ئۇ تولغاق يېپىشكە باشلىدى، تۇغۇش ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئۇ مەھەللىدىن ئايرىلىپ، قۇرۇپ قالغان بىر تۈپ خورما دەرىخى تۈۋىگە كەلدى. ئۇ تولغاق ئازابىغا چىدىيالماي، خورما دەرىخىگە يۆلەندى. ئۇ يەككە - يېگانە ئىدى، ئۇنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان، تۇغۇتقا ياردەملىشىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى، بۇ پاك قىز تۇغۇت ئازابىغا بەرداشلىق بېرەۋاتاتتى. مانا، بىپايان كۆك ئاسمان ئاستىدا ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى.

يالغۇزلۇق ئۇنى بىئارام قىلاتتى، تازا پىشىپ مەي بولغان بۇ مېۋە ئۇنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلماقتا ئىدى. ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن بالىنى كۆرگەن ئانا قايغۇ - ھەسرەت چېكەتتى، غەم - ئەندىشە قىلاتتى، ئانا بولۇشتىن ئۆلگىرى ئۆلۈپ كېتىپ، كىشىلەرنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتكەن بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى -

ھە!» دەپ ئويلايتتى.

بالا تۇغۇلدى. ئۇ قانداق قىلىشىنى بىلمەيتتى، گاڭگىرايتتى، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە مەيۈسلىنەتتى، تىت ـ تىت بولاتتى، غەزەپلىنەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت، بىر ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى تارقىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن شۇنداق خىتاب كەلدى: «قايغۇرما، ئىگەم ئايىغىڭ ئاستىدا بىر ئېرىق پەيدا قىلدى، بۇ ئېرىقتىكى سۇ گىياھ ئۈنمەيدىغان مۇشۇ زېمىندا شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدۇ. يېنىڭدىكى خورما دەرىخىنى ئىرغاتساڭ، پىشىپ مەي بولغان بىر تال خورما ئالدىڭغا چۈشىدۇ، ئۇنىڭدىن ئازراق يېسەڭلا، ماغدۇرۇڭغا كېلىسەن، ھوزۇرلىنىسەن. سەن ئاللانىڭ قۇرۇپ كەتكەن دەرەخنى كۆكەرتكەنلىكىنى، قاغجىراپ ياتقان يەردە سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق پەيدا قىلغانلىقىنى كۆردۈڭ.»

روشەنكى، بۇ مۆجىزە ئۇنىڭ پاك ـ غۇبارسىز ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايتتى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ مەسخىرە ۋە ئەيىبلەشلىرىگىمۇ جاۋاب ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئادەملەر غۇلغۇلا قىلىپ ئىغۋا تېرىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك يەنىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى.

ئاللا بالىغا گويا ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرگەندەك ۋە ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ كۆڭۈل سىرىدىن بېشارەت بەرگەندەك تۇراتتى. پەقەت ئۇ سۆزلىسىلا، ئانىسىنىڭ پاك ـ غۇبارسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولاتتى. شۇڭا، بالا ئانىسىغا:

— سەن ئۇچرىغان كىشىلەرگە: مەن ئاللانى دەپ روزا تۇتتۇم، ھېچقانداق ئادەم بىلەن سۆزلەشمەيمەن دېگىن، — دېدى.

بۇۋى مەريەم كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ روھلاندى ـ دە، بالىسىنى ئېلىپ مەھەللىگە قايتىپ كەلدى. بۇ خەۋەر تېز تارقالدى. كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىمۇ ئۇلغايدى. بەزىسى ئۇنى ئەيىبلەيتتى، بەزىسى ھاقارەتلەيتتى، بەزىسى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ

ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە شان ـ شۆھرىتىنى تىلغا ئالاتتى . ئاياللار ئۇنىڭغا :

— ھەي مەريەم ! سەن گۇناھ ئۆتكۈزدۈڭ . سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ زىـنا ـ زالالـەت بىـلـەن ئۆتكەن ئادەملەر ئەمەس ئىدىغۇ ! — دېيىشتى .

بـۇۋى مـەريـەم لام ـ جـىـم دېـمـىـدى ، ئـۇلار بىلـەن مۇنازىرىلەشمىدى ، پەقەت :

— مەن ئاللانى دەپ روزا تۇتتۇم ، ھەرقانداق سوئالغا جاۋاب بەرمەيمەن . ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەكچى بولساڭلار ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراڭلار ، — دەپ ، بالىسىنىلا كۆرسەتتى . خەقلەر ھەيران بولۇپ مەسخىرە قىلىشقان ھالدا :

— بىـز ئـەمـدىـلا تـۇغـۇلـغان بـالا بىلەن قانـداقمۇ سۆزلىشەلەيمىز ؟ — دېيىشتى .

لېكىن ئاللا بوۋاقنىمۇ سۆزلىتەلەيدۇ ، تېخى تولۇق كامالەتكە يەتمىگەن تىلدىنمۇ ئاۋاز چىقىرالايدۇ ، ئەمچەكنىمۇ تاپالمايدىغان ۋە ئېمىشنىمۇ بىلمەيدىغان ئېغىزنى بىمالال ھەرىكەتلەندۈرەلەيدۇ . بـۇۋى مەريەمنىڭ بالىسى ئېنىق سۆزلىدى . بىراق ، ئۇ ئانىسى تـوغـرىـسـىـدىكى ئەيىبلەشلەر ئۈستىدە توختالمىدى ، ئانىسىنىڭ پاكلىقىغا قىلىنغان ھاقارەتلەرگىمۇ رەددىيە بەرمىدى ، ئۇ پەقەت مۇنداق دېدى :

— مەن ئىگەمنىڭ قۇلى . ئۇ ماڭا كىتاب ئىنئام قىلىپ مېنى پەيغەمبەر قىلىدۇ . قەيەرگە بارسام ، شۇ يەردە ئاۋامغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىمەن ، مەن تىرىكلا بولسام ، ناماز ئوقۇپ ، ئاللاغا تـائـەت ـ ئىبادەت قىلىمەن ، ئۆشرە ـ زاكات بېرىمەن ، ئانامغا ھۆرمەت قىلىمەن ، ئاللا مېنى گۇناھكار بىۋاپالاردىن قىلمايدۇ . مەيلى مەن تۇغۇلغاندا ياكى مەن ئۆلۈپ كەتكەندە ۋە ياكى مەن قايتا تىرىلگەندە بولسۇن ، ئاللا مېنى ئامان قىلىدۇ .

— ئىشقىلىپ — ئىغۋاچىلار ئۇچۇن بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە قانداق ئىسپات كېرەك ؟ ئىسا ئەلەيھىسسالام تېخى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىكى

www.alma.cn

چاغدىلا ، ئاللا ئۇنىڭ كەلگۈسىگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىلىم - ئەقىل ئۆگەتكەن . بۇ مۆجىزىلەر بۈۋى مەريەمنىڭ پاك - غۇبارسىز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرەتتى . چۈنكى ئۇ شۇنچىلىك يېشى بىلەن ئوغلىغا جىمى پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى بىلدۈرەلىگەن يەردە ، ئاتىسىز ئاشۇنداق بالىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىشى تۇرغان گەپ ئىدى . ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئېغىز سۆزى خالايىقنى پىتنە - ئىغۋا ۋە تۆھمەتلەرنى دەرھال توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى .

ئۇنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىدىن كىشىلەر داڭقېتىپ قېلىشتى ، بۇ مۆجىزە ھەممىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى . ئەمچەكتىكى بىر بوۋاقنىڭ سۆزلىيەلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالدى ، بۇنىڭدىن ھەممە خەۋەر تېپىپ ئۇنى ئادەتتىكى پاراڭلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالدى . ئۇلار ئەمدىلا تۇغۇلغان بۇ بالىغا تېڭىندى ، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ناپاك ئەمەسلىكىگە ئىشەندى ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى بالا ئەمەسلىكىنى ، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ قولىدىن نى - نى ئىشلار كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندى .

بۇ مۆجىزىگە ھەممە ئادەم ئىشىنىدۇ ، دەپ قارىغىلى بولمايتتى ، چۈنكى ھەرقانداق ئىشتا كىشىلەرنىڭ تامامەن بىردەك قاراشقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بەزىلەر بۇنى ئەپسانە دەپ قارايتتى ، يەنە بەزىلەر بۇ بەلكىم بۈۋى مەريەمنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاش ، ئۇنىڭ بەتقىلىقلىقىنى يېپىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن توقۇپ چىققان ھېكايە بولسا كېرەك ، دەپ قارىشاتتى . بۇنداق گۇمانىي قاراشتىكىلەر ئاز سانلىق ئىدى ، ئەلۋەتتە . ئۇلار نادان بولغاچقا ، پاكىتقا ئىشەنمەيتتى . ھەقىقىي دەلىل - ئىسپاتلارمۇ ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى بىمەنىلىككە خاتىمە بېرەلمىدى . ئۇلار ئاسمان - زېمىننىڭ ئىگىسى ئاللانىڭ بىر ئەمر قىلىش بىلەنلا ئادەم يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى ، ئاللانىڭ يەر - جاھاننى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى .

بۇ ئادەملەرنىڭ پەزىلىتى ناچار بولغاچقا ، بۈۋى مەريەم ئۇلارنى

نەزەرىگە ئىلمايتتى . ئۇلارنىڭ گەپ - سۆز ۋە كۆزقاراشلىرىمۇ رەددىيە بېرىشكە ئەرزىمەيتتى . ئۇلاردا مەلۇم ئۈچمەنلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىك قاراش بولۇشى مۇمكىن ئىدى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قەلبى يورۇق ، كۆزى روشەن بولمىدى . بۇۋى مەريەم ئەسەبىيلەشكەن بۇ ئادەملەرنى زادىلا كۆزگە ئىلمىدى . ئۇ مەھەللىدە ئۆزىنى كەڭ - كۇشادە تۇتۇپ يۈرۈۋەردى ، بالىسىنى ئوبدان باقتى ۋە تەربىيىلىدى . چۈنكى ، ئاللانىڭ بۇ بالىغا غەمخورلۇق قىلىپ ۋە ئۇنى ئاسراپ ، ئۇنى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقى بۇۋى مەريەمگە ئايان ئىدى .

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارىتى

ئىسا ئەلەيھىسسالام باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئۆسۈپ ، بارا - بارا يىگىت بولۇپ يېتىلدى . ئۇنىڭ پەزىلىتى ، ئەقىل - پاراستى تەڭتۇشلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئىشلارغا ئالدىن بېشارەت بېرىشتىكى تەبىئىي ئىستېداتى بارا - بارا نامايان بولۇشقا باشلىدى . ئۇ ئۆز دېمەتلىك بالىلار بىلەن بىللە ئوينىغاندا ، ئۇلارنىڭ نېمە يېگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە نېمىلەر بارلىقىنى قىياس قىلالايتتى ؛ ئۇ مەھەللىدىكى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغاندىمۇ باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرق قىلاتتى . ئۇ ئۇستازىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە ئىجتىھات بىلەن قۇلاق سالاتتى ، نېمىنى سۆزلەيدىغانلىقى ، نېمە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى بىلەلەيتتى .

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئانىسى بىلەن بەيتۇلمۇقەددەسكە قايتىپ كەلگەندە ، ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەنىدى . ئۇنىڭغا ھەر خىل ئادەملەر ناتونۇش ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلمايتتى ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۆرۈنۈشلەرمۇ ئۇنىڭ ھېچقانداق دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمايتتى . قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ، شۇ دېمەتلىك بالىلارنىڭ تازا بېرىلىپ ئوينايدىغان ۋاقتى ئىدى ، ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلماي ،

www.alma.cn

ھەدەپ ئىلىم ـ ھېكمەت بۇلىقىنىڭ سۈيىنى ئىچمەكتە ئىدى . ئۇ ئوقۇشنى ئۈزۈپ قويمىدى ، كىشىلەر ئالىم دەپ قارىغان ئادەملەرنىڭ ئاجايىپ ۋە تەسىرلىك نۇتۇقلىرىنى ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتتى .

ئىسا ئەلەيھىسسالام باشقىلارغا ئوخشاشلا ھەمىشە كاھىنلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلايتتى ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ۋە سالغان ياللىرىغا زەن قويۇپ قۇلاق سالاتتى . ئۇ بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەنلىكىنى سەزدى . كاھىنلار سۆز باشلىغاندا ، ئۇلار قىمىر قىلماي ، ھەتتا تىنىقىنىمۇ چىقارماي دېگۈدەك ئاڭلايتتى .

بۇنداق چاغدا ئىسا ئەلەيھىسسالام پات ـ پات ئورنىدىن تۇرۇپ كاھىنغا سوئال قوياتتى ، ئۇ ئۆتكۈر ھەقىقەت شەمشىرى بىلەن كاھىنلارغا جەڭ ئېلان قىلاتتى . لېكىن ، بەزىلەر بۇنداق باتۇرانە ھەرىكەتنى ئەيىبلەيتتى . ئىسا ئەلەيھىسسالام كاھىنلارنىڭ ھۇجۇمىغا پەرۋا قىلمايتتى ، ئۇلارغا ئارقىمۇئارقا سوئاللىرىنى قويۇپ تۇراتتى ، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىۋېتىپ ، ھەتتا تاماق يېۋېلىشنى ، سۇ ئىچىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى . بىر كۈنى ئانىسى ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۆپ كۈتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى . بۇۋى مەريەم ئۇ بىرەر ئېھتىمالى بولغانلىكى جاينىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ئىزدىگەن بولسىمۇ ، ئۇنى تاپالمىدى ، ئۇنى قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن قايتىپ كەتكەندۇ ياكى مەھەللىدىكى بىرى ئېلىپ كەتكەندۇ ، دەپ ئويلىدى ـ دە ، مەھەللىگە قايتىپ كېلىپ سۈرۈشتۈردى ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭ ئىزىنى ئالالماي ، بەيتۇلمۇقەددەسكە قايتىپ كېلىپ بۇ زادى نېمە ئىشتۇ ، دەپ قايتا ـ قايتا ئويلاندى ، ھەممە ئېھتىمالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . كېيىن ئۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىملار بىلەن كەسكىن مۇنازىرە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۆجۈدى ، بىئارام بولدى . بۇۋى مەريەم ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆيگە بىر قايتىشنى ئېيتتى ، ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىچە ئۆيگە

قايتىپ كەلمەيسەن، سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، چارچاپ كەتتىم، دەپ كايىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مۇنازىرىگە كىرىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئانىسىنىڭ يېنىغا بارالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

كېيىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ناسىرەگە ئانىسى بىلەن بىللە قايتىپ كەتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئوتتۇز ياشتىلا ئاللانىڭ ئەلچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاللانىڭ بېشارىتى ۋە ھۆكمىنى تارقىتىشقا باشلىدى. ئۇ ئاللانىڭ تەلىمىگە ئىنتايىن سادىق ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئاللانىڭ ھوزۇرىدىن «ئىنجىل» ناملىق كىتابقا ئېرىشتى-دە، كىشىلەر ئارىسىدا ئاللانىڭ تەلىمىنى تەرغىب قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگىشىشكە چاقىردى. ئۇ يەھۇدىيلارغا قارشى تۇراتتى، ئۇلارنىڭ بىمەنە سەپسەتىلىرىنى رەت قىلاتتى، چۈنكى ئۇلار ھىدايەتتىن ئايرىلىپ، «تەۋرات» تىكى قانۇنلارنى بۇرمىلاپ، جان-جەھلى بىلەن پۇل تېپىشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى. كەمبەغەللەر ئاچ-يالىڭاچ قېلىپ، قېرىلار قاقشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كىشىلەرنى ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ چۆنتىكىنى پۇلغا تۇشقۇزاتتى.

بىر قىسىم يەھۇدىيلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى، بىراق قىيامەت بولىدىغانلىقىغىلا ئىشىنەتتى، قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىنىدۇ ۋە قاتتىق جازا بېرىلىدۇ، دېگەن گەپلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالدايتتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تۇرمۇشتا چۈشكۈنلىشىپ، ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، شەھۋانىيلىققا بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئەسكىلىكنى قىلسىمۇ، كىشىلەرگە ئۇقتۇرماسلىقنى كۆزلەيتتى. بۇنىڭدىن مەقسىتى كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى تالان-تاراج قىلىش، كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئىدى.

www.alma.cn

بۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆچمەس يۇلتۇز

پەيدا بولغان چاغدىكى ئەھۋال ئىدى . ئاللا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى بۇ دۇنياغا كىشىلەرنىڭ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ ، يورۇقلۇققا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىش ، ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاش ۋە ئۇلارغا يورۇقلۇق ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى . ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى چوڭقۇر پاتقاق ئازگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى سىناپ كۆرمەكچىمۇ بولدى .

دىنىي مۇتىۋەرلەر كۈچلۈك دولقۇنغا ئورۇلۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ بارا - بارا خەۋپ - خەتەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى . بۇ دولقۇن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ۋە شەھۋانىيلىقىغا قاراتقان ئەيىبلەشلىرى ، ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ۋە بەتنىيەتلىكىگە بېرىۋاتقان زەربىسى ئىدى . ئىسا ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ نومۇسسىز ھەرىكىتىنى پاش قىلاتتى . لېكىن ئۇلارمۇ ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ ، ھەممىلا يەردە ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىشاتتى .

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدى ، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى توسۇپ قالالمىدى . ئۇ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ ، كىشىلەرگە سەممىي تەربىيە بېرەتتى ، يۇرتمۇ يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆز ۋە ئىغۋالىرىنى پاش قىلاتتى ، بىمەنە سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرەتتى . ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن ئاللانىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆز بېشارەتلىرىنىڭ چىنلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا ، ئاللا ئۇنىڭغا مۆجىزە بىلەن مەدەت بېرىپ ، ناھايىتى روشەن ئالامەت ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەلچىلىكىنى ئىسپاتلىدى : ئىسا ئەلەيھىسسالام لايدىن بىر قۇشقاچ ياسىدى ۋە ئۇنىڭغا سۇف دەپ دەم سېلىۋىدى ، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن لاي قۇشقاچ راست قۇشقاچقا ئايلاندى . ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەمانىڭ كۆزىنى ئاچتى ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى .

ئەگەر ئاللانىڭ مەدىتى، ياردىمى بولمىغىنىدا، ئۇ بۇ مۆجىزىلەرنى ھەرگىزمۇ قىلالمىغان بولاتتى، شۇنداقتىمۇ دىنىي مۇتىسۇەرلەر يەنىلا ئۆكتەملىك ۋە ئەسكىلىك قىلاتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۆجىزە ئارقىلىق دەلىل - ئىسپات كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بۇ مۆجىزىلەرنى سېھىرگەرلىك، جادۇگەرلىك دېيىشەتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقلىرى تېخى بۇ ئالەمدىكى ساختىلىقنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىمىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاق ھېسداشلىقنى قوزغىدى، ئاچ كۆزلۈكتىن خالىي كىشىلەر ئارىسىدا مۇناسىپ ئاۋازغا ئېرىشتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام سەمىمىي ئېتىقادنى چىقىش قىلىپ ئاشۇ دىنىي مۇتىسۇەرلەرگە كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى ۋە قورغىنىنى چوقۇم يىمىرىپ تاشلاشنى نىيەت قىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام بەيتۇلمۇقەددەسكە كېلىپ، ئۇلار جەم بولىدىغان بايرام كۈنىدە، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلماقچى بولدى. شۇ كۈنى كىشىلەر ئۇنى مەھكەم ئورىۋېلىشتى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى يورۇپ كەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قوللىغۇچىلار بارا - بارا كۆپەيدى، ھەممىلا يەردە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر تېپىلاتتى.

كاھىنلار دەرغەزەپ بولۇپ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر تال مويىغىمۇ زىيان يەتكۈزەلمىدى، چۈنكى ئاللا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

## جەننەت تائامى

ئىسا ئەلەيھىسسالام شەھەر، يېزىلارنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ ئاللانىڭ ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك بۇرچىنى كىشىلەرگە ئىزھار قىلاتتى. ئۇ زۇلمەتلىك قەلئەلەرنى يىمىرىپ، مۇشرىكلارنىڭ بەلگە - ئالامەتلىرىنى يىلتىزىدىن

www.alma.cn

قومۇرۇپ تاشلىماقچى ئىدى. ئۇنىڭ يارەنلىرى ئۇنى قوللايتتى، خۇشاللىقتىمۇ، غەم ـ قايغۇدىمۇ، جاپادىمۇ ۋە ھالاۋەتتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولاتتى، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پايلاقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغدايتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرى ناھايىتى ئاز ئائىلىدىن كېلىپ چىققاچقا، ئۇنىڭ ئۆز قوۋمىدىكىلەر بىلەن بولغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئاللىقاچان ئۈزۈلگەنىدى، چۈنكى بۇنداق مۇناسىۋەت دۈشمەنگە زەربە بېرىش ۋە مۇشرىكلارغا قارشى تۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزەتتى. خۇددى شۇئەيب قوۋمىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «ھەي شۇئەيب! سېنىڭ سۆزلىرىڭنىڭ بىرمۇنچىلىرىنى چۈشەنمىدۇق. بىز سېنى ھەقىقەتەن ئارىمىزدىكى بىر ئاجىز دەپ ھېسابلايمىز. بىز ئەگەر ئۇرۇق ـ جەمەتىڭنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى دېمىگەن بولساق، سېنى چوقۇم ھاقارەتلەيتتۇق. سەن بىز ئۈچۈن ئەزىز كىشى ئەمەس» دەپ ئېيتقىنىدەك ئىش بولاتتى.

ئۇلار بىر كەنتتە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، يەنە بىر كەنتكە بېرىپ مەلۇم ۋاقىت تۇرۇشاتتى. ئۇلار يۇرتمۇ يۇرت، كەنتمۇ كەنت ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر پايانسىز بىر قۇملۇققا كېلىپ قالدى. بۇ يەر ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان قاقاس چۆللۈك ئىدى. ئۇلار چاڭقىدى، قورساقلىرى ئاچتى، چارچاپ دەرمانى قالمىدى. بىراق، بۇ يەردە يا سۇ، يا يەيدىغان نەرسە تېپىلمايتتى. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇ قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن، بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلىشىپ، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىشقا تەمشەلدى. بۇ چاغدا ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى رىغبەتلەندۈردى، ئۇلاردا ئۈمىد تۇرغۇزدى، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتتى، ئازاب ـ كۈلپەتلىرىنى يېنىكلەتتى، ئۇلارنىڭ بىلمىگەن مەسىلىلىرىنى شەرھلەپ بەردى، ئۇلار چۈشەنمىگەن ئىشلارنى چۈشەندۈردى.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يارەنلىرى ئۇنىڭ ئەلچىلىك

ۋەزىپىسىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالىسىمۇ، ئۇنىڭ بېشارىتىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق قىلىش ھازىر تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى بىلدۈرۈپ:

— ئى ئىسا، رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن بىر داستىخان تەملىك تائام چۈشۈرۈپ بېرەلەرمۇ؟ — دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشى ئاللانىڭ شۇنداق قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرگەنلىكىدىن ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارىتىگە ئىشەنمىگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچان ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئېتىقاد باغلىغان، ئۇلار ئاللاغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرگە مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا:

— بىزگە ئىشەنگىن، بىز مۇسۇلمانلارمىز، بىز ھەممىنى ساڭا بېغىشلىغان، — دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق گۇمان يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇنداق دېيىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى چاغدا ئاللاغا ئىلتىجا قىلغىنىغا ئوخشىشاتتى. ئۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاغا: «ئى رەببىم! ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قانداق جان ئاتا قىلىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسىتىپ بەرگىن!» دېگەن. ئاللا ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم، ئەجەبا، سەن ئىشەنمەمسەن؟» دېگەندە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئېتىقادىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىمەكچى» دېگەنىدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ھاڭ ـ تاڭ بولدى، ئۇ بۇنداق تەلەپنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— سىلەر ساداقەتمەن مۇسۇلمان بولغانىكەنسىلەر، ئۇ ھالدا، ئېھتىيات قىلىشىڭلار كېرەك، مۆجىزىگە دائىر ئۇنداق تەلەپلەرنى قويماڭلار، بولمىسا، بالا ـ قازاغا ئۇچرايسىلەر، يامان ئىشنى

باشلىغۇچىلاردىن بولۇپ قالمىسىلەر. ئەجەبا، سىلەر تېخىچە كۆڭۈل توختىتالمىدىڭلارمۇ، دىلىڭلاردىن گۇماننى تۈگىتەلمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر ئاللانىڭ مەن ئارقىلىق كۆرسەتكەن بارلىق مۆجىزىلىرىنى، مېنىڭ ئەمانىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىمنى، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەنلىكىمنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق گۇناھنى ئۆتكۈزىسىلەر، نېمشقا يەنە مۇشۇنداق تەلەپلەرنى قويىسىلەر؟ سىلەر ھەممىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە تولۇق ئىشەنمەي، گۇمانلىنىۋېرەمسىلەر؟ ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ساداقەتمەن بولىدىغان بولساڭلار، ئەمدى كاجلىق قىلماي، گۇمانخورلۇقۇڭلارنى تېزدىن تۈگەتسەڭلار بولىدۇ.

ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى بېسىۋېلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەھۋالنىڭ ئەينىنى چۈشەندۈردى:

— بىزنىڭ ئېتىقادىمىز قەتئىي تەۋرەنمەستۇر، بىز سادىق مۇسۇلمان، بىز سەندە كۆرۈلگەن بارلىق مۆجىزىلەرگە ئىشىنىمىز، سېنىڭ بېشارىتىڭ ۋە چاقىرىقلىرىڭغا ئىشىنىمىز، سېنىڭ ئەلچىلىك بۇرچۇڭدىن گۇمانلانمايمىز. بىز راسا تويغۇدەك بىر ۋاخ تائام يەپ چوڭ نەپ ئالارمىزمىكىن دەپ، سېنىڭ مۆجىزە كۆرسىتىشىڭنى تەكلىپ قىلغانىدۇق. ئەجەبا، سەن بىزنىڭ ئوزۇقىمىز تۈگەپ، قورساقلىرىمىز ئېچىپ كوركىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېيىشتى، ئارقىدىنلا ئۇلار يەنە مۇنداق دېدى:

— بىز ئاللانىڭ قۇدرىتىنى ئىسپاتلايدىغان بىرمۇنچە مىساللارنى كۆردۇق، شۇڭا بىز ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدۇق، ئۇنىڭ سېنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنلىكىگە ئىشەندۇق. لېكىن سەن يەنە بىر قېتىم مۆجىزە كۆرسىتەلىسەڭ، بىزنى تېخىمۇ قايىل قىلغان، ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتقان بولماتتىڭ؟ ساڭا مەلۇم، بىز سېنىڭ مۆجىزىلىرىڭنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل پەرىشانلىقىنى تۈگىتىپ، گۇماننى چىقىرىپ تاشلايدىغانلىقىغا قەتئىي

ئىشىنىمىز. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، سېنىڭ ئالدىن بەرگەن بېشارەتلىرىڭ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغان، شۇ ۋەجىدىن، بىز سېنىڭ چاقىرىقلىرىڭغا ئىشەنگەن، بىز ھەرگىز گۇمانلانمايمىز ۋە تەۋرەنمەيمىز. بىزنىڭ بىر قېتىم مۇقەددەس تائام يېيىشنى تەلەپ قىلىشىمىز دەلىل - ئىسپاتنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش، كۆڭلىمىزنى تېخىمۇ تىندۇرۇش، ئېتىقادىمىزنى يەنىمۇ چىڭىتىش ئۈچۈن ئىدى.

بىزگە مەلۇمكى، سەن ئاللانىڭ ھۇزۇرىدىن بېشارەت تاپتىڭ، ئۇ ساڭا مەدەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ ساڭا قىلغان ئىلتىپاتى كۆپتۇر. لېكىن سېنىڭ ئىلگىرىكى مۆجىزىلىرىڭنىڭ ھەممىسى زېمىندا بولغانىدى. ئەمما بۇ قېتىم بىز مۆجىزىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىمىز. مۇشۇنداق بولسا، بىز ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ، ئاجايىپ نەرسىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيمىز. مۇشۇنداق قىلالىساڭ، بىز كىشىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىز بىلەن تەربىيىلەيمىز، ئۇلارغا تەشۋىق قىلىمىز، نەتىجىدە سېنىڭ يارەنلىرىڭ تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، ساڭا بەيئەت قىلىدىغانلارمۇ كۈندىن - كۈنگە ئاشىدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆز تەلىپىدە چىڭ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ئىپادىلىرىنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىنى گۇمانلانغانلىقتىن قويمىغانلىقىنى ۋە يامان نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ ئاللاغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئى ئاسمان - زېمىننىڭ ئىگىسى، ھەممىگە قادىر ئاللا! ئى كائىناتنىڭ خوجىسى! ئاسماندىن بىزگە بىر داستىخان تائام چۈشۈرۈپ بەرگەيسەن، بىز بۇ مۆجىزىنى بايرام كۈنى سۈپىتىدە خاتىرىلىگەيمىز. ئى ساخاۋەت ئىگىسى، سەن بىزگە تىرىكچىلىك يولى بېغىشلىغايسەن!

ئاللا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ۋە تەلىپىنى ئىجابەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلارنىڭ ساڭا بولغان ئېتىقادىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەن

سىلەرگە جەننەت تائامى ئەۋەتتىم. لېكىن سىلەر بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ مۆجىزە سىلەردىن چوقۇم تاۋاپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەگەر كىمكى خىلاپلىق قىلىدىكەن، مېنىڭ قاتتىق جازايىمغا ئۇچرايدۇ.

ئاللا ئۇلارغا ئاسماندىن بىر داستىخان ئېسىل تائام چۈشۈرۈپ بەردى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تائامنى كۆرگەندىن كېيىن بەك بېرىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى - دە، ئاللادىن بۇ تائامنى ئۇلارغا قىلغان شەپقەت ۋە خەيرخاھلىق دەپ ھېسابلاشنى ئۆتۈنۈپ سورىدى ۋە يەنە ئاللادىن ئېتىقاد قىلىشنىڭ توغرا يولىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ بېرىشنى تىلىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— مانا بۇ ئاللانىڭ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن تائامى، قېنى بەھۇزۇر يېيىڭلار! ئاللاغا رەھمەت ئېيتىشىڭلار كېرەك، بۇ ئاللانىڭ ئىلتىپاتىدۇر.

ئۇلار تائامغا بەھۇزۇر يېيىپ، بۇنىڭدىن تولۇق رازى - رىزا بولۇشتى، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ مۆجىزىنى تازا ماختاشتى. ئېتىقادى تېخىمۇ چىڭىدى.

## ئاخىرقى كۈن

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆز بۇرچىغا سادىق بولۇپ كەلدى، زادى سۇس قارىمىدى. ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنىڭ باياشات بولۇشىنىلا كۆزلەپ، ھەددەپ تالان - تاراج قىلىش يولى بىلەن نۇرغۇن پۇلغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇراتتى، ئۇلارنىڭ قانۇن دەستۇر[1]غا بولغان ساختا ھۆرمىتىنى مەسخىرە قىلاتتى، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرنى يوققا چىقىرىپ، ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ئاللانىڭ چاقىرىقىغا ئۇيغۇن ئەمەس ئىكەنلىكىنى

www.alma.cn

① بۇ يەردە «تەۋرات» نى دېمەكچى.

كۆرسەتتى .

يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى ، لېكىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكمىدى .

دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۇلارنىڭ قەلبىنى يەڭدى ، مۆجىزىلەر ئۇلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى ، ھەقىقەت نۇرى ئۇلارنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرىنى بېسىپ چۈشتى . بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۇسۇل ۋە يولىنى تاپالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار يەنىلا تەن بەرمەستىن ، مىڭ بىر ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئۇنى ئالدايتتى . ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ يوقىلىپ ، ھاكىمىيەت ئاساسىنىڭ پاچاقلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى . ئىسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ يارەنلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى . بىراق بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ، بىلىم ـ ساۋاتى يوق كىشىلەر ئىدى .

يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقلىرىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن تەسىرىنى ئازايتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى . چۈنكى ، ئىسا ئەلەيھىسسالام گويا ئايلىنىۋاتقان ئاسمان جىسىملىرىدەك ۋە ياكى ئاقار يۇلتۇزلاردەك تەرەپ ـ تەرەپتە ھەرىكەت قىلاتتى ، ئۇنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان ئاۋازى ھەممىلا يەردە ياڭرايتتى ، ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەردە يەھۇدىيلارنى ئەيىبلەش سادالىرى جاراڭلايتتى .

ئىسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ خام خىيالىنىڭ بىتچىتىنى چىقىرىپ ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىگە رەددىيە بەردى . يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا ئۆچ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايتتى . ئۇلار ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ، ئادەم توپلاپ غەۋغا پەيدا قىلدى ، ئۇنى پادشاھلىقتىن تەمەسى بار دەپ گەپ تېرىدى .

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پاناھ بولغۇدەك ئۆرۈق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەھۇدىي ئىبلىسلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قورقمايتتى. چۈنكى، ئاللا ئۇنى قوغدىماقتا ۋە قوللىماقتا ئىدى. ئاللا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى مۇشرىكلارنى تازىلاپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ساداقەتسىز ئاشۇ مۇرتەتلەردىن قۇتۇلدۇردى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى ئۆز يولى بىلەن بابلاپ مەغلۇپ قىلىشنى ئىجازەت قىلدى.

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن يېتىم قالغانلىقىدىن ۋەھىمە يەپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى بالا ـ قازانىڭ مەنبەسى، دەپ قارىشاتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام «تەۋرات» قا ئىشەنسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ يارەنلىرىنىڭ ماجىرا تۇغدۇرۇپ ئىسيان كۆتۈرۈشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. لېكىن، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرى قانداق؟ ئۇلار ئاللاغا ئاللىبۇرۇن ئاسىيلىق قىلىپ، كىشىلەرنى دوزاخقا ئىتتىرەتتى. ئۇلار ئاللانىڭ ئەقىدىلىرىگە ئىشەنمەي، ھە دېسىلا پۇل، ھوقۇق ۋە شان ـ شۆھرەتكە بېرىلىپ كەتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ ئۇنۇمى بولمىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقلىرى بولسا قارشىلىق كۆرسىتىپ بولمايدىغان ئېقىمغا ئايلاندى. يەھۇدىيلار تەرەپ ـ تەرەپكە پايلاقچىلارنى قويۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىپ قايىقان قۇردى ۋە ئۇنىڭغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ئۇنى پېرىخۇن دېيىشتى، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى شەيتاننىڭ سېھىر ـ جادۇسى دېيىشتى، ئۇ شەنبە كۈنى يەنى بىزنىڭ بايرام ۋە ئىبادەت قىلىدىغان كۈنىمىزدە بىزگە ئوخشاش ئىش توختاتمىدى، ئۇ دىنىمىزدىن بەك يىراقلىشىپ كەتتى، پەيغەمبىرىمىزگە ئىشەنمىدى، دېيىشتى.

لېكىن، بۇ گەپلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنى پەسلىتەلمىدى، ئىرادىسىنىمۇ تەۋرىتەلمىدى. ئەكسىچە، ئۇ تېخىمۇ قەتئىي، بوشاشماي تەشۋىق قىلىپ، ئەلچىلىك بۇرچىنى ئادا

قىلىشۋەردى. يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئۆتكۈر ئوقيا دەپ قارايتتى، ئۇلار ئۇنىڭ پىچىرلاشلىرىنىمۇ ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇلارنىڭ غۇلغۇلىسى توختىمىدى، ئۇلار بايلىقىنىڭ تۈگەپ، تىرىكچىلىك يولىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ يەنە ھۆجۈمغا ئۇچرىماسلىقى ۋە ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ تەھدىتكە دۇچ كەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلماقچى بولۇشتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پەيغەمبىرىنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلانغاندا، ئاللانىڭ تەلىمىگە نەقەدەر نادانلىق قىلغان ھەم ئاللانىڭ يولىدىن نەقەدەر يىراقلىشىپ كەتكەنىدى - ھە! ئىسا ئەلەيھىسسالام نېمە گۇناھ قىلدى؟ ئۇ ناھايىتى كەلسە، ئۇلارنى ئاللانىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، گۇناھتىن نېرى تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى، خالاس. ئىسا ئەلەيھىسسالام نېمە خاتالىق ئۆتكۈزدى؟ ئۇ ناھايىتى كەلسە ئۇلارغا ئېتىقادنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئۆگىتىپ، بۇلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، خالاس.

ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قەتئىي ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بەزىدە ئۇنى تاپالمىغاندىمۇ، ئۆزلىرى ھېرىپ دەرمانى قالمىغاچقا، نائىلاج قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشاتتى. كېيىن ئۇلار شېرىن سۆزلەر بىلەن ئادەم ئالداشقا باشلىدى، ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرگە يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ۋە پىتنە - ئىغۋالارنى تارقاتتى، ھەتتا پايلاقچىلارنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىپ ئۇلارنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مېڭىش - تۇرۇشلىرىنى كۆزىتىشكە سالدى. ئۇلار ئاقساقال، كاتتىۋاشلارنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشتىنمۇ باش تارتمىدى. ئۇلار، ئىسا پادىشاھنىڭ تەختى - بەختىنى گۇمران قىلماقچى، دېيىشتى.

www.alma...

بەزى دىنىي زاتلار بەيتۇلمۇقەددەسكە يىغىلىپ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنى مەسلىھەت قىلدى . ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۆچ ئېلىپ ، غەزىپىنى چىقىرىۋېلىشقا تەقەززا ئىدى . لېكىن ئۇلار خېلى بىر هازاغىچە مەسلىھەتلەشكەن بولسىمۇ ، يەنىلا هېچ ئامال قىلالمىدى . ئۇلار مەيۇس ، ئۈمىدسىز ئىدى ، دۆلەتنىڭ هالاك بولۇشىدىن ، خەلقنىڭ ئۆزلىرىدىن بىزار بولۇشىدىن قورقۇشاتتى . دەل ئۇلار غەم ـ قايغۇغا چۆمۈپ خاپىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر مۇرىتى غادايغان هالدا دەرۋازىدىكى ياساۋۇلنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، ناهايىتى سىر ساقلىغاندەك قىلىپ :

— مېنىڭ مەجلىس ئەھلىگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى ، — دېدى . بۇ كىشى كىرگەندىن كېيىن ، مەجلىستىكىلەر ئۇنى خۇشال كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن ، دەيدىغان نېمە گېپى بارلىقىنى سورىدى . ئۇ مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم ئىش بارلىقىنى ، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ خاتىرجەم بولۇشىغا ، ۋەھىمىسى ۋە تەشۋىشىنى تۈگىتىشكە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . بۇ مۇرىت ئېھتىيات بىلەن ، ئەمما تەشۋىشلەنگەن هالدا ئۇلارغا ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تېپىش ئۈچۈن يول باشلاپ بېرىدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ غەم ـ قايغۇسىنىڭ يىلتىزىنى تۈگىتىپ ، مالىمان ، ئەنسىز تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

بۇ مۇرىتنىڭ سۆزى تۈگىشىگە ، ئۇلار گويا ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك ، خۇشال بولۇپ كېتىشتى . ئۇلار بۇ مۇرىتقا بەخت تىلىدى . مۇرىتمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى . ئۇلارنىڭ رەھمىتى ۋە هۆرمىتى مۇرىتنىڭ گۇلقەقەلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ دىلخەستىلىكىنى كۆتۈرۈۋەتتى .

ئۇلار مۇرىتنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ، ۋەقەنى بايان قىلىشتى . پادىشاھ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇشقا لەشكەر ئەۋەتتى . ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ گۇمراھلارنىڭ نىيىتىنى بۇزۇپ ، كۆچ

تۇيلاپ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكىدىن، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە تەرەپ - تەرەپكە پايلاقچى ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى. شۇڭا ئۇيان - بۇيان يۆتكىلىپ، گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوشۇرۇنۇپ، ئۆز تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئەلچىلىك بۇرچىنى ئادا قىلىۋەردى، كىشىلەرنى ئاللاغا ئېتىقاد قىلىپ، يامانلىقنى تاشلاشقا چاقىرىۋەردى. ئۇنىڭ يارەنلىرى ئۇنىڭ چۆرىسىدىن نېرى كەتمىدى، ھېچقايسىسى ئۇنى تاشلىۋەتمىدى.

بىر كۈنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆز يارەنلىرى بىلەن بىللە بىر باغقا كىرىپ قونۇپ قالماقچى بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى دۈشمەننىڭ كۆزىدىن نېرى بولدۇق، ھەرىكىتىمىزنى ھېچكىم سەزمىدى، دەپ ئويلىدى. لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز خىيالىلا ئىدى. زېمىنغا تۈن پەردىسى ئەمدىلا تارتىلىپ تۇرۇشىغا، ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشكەنلەر بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ پاناھلانغان يېرىنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يارەنلىرى قورشاۋدا قالدى.

بۇ يارەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تاشلاپ بەدەر قېچىشتى. ئىسا ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، ئاللا ئۇنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بەرمىدى. چۈنكى ئۇ ئاللانىڭ ئەقىدىلىرىنى ئىزچىل تەشۋىق قىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئاللا ئۇنىڭغا يار بولدى، ئۇنى دەپ مۆجىزە ياراتتى. ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنى خالايىقلار چەكچىيىپ قاراپ تۇرغان بىر ئەھۋالدا غايىپ قىلدى - دە، قوغلاپ تۇتۇشقا كەلگەنلەرنىڭ ئالدىدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە بىر ئادەم پەيدا قىلدى. ئۇلار بۇ ئادەمنى ئىسا ئەلەيھىسسالام دەپ قاراپ، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى، بۇ ئادەم قورققىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ، تىترەپ، تىلى كالۋالىشىپ ئەينى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالدى، ئۆزىنى قوغداشقىمۇ مادارى يەتمەي، ئۇلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى تەكشۈرمىدى ۋە ئۇققۇشمىدى، ئالدىراپ - تېنەپ، قىزىققانلىق بىلەن ئىش قىلدى، قارىماققا توغرىدەك، ئەمەلىيەتتە

www.alma.cn

خاتا نەرسە بىلەن قانائەتلەندى .

ھېلىقى ئادەم ئۇلارغا يول باشلاپ كەلگەن يەھۇزا ئىدى ، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەندەك . ئاسىيلىق قىلغان بۇ ئادەمنىڭ جاجىسىنى ئاللا بەردى .

ئۇلار يەھۇزانى يالاپ بىر مەيدانغا ئېلىپ كەلدى - دە ، چوقان - سۈرەن ئىچىدە ئۇنى چاپراس مومىغا مىخلىدى . ئۇلار ئىسانى ئۆلتۈردۇق ، دەپ داۋراڭ سېلىشتى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمىدى . ئاللا ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەندى ، ئاللا ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىدىن دانادۇر .

www.alma.cn

# قوش مۈڭگۈزلۈك پادىشاھ[1]

يىراق سەپەر يولىنى ئاچقان قوش مۈڭگۈزلۈك پادىشاھ مەغرىبكە[2] يېتىپ باردى. يول ئۈستىدە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى گويا ئادەمزات يوق يەردە كېتىۋاتقاندەك توسالغۇسىز ئىلگىرىلىدى. ئۇ سەراتان تومۇز، قەھرىتان سوغۇقنى ۋە پاتقاق يوللارنى پىسەنت قىلماي يۈرۈش قىلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئاللا مەدەتكار ئىدى. ئاللا ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ھەممە نەرسىنى يەتكۈزۈپ بەردى ۋە ئۇنى يېڭىلمەس، غالىب قىلدى.

ئۇ توختىماي ئىلگىرىلەپ، سۇيى دوغاپتەك لېيىپ كەتكەن بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئۇ قۇدۇق ئىچىگە قاراپ، ئۇ يەردە بىر گۇرۇھ گۇمراھلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ئادەملەر زورلۇق - زومبۇلۇق، ئەسكىلىك قىلغان، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلار ئىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ قوش مۈڭگۈزلۈك پادىشاھنىڭ غەزىپى كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاللادىن ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە سورىدى، ئاللا ئۇنىڭغا ئىككى چارىنى بىشارەت قىلىپ، قايسىسىنى تاللىۋېلىشنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويدى. بۇ چارىلەرنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ قىلغان جىنايىتىگە تېگىشلىك جازا بېرىش؛ يەنە بىرى، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ، توغرا يولغا ماڭىدىغانلارنىڭ چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. قوش مۈڭگۈزلۈك پادىشاھ ئىككىنچى چارىنى تاللاپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىماي، يامانلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلماقچى بولدى. ئۇ: «يامانلىق قىلغانلار جازاغا

www.alma.cn

① ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى دېمەكچى — ت.

② مەغرىب — ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

تارتىلىدۇ ، رەبىمىزنىڭ دەرگاھىغا بارغاندا چوقۇم قاتتىق جازالىنىدۇ ، يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار ئۇنىڭ خاسىيىتىنى كۆرىدۇ» دېدى . ئۇ بىر مەزگىل ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇپ ، ئاجىزلارغا يار بولدى ، يامانلارنى تۇستى ، ھەققانىيەتنى تەشۋىق قىلدى ، ياخشىلىقنى تەشەببۇس قىلدى . كېيىن ئۇ شەرققە يۈرۈش قىلىش قارارىغا كېلىپ ، يول بويى باتۇرانە جەڭ قىلىپ ماڭدى . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ، ئۇ ئاجايىپ ئاۋات بىر يەرگە كېلىپ قالدى . بۇ يەرنى كۈن نۇرى قاتتىق قىزىتىپ تۇرسىمۇ ، كىشىلەردە ئۆزىنى كۈن نۇرىدىن دالدىغا ئالغۇدەك ئۆي ، سايىدىغۇدەك دەل - دەرەخلەر يوق ئىدى ، بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ نادانلىقىدىن بولسا كېرەك ، قوش مۈڭگۈزلۈك پادشاھ ئۇلارغا نۇرغۇن بىلىملەرنى بەردى . ئاندىن ئۇ يەنە شىمالغا قاراپ داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ ، تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بىر دۆلەتكە يېتىپ كەلدى . بۇ يەردە ئۇ تىل بىلمىگەنلىكتىن ، ئۇلارنىڭ نېمە دەپ سۆزلىشۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكتە داڭق چىقارغان كاززاپ يەجۇج ۋە مەجۇجلەر بىلەن قوشنا ئىكەنلىكىنى بىلدى . بۇ دۆلەتلەردىكى خەلقلەر قوش مۈڭگۈزلۈك پادشاھنىڭ كۈچلۈك ئەلچى ئىكەنلىكىنى ، كاتتا ھوقۇق ۋە نۇرغۇن قوللىغۇچىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى ھەم دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر سېپىل سوقتى . چۈنكى ، يەجۇج ۋە مەجۇجلەر ئەخلاقى بۇزۇق ، ياخشى گەپنىمۇ ، يامان گەپنىمۇ ئاڭلىمايدىغان ، مەخسۇس پۇل - دۇنيانىلا تالان - تاراج قىلىدىغان بىر توپ ياۋۇزلار ئىدى .

قوش مۈڭگۈزلۈك پادشاھ ئاللائاتا قىلغان خەير - ئېھسان ، ياخشىلىق ۋە خەزىنە بىلەن ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى .

نەتىجىدە ، كىشىلەر ئۇنىڭغا تۆمۈر ، مىس ، ئوتۇن ۋە كۆمۈرلەرنى ئەكېلىپ بەردى ، ئاندىن ئۇ مىس ، تۆمۈرلەرنى ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىغا جەملەپ ، ئەتراپىغا كۆمۈر بىلەن ياغاچ توپلاپ

ئوت ياقتى . مس ، تۆمۈر ئېرىتمىسىدىن ئىككى تاغ ئارىلىقىدا مۇستەھكەم بىر تاغ ھاسىل بولدى ، يەجۇج بىلەن مەجۇجلەر بۇ تامدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى ھەم ئۇنى تېشەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئـاللا ئـۇ يەردىكى خەلقنى چەتتىن كېلىدىغان تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالدى .

قوش مۈڭگۈزلۈك پادشاھ بۇ يىمىرىلمەس ئۇزۇن دامبىنى كـۆرگـەندىن كېيىن چىن قەلبىدىن : «بۇ رەببىمنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى . ئۇ خالىسا ، تام سېپىللارنىمۇ تۈزلىۋېتەلەيدۇ . ئاللانىڭ ۋەدىسى بەرھەق» دەپ خىتاب قىلدى .

www.alma.cn

# ئەسھا بۇلكەھف

بايرام كۈنلىرىدە ، ئەفسۇسلۇقلار ئۆزلىرى ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلارغا نەزىر - چىراغ قىلىشاتتى ، ئەمما بۇ ئىش داكقى چىققان بىر ياشنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى . ئۇ كىشىلەرنىڭ بۇتقا بۇ قەدەر ئېتىقاد قىلىشىدىن تەشۋىشلىنەتتى . ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى - دە ، يېگانە ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيالغا چۆمدى .

كۆپ ئۆتمەي ، ئۇنىڭغا قەلبداش بىر ئادەم قوشۇلدى ، كېيىن ئۇ قوشۇلۇپ ، بۇ قوشۇلۇپ ، ئۇلار تېزلا يەتتە ئادەم بولۇپ قالدى . ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقان بولمىسىمۇ ، لېكىن بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئىدى ، پىكىر - قاراشلىرىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى ، ئۇلار ئۆز قوۋمىدىكى كىشىلەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىلاھقا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇلار دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە ئۆتكۈر كۆز ۋە توغرا نىيەت بىلەن قارايتتى ، ئورتاق ئېتىقادقا ئىگە ئىدى . شۇڭا ئۇلار يارىتقۇچى ئاللانى تېپىپ ، ئۇنىڭ دىنىنى چىن قەلبىدىن قارشى ئالدى ، لېكىن ئۇلار ئاللانى پەقەت قەلبىدىلا ساقلايتتى . چۈنكى ، پادىشاھ مۇشرىك ئىدى . ئۇلار خەلق ئۈچۈن كۆرەش قىلاتتى ، خەلقنىڭ غېمىنى يەيتتى . ئۇلار كۆڭۈلسىزلىك ھېس قىلغان چاغلىرىدا ئاللاغا سېغىناتتى . بىر كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە ، ئۇلار يەنە بىر يەرگە توپلاندى . ئۇلاردىن بىرى پەس ئاۋاز بىلەن :

— بۇرادەرلەر ، ئاخشام مەن بىر خەۋەر ئاڭلىدىم : پادىشاھ بىزنىڭ ئېتىقاد قىلغان دىنىمىزنى بىلىۋاپتۇمىش ، بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پوپوزا قىپتۇمىش ، — دېدى . ئۇلاردىن يەنە بىرى مۇنداق دېدى :

— بۇ خەۋەرنى ئىلگىرى مەنمۇ ئاڭلىغانىدىم. مېنىڭچە، بۇ پۈتۈنلەي يالغان. بۇ خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇلار قەدىمى يەتكەنلا يەردە بۇ گەپنى تارقىتىپ يۈرۈپتۇ، مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، بىز ئۆز دىنىمىزغىلا قەتئىي ئىشىنىپ، بارلىق بېسىمغا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك، بىز بۇتقا ئېتىقاد قىلىشنىڭ بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەنىكەنمىز، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمىز، دەپ ئاللادىن يۈز ئۆرۈمەسلىكىمىز لازىم. قۇياشنىڭ ھەر كۈنى چىقىپ تۇرۇشى ئاللانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، قەلبىمىزدىكى ئېتىقادتىن ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىش - مىش گەپ ئىسپاتلاندى. خەۋەر راست چىقتى. ئۇلار ئۆز ئائىلىلىرىدە تۇتقۇن قىلىنىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى.

— سىلەر ھەقىقىي پاكىتنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدىڭلار، — دېدى پادىشاھ ئۇلارغا، — سىلەر ئېتىقادىڭلارنى يوشۇرماقچى بولغانىدىڭلار، بۇنىمۇ ئاقتۇرالمىدىڭلار، ھەرقانداق سىر ھامان پاش بولىدۇ. مەن سىلەرنىڭ پادىشاھ ۋە پۇقرالار ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىندىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىڭلارنى ئاڭلىدىم. نېمىشقا بۇنداق قىلىسىلەر؟ مۇبادا مەن سىلەرنىڭ نام - شۆھرەتلىك ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمىگەن بولسام، پۇقرالارمۇ سىلەرنى دورىسا، مال - مۈلۈك ۋە بەخىتەرلىكىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلمىگەن بولسام، سىلەرنى راستتىنلا ئۆز مەيلىڭلارغا قويىۋېتەكچى ئىدىم. سىلەرنىڭ كىشىلەر ئارىسىغا قايتىپ كېلىپ، بىزنىڭ دىنىمىزغا ئېتىقاد قىلغىنىڭلار تۈزۈكمۇ ياكى بېشىڭلاردىن ئايرىلىپ، قىيما - چىيما بولۇپ كەتكىنىڭلار تۈزۈكمۇ، بۇنى ئويلىنىشىڭلار ئۈچۈن ھازىرچە سىلەرنى جازالاشقا ئالدىرىمايمەن.

ئاللا ئۇلار بىلەن قەلبداش ئىدى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى قوللايتتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

www.alma.cn

— شاھىمىز ، بىزنىڭ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىمىز باشقىلارنى دورىغانلىقىمىز ئەمەس ، مەجبۇرىي ئېتىقاد قىلغانلىقىمىزمۇ ئەمەس ، نادانلىقتىن . شۇنداق قىلغانلىقىمىزمۇ ئەمەس ، بەلكى بۇ ئۆز تەبىئىتىمىزنىڭ ئېھتىياجى ، شۇنداقلا ئاللانىڭ بىزگە ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلىپ ، ئىلگىرىلەش يولىمىزنى يورۇتقانلىقى تۈپەيلىدىن بولدى . بىز ئاللادىن ئۆزگە ھېچقانداق ئىلاھقا ئىشەنمەيمىز . خەلقىمىزگە كەلسەك ، ئۇلار نادانلىقتىن بۇتقا چوقۇنماقتا . بىزنىڭ يەكۈنىمىز مانا شۇ ، ئۆزلىرى قاراپ بىر نېمە قىلارلا !

— بۈگۈن قايتىپ كېتىڭلار ، — دېدى پادىشاھ ئۇلارغا ، — ئەتە چوقۇم كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈڭلار ، قېنى ، سىلەرنىڭ زادى قانداق قىلماقچى بولىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ باقاي .

ئۇلار قانداق ھەرىكەت قىلىشنى مەسلىھەتلەشتى . ئۇلاردىن بەزىسى مۇنداق دېدى :

— بۇ ئىشنى پادىشاھ بىلىپ قالغانىكەن ، بىزگە ھەرگىز ياخشىلىق يوق . بۇنىڭدىن كۆرە بىز ئاشۇ غارغا بېرىپ ، دىنىي پائالىيىتىمىز بىلەن مەشغۇل بولغىنىمىز تۈزۈك . پادىشاھنىڭ ئۆكتەملىك قىلىشى ئارقىسىدا ، ئاللاغا ئەركىن ، بەھۇزۇر ئىبادەت قىلىش تەس بولغان بۇ زېمىندا ، ئۇ يەر بەلكىم بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى جايدۇر ، ئۇ يەردە بىز ئۆز ئېتىقادىمىزنى غەم - قايغۇسىز ئاشكارىلىيالايمىز .

ئۇلار نان ۋە ئوزۇقلىرىنى ئېلىشىپ ، ئېتىقادقا بولغان تولۇپ تاشقان سەممىيىتى بىلەن ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ يولغا چىقتى . يولدا بىر ئىت ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى - دە ، ئارقىسىدىن ئەگەشتى ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىت بىلەن كارى بولمىدى .

ئۇلار ماڭا - ماڭا ئاخىر بىر غارغا يېتىپ كەلدى . غار ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە ئىچىدىغان سۇ بار ئىدى . ئۇلار كېلىپ مېۋىلەردىن يېدى ، سۇدىن ئىچتى ، ئاندىن ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىرئاز دەم ئالماقچى بولدى . كۈتۈلمىگەندە ، ئۇلارغا

www.alma.cn

ھاردۇق يېتىپ ھەممىسى ئۇخلاپ قېلىشتى .

تۈن ئۆتۈپ كۈن كەلدى ، ياز ئۆتۈپ قىش كەلدى ، يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتتۈەردى ، ئۇلار مۇشۇ ياتقىنىچە يېتىۋەردى ، ئۇيقۇ مۇئەككىلى ئۇلارغا چاپلىشىۋالدى . قۇلاقنى يارغۇدەك بوران - شامال ئۇلارنى ئويغىتالمىدى ، گۈلدۈرمامىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى قىلالمىدى . كۈن نۇرى غار ئىچىگە چۈشۈپ ، غارغا يورۇقلۇق ۋە ئىللىقلىق بېغىشلايتتى ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۈستىنى يورۇتمايتتى . قۇياش ئەگىپ ئۆتۈپ غەربكە پاتاتتى . بۇ ئاللانىڭ ئۇلارنىڭ تېنىنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان كارامىتى ئىدى . ئەگەر كۈن نۇرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشسە ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۇياقتا - بۇياقتا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالسا قورقۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى .

ئۇلار ئۈچ يۈز توققۇز يىل ئۇخلىغاندىن كېيىن ، قورساقلىرىنىڭ سەل - پەل ئاچقانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ چارچىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى . ئۇلار ۋاقىت بىر ئىزدا توختىغان ، تارىخ چاقىمۇ ئايلانماس بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاشتى . شۇ ئەسنادا ئۇلاردىن بىرى :

— بىز ئۇزۇن ئۇخلاپ كەتكەن ئوخشىمامدۇق ، بۇرادەرلەر ؟ — دېدى .

— قورسىقىمىزنىڭ ئېچىشى ۋە چارچىشىمىزدىن قارىغاندا ، — دېدى ئىككىنچىسى ، — ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەن بولسا كېرەك .

— بىز ئەتىگەن ياتقانىدۇق ، — دېدى ئۈچىنچىسى ، — ھازىر قۇياش تېخى پاتماپتۇ ، بۇنىڭدىن ئۇخلىغان ۋاقتىمىز بىر كۈنگىمۇ يەتمىگەنلىكى مەلۇم .

www.alma.cn

— بولىدۇ ، تولا پەرەز قىلمىۋەرمەيلى ، — دېدى تۆتىنچىسى ، — بۇنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ . مەن بىرنەچچە كۈن

تائام يېمىگەندەك قورسىقىمنىڭ قاتتىق ئېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. شەھەرگە بىر ئادەم ئەۋەتىپ ئاز - پاز يېمەكلىك تېپىپ كېلەيلى! بىراق، قاتتىق ئېھتىيات قىلىش لازىم، باشقىلارغا سەزدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، بۇنداق بولمىسا، بىزمۇ ھايات قالمايمىز، ئېتىقادىمىزمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

ئۇلاردىن بىرى ئاز - تولا يېمەكلىك تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئەفسۇس شەھىرىگە كەلدى. ئۇ شەھەرگە كىرىپلا، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى، خارابىلىكلەر ئورنىغا، ئوردا بولسا پارچە - پۇرات خىش - تاشلار دۆۋىسىگە ئايلانغانىدى. بەزى ئەھۋاللارغا ئۇ تېخىمۇ ئەجەبلەندى. ئۇ يەردىكى ئۆيلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشىشىپ قالغاندەك قىلاتتى، ئەمما ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغانلار ئىلگىرىكى ئىگىسى ئەمەس بولۇپ چىقاتتى. ئۇ دەككە - دۈككە بولۇپ، پۇتلىرى كالۋالىشاتتى، بۇ ھال كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

بىرەيلەن ئۇنىڭدىن:

— سەن بۇ يەرلىك ئەمەس ئىكەنسەن - دە! نېمىگە قاراۋاتىسەن؟ نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— ياق، مەن ئاز - تولا يېمەكلىك سېتىۋالاي دېۋىدىم، قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا نەرسە ساتىدىغان يەرنى كۆرسىتىپ قويدى. بۇ غارلىق ئادەم سودىگەرگە پۇل تەڭلىگەندە سودىگەر ھەيران بولدى. چۈنكى بۇ پۇل بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز يىل ئىلگىرىدىكى پۇل ئىدى. شۇڭا، سودىگەر ئۇزىچە خەزىنە ئۇچراتقاندەك بولۇپ، بۇ پۇل چوقۇم تېخىمۇ كۆپ دۇنيا دەپىنىگە ۋە ئالتۇن - كۈمۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. بۇ چاغدا ئادەملەر كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى.

غارلىق ئادەم ئۇلارغا:

قېرىنداشلار، ئەھۋال سىلەر ئېيتقاندەك ئۇنداق ئەمەس. بۇ پۇلنى تونۇغۇن مەن باشقىلارنىڭ قولىدىن ئالغان، بۈگۈن

ئۈنىڭغا بىر نەرسە سېتىۋالاي دېگەنىدىم. بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ — دېدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى بىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، سۆزىنى تۇگىتىپلا بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولدى، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن مۇلايىم سۆزلەشتى. ئۇلار ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز توققۇز يىل بۇرۇن ياۋۇز پادىشاھنىڭ ئىلكىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئابرۇيلۇق ئاشۇ كىشىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قاتتىق تەئەججۇپلەندى. چۈنكى شۇ چاغدا پادىشاھ ئۇلارنى تۇتماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۇتالمىغانىدى. غارلىق ئادەم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىۋالغانلىقىنى سېزىپ ناھايىتى قورقتى، ئۆزىدىنلا ئەمەس، قالغان قېرىنداشلىرىدىنمۇ ئەنسىرىدى، شۇڭا قېچىشنى نىيەت قىلدى.

بىرەيلەن ئۇنىڭغا:

— سەن قورقما، پادىشاھ ئۈچ يۈز يىلدىن بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن. ھازىرقى پادىشاھمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدۇ. سېنىڭ دوستلىرىڭ ھازىر نەدە؟ — دېدى.

غارلىق ئادەم ئەھۋالنى چۈشەندى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن تارىخىي جەريان ئۆتكەنىدى. ئۇ ھازىر ماڭالايدىغان روھ، ھەرىكەتلىنەلەيدىغان كۆلەڭگىلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ:

— غاردىكى دوستلىرىمنى بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار قىلىشىم ئۈچۈن، سىلەر مېنى ئۇلارنىڭ قېشىغا كەتكۈزۈۋېتىڭلار. ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە، ئۇلار ئەندىشە قىلىپ قالىدۇ، — دېدى.

پادىشاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن دەرھال غارغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان يۈزلىرىنى كۆردى. پادىشاھ ئۇلار بىلەن قول ئېلىشتى، قۇچاقلاشتى ھەمدە ئۇلارنى ئوردىغا بېرىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار:

— بىزنىڭ بالىلىرىمىز، نەۋرىلىرىمىز ئۆلۈپ تۈگەپتۇ.

www.alma.cn

ئۆيلىرىمىزمۇ قالماپتۇ . بىزنىڭ ھاياتلىق بەلۋېغىمىز ئۈزۈلۈپتۇ ، ياشاشنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن ؟ — دېيىشتى . ئۇلار ئاللادىن ئۆزلىرىنى دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىپ ، بەخت ئاتا قىلىشىنى ، ئۆزلىرىنى جانىسىز گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىشتى .

شۇ مەيداندىكى خالايىق :

— ئاللانىڭ بىزنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرگەنلىكى ، بىزگە ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ، ئۆلمەكنىڭ تىرىلمەكنى بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك . ھازىر بۇ ئىسپاتلاندى ، — دېيىشتى .

كىشىلەر ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ، توختىماي غۇلغۇلا قىلىشاتتى ، بىرەيلەن :

— بىز ئۇلارغا بىر ئۆي سېلىپ بېرەيلى ، ئاللا ئۇلارنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ ، — دېدى . كاتتىلار :

— ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ، ئۇنى ئۆزىمىزگە مەسچىت قىلايلى ، — دېيىشتى .

www.alma.cn

# ئەسھا بۇلئۇخرۇد[1]

پىر ـ پىر ئاپتاپ سانا[2]غا ئۆز تەپتىنى چېچىۋاتاتتى ، قولنى كۆيدۈرىدىغان قىزىق قۇم ئۇنىڭ گەۋدىسىنى سىلىماقتا ئىدى ، شۇڭا يولۇچىلار شالاڭ ، كوچىلار چۆلدەرەپ قالغانىدى . ئۇشتۇمتۇت بىر ئەر شىمال تەرەپتىن پەيدا بولدى . سىياقىدىن قارىغاندا ، ئۇ قۇملۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كەلگەندەك قىلاتتى . ئۇ شەھەرگە كىرىپ ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى . بۇ ئادەمنىڭ غەمكىن ، تۇتۇق چىرايى ، ئەنسىز كۆزلىرى ، ئالدىراپ ـ تېنەپ قەدەم تاشلىشى كىشىدە گۇمان تۇغدۇراتتى . ئۇنىڭدا گويا پادىشاھقا مەلۇم قىلىدىغان زور مەخپىي ئىش باردەك قىلاتتى . ئوردا ياساۋۇللىرى ئۇنى توسۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭدىن :

— سەن ئەركىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋاتقان ، ھەممە ياقنى جىمجىتلىق قاپلىغان بۇنداق چاغدا بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— پادىشاھقا مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى ، — دېدى ئۇ .

— ھازىر پادىشاھ ئالىيلىرى ئالدىراش ، — دېدى ياساۋۇل ئۇنىڭغا ، — ھېچقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشمەيدۇ . شېنادىل ئۆلتۈرۈلۈپ ، سانادىكى تەخت مۇستەھكەملىنىپ ، يەمەندىكى يەھۇدىي دىنى تۇبەھى دەۋرىدىكىدەك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىلا ، ئۇ ئاندىن باشقىلار بىلەن كۆرۈشىدۇ ، پادىشاھ ھەممە ۋاقىت يىراق سەپەرگە تەييار تۇرىدۇ . مەيلى مەغرىب ياكى مەشرىق بولسۇن ۋە مەيلى تۇزلەڭلىك ياكى تاغلىق بولسۇن ، ئۇ جاھاننى بىرلىككە

www.alma.cn

① ئەسما بۇلئۇخرۇد — ئورا كولىغۇچىلار دېگەن مەنىدە — ت .
② سانا — يەمەندىكى بىر جاي .

كەلتۈرمەكچى . ئۇ يەھۇدىي دىنىنىڭ بىر تۇتاش دىنغا ئايلىنىپ ، «تەۋرات» ئەقىدىلىرىنىڭ يەر يۈزىدە ئىجرا قىلىنغانلىقىنى كۆرمىگۈچە ھەرگىز بەخىرامان ئۇخلىمايمەن دەپ قەسەمياد قىلغان . كۈن پاتقاندا ، ئۇ يەمەن دۆلەتلىرىدىكى پادىشاھلار ، تۆرىلەر ، سەركەردىلەر يىغىلغان ئوردا باغچىسىغا بېرىپ ، ئۇلار بىلەن غازات قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ .

— پادىشاھنىڭ ئىشى بىلەن مېنىڭ ئىشىم توقۇنۇشمايدۇ ، — دېدى ھېلىقى ئادەم ، — مەن بۇ يەرگە پادىشاھ بىلەن بىللە جەڭگە چىقىش ئۈچۈن كەلدىم ، مېنىڭ كېلىشىمدىكى مەقسىتىمنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرسەڭ ، ئۇ مېنى چوقۇم چاقىرتىدۇ .

پادىشاھ زۇنۇۋاس ئۆيىدىن چىقىپ ، خىزمەتكارلىرىنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇپ باغقا كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئەمدى سۆزلەي دەپ تۇرۇشىغا ، ياساۋۇل :

— نەجران[1] دىن كەلگەن بىر ئادەم ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ، ئۇ يەھۇدىي دىنىغا پايدىسىز بىر يېڭى دىن ئۈستىدە جانابلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن ، — دېدى .

— يېڭى دىن دەمسەن ! ئۇ ئادەم چاپسان كىرسۇن ، — دېدى پادىشاھ . ھېلىقى ئادەم كىرگەندىن كېيىن پادىشاھقا مۇنداق دېدى :

— پادىشاھىئالەم ، تەختى - بەختىڭىز بەرقارار بولغاي ، دۈشمەنلىرىڭىز يەر بىلەن يەكسان بولۇپ ، مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتكەيسىز . ئى شاھ ئالىيلىرى ، مەن بۇ يەرگە بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ كەلمىدىم ، كۈچ - قۇۋۋىتىڭىزگە تايىنىپ باشقىلارنى بوزەك ئېتىش ئۈچۈنمۇ كەلمىدىم . نەجران دىيارىدا بىر ۋەقە يۈز بەردى ، بۇ ۋەقەگە تەدبىر قوللىنىلمىسا ، ئۇ باشقا جايلارغا يامراپ كېتىدۇ ، ئۇنى يەمەن ياكى تېخىمۇ كەڭ جايلارغا يامراپ كەتمەيدۇ ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ .

— سىنىڭ بۇ خەۋىرىڭ مېنى چۆچۈتتى ، — دېدى

www.alma.cn

[1] نەجران — يەمەندىكى بىر جاي بولۇپ ، مەككىگە يېقىن .

پادىشاھ ، — بۇ خەۋەر بەكمۇ مۇھىم ئىكەن . بۇنى ئوچۇقراق ۋە تەپسىلىيرەك دەپ باققىن !

— يېقىندا ، — دېدى ھېلىقى ئادەم ، — خرىستىئان دىنى دەيدىغان بىر يېڭى دىن نەجرانغا تارقالدى . بۇ دىن تەرەپدارلىرى ئىسانىڭ نامىدا دىن تارقىتىۋاتىدۇ ، غەيرىي دىندىكىلەر بۇ دىننى ياقلاپ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كىرىۋاتىدۇ . لېكىن ، يەھۇدىيلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز دىنىدىن ۋاز كېچىپ ، غەيرىي دىنغا كىردى ، يەنە بىر قىسمىلىرى يەنىلا يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋەردى . ھازىر ئۇلارنىڭ ھالى ياخشى ئەمەس . ئەگەر شاھىم نەجراندىكى يەھۇدىي دىنىغا تېگىشلىك تەدبىر قوللانمىسا ، يەھۇدىي دىنىنىڭ تەسىرى تارىختىن ئۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن .

پادىشاھ ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ :

— بۇ دىن نەجرانغا قانداق تارقىلىپتىكەن ؟ قانداق قىلىپ پۇت تىـــرەپ تۇرالاپتۇ ؟ قانداق قىلىپ كىشىلەرنى مايىل قىلالاپتۇ ؟ قانداق پەيدا بوپتىكەن ؟ بۇنـى تەپسىلىيـرەك ئېيـتىپ باققىن ، — دېدى .

— نەجرانغا ئىككى قـۇل كەپـتىكەن ، — دېـدى ھېلىـقى ئادەم ، — ئۇنىڭ بىرى رۇملۇق ، ئىسمى فىمەييۇن ئىكەن ؛ يەنە بىرى ئەرەب ، ئىسمى سالىھ ئىكەن . فىمەييۇننى خورما دەرىخىگە چوقۇنىدىغان بىر ئادەم سېتىۋاپتۇ . بۇ ئادەم فىمەييۇننىڭ مەردانە ، كـۈچلـۈك ، مـۇلايـىـم ، ئـىشچان ۋە ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئـىشلەيدىغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ . فىمەييۇن كېچىلىرى ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇيدىكەن .

بـىـر كۈنى ئۇنىڭ خوجايىنى ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ . قارىسا فىمەييۇن ناماز ئوقۇۋاتقۇدەك . ئۆيدە چىراغ بولمىسىمۇ ، ئۆي ئىچى يـورۇپـورۇق تۇرغۇدەك . خوجايىن بۇنىشقا ھەيران قاپتۇ ـ دە ، ئۇنىڭدىن : «سەن قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىسەن ، خورما دەرىخىدىن باشقا بىرەر مەبۇدقا ئېتىقاد قىلامسەن ؟ » دەپ سوراپ ، بۇ سىرنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ . فىمەييۇن : «مەن ئاللاغا ئېتىقاد

www.alrre.cn

قىلدىم، ئۇ پادىشاھنىڭمۇ ئىگىسى. ئۇ ھەممە مەخلۇقنى ياراتقۇچىدۇر. پەيغەمبەر ئىسا ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ھەم ئىسپاتلىغان. خورما دەرىخىگە كەلسەك، ئۇنىڭ كىشىگە پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ يوق، ياخشىلىقىمۇ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، بالا - قازانىڭ ئالدىنىمۇ ئالالمايدۇ. ناۋادا سەن قوشۇلساڭ، مەن ئاللادىن خورما دەرىخىگىنى شامال بىلەن قۇرۇتۇۋېتىش ياكى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلاي، ئاللا بۇ تەلىپىمگە قوشۇلسا ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ.

خوجايىن ئۇنىڭغا: «بۇ دېگىنىڭ راستمۇ؟» دەپتۇ. فىمەييۇن: «ئەگەر مەن شۇنداق قىلالىسام، سەن مېنىڭ دىنىمغا ئىمان كەلتۈرەمسەن؟» دەپتۇ. خوجايىن: «بولدى، گېپىم - گەپ!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ فىمەييۇن نامازغا ئولتۇرۇپتۇ - دە، ئاللادىن خوجايىننىڭ خورما دەرىخىنى شامال چىقىرىپ قۇرۇتۇۋېتىشنى ۋە يۆتكەپ كېتىشنى تەلەپ قىپتۇ. خوجايىننىڭ خورما دەرىخى راست قۇرۇپ كېتىپتۇ، غايىب بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خوجايىن ئۇنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىپتۇ. بۇ خەۋەر نەجرانغا تېزلا تارقىلىپتۇ. كىشىلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ بۇرۇنقى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بوپتۇ. ھازىر ئۇ يەردىكى ئادەملەر بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىپ بولدى، قالغانلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

— سەن ئېيتقان بۇ ئادەم، بۇ دىن توغرىسىدىكى ئەھۋال ناھايىتى مۇھىم. سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرغىن، — دېدى پادىشاھ.

ھېلىقى ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— فىمەييۇننىڭ شېرىكى سالىھنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شام[1] دىكى بىر كەنتتە ئەمگەك قىلىۋاتقاندا، فىمەييۇن كەنتكە بارىدىغان بىر يولدا كېتىۋاتقانىكەن. ئۇ بىلىمى مول ئادەم بولغاچقا، سالىھ ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا فىمەييۇننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، فىمەييۇن ئۇنى كۆرمەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ قومۇلۇقتا ناماز

www.alma.cn

[1] شام — ھازىرقى سۈرىيە.

# قاينام

سابا دۆلىتى يەمەندىكى مۇئايىنە دۆلىتىنىڭ خارابىسىگە قۇرۇلدى ھەمدە ئۇنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى. سابالىقلار مول بايلىقنى قوبۇل قىلىپ سىرۋە دېگەن جايدا ھەيۋەتلىك ئوردا بىنا قىلدى، كېيىن ئوردىنى ئۇ يەردىن مەئرىبكە يۆتكىدى. چۈنكى، مەئرىبنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بىرقەدەر ياخشى ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ يەرنى پايتەخت قىلىپ بەلگىلىدى.

يەمەن يېرى مۇنبەت، جىلغا - جىرالىرى تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىپ كەتكەن مەملىكەت ئىدى. مەملىكەت بويىچە تاغدىن سەل بولۇپ كېلىدىغان يامغۇر سۈيىدىن باشقا، دەريا - ئېقىنلار ناھايىتى ئاز ئىدى، تاغدىن كەلگەن سەل قۇملۇققا كىرىپ سىڭىپ كېتەتتى. كىشىلەر سەلدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن تىگەن - دامبا ياساش چارىسىنى قوللىناتتى. شۇڭا، جىلغىلار بىلەن جىلغىلار ئارىسىدا كىشىلەر نۇرغۇن دامبا ۋە ئۆستەڭ ياسىغانىدى.

جىلغا، تاغ كۆپ بولغاچقا، ئەينى زاماندا كىشىلەر بىرنەچچە يۈز تىگەن ۋە دامبا ياسىغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ پۇختا ياسالغان ۋە تاپاۋىتى كۆپ بولغان دامبا مەئرىب دامبىسى ئىدى.

مەئرىب شەھىرى جەنۇب - شىمال تەرەپلىرى چوڭ جىلغىغا قاراپ كەتكەن بىر تۆپىلىككە جايلاشقان بولۇپ، بۇ جىلغا جەنۇبتىن شىمالغا بارغانسېرى تارلىشىپ باراتتى. سارا تېغىدىن چۈشكەن سەل جەنۇبتىكى تار يەردىن ئېقىپ ئۆتەتتى.

سابا پادىشاھى مۇشۇ جىلغىنى بويلاپ كەڭ ھەم خېلى مۇستەھكەم بىر دامبا ياساتتى، دامبىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سۇ چىقىرىش ئۆستەڭلىرىنى قازدۇردى. سۇ بولغاچقا، بۇ جىلغىمۇ

www.alma.cn

مۇنبەت يەرلەرگە ئايلاندى. ئۇ يەردە ياپيېشىل زىرائەتلەر، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك باغۋارانلار پەيدا بولدى، سېرىق قۇملۇق يەرلەر مەخمەلدەك كۆپكۆك ئېتىزلارغا ئايلاندى. ئەگرى - بۈگرى كەتكەن ئېرىق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى، ياۋا قۇشلار دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا خۇشال سايرىشاتتى، مېۋىلەر شاخ - شېخىدا ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. رەڭگارەڭ گۈللەر بۇ يەرنى ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈۋەتتى.

بېشىدا سېۋەت كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ئاياللار باغلارنى ئارىلاپ ئۆتسىلا، سېۋەتلىرى مېۋىگە لىپمۇلىق تولۇپ كېتەتتى... كىشىلەرنىڭ هال - ئوقىتى ياخشى، دارامىتى ئوبدان ئىدى. شۇڭا، بىر تۈركۈم ئادەم سىرتقا چىقىپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. ئۇلار ئاللا بەرىكەت ئاتا قىلغان هىجاز[1] ۋە شام يېزىلىرىغا ئىخلاس باغلاپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەرلەرگە كېلىشتە هەر قېتىم بىرەر - ئىككى ئۆتەڭ يول ماڭغاندا، ئاللا ئۇلارغا ئارام ئالىدىغان جاي، تەملىك تائام ۋە ئىچىدىغان سۇ ئاتا قىلاتتى، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇراتتى. بۇ هال بۇ مۆمىنلەرگە بۇ جاينىڭ هەقىقەتەن بەختلىك بىر ماكان ئىكەنلىكىنى، ئاللانىڭ مەرھەمىتى زور ئىكەنلىكىنى هېس قىلدۇراتتى. ئۇلارنى ئاللا خەلق ئەتكەن، ئۇلار ئاللاغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشى ۋە هەمدۇسانا ئېيتىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئاللا ئۇلارنى ئاچ - يالىڭاچلىقتىن، ۋەھىمىدىن قۇتۇلدۇرغانىدى. لېكىن ئۇلار يەنىلا ئەجدادلىرىنى دوراپ، كونا ئەمرسمەرۇپلارغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىدا ماڭدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ، ئاخىرقى هېسابتا ۋاپاغا جاپا قىلىشتەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئاللا ئۇلارغا پەند - نەسىهەت قىلىش، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ياخشىلىققا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. ئاللا ئۇلارغا ئازابنى تېتىتىش،

www.alma.cn

① هىجاز — سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى بىر جاي.

ئاسىيلارنىڭ جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ھەمدە كېيىنكى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىش ۋە كىمكى ئۇلاردەك ئاشۇنداق قىلسا ، قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش قارارىغا كەلدى .

تىگەن - دامبىلار ۋەيران بولدى ، ئۆي - ئىمارەتلەر ئۆرۈلدى ، جىلغا ، ئورمانلارنى قىيان بېسىپ ، ئېتىز ۋە ئۆي - ئىمارەتلەرنى پۈتۈنلەي غەرق قىلىۋەتتى ، جىلغىلار بۇرۇنقىدەك جىمجىت ، قاقاس قۇملۇققا ئايلىنىپ قالدى . قۇرۇپ كەتكەن ۋە ئاچچىق ياۋا چىلان دەرىخىدىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى . قۇشلار توزۇپ كەتتى ، بۇ خارابىلىكتە پەقەت ھۇۋقۇشلا ھۇۋلايتتى ، قاغا - قۇزغۇنلار قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن دەرەخلەر ئۈستىدە قاقىلدايتتى . بۇ يۇرتنىڭ ئاھالىسى تۇرمۇش مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ، تۈنۈگۈنكى جەننىتىنىڭ قۇملۇققا ، ئوردىنىڭ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، چىداپ تۇرالماي ، ھەسرەت - نادامەت ۋە قەھر - غەزەپ ئىچىدە يات ئەللەرگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشتى . كاسانلار شامغا ، ئەممارلار يەسرىبكە ، كىزالار مەككىگە ، ئازىدلار ئومانغا قېچىپ بېرىشتى ، شۇ چاغدا ئۇلار تولىمۇ يامان ئەھۋالدا قالغانىدى . ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى كېيىنكىلەرنىڭ ھېكايە - چۆچەكلىرى ئۈچۈن ماتېرىيال بولۇپ قالدى .

ئۇلار ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، بۇنى ئوبدان قەدىرلىمىدى ، ئېرىشكەن شان - شۆھرەتنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىدى . شۇڭا ، ئاللا ئۇ ئاسىيلارغا تېگىشلىك جازا بەردى .

www.alma.cn

# پىل قوشۇنى

پادىشاھ زۇنۇۋاس ئىلكىدىكى يەمەن باياشات دۆلەت ئىدى. زۇنۇۋاس پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرغاندا، ئەجدادلىرىنىڭ شانۇشەۋكەت، دۇنيا - دۆلەتكە بېرىلىشتەك قىلمىشلىرىدىن يىرگەندى. ئۇ جىنايەتكە ئېلىپ بارىدىغان بۇنداق قىلمىشلارنى ياقتۇرمايتتى.

بىر كۈنى زۇنۇۋاس يەسرىبتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردىكى بەزى كىشىلەرنىڭ يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى، يەھۇدىي دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى سەزدى. يەھۇدىي دىنىنىڭ ۋەزخانلىرى يەسرىبنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قورغىنى ۋە سۆز مۇنبىرى قىلىۋالغانىدى. ئۇلار بۇ يەردە بىرمۇنچە ئىبادەتخانىلارنى بىنا قىلدى، بۇ ئىبادەتخانىلار ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان چوڭ سورۇنى بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن پادىشاھ زۇنۇۋاسنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا يەھۇدىي دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىشتى. يەھۇدىي دىنى زۇنۇۋاسنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ماس كەلدى. ئۇ بۇ دىننى ياخشى كۆرۈپ قالدى ھەمدە ئۇنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، بارلىق ئەرەبلەرنى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، ئاسىيلارنى جازالاشقا چاقىردى. بىر قىسىم ئەرەبلەر زۇنۇۋاسقا بويسۇندى. ئۇلاردىن بىرمۇنچىلىرى ئۇنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ شۇنداق قىلىشقانىدى، چىن كۆڭلىدىن بەيئەت قىلغانلار ناھايىتى ئاز ساندا ئىدى. زۇنۇۋاسنىڭ تەسىرى بارغانسېرى زورايدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن قورقۇپ، بۇ يېڭى دىنغا تۈركۈم - تۈركۈملەپ

كىرىشكە مەجبۇر بولدى .

لېكىن ، نەجرانلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېڭى دىنى — خرىستىئان دىنى بار ئىدى ، ئۇلار زۇنۇۋاسنىڭ دۆلىتىگە قارشى تۇراتتى ، ئۆزلىرىنىڭ خرىستىئان دىنىغا قەتئىي ئېتىقاد قىلاتتى .

زۇنۇۋاسنىڭ قوترىتىشى ۋە قايمۇقتۇرۇشى بىلەن نەجران ئاھالىلىرىگە قارشى تۇرماقچى بولغان ئادەملەر زۇنۇۋاسنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى . ئۇلار بۇ پادىشاھتىن نەجرانلىقلارنىڭ مەھكەم تاقىۋالغان ئوردىسىنى ۋەيران قىلىشىنى ، كىرگىلى بولمايدىغان قورغىنىنى ئېچىۋېتىشىنى ، يەھۇدىي دىنىنى يوقىتىۋېتىش ئالدىدا تۇرغان خرىستىئان دىنىنى يوقىتىپ ، ئۇنى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىشىنى تەلەپ قىلدى .

زۇنۇۋاس ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ ، بۇ بولمىغۇر مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى . ئۇ نەجرانغا كېلىپ ، ئاھالىلەرنى ئۆز دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىدى ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى . ئۇنىڭ ھوقۇقى ۋە ھەيۋىسى نەجرانلىقلارنى قورقۇتالمىدى . ئۇلار ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرىۋەردى . زۇنۇۋاس ئۆزىنىڭ رەقىبلىرى بارلىقىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى ، ئۆز دىنىغا قارشى چىقىدىغان ئادەمنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلمايتتى ، شۇڭا يوغان خەندەك قازدۇرۇپ خەندەك ئىچىگە ئوت ياقتى ، بۇنىڭ يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان ئادەملەرگە بېرىلىدىغان جاۋاب ، ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازا ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇردى . لېكىن بۇ ئىشمۇ كىشىلەرنى تىز پۈكتۈرەلمىدى ، ئۇلار ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرىۋەردى . زۇنۇۋاس بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەندەكتىكى ئوتقا تاشلاپ ، كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى .

www.alma.cn

•

ئوتتىن قېچىپ چىقىپ ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بىر ئادەم

رۇم پادىشاھىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ، ئۇنىڭدىن قوشۇن ئەۋەتىپ زۇنۇۋاسقا ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى . پادىشاھ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن :

— سېنىڭ مەملىكىتىڭ بىزگە ناھايىتى يىراق ، شۇڭا مەن ھەبەشىستان پادىشاھىغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي ، ئۇنىڭ مەملىكىتى سىلەرگە يېقىنراق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ يەھۇدىي دىنىغا قارشى ، — دېدى . ئاندىن نەجاشىغا[1] قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ ، ئۇنى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى . ھېلىقى ئادەم خەتنى ئېلىپ ھەبەشىستانغا بېرىپ ، نەجاشىغا ئۆز قوۋمىدىكىلەرنىڭ پاجىئەلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلىپ ، خرىستىيانلارنىڭ بەختسىزلىكلىرى ئۈستىدە ھال ئېيتتى .

نەجاشى خرىستىيان دىنى نۇرىنىڭ ئاشۇ رايوندا ئۆچۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايتتى ، شۇڭا ئۇ خرىستىيانلارنى ئۆلتۈرۈپ ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى تالان ـ تاراج قىلغان ، يەر ـ زېمىن ، زەل ـ زىرائەتلىرىنى خاراب قىلغان ئاشۇ ئادەملەرنى جازالىماقچى بولدى ، يېتەرلىك لەشكەر تەييارلاپ يەمەنگە ماڭدۇردى[2] .

ئىككى تەرەپ قوشۇنى دەسلەپكى جەڭگە كىرىشكەندىلا ، زۇنۇۋاسنىڭ قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى . ئاخىردا يەمەن ئىستېلا قىلىنىپ ، نەجاشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەمەن ھەبەشىستان خرىستىيانلىرىنىڭ يېقىندى يېرى بولۇپ قالدى[3] .

كېيىن ، ئەبرەھە ھەبەشىستاننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ ، خرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى . بۇ كىشىلەرنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارىدىغانلىقىنى

---

[1] نەجاشى — ھەبەشىستاننىڭ قەدىمكى پادىشاھىنىڭ ئىسمى .

[2] ئەينى چاغدا ھەبەشىستانلىقلارنىڭ يەمەنگە قارشى ئۇرۇشى دىنىي سەۋەبلەردىن ئەمەس ، بەلكى سودا يوللىرىنى كونترول قىلىش سەۋەبىدىن بولغان

[3] يەھۇدىي دىنى يەھۇدىيلارغا خاس بولغان ، مەلۇم رايون خاراكتېرلىك دىن ، ھازىرمۇ شۇنداق . ئۇ خرىستىيان دىنى ئىسلام دىنلىرىغا ئوخشاش كەڭ تارقالمىغان . يەمەندە يۇقىرىلار ئومۇمەن يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىيان دىنىدىن يىرگىنىدۇ . شۇڭا ئۇلار بۇ دىنلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئېتىقاد قىلمايدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن .

www.ilmam.cn

كۆرۈپ ، قۇرەيشلەر ئاسقان گۆلچەمبىرەكنى تارتىۋېلىپ ، كىشىلەرنى مەككىدىن ئۆز دۆلىتىگە جەلپ قىلماقچى ۋە ئۇلارغا ئۆز دىنىنى قوبۇل قىلدۇرماقچى بولدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ ساناداا بىر چېركاۋ بىنا قىلدى ۋە ئۇنى كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغۇدەك بېزىدى ، ئۇنىڭغا يەنە ناھايىتى ھەشەمەتلىك سەرەمجانلارنى تىزدى . ئۇ مۇشۇنداق قىلسام ، ئەرەبلەرنى ۋە مەككىلىكلەرنى جەلپ قىلالايمەن ، دەپ ئويلايتتى . لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ يەنىلا ئىلگىرىكى يەرگە بېرىۋاتقانلىقىنى ، ھەتتا يەمەنلىكلەرنىڭمۇ ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى سەزدى . ئەرەبلەر كەبىنىڭ رىقابەتچىسى پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ، ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان بۇتلار بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان كىشىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ، ئەبرەھەنىڭ چېركاۋىنى قەستەن ئاياغ ئاستى قىلدى .

ئەبرەھە بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بەكمۇ غەزەپلەندى . ئۇ كەبىنى ۋەيران قىلىشقا ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان بۇ مۇقەددەس جاينى چېقىپ تاشلاش ، ئۆزىنىڭ چېركاۋى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ، كىشىلەرنى كەبىدىن كېچىپ چېركاۋغا كېلىدىغان قىلىشقا قەسەم قىلدى .

ئۇرۇش تەييارلىقى پۈتتى . ئەبرەھە ئالدىدا يوغان پىلنى ماڭدۇرۇپ ، زور قوشۇننى باشلاپ ، ئەرەبلەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان ۋە يىغىلىدىغان يېرىنى خاراب قىلىش ئۈچۈن مەككىگە ماڭدى .

ئەرەبلەر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان ماكانىنى خرىستىيانلارنىڭ ۋەيران قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىققا قەسەم قىلىشتى . زۇنەۋىل ئىسىملىك ئابرۇيلۇق بىر كىشى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ ، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى ، يەمەنلىكلەرنى ۋە باشقا ئەرەبلەرنى ئەبرەھەگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى . لېكىن ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى ۋە ئەسىرگە چۈشتى .

ۋەھالەنكى، ئەبرەھەگە قارشى كۆرەش قىلىش بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمىدى، ئەرەبلەرنىڭ كۆرىشىمۇ توختىمىدى، زادى توختىمىدى، چۈنكى غەزەپ ـ نەپرەت كۆپ ساندىكى ئەرەبلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يېرىم ئارىلىنى قوغداشقا ئۈندەيتتى، دىنىنى قوللاشتىكى قىزغىنلىق ئۇلارنى بېرىپ جەڭ قىلىشقا ئىلھاملاندۇراتتى.

ئەمما ئەبرەھەنىڭ لەشكەرلىرى ئۇ چاغدا بەك كۈچلۈك ئىدى.

ئەبرەھە بېشىغا نۇسرەت تاجىنى كىيىپ، كۆكسىگە غالىبلار نىشانىنى تاقاپ مەككىگە ئاتلاندى. ئاجىز ئەرەب قەبىلىلىرى ئۇنىڭغا تىز پۈكتى، قەبىلىلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقى ۋە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەبرەھە بىخەتەرلىك ئۈچۈن، بىرەر ئادەمنىڭ بۇ زور قوشۇنغا يول باشلاپ مېڭىشىغا موھتاج ئىدى.

يول باشلىغۇچى ئەبۇرىجال بىلەن ئەبرەھە مۇغەمەسكە كېلىپ چۈشتى.[1] قوشۇن ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەر مەككە ئەتراپىدىكى قۇرەيش ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھەدەپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا باشلىدى، ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ھاشىمنىڭ ئىككى يۈز تۆگىسىنىمۇ بۇلاپ كېتىشتى. شۇ چاغدا ئابدۇلمۇتتەلىب قەبىلىنىڭ باشلىقى بولۇپ، تاۋاپقا كەلگۈچىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى قىلاتتى. قۇرەيشلەر ۋە مەككە ئاھالىلىرى ئەبرەھەگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، نائىلاج ئۇنىڭ بوزەك قىلىشىغا قاراپ تۇرۇشتى.

ئۇلار ئېغىر كۆلپەت تارتىپ قايغۇ ئىچىدە تۇرغان چاغدا، ئەبرەھەنىڭ بىر ئادىمى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ، مەككىنىڭ ھوقۇقى كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى سورىدى، ئۇلار بۇ ئادەمنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ھاشىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كېلىشتى. ھېلىقى ئادەم ئابدۇلمۇتتەلىبكە:

www.aima.cn

[1] تائىفقا بارىدىغان يولدا ئەبرەھەگە يول باشلىغۇچى ئەبۇرىجالنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ بار — [illegible] تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

— پادىشاھىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، كەئبىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئىكەن. ئەگەر سىلەر ئۇرۇشىمىز دېمىسەڭلار، ئۇ سىلەرگە قورال تەڭلىمەيدۇ، — دېدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب:

— بىز قورال ئىشلىتىشنى خالىمايمىز ھەم ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگىمۇ تەڭ كېلەلمەيمىز، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، سەن مەن بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىن. ئۇ ماڭا سېنى بىللە ئېلىپ كېلىشىمنى بۇيرۇغان، — دېدى ھېلىقى ئادەم. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇلمۇتتەلىب ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە ئوغۇللىرى، شۇنىڭدەك مەككىنىڭ بەزى ئاھالىلىرى ھېلىقى ئەلچى بىلەن بىللە ئەبرەھەنىڭ بارگاھىغا باردى. ئابدۇلمۇتتەلىب ئەبرەھەگە:

— مەن بارلىق قۇرەيشلەرنىڭ باشلىقى، — دېدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب كۆچلۈك، زەبەردەس ئەر بولۇپ، ناھايىتى سۈرلۈك ۋە تەمكىن كۆرۈنەتتى. ئەبرەھە ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىدى ۋە ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئەبرەھە ئۇنى ئۆز ئايىغى ئاستىدا تىز پۈكتۈرۈشنى خالىمىدى، لېكىن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئۆزى بىلەن بىر ئورۇندا ئولتۇرغانلىقىنى ھەبەشىستانلىقلارنىڭ كۆرۈشىنىمۇ خالىمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى گىلەمدە ئولتۇرۇپ، ئابدۇلمۇتتەلىبنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن نېمە تەلىپى بارلىقىنى سورىدى. ئابدۇلمۇتتەلىب بۇلاپ كېتىلگەن تۆگىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەبرەھە ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى كۆرۈپلا، ساڭا ئاپىرىن ئوقۇپ قالدىم. تۆگىلىرىڭگە كەلسەك، مەن ئۇنىڭغا قىزىقمايمەن. مەن بۇ يەرگە كەئبىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، بىراق سەن بۇ ھەقتە لام-جىم دېمەيۋاتىسەن، — دېدى. ئابدۇلمۇتتەلىب:

— مەن تۆگىلەرنىڭ ئىگىسى بولىمەن، ئەمما كەبىنىڭمۇ

www.alma.cn

ئىنگىسى بار . ئۇنىڭ ئىگىسى سېنىڭ ئۇنى بۇزۇشۇڭغا يول قويمايدۇ ، — دېدى .

— مېنى ھېچقانداق نەرسە توسۇيالمايدۇ ، — دېدى ئەبرەھە .

— ئۇنداق بولسا ، ئىختىيارىڭ ! — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇلمۇتتەلىب .

ئەبرەھە دەررۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى ۋە ئۇنىڭغا بىرقانچە تۆگىنىمۇ قايتۇرۇپ بەردى . بۇ چاغدا مەككە ئاھالىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئەبرەھەدىن كەبىنى ۋەيران قىلماسلىقنى ئۆتۈندى ۋە ئالماشتۇرۇش شەرتى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا مەككىدىكى مال - مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىشكە ماقۇل بولدى . ئۇ بۇ گەپلەرگە پىسەنتمۇ قىلمىدى ، ھەرقانداق تۆلەمنى قوبۇل قىلىشنىمۇ رەت قىلدى . ۋەكىللەر ئۈمىدسىز ھالدا مەككىگە قايتىشتى .

ئابدۇلمۇتتەلىب كىشىلەرگە جاننى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ، تاغقا بېرىپ يوشۇرۇنۇش ۋە بەختسىزلىكتىن ساقلىنىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى . بىر كۈنى كېچىدە ، كىشىلەر زامان - زاماندىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىشقا تەييارلاندى . بۇ چاغدا ، تاغ ئۈستى ۋە كوچىلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئادەملەر مىغىلدايتتى ، تۆگىلەر بۆكرەيتتى ، قويلار مەرەيتتى . ئاياللار ، بالىلار قىيا - چىيا قىلىشىپ ، ئۆرتتۆپە بولۇپ بەكمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى .

ئابدۇلمۇتتەلىب بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېچىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ ، بىر قىسىم قۇرەيش كىشىلىرى بىلەن كەبىگە كەلدى . ئۇلار كەبىنىڭ دەرۋازىسىدىكى ھالقىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ ، باشقىلار بىلەن بىللە دۇئا قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ئاللادىن ئەبرەھە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ، كەبىنى قوغداپ قېلىشنى ئىلتىجا قىلاتتى . ئۇلار دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئۇلار ئۇ يەردە قاراقچى ئەبرەھەنىڭ مەككىگە قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى كۈزەتمەكچى ئىدى .

بۇ چاغدا مەككە ئادەمسىز ئىدى . ئەبرەھە كەبىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى باشلاپ توپتوغرا مەككىگە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولدى . ئۇنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى ۋە پىل قوشۇنى سەپراس بولۇپ تۇرغاندا ، ئاللا ئۇلارغا ئېغىزلىرىدا تاش ئېلىپ كەلگەن بىر توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى . قۇشلار تاشلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى ۋە پۇت - قوللىرىنى ئېزىۋەتتى ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقۇملۇق كېسەل تارقاتتى . ئاخىردا ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك جەسەتكە ئايلاندى .

ئەبرەھەگىمۇ ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش تاش تەگدى . ئۇ قورقۇپ كەتتى . ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ ، قوشۇنىنىڭ تارمار بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، قۇتۇلۇپ قالغان لەشكەرلىرىگە دەرھال يەمەنگە قايتىش توغرىسىدا ئالدىراپ - تېنەپ بۇيرۇق چۈشۈردى . ساناغا كەلگەندە ئادەملىرى دەرمانىدىن كەتكەنىدى . ئۇزاق ئۆتمەي ، ئەبرەھەنىڭ ئۆزىمۇ جان بەردى .

شۇنداق قىلىپ ، ئاللا قۇرەيشلەرنىڭ كەبىسىنى قوغداپ قالدى ، ئۇلارنىڭ كۈچىنىمۇ ساقلاپ قالدى ، بۇ مۆجىزە مەككىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈردى . ئۇنىڭ ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇ شان - شۆھرىتىنى تىرىشىپ قوغداپ ، كەمسىتىشكە ئۇرۇنغان ۋە چېقىلىشقا پېتىنغان ھەرقانداق ئادەمگە زەربە بېرىشكە بەل باغلىدى .

بۇ ھال مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ۋەزنىنى كۈچەيتتى . چۈنكى ، ئۇ ئېسىل نەسەبتىن كېلىپ چىققان ۋە قەدىمىي كەبىنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغانىدى ..

بۇ ئاجايىپ ۋەقەدۇر ، چۈنكى ئاللا ئۇلارنىڭ پىل قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ياخشى نامىنى تارىختا قالدۇردى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەرەبلەر بۇ ۋەقەنى تىللاردا داستان قىلىپ قالماستىن ، بەلكى بۇ كۈننى بايرام سۈپىتىدە خاتىرىلەيدىغان ۋە ئەۋلادلىرىنى بۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان قىلدى .

www.alma.cn

# بىلال

ئۇمەييە ئىبن خەلەفنىڭ ئائىلىسىگە بىر ئەر كەلدى. ئۇمەييە كەلگەن بۇ كىشىنى ئۆز مېھمانخانىسىدا قوبۇل قىلدى. ئۇ كىشى:
— سەن بىرەر گەپ - سۆز ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ياق، — دېدى ئۇمەييە.
— مەن بىلالنىڭ مۇھەممەدنى ئىزدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى كەلگەن كىشى، — ئۇ بەزىدە كۈندۈزلىرى، بەزىدە گۇگۇم چۈشكەندىن كېيىن بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يول مېڭىشىدىن گويا بىرەر كىشى كۆرۈپ قالارمىكىن، دەپ قورققاندەك ئالامەت چىقىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن ئۇنى مۇھەممەدنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، خۇددى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش ئاشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلدىمىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن.
— ئېيتقىنىڭ راستمۇ؟ ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇمەييە ئۇنىڭدىن.
— بۇ گېپىمدە چاتاق يوق، — دېدى ھېلىقى كىشى، — مېنىڭ ساڭا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشتىن مەقسىتىم، سېنى بۇ قۇلنى ئەدەپلەپ قويسۇن، ئۇنىڭ بۇ ئاسىيلىقىنى جازالىسۇن، دېمەكچى. چۈنكى بۇ ئاسىيلىقىنىڭ يالقۇنى يۇقىرىلار ئىچىدە، ھەتتا مەرتىۋىلىك كىشىلەر ئىچىدىمۇ ئەۋج ئالماقتا.

ئۇمەييە مېھمانخانىسىدىن ھۇجرىسىغا كىردى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، بىلالغا ئۆچلۈكى ۋە نەپرىتى كەلدى.

بىلال قايتىپ كەلدى. ئۇ يۈرىكى پوك - پوك ھالدا ئۇمەييەنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى. ئۇمەييە بۇ قۇلنىڭ كۆزلىرىدىن بولدۇقلاپ ياش چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپ ئوتى يۈرىكىدىن پارتلاپ

چىققۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇمەييە ئۇنىڭغا:

— تۇرقۇڭدىن قارىغاندا، ماڭا بىرەر گېپىڭ باردەك تۇرىسەنغۇ؟ كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلىۋاتىسەن؟ سەن راستىنلا مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇرۇۋاتامسەن؟ سەن ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ بىمەنە، يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىپ، لات ۋە ئۇززا[1] غا ئاسىيلىق قىلىپ، قۇرەيشلەر ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئىلاھلىرىغا ئىشەنمەيدىغان بولدۇڭمۇ؟ — دېدى.

— ئۆز ئەھۋالىم توغرىسىدا سىزدىن بىر نەرسە يوشۇرۇشنى خالىمايمەن، — دېدى بىلال، — مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بارغانلىقىم راست. مەن ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىسىگە ۋە چاقىرىقىغا ئىشەندىم. بىراق، مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنى سىزگىلا دەيمەن، ھەممە كىشىنىڭ بىلىپ كېتىشىنى خالىمايمەن.

ئەجەبا، سەن مېنىڭ چاكىرىم، قۇلۇم ئىكەنلىكىڭنى، باشقا نەرسىلىرىمگە ئوخشاش مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدا ئىكەنلىكىڭنى بىلمەمتىڭ؟ — دېدى ئۇمەييە، — مەن سېنىڭ تېنىڭنىلا ئەمەس، مېڭەڭنىمۇ سېتىۋالغان. سېنىڭ يەتتە ئەزايىڭ ۋە جېنىڭ مېنىڭ ئىلكىمدە. نېمىگە ئىشەنگۈڭ كەلسە، شۇنىڭغا ئىشىنىشىڭگە، بولمىغۇر ئوي - خىياللاردا بولۇشىڭغىمۇ ھەددىڭ يوق. ئۆز خوجىسىنىڭ دىنىغا ئىشەنمەي تاپتىن چىققان بۇنداق قىلىق نېمىگە كىرىدۇ؟

— مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز، ئەسىرىڭىز، چاكىرىڭىز، مالىيىڭىز، بۇنىڭدىن تانمايمەن، — دېدى بىلال، — مېنى قاراڭغۇ كېچىدە بىرەر ئەزىم دەريانى توس دەپ بۇيرۇسىڭىز، ئۇنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن؛ ئەگەر چىڭقىچۇشتىكى پىژ - پىژ ئاپتاپتا تاش توشۇ دېسىڭىز، بۇنىڭغىمۇ ئىككىلىنىپ تۇرمايمەن. ئەمما مېڭەم، پىكىر قىلىشىم ۋە ئېتىقادىمغا كەلسەم، بۇ جەھەتتە سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە بويسۇنالمايمەن. مېنىڭ بۇ جەھەتلىرىم سىزنىڭ باشقۇرۇش دائىرىڭىزگە كىرمەيدۇ. مېنىڭ

www.alma.cn

[1] لات ۋە ئۇززا — قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ ئىككى مەبۇدى — ت.

ئېتىقادىمىنىڭ، مېنىڭ ئىسلام دىنىمىنىڭ سىزگە نېمە زىيىنى بار؟ سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلسام، قانۇن - پەرمانلىرىڭىزغا بويسۇنسام بولدىغۇ، ئۆز مېڭەم ۋە پىكىر قىلىشىم ئۆز ئىلكىمدە بولسا، بۇنىڭ سىزگە پۇتلىشىدىغان نېمىسى بار؟

ئۇمەييە قاتتىق غەزەپلىنىپ مۇنداق دېدى:

— ھەي قۇل، سېنىڭ بېشىڭدىن تارتىپ پۇتۇڭغىچە، يەنى خىزمىتىڭ، پىكىر قىلىشىڭ، ھەتتا يۈرىكىڭنىڭ سوقۇشى، نەپەس ئېلىشىڭ، مىدىرلىشىڭدىن تارتىپ ھەممىسى مېنىڭ ئىلكىمدە، سېنىڭ ھېچقانداق ئەركىنلىكىڭ يوق. مەن سېنى قاتتىق جازالاپ، ئېتىقادىڭنى يۈرىكىڭنىڭ قات - قېتىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، قەلبىڭدىكى خام خىيال تورلىرىنى چۇۋۇۋېتىمەن، — ئۇمەييە گېپىنى تۈگىتىپلا بىلالنىڭ قول - پۇتىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، مىسلىسىز غەزەپ - نەپرەت ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن جازالىغىلى تۇردى. ئۇمەييە ئۇنى مەككە جىلغىسىدىكى ياشلارغا تېپىپ ئويناشقا تاپشۇردى.

ئۇمەييە بىلالنىڭ ئۆز ئېتىقادىدىن يانغان - يانمىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن روھىي ۋە جىسمانىي جازانىڭ ئۇنۇمى قانداق بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كەچتە ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئاللاغا ئېتىقاد باغلىغان كىشى ئۈچۈن جازا قانچىلىك نېمىتى؟ قول - پۇتنى باغلاش كارغا كېلەمدۇ؟

— بىلال، ساڭا بېرىلگەن بۇ جازاغا قانداق قارايسەن؟ ئېتىقادىڭدا تۇرۇۋېرەمسەن ياكى لات ۋە ئۇززانىڭ قېشىغا قايتىپ بارامسەن؟ قېنى، قايسىسى ياخشى؟ — دېدى ئۇمەييە. بىلال ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئازاب - ئوقۇبەت تارتىشقا رازى بولۇش، ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇش، جازانى پىسەنت قىلماسلىق ئالامىتى ئىپادىلەندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گويا زۇۋانغا كىرىپ: سېنىڭ قامچاڭ تېنىمنى ئازابلىشى، ئارغامچاڭ بوينۇمنى، پۇت - قوللىرىمنى باغلىشى، ھەتتا سېنىڭ ئوقۇڭ كۆكسۈمنى تېشىپ ئۆتۈشى، قىلىچىڭ كاللامنى چېپىۋېتىشى مۇمكىن، لېكىن

قەلبىمنى ، مېڭەمنى ، دىنىمنى ۋە ئېتىقادىمنى زورلۇق كۈچ بىلەن تىزگىنلىيەلمەيسەن . سەن قورال ۋە ھوقۇقۇڭغا تايىنىپ مەقسىتىڭگە يېتەلمەيسەن ، دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

بىلال ئۇمەييەگە بىر قارىغاندىن كېيىن :

— بېشىمغا كەينى - كەينىدىن بالا - قازا ، ئازاب - كۈلپەت كەلسىمۇ ، بىر خۇدالىق دىنىدا چىڭ تۇرىمەن ، خاھىشىم ۋە ئېتىقادىمنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيمەن ، — دېگەن گەپنىلا قىلدى .

ئەتىسى ئوتتەك ئاپتاپتا قۇملۇق راسا ئىسسىپ ، يەر يۈزى خۇددى كۆيۈۋاتقاندەك قىزىغان چاغدا ، ئۇمەييە بىلالنى يەردە ياتقۇزدى ، ئاندىن يوغان بىر پارچە تاشنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ قويدى . ئاپتاپ ئۇنىڭغا خۇددى ئۆتكۈر يا ئوقىدەك سانجىلاتتى . شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن چاڭ - توزانمۇ ئۇنىڭغا ئۇرۇلاتتى . لېكىن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تىز پۈكتۈرەلمىدى . ئۇنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا ، ئاتىلار سۆزىگە ۋە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە بولغان چوشەنچىسى قىلچىمۇ ئۆزگەرمىدى . ئۇنىڭ ئېتىقادى مۇنداق ئىدى : ئاللا بىردىنبىر ئىلاھدۇر ، مەن ئاللاغا تەلپۈنىمەن ، ئاللاغا سۆيۈنىمەن . بۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەر مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ۋە مېنىڭ ئېتىقادىمنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ ، پەقەت ئاللانىڭ ئۆزىلا مېنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرالايدۇ . ئارزۇ - ئۈمىدلىرىم چوڭ بولمىسىمۇ ، غايە ئارقانلىرىم ئىنچىكە ، ئاجىز بولسىمۇ ، لېكىن چوڭ بالايىئاپەت بولغان كۈنلەردە ئاللا مېنىڭ بىردىنبىر مەدەتكارىمدۇر . پەقەت ئاللا مۇھەممەدنى ئەلچى ۋە ئىشەنچلىك يېتەكچى قىلدى . مېنىڭ ئۇنىڭ ئۈممىتى ۋە ساھابىسى بولۇپ قالالىغانلىقىم ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتىدۇر . ئۇنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ، مەن بۇ بەختسىزلىككە سەۋر - تاقەت قىلىپ ، تەقدىرنىڭ ھۆكمىگە بەرداشلىق بېرىمەن .

بىلالغا بېرىلگەن جازا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇردى . ئۇمەييەنىڭ غەزىپى ۋە ئۆچلۈكىمۇ

www.alma.cn

كۆندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ باردى . بىراق ئۇ بىلالدىن سەۋر ـ تاقەت ، سۈكۈتتىن باشقا جاۋاب ئالالمىدى . بىر كۈنى ئەبۇبەكرى مەككىدىكى بىر كىچىك كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، بىلالنىڭ ئازاب چېكىپ ناله قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ؛ ئۇمەييەنىڭمۇ خۇددى يېنىدا بىر كىشى يوقتەك مەغرۇر قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى كۆردى . قارىماققا ئۇنىڭ ئاچچىقى يانغاندەك تۇراتتى . ئەبۇبەكرىنىڭ بىلالغا رەھمى كېلىپ ، ئۇمەييەگە مۇنداق دېدى :

— بولدى قىلغىن ! ئەمدى بۇ بىچارىنى قىيىن ـ قىستاق قىلىۋەرمە ، ئۇنىڭ بۇ ناله ـ پەريادىنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى ؟ ئازاب ئىچىدىكى يىغا ـ زارىنىڭ ساڭا نېمە مەنپەئىتى بار ؟ ئۇ نېمە گۇناھ قىلدى ؟

— بۇ مېنىڭ قۇلۇم ، مېنىڭ مۈلكۈم ، — دېدى ئۇمەييە تەلۋىلىك بىلەن ، — ئۇنى قانداق جازالىغۇم كەلسە ، شۇنداق جازالايمەن . ئۇنى مۇشۇ ئازابقا سالغان سەن ۋە سېنىڭ خوجاڭ . ئەگەر ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىغان بولسا ، سەن ئۇنى سېتىۋېلىپ ، ئۇنى بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇر . ئۇ مېنىڭ قۇلۇم ئىكەن ، ئۇ تاكى لات بىلەن ئۇززا قېشىغا يېنىۋاشتىن قايتمىغۇچە ، ئۇنىڭغا بېرىدىغان جازانى ھەرگىز توختاتمايمەن .

ئەبۇبەكرى بىلالنى كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش پۇرسىتى كەلدى ، دەپ ئويلاپ ، ئۇمەييەگە :

— بولدى ، مەن بىلالنى سېتىۋالدىم . ھازىردىن باشلاپ سېنىڭ ئۇنى باشقۇرۇشقا ھەققىڭ يوق . ھەي بىلال ، سېنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىدىن ياخشىلىق كۆرىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن ، — دېدى .

ئەبۇبەكرى بىلەن ئۇمەييەنىڭ بىرى مۆمىن ، بىرى كاپىر ، بىرى پاك ، بىرى پاسىق ئىدى . ئاللا ئەبۇبەكرى بىلەن ئۇمەييە ھەققىدە بىر ـ بىرىدىن ناھايىتى ئېنىق پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل يەكۈن چىقاردى : «سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاختىن

ئاگاھلاندۇردۇم. ئۇنىڭغا بەتبەخت ئادەملەر كىرىدۇ. ئۇمەيبە ھەقنى ئىنكار قىلدى ۋە ھەقتىن يۈز ئۆرىدى. ئەڭ مۇتتەقى[1] ئادەم ئۇنىڭدىن يىراق قىلىنىدۇ. ئۇ پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر. ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىمۇ مەمنۇن بولىدۇ.» بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى ئادەم ۋە ئۇلار ھەققىدە چىقىرىلغان بۇ يەكۈن بىر ـ بىرىدىن نېمىدېگەن پەرقلىق ـ ھە!

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

① مۇتتەقى — ئەيۋەكرىنى كۆرسىتىدۇ.

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسراسى[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈندىلىك ئۆششاق ـ چۈششەك ئىشلار ۋە ئاخىرقى بىر قېتىملىق نامىزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ئۇممۇھانىنىڭ ئائىلىسىدە بىر كېچە قوندى. ئۇممۇھانى رەسۇلۇللانىڭ تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ قىزى، رەسۇلۇللانىڭ قوللىغۇچىسى ئىدى. تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغان، كىشىلەر تاڭ بىلەن تەڭ ئويقۇدىن ئويغانغان چاغدا، رەسۇلۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ نامازغا ھازىرلاندى. ئۇ تەرەت ئېلىپ، نامازنى ئوقۇپ بولدى. ئۇممۇھانى رەسۇلۇللانى ئاللا پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىلتىپات قىلغان، ئەمما باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. چۈنكى، ئۇممۇھانى ئاخشام زور بىر ۋەقەنى — ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈشنى كۆرگەنىدى. بۇ ئاللا ئۇممۇھانىغا ئالاھىدە ئاتا قىلغان بەخت ۋە شەرەپ ئىدى.

رەسۇلۇللا:

— ئۇممۇھانى، سەن كۆرگەندەك، ئاخشام مەن سىلەر بىلەن بىللە خۇپتەن ئوقۇدۇم، ئاندىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ نامازدا بولدۇم. بايا مەن يەنە سىلەر بىلەن بىللە بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم، بۇ ساڭا ئايان. ئەمدى مەن ئاللانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قۇرەيشلەرگە كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى.

ئۇممۇھانى ئىسلام دىنىغا ئېتىقادى كۈچلۈك مۆمىن ئىدى. شۇڭا ئۇ رەسۇلۇللانىڭ كۆرگەنلىرىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى، لېكىن ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ خەتەرلىك ۋە مەككار ئىكەنلىكىنى ئوبدان

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

① ئىسرا — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كېچىدە مەسجىتى ھەرەمدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىلەتتى، ئۇلارنىڭ قانچىلىك كاززاپ ۋە ئالدامچى ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. روسۇلىللانىڭ ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن، ئۇلارنىڭ مەسخىرىسى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، روسۇلىللانىڭ پېشىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— ئۇكام، مەن سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، سېنىڭ ئىشلىرىڭنى يالغانغا چىقىرىدىغان، تەشەببۇسلىرىڭنى ئىنكار قىلىدىغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قېشىغا بارمىغىن، ئۇلارنىڭ ساڭا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىپ قۇرەيشلەرنىڭ قېشىغا بارماسلىقنى، ئاللا تەرىپىدىن كۆرگەن مۆجىزىلەرنى ئىچىدە ساقلاشنى تەلەپ قىلدى.

روسۇلىللا ئاللانىڭ ئەلچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ هازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان تۇرسا، قانداقمۇ قورقسۇن؟ ئۇلۇغ بىر ۋەقە ئۇنىڭغا ئايان بولغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ گەپ - سۆز قىلماي يۈرەلىسۇن؟ ئۇ مەككارلاردىن ۋە هاقارەتتىن، باشقىلارنىڭ مەنسىتمەسلىكى ۋە ئالدىنىشىدىنمۇ قورقمايدۇ، شۇڭا ئۇ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، قەتئىي، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

روسۇلىللا قۇرەيشلەر بىلەن قورقماي سۆزلىشىۋېرەتتى. ئۇمموهانى تېخىمۇ ئەنسىرەپ، نەبىئەنى — ئىشەنچلىك قوشنىسى ۋە خەۋەرچىسىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— سەن روسۇلىللانىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ قۇرەيشلەرگە نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ماڭا يەتكۈزگىن، — دېدى.

نەبىئە روسۇلىللانىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ئاردىن ئانچە ئۆتمەيلا ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئۇمموهانىغا مۇنداق دېدى:

— روسۇلىللا هازىر كەبە بىلەن هەجەرۇلئەسۋەد ئارىلىقىدىكى هەتىمدا. ئەبۇجەهىل روسۇلىللانى كۆرگەندە، يەنىلا ئىلگىرىكىدەك تەهدىت ئارىلاش: «سېنىڭ ئىشىڭ بارمىدى؟» دېدى. روسۇلىللا: «هەئە، ئاخشام مەن ئىسراغا چىققانىدىم» دەپ جاۋاب بەردى.

www.alma.cn

ئەبۇجەھىل : «سەن قەيەرگە باردىڭ ؟» دەپ سورىدى . روسۇلىللا : «ئېرۇسالىمغا» دەپ جاۋاب بەردى . ئەبۇجەھىل يەنە : «ئېرۇسالىمغا بارغاندىن كېيىن يەنە بىزنىڭ ئارىمىزغا قايتىپ كەلدىڭمۇ ؟» دەپ سورىدى . روسۇلىللا : «ھەئە» دېدى . ئەبۇجەھىل : «خەقلەرنى يىغسام ، ماڭا ئېيتقانلىرىڭنى ئۇلارغىمۇ ئېيتىپ بېرەلەمسەن ؟» دېدى . روسۇلىللا : «ئەلۋەتتە ئېيتىپ بېرەلەيمەن» دېدى . ئەبۇجەھىل يۈگۈرۈپ كەتتى ۋە كېتىۋېتىپ : «ئەي ، كەئىب ئىبن لۇ ئەي جەمەتى ، چاپسان كېلىڭلار !» دەپ توۋلىدى .

— نەبىئە ، ئولتۇرۇپ سۆزلىگىنە . كېيىن قانداق بولدى ؟ — دېدى ئۇممۇھانى . نەبىئە ئولتۇرۇپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى :

— مېنى چۆچۈتكىنى شۇ بولدىكى ، كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئولىشىپ كېلىپ روسۇلىللانى ئورىۋېلىشتى ، ئەبۇجەھىل روسۇلىللادىن بايا ئېيتقانلىرىنى خالايىققا يەنە بىر سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ئەبۇجەھىل روسۇلىللانى باشقا بىر نېمىلەرنى دەرمىكىن ، دەپ قارىغانىدى ، ئەمما روسۇلىللا ئۆزىنى توختىتىپ ، تەمكىن ھالدا خالايىققا : «مەن خاسىيەتلىك بۇلۇت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ بەيتۇلمۇقەددەسكە باردىم . ئۇ يەردە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بار ئىكەن . ئۇلاردىن ئىبراھىم ، مۇسا ۋە ئىسالار ماڭا تېخى نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى ، مەن ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈردۈم ، سۆزمۇ قىلدىم» دېدى .

ئەبۇجەھىل قۇۋلۇق بىلەن : «سەن ئۇلارنى كۆرگەن بولساڭ ، قېنى ، ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرمەمسەن ؟» دېدى . روسۇلىللا : «ئىسانىڭ بويى بەكمۇ ئېگىز ئەمەس ، يۈزى قىپقىزىل ئىكەن . ساقىلىدا كۈمۈش مارجانلار ساڭگىلاپ تۇرغاندەك قىلىدۇ . مۇسا قارامتۇل ، ئېگىز ۋە يەستىلىك ، كۆرۈنۈشى سەل سۈرلۈك ئادەم ئىكەن . راستىنى ئېيتسام مەن ئىگەڭلەرگە ئوخشىشىدىغان ھېچكىمنى كۆرمىدىم ، ئىگەڭلەرنىڭ ئۇلار بىلەن قىلچىمۇ ئوخشىشىدىغان يېرى يوق

ئىكەن» دېدى.

ئۇلار روسۇلىللادىن بۇلارنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. روسۇلىللا شۇنداق دېدى: «شامغا بارىدىغان يولدىكى مەلۇم بىر جىلغىدا بىر كارۋاننى كۆردۈم. ئۇلار ئۇلاغلاردىن سەل قورقىدىكەن، مەن ئۇلاردىكى بۇنداق قورقۇشنى ئۆزگەرتتىم. مەككىدىكى جەبلىنۇر تېغىدا يەنە بىر ئادەمنىڭ تۆگە كارۋىنىنى ئۇچراتتىم. مەن ئۇلارنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار ئۇيقۇدا ئىكەن. ئۇلاردا بىر قاچا سۇ بار ئىكەن، ئۈستى بىر نېمە بىلەن يېپىقلىق تۇرۇپتۇ. مەن قاچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، سۇدىن ئازراق ئىچىپ بولۇپ، ئاغزىنى بۇرۇنقىدەكلا يېپىپ قويدۇم. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ بەتئىم يولىغا ماڭماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. كارۋاندىكى باش تۆگە سۇر تۆگە بولۇپ، ئۈستىدە ئىككى تاغار يۈك بار، تاغارنىڭ بىرى قارا، يەنە بىرى ئاق.»

خالايىق بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەررۇ تاغ تەرەپكە بېرىپ يولغا قاراپ تۇرۇشتى. خۇددى روسۇلىللا ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئالدىدا سۇر تۆگە ماڭغان بىر كارۋان كۆرۈندى.

— نەبىئە، كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇممۇھانى.

نەبىئە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن ئۇلارنىڭ روسۇلىللانىڭ دېگەنلىرىدىن گۇمانلىنىپ، باشلىرىنى سىڭايان قىلىشىپ بىر - بىرىگە كۆز قىسىشقانلىقىنى، ئاندىن ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆرەن سېلىشقانلىقىنى كۆردۈم. مۆتئىم ئىبن ئەدى قاپ يۈرەكلىك بىلەن: «بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى ئېيتماق ئاسان. دېگىنىڭنى بۈگۈن قىلالىساڭ، قالتىس مۆجىزە كۆرسەتكەن بولاتتىڭ! بىز ئېرۇسالىمغا تۆگە بىلەن ماڭساق، بېرىشىمىزغا بىر ئاي، يېنىشىمىزغا بىر ئاي، جەمئىي ئىككى ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. ئەمما سەن بىر ئاخشامدىلا بېرىپ كەلدىم دەۋاتىسەن، مەن ئىشەنمەيمەن، سەن ئادەم ئالداۋاتىسەن»

www.alma.cn

دېدى .

نەبىئەنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇمموھانىنىڭ چىرايىدا ئەنسىزلىك ئەكس ئېتىپ، كۆزلىرىدىن روسۇلىللاغا ھېسداشلىق يېشى تاراملاپ ئاقتى .

نەبىئە سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى :

— شۇ چاغدا ئەبۇبەكرى دەرھال روسۇلىللاغا : «بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەق ـ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز » دېدى . مۇتىئىم ئىبن ئەدىمۇ گېپىنى ئۆزگەرتىپ : «مەن ئۇنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ، تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن قايتىپ كەلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن» دېدى . ئەبۇ بەكرى : «مەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن . مەن ئۇنىڭ ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدا سەپەر قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن» دېدى . مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئەبۇبەكرىنىڭ پىكرىگە قېتىلدى . لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىقى، بىر قىسىم كىشىلەر ئاسىيلىق قىلدى ، ئۇلار ئاللانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىلمىدى ، ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمىدى .

— بۇ ئادەملەرنىڭ ئاسىيلىقى ، — دېدى ئۇمموھانى ، روسۇلىللانىڭ دىنى ئۈچۈن ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس . ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار سېپىدىن چىقىپ كەتكىنى تېخىمۇ ياخشىدۇ بەلكىم . چۈنكى، ئارىسالدى بولۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىسىز .

www.alma.cn

# ھىجرەت قىلىش

— بىز ئۇرۇش سىنىقىغا دۇچ كەلمەكتىمىز، — دېدى ئەۋس، — تاغام خەزرەجنىڭ باللىرى يەھۇدىيلارنى بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇترىتىۋاتىدۇ. ئۇلار جىددىي تەييارلىنىپ، بىر نەچچە ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ، بىزگە تاقابىل تۇرماقچى.

ئەۋس بىلەن خەزرەج يەمەندىكى بىر ئەجدادقا مەنسۇپ ئىككى قەبىلە بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى مەدىنىدە تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ئۇزۇلمەيتتى، جېدەل- ماجىرا ئۈكسۈمەيتتى، بۇئاس[①] كۈنى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئۇرۇشتا ئۆلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئىككى قەبىلىنىڭ ئۇرۇشى ئايىغلاشتى. كېيىن، خەزرەج بىلەن يەھۇدىيلار ئىتتىپاق تۈزدى، ئەۋس بولسا ئەرەبلەر بىلەن بىرلىشىشنى كۆتتى.

بىر قىسىم ئەۋسلەر، مەسىلەن، ئەبۇلھەيسەر، ئىياس ئىبن مۇئاز قاتارلىقلار قۇرەيشلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تاغىسى خەزرەجنىڭ باللىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مەككىگە قېچىپ كېلىشتى. شۇ چاغدا، روسۇلىللا بۇ ئىككى قەبىلە ئادەملىرىنى تونۇمايتتى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللانىڭ ئەمرىنىلا تەشۋىق قىلدى، لېكىن ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىدۇ ۋە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرمىدى، ئۆزىگە ئۆكتە قويۇش ھەققىدىكى سۆز- ھەرىكەتلەر ئۇستىدىمۇ كۆپ ئويلانمىدى. ئۇ پەقەت ئاللا ئۈچۈن، ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلىش ئۈچۈنلا تەشۋىق قىلاتتى.

روسۇلىللا بۇ ئادەملەرنىڭ مەككىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ،

www.alma.cn

① بۇئاس — ئەۋس، خەزرەج قەبىلىلىرىنىڭ داڭلىق بايرىمى. ئۇ ھەم مەدىنىگە يېقىن بىر كەنتنىڭ ئىسمى — [illegible] تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى، ئۇلاردىن:

— سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭلارنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ گېپىڭنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دېدى ئۇلار.

— مەن ئاللانىڭ ئەلچىسى، ئاللا مېنى بەندىلەرنى مۇشرىكلىكنى تاشلاپ، ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، بۇ ھەقتە ئاللا ماڭا ۋەھيي قىلدى، — دېدى. روسۇلىللا، ئاندىن ئۇلارغا «قۇرئان»نى ئوقۇپ بەردى، ئىسلام دىنى ھەققىدىمۇ سۆزلىدى. شۇ چاغدا ئىياس تېخى ياش ئىدى، ئۇ:

— بۇ بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمىزدىنمۇ كۆپ ياخشىكەن، — دېۋىدى، ئەبۇلھەيسەر ئىياسنىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك سېلىپ:

— يوقال كۆزۈمدىن، بۇ بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئەمەس، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىياس لام - جىم دېمىدى. روسۇلىللا ئورنىدىن دەس تۇردى، كۆپچىلىكمۇ بۇ يەردىن كېتىشتى.

شۇ يىلى مەككىگە خەزرەج قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم ئادەم كەلدى. روسۇلىللا ئۇلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلاردىن:

— سىلەر قەيەردىن؟ — دەپ سورىدى.

— خەزرەج قەبىلىسىدىن بولىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

— سىلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىمۇ؟ — دەپ سورىدى روسۇلىللا.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

— ئولتۇرۇڭلار، مەن سىلەر بىلەن سۆزلىشەي، بولامدۇ؟ — دېدى روسۇلىللا.

— بولىدۇ، — دېيىشتى ھەممىسى تەڭلا. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەم ئولتۇرۇپ، روسۇلىللانىڭ ئۆزلىرىنى ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشقا

دەۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى . روسۇلىللا ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى سۆزلىدى ، يەنە «قۇرئان» دىن قىرائەتمۇ قىلىپ بەردى .

ئۇلار بىر - بىرىگە پىچىرلىشىپ : «يا ھەزرەت ! ئەسلىدە يەھۇدىيلار بىزنى يېقىنلاشماڭلار ، دەپ قورقۇتقان پەيغەمبەر مۇشۇ ئىكەن - دە !» دېيىشتى ، ئۇلار روسۇلىللانىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ، ئۇنىڭ تەشۋىقاتىغا ئىشەندى ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى . ئۇلار روسۇلىللاغا مۇنداق دېيىشتى :

— بىز قوۋم - قېرىنداشلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق ، ئۇلار تېخىچە بىر - بىرىنى دۈشمەن كۆرمەكتە . ئاللا ئۇلارنى سەن ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرسا ئەجەب ئەمەس . بىز ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۇلاردىن سېنىڭ ئىشلىرىڭغا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىمىز ، ئۇلارغا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىمىزنى ئېيتىمىز . مۇبادا ئاللا ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرالىسا ، سەندىنمۇ ئۇلۇغ زات بولمىغان بولىدۇ .

ئۇلار ھايال بولماي مەدىنىگە قايتىپ بېرىپ ، ئۆز قوۋمىدىكىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى . كىشىلەر بۇ دىننى چىن قەلبىدىن قوبۇل قىلدى . ئۇلارنىڭ گۇمراھ دىللىرىغا يېڭىدىن جان كىردى . ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىۋىدى ، بارلىق مۆمىنلەرنىڭ ئائىلىسىدىن ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەمدۇسانا ئوقۇغان ئاۋاز جاراڭلىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىغا خۇشال بولدى ، ئۇنىڭغا زېمىن تېخىمۇ كەڭ ، ئۈمىد تېخىمۇ چوڭ تۇيۇلدى . لېكىن ، قۇرەيشلەر ئۇنىڭ پىكرىگە يەنىلا قوشۇلمايتتى ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى تۇراتتى ، ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا ھەممىلا يەردە تاپانتۇزاق قوروپ ، زىيانكەشلىك قىلاتتى . روسۇلىللا ئۆزىنى بارلىق قەبىلىلەرگە بېغىشلىدى ، سەقىف ۋە كەندە قەبىلىلىرىدە ، بەنى ئامىر ۋە بەنى ھەنىپە قەبىلىلىرىدە ئىسلام دىنىنى توختىماي تەشۋىق قىلدى . ئەمما ئۇلارنىڭ قارشىلىقى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ قارشىلىقىدىن ئانچە

www.alma.cn

قىلىشمايتتى. بىراق، خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەر بۇنىڭدىن پەرقلىنەتتى، بۇلارنى دىنغا ئىشەندۇرۇش تەسكە چۈشمەيتتى، قايىل قىلىشقىمۇ كۆپ كۈچ كەتمەيتتى، ئۇلار سەمىمىي، ئىشەنچلىك ئىدى. كىم بىلسۇن، ئۇلار بەلكىم روسۇلىللانىڭ ياردەمچىسى، قوللىغۇچىسى ۋە سادىق ئۇممەتلىرى بولۇپ قالامدۇ تېخى.

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، روسۇلىللا ھەج قىلىش ۋاقتىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. بىر كۈنى، بىرقانچە مۇسۇلمان، ئەۋس قەبىلىسىدىن ئىككى كىشى، خەزرەج قەبىلىسىدىن ئون كىشى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز، دېدى. روسۇلىللا مۇبارەك قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى بەيئەت قىلدۇردى. ئۇلار، ئاللاغا ھەرگىز شېرىك كەلتۈرمەيمىز، زىنا قىلمايمىز، بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرمەيمىز، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلمايمىز، سادىق بولساق، ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلساق جەننەتكە كىرىمىز، مۇبادا يۇقىرىدىكى قەسەمىمىزگە خىلاپلىق قىلساق، ئاللانىڭ جازاسىنى كۈتىمىز، دەپ قەسەم بەردى. ئاندىن روسۇلىللا ئۇلاردىن بۇنى قۇرەيشلەردىن مەخپىي تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە كېيىنكى يىلى ئۇچرىشىش توغرىسىدا ۋەدىلەشتى.

ئۇلارغا دىننى ئۆگىتىش، «قۇرئان» نى ئوقۇپ بېرىش ۋە دىننىڭ ئاساسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن روسۇلىللا مۇسئەب ئىبن ئۇممەيرنى ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشقا بەلگىلىدى.

ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاللانىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پارلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئالامەتلىرى چىرايلىرىدا ئەكس ئەتتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، روسۇلىللانىڭ چاقىرىقى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇن ئالدى. ئۆچمەنلىك ۋە بەتنىيەتلىك ئۇلارنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، قەلبى سۈزۈك سۇدەك پاكلاشتى. ياندۇرقى يىلى ئون ئەر، ئىككى ئايال مەككىگە كەلدى. ئۇلار خەزرەج ۋە ئەۋس قەبىلىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئىدى. روسۇلىللا ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ،

www.alma.cn

ھەج مەۋسۇمىدە ئۇلار بىلەن ئەقەبە[1] دە ئۇچرىشىشقا ۋەدە قىلدى.

ۋەدىلەشكەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى. تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ئۇلار خۇپىيانە ھالدا ئەقەبەگە كەلدى. ئاندىن روسۇلىللامۇ ئاببباس ئىبىن ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا، ئاببباس يەنىلا ئۆز قوۋمىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، لېكىن يەنە بىر نەۋرە ئاكىسى روسۇلىللا ئۈچۈن كۆچ چىقىرىشنى خالايتتى، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى.

ئاببباس مۇنداق دېدى:

— ئى خەزرەجلەر، بىزنىڭ مۇھەممەدنى سىلەر بىلەمسىلەر؟ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز خاتا چۈشىنىش سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانىدى، ئەلۋەتتە، بۇ ئۆتمۈشتىكى ئىش. ئۇ ھازىر قەبىلىمىزنىڭ ئىپتىخارى، دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەلدى، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىرى بولىدىغان بولساڭلار، دۇئا قىلىڭلار.

— سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭنى بىز بۇرۇن ئاڭلاپ بولغان، — دېدى خالايىق، — ئى روسۇلىللا، ئۆزۈڭ دېگىن، سەن ئۈچۈن، رەببىڭ ئۈچۈن بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

روسۇلىللا «قۇرئان» نى جاراڭلىق ئوقۇدى ۋە دۇئا قىلدى، ئاندىن:

— سىلەر مېنى ئۆز ئاياللىرىڭلارنى، بالىلىرىڭلارنى قوغدىغاندەك قوغدىساڭلار، مەن سىلەر بىلەن ئەھدىلىشىمەن، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى بەرا ئىبىن مەئرۇر، — بىز سېنى ئۆز ئەۋلادلىرىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدايمىز. بىز جەڭچىلەرمىز، ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىمىز. ئى روسۇلىللا، سەن بىز بىلەن ئەھدىلەشكىن!

— ئى خەزرەجلەر، سىلەرگە مەلۇم، ئۇنىڭ سىلەر بىلەن ئەھدىلىشىشتىكى شەرتى نېمە؟ — دېدى ئاببباس ئىبىن ئۇبادە.

www.alma.cn

[1] ئەقەبە — مەككىدىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر جىلغىنىڭ ئىسمى.

— بۇنى بىلمىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى كۆپچىلىك.

— سىلەر ئاق - قارىنى ئايرىمايلا ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىلىشىدىغان بولۇۋاتىسىلەر، — دېدى ئاببباس، — سىلەر ئادەم ۋە مال - مۈلكۈڭلاردىن ئايرىلىپ بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا تايانساڭلار بولمايدۇ، بۇنداق قىلساڭلار، ئىككىلى ئالەم ئۈچۈن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر. ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەڭلەرگە ھازىردىن تارتىپ سادىق بولساڭلار، توغرا قىلغان بولىسىلەر.

— بىز ئۇنىڭغا تايىنىش ئارقىلىق مۈشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى كۆپچىلىك، ئاندىن رەسۇلۇللادىن، — ئى رەسۇلۇللا، ئەگەر بىز ۋەدىمىزگە سادىق بولساق، قانداق ياخشىلىق كۆرىمىز؟ — دەپ سوراشتى.

— جەننەتكە كىرىسىلەر، — دەپ جاۋاب بەردى رەسۇلۇللا.

— يا رەسۇلۇللا، قولۇڭنى دۇئاغا كۆتۈرگىن، بىز ساڭا بەيئەت قىلىمىز، — دېيىشتى كۆپچىلىك تەڭلا.

ئەبۇلھەيسەر ئۇلارنى توسۇپ:

— ئى رەسۇلۇللا، بىزنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى قويۇق، بىز بۇ مۇناسىۋەتنى ئۈزمەكچى بولۇۋاتىمىز. مۇشۇنداق قىلساق، ئۇ چاغدا سەن بىزنى تاشلاپ قوۋم - قېرىنداشلىرىڭنىڭ قېشىغا كېتەرسەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

رەسۇلۇللا كۈلۈمسىرەپ:

— بىز ھاياتىمۇ، ماماتىمۇ بىللە بولىمىز، مەڭگۈ بىللە بولىمىز. سىلەر كىمگە قارشى تۇرساڭلار، مەنمۇ شۇنىڭغا قارشى تۇرىمەن، سىلەر كىم بىلەن دوست بولساڭلار، مەنمۇ شۇنى دوست تۇتىمەن، — دېدى، ئاخىردا يەنە، — سىلەر بىرنەچچە باشلىق سايلاپ قېشىمغا كىرگۈزۈڭلار، — دېدى.

باشلىقلار كىرگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللا ئۇلارغا:

ئىسانىڭ يارده‌مچىلىرى ئىساغا كېپىل بولغاندەك، سىلەرمۇ قوۋمىڭلارغا كېپىل، مەنمۇ ئۆز قوۋمىمغا كېپىل، — دېدى.

بەيئەت قىلىش ۋەقەسى مەككىگە تېزلا تارقالدى . قۇرەيشلەر مەدىنىدە ئىسلام دىنى پەيدا بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئەنسىرىدى ۋە غەزەپلەندى ، غەزەپ ئوتى ئۇلارنىڭ قەلبىدە لاۋۇلداپ ياناتتى . شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمانلارغا جىددىي زىيانكەشلىك قىلىپ ، ئۇلارغا جازالاش ، كەمسىتىش ، مەسخىرە قىلىشقا ئوخشاش ۋاستىلەرنى قوللاندى . ئۇلارنىڭ جازالاش ئىشلىرى ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى . بۇنداق ئەھۋالدا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى ۋە دىنىي پائالىيىتى بېسىمغا ھەم توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى . ئۇلارنىڭ ھالى خاراب ، كۆڭلى غەمكىن ئىدى . روسۇلۇللا ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكى ۋە كۈلپىتىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى ۋە ئۇلارغا :

— ئاللا سىلەرگە قېرىنداش ۋە پاناھ جاي تېپىپ بەردى ، — دېدى . ئۇلار ئاللانىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن رازى بولۇپ ، ئۆز يۇرت - ماكانلىرى ، بالا - چاقىلىرى ۋە يەر - زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ توپ - توپ بولۇپ مەدىنىگە كەلدى .

ھىجرەت قىلىش ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىك زور بەختسىزلىك ئىدى - ھە ! يول ئۈستىدە ئۇلار چىدىغۇسىز خورلۇقلارغا ئۇچرىدى ، تازا كۈلپەت چەكتى ، روھىي جەھەتتە ئازابلاندى . يول تىنچ ئەمەس ئىدى ، ئۇلار نەگە كەلسە شۇ يەرنى ماكان قىلدى ، بەزىدە ئۆيلەردە قوندى ، بەزىدە قوبەيس تېغى ئۈستىدە تۈنىدى .

ئەڭ ھۆرمەتلىك روسۇلۇللانىمۇ ئۆتكەندە مۇشرىكلار ئارغامچا بىلەن بوغۇپ ياكى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغان ئەمەسمىدى ؟ بەختكە يارىشا ئاللانىڭ غەمخورلۇقى ئۇنى ئامان ساقلاپ قالدى .

مەككە گەرچە جازا ۋە ئازاب - كۈلپەتنىڭ ئوچىقى بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەردىكى ئەرەبلەر بوزەك ئېتىش ھەم خورلاشقا جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇراتتى . چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمان ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى ئالىيجاناب دىن ئىدى .

ئىسلام دىنى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ، كەڭ مەزمۇنغا

ئىگە دىن . ئۇ مەككىنىڭ دىنىمۇ ئەمەس ، قۇرەيشلەرنىڭ دىنىمۇ ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ دىنى ؛ ھازىر ۋە كەلگۈسىدىكى كىشىلەرنىڭ دىنى ، ئەرەبلەرنىڭمۇ ، غەيرىي ئەرەبلەرنىڭمۇ ، قارا تەنلىكلەرنىڭمۇ ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭمۇ دىنى . بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەر ـ جاھاننى ئۆزگەرتىشنى چاقىرىق قىلغان چاغدىن باشلاپ شۇنداق .

شۇڭا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى ئېتىقاد جەھەتتە بېسىمغا ئۇچرايدىغان كېيىنكى كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئۈلگە تىكلەپ ، يول كۆرسىتىپ بەردى . ئۇلار مەدىنىگە بارسا ، ئۇ يەردە خۇددى قېرىنداشلارچە قارشى ئېلىنىدۇ .

قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە بارغانلىقىنى بىلىپ تەمتىرەپ قالدى . ئۇلار ئەگەر پۇختا ئويلىنىپ كۆرمەيدىغان بولساق ، كېيىنكى تەرەققىياتتىن قارىغاندا ، مۇھەممەدنىڭ ئىشلىرى غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ، دەپ ئويلايتتى . ئۇلار كېڭەشخانىغا يىغىلىپ ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى . بىرەر جىددىي ئىش ئۈستىدە پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلسا ، ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشاتتى .

كېڭەش باشلانغاندا ، باشلىقلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— سىلەرنى بۇ يەرگە يىغىشىمىزدىن مەقسەت ، ھەر بىرىڭلارنىڭ مۇھەممەدكە بولغان قارشىنى ئېيتقۇزۇش . سىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك ، ئۇنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ئېنىق ، ئۇنىڭ تەسىرى مەككىدىن ھالقىپ ، يەسرىبكە قاراپ يامراۋاتقا ، باشقا جايلارغا كېڭىيىشىمۇ مۇمكىن . سىلەر ئۆز قارىشىڭلارنى ئېيتىشتىن ئىلگىرى شۇنى ئېيتىپ قويايكى ، بىز ئىلگىرى ئۇنىڭغا ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن تاقابىل تۇرغان بولساقمۇ ، لېكىن ئۇ باشتىن ـ ئاياغ چىڭ تۇردى ۋە چىداشلىق بەردى . بىز ئۇلارنىڭ ئادەملىرىگە تۇرغۇن بەختسىزلىك كەلتۈرگەن بولساقمۇ ، ئۇلار بۇنىڭغا تاقابىل تۇرالىدى . ئاڭلىشىمىزچە ، ئۇ بەنى ھەنىپەدە

مەغلۇپ بولۇپتىمىش ، سەقىفتە قاپقانغا چۈشۈپتۇمىش ، باشقا ئەرەب رايـونـلىرىدىمۇ ئالدىنىپتۇ ، بىز بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشالمىز ، ئاڭلىشىمىزچە ، مۇھەممەدنىڭ قوللىغۇچىسى ئەبۇتارابە ئۆلۈپتۇ ، بىز بۇنى ئاڭلاپ بىر ئۇھ دەۋالدۇق . ئەپسۇسكى ، مۇھەممەد ئەمدى خەزرەجدە قوللىغۇچى تېپىۋاپتۇ . ئۇ تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنـىـڭ دۈشـمـەنـلـىـرى قېرىنداشلىرىغا ئايلىنىپتۇ ، ئاجىزلار كـۈچـلـۈكـلـەرگـە ئـايـلىنىپتۇ ، ئاداۋەتمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ ، دۈشمەنلىك كەيپىياتمۇ پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ . بـەلـكـىـم ئـۇلارنىڭ بەختىسىزلىكلىرى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشسا كـېـرەك . قـاراڭـلار ئـۇنىڭ ھىمايىچىلىرى توپ ـ توپ بولۇپ كېلىشمەكتە ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىيارى ، يۇرت ـ ماكانلىرى ئۈستىدە كۆپ ئويلانمىدى ، مال ـ مۈلۈكلىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرى بىـلـەنمۇ كارى بولمىدى . قارىغاندا ، مۇھەممەد ئۇلارنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن . بۇنداق بولغىنىدا ، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىدۇ . سىلەر بىزنىڭ بۇ يـەردە پـاراكەندىچىـلىك بولـمايدۇ ، بىشىمىزغا بـالا ـ قازا كەلمەيدۇ ، دەپ ھۆددە قىلالمايسىلەر .

ئەبۇ بەختىرى ئىبن ھىشام كىشىلەرگە :

— ئۇنى قاماپ ، ئىشكنى قۇلۇپلاپ قويۇش كېرەك ، خۇددى باشقا شائىرلاردەك ، ئۇنىڭمۇ بېشىغا بالا ـ قازا ياغىدۇ ، — دېدى .

— ياق ، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، — دېدى كۆپچىلىك ، — سىلەرگە مەلۇم ، ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇنىڭدىن بىـردەمـمـۇ ئـايـرىـلـمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىزنىڭكىدىن كۆپتەك قىلىدۇ ، ئۇلار ئۇنى بىزنىڭ قولىمىزدىن قۇتۇلدۇرۇپ كېتىدۇ .

ئەبۇئەسۋەد رابىئە ئىبن ئەمرۇ مۇنداق دېدى :

— مـۇھەممەدنى بۇ يەردىن قوغلىۋەتسەكلا بولىدىغۇ . نەگە بارغۇسى كەلسە ، بېرىۋەرسۇن ، نېمە بولسا بولمامدۇ !

— [illegible]ەبـى ! — دېدى كۆپچىلىك ، — بۇنداق قىلىشقا بـولـمـايـدۇ . سـىلـەر ئۇنىڭ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان شېرىن

www.alma.cn

سۆزلىرىنى، كىشىنى قايىل قىلىدىغان مەنتىقىسى ۋە ئادەمنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرىدىغان قابىلىيىتىنى بىلمەمسىلەر؟ ئۇنى قوغلىۋەتسەك، نەگە بارسا بېرىۋېرىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئۆزىنىڭ ناتىقلىقى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ، ئۆزىگە ئەگەشتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ سىلەرگە قارشى تۇرىدۇ، سىلەرنى بوزەك ئېتىدۇ ۋە ئىمتىياز، مەنپەئەتىڭلارنى تارتىۋالىدۇ، ئاخىردا خالىغانچە جاجاڭلارنى بېرىدۇ. باشقىچە پىلاننى ئۆزگەرتىش كېرەك.

— ھە! مېنىڭ پىكرىم باشقىچە. سىلەر ئۇنى چۈشەنمەيدىكەنسىلەر، — دېدى ئەبۇ جەھىل ئىبىن ھىشام.

— قېنى دەپ باقە؟ — دېدى كۆپچىلىك.

— مېنىڭ پىكرىم مۇنداق، — دېدى ئەبۇ جەھىل، — ھەربىر قەبىلىدىكى داڭلىق ئائىلىدىن بىردىن كۈچلۈك يىگىت تاللاپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن شەمشەر تۇتقۇزايلى. ئۇلار مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تەڭلا تىغ سالسۇن، قېنىنى ھەممە يەرگە چاچسۇن. مۇشۇنداق قىلساق، كۆڭلىمىز ئارام تاپىدۇ. چۈنكى، ئابدۇماناف[①]نىڭ ئەۋلادى ھەممە قەبىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بىز پۇل چىقارساقلا بولىدۇ.

بۇ پىكىر ھەممەيلەنگە ماقۇل كەلدى، ئاندىن ئۇلار تارقالدى.

ئەبۇ بەكرى ئاق كۆڭۈل، قىزغىن ئادەم ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرەتتى، روسۇلىللا ئۈچۈن ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. روسۇلىللا بۇنى ياخشى بىلگەچكە، ئەبۇ بەكرىنى ئوبدان كۆرەتتى، ئۇنى دوستۇم دەيتتى، ئۇنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرغانمۇ شۇ ئىدى.

روسۇلىللا مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا جايغا ھىجرەت قىلىشىغا ئىجازەت بەردى. پەقەت ئەبۇ بەكرىنىڭلا ھىجرەت قىلىشىغا قوشۇلمىدى. ئەبۇ بەكرى ھىجرەت قىلىش تەلىپىنى ئېيتقاندا، روسۇلىللا ئۇنى مەككىدە قېلىشقا دەۋەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا:

www.alma.cn

① ئابدۇماناف — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى بوۋىسى.

«ئالدىرىمىغىن ، ئاللا ساڭا بىر خوجا تېپىپ بېرەر» دەيتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ كۆڭۈل توختىتاتتى . ئۇ ھىجرەت قىلىش داۋامىدا ، روسۇلىللانىڭ ئۇنىڭغا خوجا بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى . شۇڭا ئۇ ئىككى تۆگە سېتىۋېلىپ ، سەپەرگە تەييارلىق كۆردى .

قۇرەيشلەر كېڭەشخانىغا يىغىلىپ ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا ، ئاللا روسۇلىللاغا : «بەزىلەر سېنىڭ پېيىڭگە چۈشۈپ ، قاپقان قۇرۇپ قويىدى ، لېكىن مەن سېنى قوغداپ ، بۇ خېيىمخەتەردىن قۇتۇلدۇرىمەن . سەن سەپەرگە ئاتلىنىشقا بەل باغلىغىن ، مەدىنىگە بېرىشىنىڭ تەييارلىقىنى تېزرەك پۈتتۈرگىن» دەپ ۋەھيي يەتكۈزدى .

روسۇلىللا دەرھال ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ :

— ئەبۇ بەكرى ، ئاللا ھىجرەت قىلىشىمغا ئىجازەت بەردى ، — دېدى .

— يا روسۇلىللا ، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە ماڭامدىمەن؟ — دەپ سورىدى ئەبۇ بەكرى .

— بىللە ماڭىمىز ، — دېدى روسۇلىللا . شۇنداق قىلىپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى بىلەن كېچىدە ئۇچرىشىشنى ۋەدىلەشتى ، ئەبۇ بەكرى خۇشال ھالدا بېرىپ ئىككى تۆگىنى جابدۇدى .

روسۇلىللا ئۆيىگە قايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قورشاۋ ئىچىدە قالغانلىقىنى ، دۈشمەنلەرنىڭ قولىرىغا قورال ئېلىپ ئۇ ئۆيدىن چىققان ھامان قەست قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلدى . روسۇلىللا بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىدى ، چۈنكى ئاللا ئۇنى قوغداشقا ۋەدە بەرگەنىدى . يېرىم كېچە بولا ـ بولمايلا ئاللا مۇشرىكلارنى غەپلەت ئۇيقۇدا قالدۇردى . روسۇلىللا ئۆيدىن چىققاندا ، ئۇنى ھېچ كىشى كۆرمىدى . مۇشرىكلار گەرچە ھىيلىگەر بولسىمۇ ، لېكىن ئاللا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى .

روسۇلىللا ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە كەلدى ، بۇ ئىككىيلەن

www.alma.cn

تۆگىلۈكتىن چىقىپ، مەككە يېنىدىكى سەۋر غارىغا بېرىپ يوشۇرۇندى.

ئەتىسى سەھەردە، روسۇلۇللانى كۆزەتكەن ۋە ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەممەد ئىبن ئابدۇللانى ئەمەس، بەلكى ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىبنى كۆزەتكەنلىكلىرىنى ئۇقۇپ، ھاڭ - تاڭ بولۇشقان ھالدا باشلىقلىرىنىڭ قېشىغا چېپىپ بېرىشتى، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ بىئارام بولۇشتى. ئەبۇ جەھىل ئەبۇ بەكرىنى ئىزدەپ ئۇنى تاپالماي، ئۇنىڭ قىزىدىن:

— داداڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى. ئەبۇ جەھىل ئۇ قىزنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. ئاندىن بىرقانچە ئادەم بىلەن بىللە ئىز قوغلاپ ئالمان - تالمان غار تەرەپكە يۈگۈردى.

بۇ چاغدا، ئاللا ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى تارمار قىلدى. ئۇلار غارغا كېلىپ قارىدى، غاردا ئادەمزاتنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

بۇ كىشىلەر مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىم مۇھەممەدنى تېپىپ بەرسە يۈز ھىنگان ئىنئام بېرىمىز، دەپ جاكارلىدى. سۇراقە بۇنى ئاڭلاپ، تەۋەككۇل قىلىپ باقماقچى بولدى. ئۇ مۇھەممەدنى تاپسام، ئۇلار ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىسىلا، بىرمۇنچە ھىنگانغا ئىگە بولۇپ قالىمەن، دەپ ئويلايتتى.

روسۇلۇللا ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن غاردا ئۈچ كۈن تۇردى. ھەر كۈنى كېچىدە، ئامىر ئىبن فۇھەيرە پادىلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، ئۇلارغا سۈت ۋە يېمەكلىك يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئابدۇللا ئىبن ئەبۇ بەكرى ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇ ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كىشىلەرگە تۇيغۇزمايتتى.

ئابدۇللا ئىبن ئۇرەيقىت ئۇلارغا ئىككى تۆگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار غاردىن چىقىپ مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى. ئەبۇ بەكرى بىراۋ

www.aima.cn

قوغلاپ كېلىۋاتقانىمكىن دەپ ئەنسىرەپ ، پات ـ پات كەينىگە قاراپ قوياتتى ، مۈكۈنۈۋالغانلار بارمىكىن دەپ ئېھتىيات قىلىپ ، ئالدىغا دىققەت بىلەن قاراپ ماڭاتتى . ئاخىر سۇراقە قوغلاپ كېلىپ ئۇلارغا يېتىۋالدى ، لېكىن ئۇ ئۇلارغا يېقىن كېلە ـ كەلمەيلا مىنگەن ئېتىنىڭ ئاياغلىرى يەرگە تىزىغىچە پېتىپ قالدى ـ دە ، ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىن گويا ئىستەك بىر تۈرلۈك چاڭ كۆتۈرۈلدى . سۇراقە ئۇنى مۇھەممەدنىڭ مىنى توسقانلىقى دەپ چۈشەندى . ئۇ روسۇلىللادىن مەدەت تىلەپ توۋلىدى ۋە ئۆزىنىڭ كۆرگەن ئىشلىرىنى قۇرەيشلەرگە دېمەسلىككە ۋەدە بەرگەندىن كېيىنلا روسۇلىللا ئۇنى كەچۈردى . سۇراقە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، كۆرگەن ئەھۋالنى راستتىنلا ئاشكارىلىمىدى .

مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار روسۇلىللانىڭ مەككىدىن چىققانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى بىلگەندىن كېيىن ، ھەر كۈنى مەدىنە شەھىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ، روسۇلىللانىڭ كېلىشىنى كۈتتى . ئۇلار ئىنتىزارلىقتا تۇرۇپ ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن ، پۇتلىرى كۆيۈپ پىشلاق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئۆيلىرىگە قايتمىدى . تۇساتتىن بىركىشى : «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدى !» دەپ توۋلىدى . ھەممەيلەن چەكسىز شادلىنىپ كەتتى . روسۇلىللا بىلەن ئەبۇ بەكرى خورما دەرىخى يېنىغا كېلىشى بىلەنلا ، شاد ـ خوراملىققا چۈمگەن بۇ خەلق كېلىپ ئۇلارنى ئورىۋېلىشتى . روسۇلىللا ئەمىر ئىبن ئەۋفنىڭ بالىسىنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بىرنەچچە كۈن تۇردى ، يەنە قۇباغا بىر مەسچىت سالدۇردى .

روسۇلىللا يەنە تۆگىسى بىلەن يولغا چىقتى . تۆگە ئالدىدا ، روسۇلىللا تۆگىنىڭ ئارقىسىدا كېتىۋاتاتتى . تۆگە ھەربىر يەردىن ئۆتكەندە ، كىشىلەر روسۇلىللانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشىپ ، ئۇنىڭغا : «يا روسۇلىللا ، بىزنىڭكىگە بېرىپ ، ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ باقسىڭىز !» دېيىشەتتى . روسۇلىللا ئۇلارغا ھامان : «رەھمەت !» دەپلا جاۋاب بېرەتتى . تۆگە ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى .

مالىك ئىبن نەججارنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، تۆگە چۆكمىلەندى.

بۇ يەردە ساھالە ۋە سۇھەيلە دەيدىغان ئىككى يېتىم بالىنىڭ خورما خامانلىقى بار ئىدى. ئۇلار مەرھۇم رافىئە ئىبن ئۇمرۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن، تۆگە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ماڭدى. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە تۆگە يەنە چۆكمىلەندى، ئەنسارى روسۇلۇللاغا:

— سەن خۇش كۆرسەڭ، بۇ ئۆي سىېنىڭ ئۆيۈڭ، — دېدى. روسۇلۇللا جاۋاب بېرىپ:

— ئى رەببىم، مېنى بۇ مۇبارەك يەرگە چۈشۈرگىن، سەن بولساڭ ئەڭ مۇبارەك يەرگە چۈشۈرگۈچىسەن، — دېدى. ئەبۇ ئەييۇب روسۇلۇللانىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. شۇ ئەسنادا، ئەسەد ئىبن زورارە دەرھال تۆگىنى چۇلۇۋۇرىدىن يېتىلەپ ئۆيىدە بېقىشقا ئېلىپ كەتتى.

روسۇلۇللا مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى مۇھاجىرلار دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى مەدىنىلىك ئاھالىلەردىنمۇ ئىشەنچلىك كۆرەتتى، ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، داغدام يولغا باشلىدى. ئۇ يېگى ئىرادە بىلەن ئاللاغا داۋاملىق تائەت - ئىبادەت قىلدى.

ئالما تورى
www.alma.cn

# تولۇن ئاي

## (1)

مۇھاجىرلار مەدىنىدە ئولتۇراقلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، روسۇلىللانىڭ ئۇ يەردىكى قوللىغۇچىلىرى بىلەن چىقىشىپ كەتتى، ئۇلار گويا ئىناق قېرىنداشلاردەك ۋە ياكى بىر - بىرىگە ياردەملىشىپ تۇرىدىغان قولۇم - قوشنىلاردەك بىللە تۇرمۇش كەچۈردى. لېكىن، ئۇلار مەككىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ قىلغان زىيانكەشلىكىنى ئېسىدىن چىقارمىدى، ئۆز دىنىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىۋەردى. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنى، تۇرمۇش كەچۈرگەن جىلغا - جىرالىرىنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۇ يەردە ئىچكەن سۇلىرىنى، نەپەس ئالغان ھاۋالىرىنى بەكمۇ سېغىناتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە تارىخىنى تېخىمۇ ئۇنتۇمايتتى.

زىيانكەشلىككە چىداپ تۇرالماي، مەككىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان بۇ كىشىلەر قۇرەيشلەرنىڭ سودا كارۋانلىرىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ سودىسىنىڭ كاساتلىشىپ كېتىشىدىن ۋە كارۋان يوللىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشتى. شۇڭا، ئىسلار مۇھاجىرلارغا بولغان ئاغرىنىشىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىن تارقىتىشى ۋە ئۆز تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى.

بۇ قېتىمقى ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى روسۇلىللا ئابدۇللا ئىبن جەھشنى ۋە باشقا بەزى مۇھاجىرلارنى ۋەزىپىگە ئەۋەتتى. ئۇلار يولغا چىقىش ئالدىدا روسۇلىللا ئابدۇللا ئىبن جەھشكە بىر پارچە پېچەتلەنگەن خەتنى بېرىپ، يولغا چىقىپ ئىككى كۈن

www.alma.cn

ماڭغاندىن كېيىن خەتنى ئېچىپ، ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىشقا ۋە ئۆزىگە ھەمراھ بولغان ساھابىلەرنى كەمسىتمەسلىككە بۇيرۇدى.

ئابدۇللا چوڭ يول بىلەن نىشانسىز مېڭىۋەردى، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، ئۇ ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ تېز - تېز ماڭدى. ئۇ ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنەتتى.

ئابدۇللا ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن، روسۇلىللانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھېلىقى خەتنى ئېچىپ قارىدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى: «بۇ خېتىمنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، سەن مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئارىلىقىدىكى نەخلە دېگەن جايغا بېرىپ، قۇرەيشلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، ئۇلار توغرۇلۇق مەلۇمات ئېلىپ كەلگىن.»

ئابدۇللا روسۇلىللانىڭ بۇيرۇقىنى ھەمراھلىرىغا يەتكۈزدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— روسۇلىللا مېنى نەخلىگە بېرىپ، قۇرەيشلەرنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ يەنە ماڭا سىلەرنى كەمسىتمەسلىكنى تاپىلىدى. بېرىشنى خالىغىنىڭلار مېڭىڭلار، خالىمىغىنىڭلار قايتىپ كېتىڭلار. ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىمەن.

كۆپچىلىك ئۇنى قىزغىن قوللاپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى بولدى. ھەممىيلەن بۇ نىشانغا قاراپ ئاتلىنىشقا بەل باغلىدى، چۈنكى ئۇلار ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنەتتى، ئاللانىڭ غەمخورلۇقى ۋە كۈچ - قۇدرىتى ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيتتى. بۇلاردىن ئىككى ئادەم بىر تۆگىنى نۆۋەتلىشىپ مىنگەنلىكتىن ئارقىدا قېلىپ، قۇرەيشلەر تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ كەتتى.

ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مېڭىۋەردى. نەخلە رايونىغا يېتىپ بارغاندا، توساتتىن قۇرەيشلەرنىڭ يۈك ئارتىلغان تۆگە

كارۋىنىنى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئابدۇللالار قاتتىق چۆچۈپ، غۇلغۇلا قىلىشتى. بەزىلىرى: «يا رەببى! بۇ كېچىدە خەقلەرنىڭ مەسچىتى ھەرەمگە كىرىشىگە يول قويغىنىڭ بىلەنمۇ، ئۇلار ساڭا ياخشى ئويدا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار: ئىلگىرى بىز ئۆلتۈرۈلمىگەن بولساقمۇ، چەكلەنگەن ئايدا يەنىلا سىلەر تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلۈشىمىز مۇمكىن، دەپ قارايدۇ» دېيىشتى.

ئۇلار دېلىغۇل بولۇپ قالدى، تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن، قارشى تەرەپ بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن قورقاتتى. شۇنداقتىمۇ ئىككى تەرەپ ئاخىر يەنىلا ئېلىشىپ قالدى. نەتىجىدە، مۇشرىكلار مۆمىنلەرنىڭ بارلىق ماللىرىنى تارتىۋالدى.

رەقىبلەر ئۇچراشسا قېنى قايناپتۇ، دېگەندەك، ۋاھىد ئىبنى ئابدۇل تەمىم بىر ئوقيا بىلەن ئەمر ئىبنى ھەزرەمىنى ئۆلتۈردى، ئوسمان ئىبنى ئابدۇللا بىلەن ھەكەم ئىبنى كەيساننى ئەسىر ئالدى. ئاللا مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ئۆزلىرىگە نېسىپ قىلدى.

## (2)

ئابدۇللا ئىبنى جەھىش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۆگىلەرنى ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە كېلىپ، روسۇلىللا بىلەن كۆرۈشتى. روسۇلىللا ئۇلارنى كۆرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى، دۈشمەنلەرنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى بىلدى ۋە:

— مەن سىلەرنى چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇمىغانىدىم، — دېدى. ئۇ ئاللادىن بىرەر ھۆكۈم ۋە بېشارەت بولمىغۇچە، ھەرقانداق غەنىيمەتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى.

ئابدۇللانىڭ ھەمراھلىرى قىيىن ئەھۋالغا قېلىپ، ئۆزلىرىنى تۈگەشتۇق، دەپ ئويلايتتى. بۇ ئىشقا روسۇلىللا نارازى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارمۇ ئۇلارنى ئەيىبلىدى. قۇرەيشلەرگە كەلسەك، ئۇلار كارۋاندىكى مالدىن قۇرۇق قالغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى. ئۇلار: «مۇھەممەد ۋە

ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قىلىشنى قانۇنلۇق ، دەپ ھېسابلىدى ، بۇ مەزگىلدە ئۇلار قىلىچىنى ئىشقا سېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپلا قالماي ، يەنە پۇل ـ ماللىرىمىزنى بۇلىدى ، ئادەملىرىمىزنى ئەسىر ئېلىۋالدى» دېيىشتى .

ئاللا بۇ غازاتچىلارغا ھېسداشلىق ۋە رەھىم قىلدى ، كۆڭۈل بۆلدى ھەم بۇ ھەقتە روسۇلىللانى : «ئۇلار سەندىن چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا سورىشىدۇ . سەن ئۇلارغا ، بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھ ، لېكىن ئاللانىڭ يولىدىن توسۇش ، ئاللاغا كۇپۇرلۇق قىلىش ، مەسچىتى ھەرەمدە ئىبادەت قىلىشنى توسۇش ، مەسچىتى ھەرەمدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللانىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر . پىتنە ـ پاسات دېگەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھدۇر ، دېگىن» دەپ ئاگاھلاندۇردى .

«قۇرئان» نازىل بولۇپ ئاللاتائالا مۇسۇلمانلارنىڭ چىرايىدىن ئەنسىزلىك ۋە غەم ـ قايغۇنى كۆتۈرۈۋەتكەن چاغدىلا ، روسۇلىللا ئاندىن تۆگىنى ۋە ئەسىرلەرنى قوبۇل قىلدى .

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ، قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئەسىرلىرىنى تۆلەم بىلەن قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى . روسۇلىللا ، مۇشرىكلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىككى ئەسىر قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن شۇنداق قىلايلى ، دەپ جاۋاب بەردى ۋە :

— بىزدىن تۇتۇپ كېتىلگەن ئىككى ساھابە بۇ يەرگە قايتىپ كەلمىگۈچە ، ئەسىرىڭلارنى تۆلەم بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ . بىز ئۇ ئىككى ساھابىمىزگە كۆڭۈل بۆلمەكتىمىز ، مۇبادا ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن بولسا ، بىزمۇ بۇ يەردىكى ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرىمىز ، — دېدى .

قۇرەيشلەر روسۇلىللانىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ ، ئۇنىڭ شەرتلىرىگە ماقۇل بولدى . ئۇلار ئىككى ساھابىنى قويۇپ بەردى . ئاللا مۇسۇلمانلارغا بەخت ـ سائادەت بېغىشلاپ ، ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى .

www.alma.cn

ئەمما ، ئابدۇللا ئىبن جەھش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدا

غەم - قايغۇ كۆتۈرۈلمىدى، ئۈمىدسىزلىك ئۇلارنى چۇلغىۋالدى، ئۇلارنىڭ قايتۇرما زەربە بەرگۈسى كېلەتتى. ئۇلار:

— يا رەسۇلۇللا، بىز بىلەن ئۇرۇشقانلارغا بىر قېتىم زەربە بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز، بولامدۇ؟ — دېدى. ئاللا بۇنىڭغا قارىتا: «ئاللا ئۇچۇن ئىمان كەلتۈرگۈچىلەر، مۇھاجىرلار، جەڭ قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ پەزلى، رەھمىگە ئېرىشىشنى خالايدۇ، ئاللانىڭ كەرىمى كەڭدۇر» دەپ بېشارەت بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قايغۇسى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلى يورۇدى. چۈنكى، ئاللا ئۇلارغا بەخت - سائادەت ئاتا قىلغانىدى.

ئاللانىڭ بۇ بېشارىتى ئىسلام دىنىدىكى ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ ئورتاق ئەقىدىسى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قىلغىلى بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا بۇنداق قىلىش چوڭ گۇناھ، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولغىنى ئاللانىڭ يولىدىن توسۇش، مۇسۇلمانلارنى قورقۇتۇش ۋە ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن توسۇش، ئاللاغا كۇپۇرلۇق قىلىش، مەسچىتى ھەرەمدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىشتۇر، دەپ جاۋاب بېرىشكە بولاتتى. چۈنكى بۇلار مۇشرىكلار، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۆتكۈزگەن جىنايەتتۇر.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاللاغا قارشى تۇرغۇچىلارنى جازالاش، كىشىلەرنىڭ ئاللىقاچان قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن دىنىي ئېتىقادىغا بۇزغۇنچىلىق ۋە توسقۇنلۇق قىلىدىغان كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىش يولىدىكى جەڭ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

(3)

قۇرەيشلەر ئىززەت - ھۆرمىتىنىڭ زىيانغا ئۇچراپ، لەشكەرلىرىنىڭ روھى سۇنغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۇل - مېلى بۇلانغان، ئادىمى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىرگە ئېلىنغانىدى.

شۇڭا ئۇلار پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى بويىچە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھۇجۇمغا تەييارلاندى. ئۇلار چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش قوزغايدىغان بولسا، مەيلى قانداق مۇرەسسە ـ مادارادىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمانلارنى ئىشەندۈرۈپ كېلىشىم ھاسىل قىلالىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللا مۇسۇلمانلارغا ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھەربىنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنى بىلەن شامدىن يولغا چىققانلىقىنى، ئۇلاردا پۇل بولۇپلا قالماي، يەنە مالمۇ بارلىقىنى ئېيتتى ھەم مۇسۇلمانلارنى كارۋان ئالدىغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا:

— بۇ قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنى، سىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، بەلكىم ئاللا سىلەرگە بىر قىسىم ئولجا ۋە غەنىيمەت ئىنئام قىلسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرى بۇنى ئاڭلاپ دەررۇ ھەرىكەتلەندى، بەزىلىرى رەسۇلۇللا ئۇرۇشماقچى ئەمەس، دەپ ئويلاپ سۇسلۇق قىلدى.

ئەبۇسۇفيان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇچرىغان ئادەملەرگە پۇل ۋە مېلىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر كۈنى بىر توپ ئاتلىقلار كېلىپ ئۇنىڭغا:

— مۇھەممەد ساڭا ۋە سېنىڭ قوشۇنلىرىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ساھابىلىرىنى قوزغىدى، — دېدى. ئەبۇسۇفيان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىش ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ زەمزەم ئىبنى ئەمرۇ غىفارىنى يالالاپ، ئۇنى مەككىگە بېرىپ قۇرەيشلەرنى بۇ يەرگە كېلىپ مال ـ مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىشقا ھەمدە مۇھەممەدنىڭ ھەرىكەت قوللانغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى.

## (4)

www.alma.cn

ئاتباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب مەككىدە ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە

بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇنىڭغا :

— ئاتىكە ماڭا بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى ، ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ بىر مۆجىزىنى كۆرۈپتۇ . ئۇ بۇ ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا ، دەككە - دۈككە بولۇپ ، گويا چوڭ بالايىئاپەتتىن شەپە بولغاندەك ئەنسىزلەندى ، — دېدى .

— ئۇ نېمىنى كۆرۈپتۇ ؟ — دەپ سورىدى ۋەلىد .

— بىر چەۋەنداز بىر تۆگىنى ئېلىپ ئاتىكەگە قاراپ ئېتىلغانمىش ، — دېدى ئابباس ، — جىلغا بويىغا كەلگەندە توختاپ : «ئەي مۇرتەتلەر ، سىلەر ئۈچتىن - ئۈچتىن بولۇپ قاچمىساڭلار ، بېشىڭلارغا چوڭ بالا - قازا كېلىدۇ !» دەپ ۋارقىراپتۇ ، ئاندىن مەسچىتكە كىرىپ كېتىپتۇ ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن مەسچىتكە كىرىپتۇ ، ئۇ تۆگىسىنى ئېلىپ كەئبىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ، خالايىققا قاراپ : «ئەي مۇرتەتلەر ، سىلەر ئۈچتىن - ئۈچتىن بولۇپ قېچىڭلار !» دەپ يەنە ۋارقىراپتۇ . ئارقىدىن ، ئۇ يەنە تۆگىسىنى ئېلىپ مەككىدىكى ئەبۇقۇبەيس تېغى ئۈستىگە چىقىپ ، يەنە بىر مەرتەم ۋارقىراپتۇ . ۋارقىراپ بولۇپ ، بۇ تاشنى ئېلىپ تاغ ئاستىغا ئېتىپتۇ . تاش تاغ باغرىغا چۈشۈپ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىپتۇ . نەتىجىدە ، تاش پارچىسى كىرگەن ئۆيلەردىن باشقا ، مەككىدە يەنە بىرەر ساق ئۆيمۇ قالماپتۇ . ئاتىكە مانا مۇشۇ ۋەقەنى كۆرۈپتۇ . بۇ ۋەقەنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلىغىن .

لېكىن ، ۋەلىد بۇ ۋەقەنى دادىسىغا ئېيتىپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەر تارقىلىپ ، قۇرەيشلەرنىڭ ھەرقانداق سورۇندىكى ئاساسىي پارىڭىغا ئايلىنىپ قالدى .

ئاببـاس تاش پارچىسى چۈشكەن ھېلىقى ئۆينى چۆرىدەپ يۈرەتتى . ئەبۇجەھىل بولسا بىرقانچە قۇرەيشلەر بىلەن بىللە ، ئاتىكە كۆرگەن مۆجىزىنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقاتتى . ئەبۇجەھىل ئابباسنى كۆرۈپ :

— ھەي ، سەن ئۇ يەرنى ئايلىنىپ بولۇپ ، قېشىمىزغا

كەلگىن، — دېدى.

ئابباس ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلدى.

— ئەي، ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئەۋلادى، سەن بۇ مۆجىزىنى قاچان بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئابۇجەھىل.

— نېمە دېدىڭ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ئابباس.

— ئاتىكەنىڭ كۆرگەن مۆجىزىلىرىنى دېمەكچىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەبۇجەھىل.

— ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمەپتۇ، — دېدى ئابباس.

— ئەي، ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئەۋلادلىرى، سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلار پال باقمايمۇ بىلىدىغان بولۇپ كەتتى، ئەمدى ئاياللىرىڭلار مۆجىزە كۆرگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ نېمىدېگەن ئامەت-ھە! — دېدى ئەبۇجەھىل، — ئاتىكە بىر چەۋەندازنىڭ ئۈچتىن-ئۈچتىن بولۇپ قېچىڭلار دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسا، ئۇنداقتا، بىز ئوخشاش چارە بىلەن سىلەرگە تاقابىل تۇرىمىز. ئۇنىڭ دېگىنى راست گەپمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا، سىلەر ئەرەبلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ كاززاپلار ئىكەنسىلەر.

ئابباس ئاتىكەنىڭ بىرنېمىنى كۆرگەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆز يوللىرىغا كېتىشتى.

كۈن كەچ بولدى، ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ بىر كېلىنى ئابباسنى تېپىپ:

— ئاۋۇ ئىمانسىز بۇزۇق سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنى ھاقارەتلىدى، ئەجەبا، سەن ئاڭلاپ تۇرۇقلۇق، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەپسىنا؟ — دېدى.

— خېلى گەپ قىلدىم، تېگىشلىك دەككىسىنىمۇ بەردىم. يەنە كېلىدىغان بولسا، ئەدىپىنى بېرىمەن، — دېدى ئابباس.

ئاتىكە ئالدىن ھۆكۈم قىلغانىنىڭ ئەتىسى ئابباس مەسچىتكە كەلدى. ئۇ ئەھۋالنىڭ بىئەپلىكىنى ھېس قىلىپ بەك خاپا بولدى. مەسچىتتە ئەبۇجەھىلنىڭمۇ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەنە بەزى گەپلەرنى تەكرار ئاڭلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى.

ئەمما ، ئەبۇجەھىل مەسچىتنىڭ ئىشىكى تەرەپكە قاراپ كەتتى . ئاباس ئۇنى تىل ئىشتىشتىن قورقتى دەپ ئويلىدى . ئۇ زادى ئاڭلاپ باقمىغان بىر خىل ناتونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ئەنسىز هالدا مەسچىتتىن چىقىپ كەتتى .

## ( 5 )

ئەبۇسۇفيانىنىڭ خىزمەتچىسى زەمزەم ئىبنى ئەمرۇغفارى مەككىگە كەلدى ـ دە ، تۆگىنىڭ ئۇستىدە ئۆرە تۇرۇپ تۆگىنىڭ بۇرنىنى كەستى ، ئاندىن تۆگىنىڭ توقۇمىنى يەڭگۇشلىدى ۋە چاپىنىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئېچىۋېتىپ :

— هوي قۇرەيشلەر ! پۇل ـ ماللىرىڭلارغا ئىسىت ! سىلەرنىڭ پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن ئەبۇسۇفيان مۇهەممەدنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى . سىلەر تېخى بىخەۋەر يۈرۈپسىلەر ، چاپسان بېرىپ قۇتقۇلدۇرۇڭلار ! — دەپ توۋلىدى .

كىشىلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولدى . ئۇلار بىر يەرگە توپلىشىپ غۇلغۇلا قىلىشىپ ، ھەممىسى تېز ھەرىكەت قىلماقچى بولۇشتى . قۇرەيشلەر توپلاندى ، قۇرەيش ئاقساقاللىرىمۇ كەلدى . لېكىن ، ئەبۇلەھەب كۆپچىلىكتىن باشقىچە ئىش قىلدى . ئۇ تۆت مىڭ دىرھەم[1] پۇلغا ياللاپ كەلگەن ئادىمىنى باشقا ئىشقا ئەۋەتىۋەتتى .

قۇرەيشلەرنىڭ هازىرلىقى پۈتتى ، ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا ، بىردىنلا ئۆز دۇشمەنلىرى بىلەن بولغان كونا ئاداۋەتنى ئېسىگە ئالدى . ئۇلاردىن بىرى :

— بىز ئۇلارنى كەينىمىزدىن هۇجۇم قىلىپ ، ئىشلىرىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلارمىكىن ، دەپ ئەنسىرىمەكتىمىز ، — دېدى .

سۇراقە ئىبنى مالىك مىسىرنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن بىرى ئىدى . ئۇ

www.alma.cn

① دىرھەم — كۈمۈش پۇل .

— مەن ئارقا تەرەپتىن ئۇلارنى توسۇپ تۇراي ، — دېدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلمىغان پىكىرلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ، ئۇرۇش قىلالايدىغانلىقى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەككىدىن يولغا چىقتى .

## ( 6 )

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن ئاتلانغاندا ، ئىككى قارا ئەلەمنى باشلامچى قىلدى . ئەلەمنىڭ بىرىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب كۆتۈردى ، يەنە بىرىنى بىر ئەنسار[1] كۆتۈردى .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن نۆۋەتلىشىپ تۆگىگە مىنىپ ماڭدى ، يولدا ئۇچراشقان ئەرەبلەردىن ئۇقۇشۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ، لېكىن دۈشمەننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يەنىلا ئۇقالمىدى . سەفرا كەنتىگە يېقىنلاشقاندا ، ئۇ ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھەربىنىڭ خەۋىرىنى تىڭ - تىڭلاشقا ئادەم ئەۋەتتى . چوڭ قوشۇن رەۋھا دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا ، خەۋەر تىڭ - تىڭلاپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا : «قۇرەيشلەر يولىمىزنى توسۇش ئۈچۈن ئەبۇسۇفياننىڭ قېشىغا كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قول ئاستىدىكىلەردىن پىكىر سوراپ :

— ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى ، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشتىن ساقلىنىش تەستەك تۇرىدۇ ، قانداق قىلساق بولىدۇ ؟ — دېدى .

مىقداد ئىبنى ئەمرۇ مۇنداق دېدى :

— ئى روسۇلۇللا ، ئاللانىڭ بۇيرۇقى بويىچە داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەرگىن ، بىز سەن بىلەن بىللە . ئاللا بىلەن قەسەمكى ، بىز ساڭا بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامغا : «سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئۇرۇش قىلغىن ، بىز بۇ يەردە

---

① ئەنسار — روسۇلۇللانى قوللىغۇچى مەدىنىلىكلەر .

ئۆلتۈرۈپ تۇرايلى » دېگەندەك دېمەيمىز . بىز سەن بىلەن بىرلىكتە بېرىپ غازات قىلىمىز . سەن بىزنى يەمەننىڭ بەركولغىماد دېگەن يىراق يېرىگە غازات قىلىشقا ئېلىپ بارساڭمۇ بارىمىز .

— ناھايىتى ياخشى ، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ، ئاندىن ئەنسارلارغا ، — ماڭا يەنە قانداق نەسىھەتىڭلار بار ؟ — دېدى . سەئىد ئىبنى مۇئاز مۇنداق دېدى :

— ئى رەسۇلۇللا ، سەن بىزگە ئېھتىياج بولساڭ كېرەك ، بىز ساڭا ئىمان كەلتۈردۇق ، سەن بىزگە ھەقىقەت ئېلىپ كەلدىڭ . سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە بېرىمىز . ئى رەسۇلۇللا ، يولۇڭنى داۋاملاشتۇرغىن ! بىزگە قاچان ھاجىتىڭ چۈشسە ، شۇ چاغدا سەن بىلەن بىللە بولۇشقا تەييار بىز . ھەرقانچە خەۋپ - خەتەر بولسىمۇ ، ھەرگىز باشقىلارنىڭ كەينىدە قالماي ، چوقۇم سەن بىلەن ھەمدەم بولىمىز ، ئىنشائاللا ، بىزلەردىن رازى بولۇپ قالارسەن . بىزنى ئېلىپ يولۇڭنى داۋاملاشتۇرساڭ ، ئاللا ھەممە ئىشىڭنى ئوڭغا تارتىدۇ .

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا ، رەسۇلۇللانىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتتى . ئۇ مۇنداق دېدى :

— يۇرۇڭلار ! ئاللا ماڭا ئىرادە قىلدى ، يا غەلىبە قىلىمىز ، يا غازات قىلىپ ئۆلىمىز . ئاللا بىلەن قەسەمكى ، گويا سەن بەدرىدە[①] مۇشرىكلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ۋادىسىغا قۇرەيشلەرنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى . ئۇلار قۇرەيشنىڭ ئىككى نەپەر سۇ توشۇغۇچىسىغا ئۇچراپ قېلىپ ، ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ سوراققا تارتتى .

— ئىككىڭلار قەيەرگە باراتتىڭلار ؟ قايسى قەبىلىدىن ؟ نېمە ئىش قىلماقچىدىڭلار ؟

— بىز قۇرەيشنىڭ سۇ توشۇغۇچىلىرى ، ئۇلار بىزنى سۇ ئەكېلىشكە ئەۋەتكەنىدى — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار . سوراق قىلغۇچىلار بۇنىڭغا چىنپۇتمەي ، ئۇلارنى ئەبۇسۇفيانىنىڭ

www.alma.cn

① بەدرى — مەككىدىن بىر يۈز يەتمىش بەش كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى ۋادا .

خىزمەتچىلىرى دەپ گۇمان قىلىپ قاتتىق ئۇردى . ئۇ ئىككى سۇ توشۇغۇچى تاياققا چىدىيالماي : «ھەئە ، بىز ئەبۇسۇفيانىنىڭ خىزمەتچىلىرى» دېگەندىن كېيىن سوئال ـ سوراق تۈگىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ، ساھابىلەرنىڭ بۇ ئىككى سۇ توشۇغۇچىنى ئالدىغا سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، ساھابىلەرگە :

— ئۇلار راستىنى ئېيتقاندا ئۇردۇڭلار ، يالغان ئېيتقاندا قويۇپ بەردىڭلار . ئاللا بىلەن قەسەمكى ، ئۇلار چوقۇم قۇرەيشنىڭ ئادەملىرى ،— دېدى ، ئاندىن سۇ توشۇغۇچىلارغا قاراپ ،— سىلەر ماڭا قۇرەيشنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ، — دېدى .

— ئۇلار دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاشۇ قۇملۇقنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار .

— ئۇلارنىڭ سانى قانچىلىك ؟ — دەپ سورىدى روسۇلىللا .

— ناھايىتى كۆپ ، — دېدى ئۇلار .

— ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرى قانداق ؟ — دەپ سورىدى روسۇلىللا .

— ئېنىق بىلمەيمىز ، — جاۋاب بەردى ئۇلار .

— ئۇلار كۈنىگە قانچە تۆگە سويىدۇ ؟ — دەپ سورىدى روسۇلىللا .

— ئۇلار بىر كۈنى توققۇزنى ، بىر كۈنى ئوننى سويىدۇ ، — دېدى ئۇلار .

روسۇلىللا سەل ئويلىنىپ ساھابىلەرگە :

— ئۇلارنىڭ سانى يەتتە يۈز بىلەن مىڭ ئارىلىقىدا ئىكەن ، — دېدى ، ئاندىن ساھابىلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — دېمەك مەككە سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا دېگەن گەپ ، — دېدى .

## (7)

ئەبۇسۇفيان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، تۆگىلەرنىڭ

ئالدىدا ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزەتچىلىككە ئەۋەتكەن ئادىمى كېلىپ ئۇنىڭغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنلىرى چۈشكەن ئورۇننى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى مەلۇم قىلدى. ئەبۇسۇفيان ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئادەملىرىگە دەرھال ئۇقتۇردى - دە، تۆگىلىرىنى ئېلىپ بەدرى ۋادىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قاراپ ماڭدى، شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن ئۆزىنى نېرى ئالدى، ئۇنىڭ تۆگىلىرىمۇ ئامان قالدى، ئەلۋەتتە.

ئەبۇسۇفيان تۆگىلىرىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى، مال ۋە پۇللىرىنىڭمۇ زىيانغا ئۇچرىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، قۇرەيشلەرگە بىر پارچە خەت يېزىپ، خەتتە: «ئەگەر سىلەر تۆگىلەرنى، ئادەم ۋە مال - مۈلۈكنى قوغداش ئۈچۈن يولغا چىققان بولساڭلار، قايتىپ كېتىڭلار، مەن ھازىر ئامان، بارلىق مال - مۈلكۈممۇ ئامان قالدى» دېدى.

— ئەزىمرايى خۇدا! — دېدى ئەبۇجەھىل، — بىز بەدرى ۋادىسىغا بارمىغۇچە قايتمايمىز. بىز بەدرىگە بېرىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، تۆگىلەرنى سويۇپ يەپ، مەي - شاراب ئىچىپ، ناخشا - غەزەل ئېيتايلى، ئەرەبلەر بۇنى ئاڭلىسا، بىزدىن تەپ تارتىپ يېقىن كېلەلمەيدۇ.

ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق ئەبۇجەھىلنىڭ تەشەببۇسىغا قارشى چىقتى ھەم ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلمىدى. ئۇ ئىتتىپاقدىشى بولغان زۆھرە ئايمىقىغا:

— مېلىڭلار ئامان - ئېسەن قاپتۇ، قول ئاستىڭلاردىكى ئادىمىڭلارمۇ سىلەرگە سادىق، سىلەر ئەسلىدە ئادەم ۋە پۇل - مېلىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن چىققانىدىڭلار، ئەمدى بۇنىڭ ھاجىتى قالمىدى، تېز قايتىڭلار، — دېدى.

ئەخنەس ئۇلارغا سادىق ئىدى، لېكىن ئۇنىڭغا ئىسپات بولغۇدەك ئادەم چىقمىغاچقا، قۇرەيشلەر ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماي، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ بەدرى ۋادىسىدىن ئۆتكەندە ئاندىن

www.alma.cn

توختىدى .

مۇسۇلمانلار كارۋاننىڭ يېتىپ كېلىشىنى تاڭ سەھەرگىچە كۈتۈپ تۇردى . ئەبۇسۇفياننىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ، قۇرەيشلەر بىلەن بولىدىغان جەڭنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانلىقى توغرۇلۇق ئۇشتۇمتۇت خەۋەر كەلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەر تەشۋىشلەندى ، ئۇلار مەككىدىن كەلگەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايتتى . مەدىنىگە قايتىش مەسىلىسىدە بەزىلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى . بۇ چاغدا ئاللادىن بېشارەت بولدى : «ئەينى چاغدا ، ئاللا سىلەرگە كارۋان بىلەن ئۇچرىشىشقا رۇخسەت قىلغان ، لېكىن ئاللا ئۆز سۆزى بىلەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشنى ھەمدە مۇشرىكلارنى يوقىتىشنى خالايدۇ .»

مۇسۇلمانلار دۈشمەن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىشقا بەل باغلاپ بەدرى ۋادىسىغا باردى . شۇ ئارىدا ئاللا مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردىكى ، جىلغىلار سۇغا توشۇپ ، زېمىن پاتقاق بولۇپ كەتتى . لېكىن ، رەسۇلۇللانىڭ قوشۇنلىرى داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەردى ، قۇرەيشلەرگە يامغۇر توسالغۇ بولغاچقا ، ھەرىكىتى ئاستىلاپ كەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى دەريا بويىغا كېلىپ جايلاشتى .

(8)

رەسۇلۇللانىڭ قوشۇنى ئورۇنلاشتى . ھوباب ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دېدى :

— ئى رەسۇلۇللا ، ئاۋۇ ئۆينى كۆردۈڭمۇ ؟ ئاللا سېنى بۇ يەرگە چۈشۈشكە بۇيرۇدىمۇ ياكى ئۇرۇش ۋە سۈيىقەستتىن شەپە بېرىۋاتامدۇ ؟

— بۇ سەمىمىي نەسىھەت ۋە غازات ، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام .

www.alpa.cn

— ئى رەسۇلۇللا ، — دېدى مۇنزىر ، — ئۇنداقتا ، بۇ ئۆي

ئەمەس ـ دە . سەن بىزنى يەنىلا دەريا بويىغا چۈشۈرگىن . بىز ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ، بارلىق قۇدۇقلارنى تىندۇرۇۋېتىپ ، بىر كۆل كولاپ ، ئۆزىمىز ئىشلىتىدىغان سۇنى تولدۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلايلى . مۇشۇنداق قىلساق ، بىز سۇسىز قالمايمىز ، مۇشرىكلار بولسا بىرەر تېمىممۇ سۇ تاپالمايدۇ .

— توغرا ئېيتتىڭ ، — دېدى رەسۇلۇللا .

قوشۇن ئاتلىنىپ ، دۈشمەنلەر چۈشكەن قىرغاققا يېقىن بىر يەرگە بېرىپ چۈشتى ، ئاندىن بۇيرۇق بويىچە قۇدۇق قېزىپ ، كۆل كولاپ سۇ توشقۇزۇۋالدى .

كۆل پۈتكەندىن كېيىن ، ئۇلار جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى . دەل شۇ ئەسنادا ، سەئد ئىبنى مۇئاز كېلىپ مۇنداق دېدى :

— ئى رەسۇلۇللا ، بىز كەپە سېلىپ سىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ، ئاندىن مىنىدىغان ئۇلىغىڭىزنى تەييارلاپ قويايلى . ئاللا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىپ ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلساق ، بۇ بىزنىڭ كۈتكىنىمىز بولىدۇ ، ئۇنداق بولماي قالسا ، سەن ئۇلىغىڭىزنى مىنىپ ئارقىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىۋالسەن ، كىشىلەر سىزنى قوغدايدۇ . ئى رەسۇلۇللا ، ئۇلار سىزنى بىزدىنمۇ بەك سۆيىدۇ . ئەگەر سەن بىرەر خەۋپكە دۇچ كېلىپ قالساڭ ، ئۇلار ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە سىزنى قوغدايدۇ ۋە سەن بىلەن بىللە تۇرۇپ غازات قىلىدۇ .

رەسۇلۇللا سەئدنى ماختىدى ۋە ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى . شۇنىڭ بىلەن سەئد رەسۇلۇللاغا بىر چېدىر تىكىپ بەردى . بۇنىڭدا ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قالسىمۇ ، رەسۇلۇللا دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەيتتى ياكى قوشۇندىن ئايرىلىپ قالمايتتى ، ئۇلار ھەم ئەرەبلەر ئارىسىدا ئۆز تەشۋىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەتتى .

(9)

www.alma.cn

قۇرەيشلەر جەڭگە ھازىرلاندى ۋە مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ

ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بىراۋ كېلىپ خەۋەر يەتكۈزدى:

— مۇھەممەدنىڭ يارەنلىرى ئۈچ يۈزچە ئىكەن، بۆكتۈرمە قوشۇن ئورۇنلاشتۇرماپتۇ. سۇمۇ يوق ئىكەن. ئۇلاردا قىلىچ، كۈچلۈك ئىرادە ۋە چىن ئېتىقادتىن باشقا تايانغۇدەك نەرسە يوق ئىكەن.

قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردە بىر ئاز قورقۇش بولدى، ئۇلار كۆپ قىسىم كىشىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن، مەككىنىڭمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئەسلىدىكى ئورنى ۋە ئابرۇيىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇتبە ئىبن رابىئە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھوي قۇرەيشلەر، سىلەرنىڭ مۇھەممەدنى ۋە ئۇنىڭ يارەنلىرىنى نېمە قىلىشىڭلاردىن، شۇنداقلا جەڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىلەرگە ھېچقانداق پايدا يوق! تېز قايتىپ كېتىڭلار! مۇھەممەد بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماڭلار. مۇھەممەد مەغلۇپ بولسا، دەل كۈتكىنىڭلاردەك بولىدۇ. ئەگەر جەڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، بۇ توغرۇلۇق سىلەرمۇ ھېچقانداق ئەيىبلەنمەيسىلەر.

ئەبۇجەھىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقلاندى. ئۇ كىشىلەرنى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئۆچ - ئاداۋەتنى، دۈشمەنلىك ۋە قانلىق ۋەقەنى ئۇنتۇماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. ئۇنىڭ قۇتراتقۇلۇقى ئۇرۇش بولۇشنى تېزلەتتى، كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن توپ - توپ بولۇشۇپ كەلدى، ئىككى تەرەپ گىرەلىشىپ ئېلىشتى.

(10)

رەسۇلۇللا دۈشمەننىڭ ئادىمى كۆپ، قوراللىرىنىڭ خىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قوشۇنغا ئىلھام بەردى، سەپنى تەڭشەپ

ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە مەن بۇيرۇق قىلمىغۇچە ھۇجۇمغا ئۆتمەڭلار، جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالساڭلار، ئۇلارغا ئوق بىلەن زەربە بېرىڭلار، دېدى.

ئەبۇبەكرى روسۇلىللا بىلەن بىللە چېدىرغا قايتىپ باردى. بۇ چاغدا روسۇلىللا قوشۇنلىرىنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلدى. ئۇ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا تاپشۇرغان مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئويلىمىغاندى.

روسۇلىللا ئاللادىن ياردەم تىلىدى، ئۇنىڭدىن ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ: «ئى ئاللا، قۇرەيش ئاھالىسى تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئەلچىڭگە قارشى تۇرماقتا، ئۇنى ئالدىماقتا. ئى رەببىم! ماڭا ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى ئاتا قىلىپ، بۇ مەلئۇنلارنى تېز يوقاتساڭ» دېدى.

روسۇلىللا قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ ئاللاغا شۇنداق ئىلتىجا قىلدىكى، دولىسىدىن چاپىنىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ چاپىنىنى ھۆرمەت بىلەن ئۇچىسىغا يېپىپ قويدى. ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا:

— يا روسۇلىللا، سەن ئۇزۇن دۇئا قىلىپ كەتتىڭ، ئاللا چوقۇم ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، — دېدى.

لېكىن، شەپقەتلىك روسۇلىللا يەنىلا توختىماي دۇئا قىلىپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلاتتى، چارچاپ ئۇخلاپ قالغان چېغىدىمۇ ئۇيقۇدا تۇرۇپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلاتتى. ئاللا ئۇنىڭغا بېشارەت بەردى: «ئەي مۇھەممەد، مۆمىنلەرنى دۈشمەنگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن. ئەگەر سىلەردە يىگىرمە پالۋان بولسا ئىككى يۈز دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ؛ يۈز پالۋان بولسا، مىڭ مۇشرىكنى مەغلۇپ قىلالايدۇ. چۈنكى، مۇشرىكلار زېرەك ئەمەس.»

روسۇلىللا ئۆز قوشۇندىكىلەرنى غەيرەت بىلەن جەڭ قىلىشقا ئۈندەپ:

— باتۇرلۇق بىلەن غازات قىلغۇچىلارغا ئاللا جەننەت ئاتا

www.alm...cn

قىلىدۇ ، — دېدى . ئارقىدىن ئۇ بىر تال تاشنى ئېلىپ ، دۈشمەن تەرەپكە ئېتىپ ، — ھۇ ، نومۇسسىز ئەبلەخلەر ، — دېدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئۆز قوشۇنىدىكىلەرگە غەيرەت بىلەن جەڭ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى . مۇسۇلمانلارنىڭ روھى ئۇرغۇپ ، كۈچ ـ قۇدرىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ : «ئاللا بىر» دەپ تۋۋلىشىپ كەتتى .

ئاللا ئۇلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ئەۋەتتى . بۇ ھال ئۇلارنىڭ جەڭ قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى . تاغ ـ دەريالارنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان بۇ جەڭ مەيدانىدا ، روسۇلىللا تەرغىباتىنى توختىماي داۋاملاشتۇردى ۋە ئاللانىڭ مەدىتىنىمۇ ئۇلارغا يەتكۈزۈپ تۇردى .

## (11)

روسۇلىللا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بولغاچقا ۋە ئۇلارغا ئىلھام بەرگەچكە ، ئۇلارنىڭ روھى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئاللا مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەننى قىرىش غەيرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇلارغا پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بەردى . جەڭ ناھايىتى قىزىپ كەتتى . جەڭ مەيدانىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ ئاسماننى غۇۋالاشتۇرۇپ ، ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قىلىۋەتتى . قۇرەيشلەرنىڭ قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچتى .

بىلال ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ مۇشرىكلار ئارىسىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ مەككىدىكى چاغدا ئۇمەييەنىڭ ئۇنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە ئازدۇرغانلىقىنى ، پىژ ـ پىژ ئاپتاپتا ئۇنى ئوتتەك قىزىق قۇمغا ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ، مەيدىسىگە چوڭ تاشنى ئېلىپ قويۇپ : قاچان مۇھەممەدنىڭ دىنىدىن ۋاز كەچسەڭ ، سېنى شۇ چاغدا قويۇۋېتىمەن ، دېگەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە[illegible]ەپ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ :

— ھەي ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ! ھۇ ئاسىي ـ مۇرتەتلەرنىڭ

www.alfna.cn

كاتتمۇپشى ، ئەمدى ئامان قالمايسەن ، — دېدى . بۇ چاغدا بىراۋ بىلالنى تۇتۇشقا ئۇرۇندى ، ئەمما بىلال قاتتىق بىر نەرە تارتىپ قىلىچىنى ئېلىپ خەلەفكە ئېتىلدى - دە ، بىر قىلىچ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈردى .

## (12)

جەڭ توختاپ ، توپا - چاڭ سۇزۇلدى . ئۆلۈكلەر سايىنىڭ تېشىدەك ياتاتتى ، كېسىلگەن باش ، چېپىلغان پۇت - قوللار ھەممىلا يەردە ئۇچرايتتى . مەككىلىكلەر سالپىيىپ بەدەر قېچىشتى . روسۇلىللا ئۆلۈكلەرنى گوداڭلارغا تاشلاپ كۆمۈشكە بۇيرۇدى . ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئۆلۈكلىرىگە قاراپ :

— سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن گوداڭنى ماكان قىلدىڭلار ، ھەي ، بەختسىز قەبىلە ! سىلەر مېنى ئالدىدىڭلار ، كىشىلەر ماڭا ئىشەندى ؛ سىلەر مېنى ھەيدەپ چىقاردىڭلار ، خەلق بولسا ماڭا تۇرار جاي تەييارلاپ بەردى ؛ سىلەر بىز بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلار ، خەلق بولسا بىزگە مەدەت بەردى . سىلەرنىڭ رەببىڭلار سىلەرگە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدىمۇ ؟ مېنىڭ رەببىم ماڭا بەرگەن ۋەدىسىگە پۈتۈنلەي ئەمەل قىلدى ، — دېدى .

روسۇلىللانىڭ يېنىدىكى بىر ساھابە :

— يا روسۇلىللا ، بۇ جانسىز جەسەتلەر سۆزۈڭنى ئاڭلامدۇ ؟ — دېدى . روسۇلىللا :

— سىلەر ۋە ئۇلار ئوخشاشلا ئاڭلاۋاتىسىلەر ، ئۇلار مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلمىدى ، — دېدى .

روسۇلىللا قۇرەيش ئادەملىرىنىڭ جەڭدە ئۆلگەنلىكى ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى ، ئەبۇھۇزەيفە ئىبن ئۇتبە كەئىبىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى تۇيۇپ ئۇنىڭدىن :

www.alcia.cn

— ئەبۇھۇزەيفە ، ئاتاڭغا ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ ، نېمە ؟ — دەپ

سورىدى . ئەبۇھۇزەيفە .

— ياق ، روسۇلۇللا ، مەن ئۇنىڭ جەڭدە ئۆلۈشىدىن گۇمانلانمايتتىم ، بىراق ئۇنىڭ پىكرى ۋە ئارزۇسىنى چۈشىنەتتىم . مەن ئۇنىڭدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش يولىغا مېڭىشنى ئۈمىد قىلىغانىدىم . ھازىر مەن ئۇنىڭ ئىمانسىز كەتكەنلىكىگە قايغۇرۇۋاتىمەن ، — دېدى .

روسۇلۇللا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ، ئامانلىق تىلىدى .

مۇسۇلمانلار ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى توپلاشقا باشلىدى . ئۇلار ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن غەلىبە قازانغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى .

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

# تۆلەم توغرىسىدا ئاللانىڭ كايىشى

تولۇن ئاي چىققان كۈن (رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى) قۇرەيشلەر قايتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ، روھى سۇنۇپ، يۈرەك - باغرى لەختە - لەختە قان بولۇپ، غەزەپ - نەپرىتى تولۇپ تاشقانىدى. ئۇلار رەسۇلۇللا بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىپ شۇنداق جەڭگە كىردىكى، ئاسماننى چاڭ - توزان قاپلاپ كەتتى. توپا - چاڭ تارقىغاندىن كېيىن، بىرنەچچە ئون ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى، يەنە بىرنەچچە ئون ئادەمنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ، قورال - ياراغ ۋە ئۇلاغلىرىنىڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقى بىلىندى. بۇ ئادەملەر ئاددىي پۇقرالاردىن بولغان بولسا كارى چاغلىق ئىدى، ئەپسۇسكى، بۇ ئادەملەر قۇرەيشنىڭ باشلىقلىرى ۋە كاتتىلىرى بولغاچقا، بۇ تالاپەت ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى زور مەغلۇبىيەت ۋە كۈلپەت ئىدى.

رەسۇلۇللاغا كەلسەك، ئاللا ئۇنىڭغا ياردەم قىلغاچقا، ئۇنىڭ ھەممە ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. رەسۇلۇللا ساھابىلەرنى دۈشمەن ئۆلۈكلىرىنى گوداڭغا تاشلاپ كۆمۈشكە بۇيرۇدى ۋە جەڭدە غەنىيمەت ئېلىنغان نەرسىلەرنى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلدى.

ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە ئاللادىن ئېنىق بېشارەت بولمىدى. رەسۇلۇللا توغرا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، ساھابىلەردىن مەسلىھەت سورىدى، ئۇ غازات قاتارلىق چوڭ ئىشلاردا مۇشۇنداق قىلاتتى. چۈنكى، ساھابىلەر پاراسەتلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك، كۈچلۈك ئىرادىلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇلاردىكى بۇ خىسلەتلەر رەسۇلۇللانىڭ جىمى مەخلۇق ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھادىسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ياردىمى بولاتتى.

— بۇ ئەسىرلەر توغرۇلۇق سىلەرنىڭ قانداق پىكىرىڭلار

بار؟ — دەپ سورىدى روسۇلۇللا ئۇلاردىن.

— ئى روسۇلۇللا، ئالدىرىمىغىن، ئۇلارنى ھازىرچە تۇتۇپ تۇرايلى. بەلكى ئاللا ئۇلارغا كەچۈرۈمچىلىك قىلار. سەن ئۇلاردىن ئېلىنغان ئولجا بىلەن ئۆز كۈچ - قۇدرىتىڭنى ئاشۇرالايسەن، — دېدى ئەبۇبەكرى.

— ئى روسۇلۇللا، ئۇلار سېنى ھەيدەپ چىقاردى، سېنى ئالدىدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، ئۇلار ئىمانسىز كاتتىۋاشلار، ئاللا سېنى باي قىلغاي، ھەرگىز ئولجىغا موھتاج قىلمىغاي، — دېدى ئۆمەر ئىبىن خەتتاپ.

روسۇلۇللا ساھابىلىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بولۇپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار يەنىلا غۇلغۇلا قىلىشتى. بەزىلەر، روسۇلۇللا ئۇلارنى قويۇپ بېرىدۇ، ئۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىلا ئۇقۇپ باقماقچى، دېيىشتى. بەزىلەر، ئاللا كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى تاشتىنمۇ قاتتىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى يۇمشىتىدۇ. ئى ئەبۇبەكرى، سەن دىلى يۇمشاقلىقتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىسەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلار ماڭا مەنسۇپ، مېنى ئۇرغانلار كەڭ قورساقتۇر، دېگەنىدى. ئى ئەبۇبەكرى، سەن ئىسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئوخشىسەن. ئىسا ئەلەيھىسسالام: سەن ئۇلارنى جازالىساڭ، ئۇلار سېنىڭ قۇلۇڭ بولىدۇ. سەن ئۇلارغا كەچۈرۈمچىلىك قىلساڭ، بۇ سېنىڭ دانالىقىڭ ۋە ئالىيجانابلىقىڭنى بىلدۈرىدۇ، دېگەنىدى. ئى ئۆمەر، سەن خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىسەن. نۇھ ئەلەيھىسسالام كاپىرلارغا بەد دۇئا قىلىپ، ئى رەببىم، يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ تىرىك قويمىغىن، دېگەن. سەن يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئوخشىسەن. ئۇ: ئى رەببىم، ئۇلارنىڭ پۇل - دۇنيالىرىنى مۇسادىرە قىلغىن! ئۇلارنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرغىن! ئۇلارنى ئىمان كەلتۈرسىگەنلىكى تۈپەيلى، ئازاب - كۈلپەتتىن خالىي قىلغايسەن، دېگەنىدى. شۇڭا سىلەر، ئولجام ئۆلىمىگۈچە بىرىنىمۇ

تىرىك قويماي ئۆلتۈرىمىز ، دەپ قارار قىلىشقان ، دېيىشتى .

مەككە شەھىرىدە ۋە قۇرەيشلەرنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەستىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرىش توغرىسىدىكى جاكارى ئېلان قىلىندى . نەتىجىدە ، كىشىلەر تېزدىن مەدىنىگە كېلىپ ، تۆلەم تاپشۇرۇپ ، ئەسىرلەرنىڭ پۇتلىرىدىكى كىشەنلەرنى بوشاتتى .

روسۇلۇللا ئەسىر مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ تۇرۇشىغا ، ئاللادىن ۋەھيى كەلدى . ئاللا ئۇلارنىڭ تۆلەم ئالىمىز دەپ ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمىگەنلىكىگە كايىدى . چۈنكى ، مۇسۇلمانلار ھاكىمىيەت ئورناتقان دەسلەپكى چاغدىلا ، ئۆزىنىڭ ئابرۇيى ۋە نوپۇزىنى تىكلىشى ، دۈشمەننىڭ خورىكىنى چۈشۈرۈشى ، ئۇلاردا ۋەھىمە تۇغدۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەننى ئۆلۈم جازاسى ئارقىلىق بېسىشى كېرەك ئىدى . پۇل كۆرۈنۈشتىكى ھەم ۋاقىتلىق مەنپەئەت بولۇپ ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى . ئاللا رەھىم ـ شەپقىتى ۋە ئەقىل ـ پاراستى بىلەن روسۇلۇللادىن خاتالىق ئۆتكۈزگەن غازاتچىلارنى ئەيىبلىمەسلىكنى تەلەپ قىلدى ، غەلىبىدىن ئېسەنگىرەپ قالغان كىشىلەرگىمۇ چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى . ئاللا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى : «پەيغەمبەرنىڭ زېمىنىدا دۈشمەننى قىرماي ئەسىر ئېلىشى① پەيغەمبەرگە دۇرۇس ئەمەس ، سىلەر دۇنيا مېلىنى كۆزلەيسىلەر ، ئاللا سىلەرگە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلەيدۇ . ئاللا غالىبتۇر ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر . ئاللانىڭ ئىلگىرى چىقارغان ھۆكمى بولمىسا ئىدى ، تۆلەم ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار .»

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

① «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»دا بۇ يەرگە ئەسىرلەردىن تۆلەم ئېلىش دەپ ئىزاھ بېرىلگەن — ت.

# ئوھۇد

ھىجرەتتىن كېيىنكى ئىككىنچى يىلى، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا يەنە جەڭ بولدى.

قۇرەيش كاپىرلىرى مەغلۇپ بولدى. بەدرىدىكى ئۇرۇشتا ئۇلار مەغلۇپ بولغاچقا، ئۆلگىنى ئۆلدى، ئەسىرگە چۈشكىنى ئەسىرگە چۈشتى، ئۆلمەي ئېشىپ قالغانلىرى مەككىگە ئاران بېرىۋالدى.

ئەبۇسۇفىيان ئىبىن ھەرب ئۇلارنىڭ كاتتىۋېشى ئىدى. ئۇ ئېغىر قەدەم تاشلىغان ھالدا بىر توپ ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ئۆرتەنمەكتە ئىدى. چۈنكى، ئاللا مۇسۇلمانلارغا مەدەت بەرگەن، قۇرەيشلەرنى بولسا زىيانغا ئۇچراتقانىدى.

ھۆرمەتلىك روسۇلىللا تۆلەمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاجىزلارغا شەپقەت قىلدى، كەمبەغەللەرنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئەبۇ ئۇززە جۇمەھى دېگەن كىشى:

— ئى روسۇلىللا، مەن پېقىر، بالىۋاقىلىق ئادەممەن. ماڭا ئىلتىپات قىلغىن! — دېدى، روسۇلىللا ئۇنىڭغا كەڭ قوللۇق بىلەن ئىلتىپات قىلدى.

قۇرەيشلەر يەنە بىر يىل تەييارلىق كۆردى. ھىجرەتتىن كېيىنكى ئۈچىنچى يىلى، ئابدۇللا ئىبىن رەبىئە، ئىكرىمە ئىبىن ئەبۇ جەھىل، سەفۋان ئىبىن ئۇمەييەلەر قۇرەيشلەر ئارىسىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، قېرىنداشلىرى تولۇن ئاي چىققان كۈنى بەدرىدە ئۆلگەنىدى. ئۇلار قۇرەيشلەرنى ئۇرۇش قىلىپ ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشكە قۇترىتىش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

— ئەي قۇرەيشلەر، مۇھەممەد سىلەرنى بوزەك قىلدى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلارنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش

قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىڭلار ، ئىنتىقام ئېلىش ۋاقتى كەلدى .

تۇۋلىغان ئاۋاز كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە جاراڭلايتتى ، ئۇلار ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن بەس - بەس بىلەن قوشۇنغا قاتناشتى ، پۇل ۋە ئاشلىق توپلىدى . جۇبەير ئىبنى مۇتئىم قۇلىنى چاقىرىپ :

— بەدرىدە مۇھەممەدنىڭ تاغىسى ھەمزە مېنىڭ تاغامنى ئۆلتۈردى ، سەن ھەمزەنى ئۆلتۈرسەڭ ، سېنى ئازاد قىلىمەن ، — دېدى . نۇرغۇن مەلئۇنلار پۇل ، قۇل ۋە قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بەردى ، لېكىن بۇ ئىشلار ئاشۇ ئۇلۇغ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈنلا ئىدى . «مۇشرىكلار نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ ئاللاغا توسقۇنلۇق قىلدى . ھازىرمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ . بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر پاجىئە . ئۇلار ئۇرۇشتا يېڭىلىدۇ . دوزاخ چوقۇم ئۇلارنىڭ قارارگاھى بولىدۇ .»

ئاللا مۇسۇلمانلارغا مۇشۇنداق ۋەدە قىلدى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، ئۇلۇغ غازات بولغان كۈنى روسۇلۇللانىڭ لەشكەرلىرىگە ياردەم قىلدى .

قۇرەيشلەر ئەبۇسۇفيانىنىڭ قوماندانلىقىدا ، قەتان ۋە مەككىلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ ، روسۇلۇللاغا ھۇجۇم قىلدى . ئۇلار بىر توپ مەلئۇنلار ئىدى . سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە شائىر ئەبۇئەززەنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئەي ئەبۇئەززە ، سەن شائىر ، سەن بىزگە ئاغزىڭ بىلەن ياردەم قىلىشىڭ كېرەك ، بىز بىلەن بىللە بارغىن ! — دېدى .

— مۇھەممەد ماڭا ياردەم قىلغانىدى ، مەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئەبۇئەززە .

— قەلبىڭ بىلەن بولسىمۇ بىزگە ياردەم بەرگىن ، مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ساڭا بايلىق بەخش ئېتىمەن . ئەگەر سەن بەختسىزلىككە ئۇچرىساڭ ، مېنىڭ قىزىم بىلەن سېنىڭ قىزىڭ جاپادىمۇ ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولسۇن ، — دېدى سەفۋان .

www.alma.cn

قۇرەيشلەردىن ئەرلەر ، ئاياللارنىڭ ھەممىسى يولغا چىقتى ، بۇ

چاغدا، ئەبۇسۇفياننىڭ خوتۇنى ھىندى ئۇتبە ۋە باشقا ئاياللار لەشكەرلەرگە ئىلھام بېرىپ تۇراتتى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى مەدىنە شەھىرىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى ئوھۇد تېغى ئېتىكىگە چۈشتى.

كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ ۋە سەۋرلىك رەسۇلۇللا ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ پىكرىگە بىر ـ بىرلەپ قۇلاق سېلىپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— سىلەر مەدىنىدە خاتىرجەم ياشايمىز دېسەڭلار، دۈشمەنگە ئارام بەرمەسلىكىڭلار لازىم. ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلسا، قەتئىي زەربە بېرەيلى.

رەسۇلۇللانىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا، ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيي ئىبنى سەلۇل ئورنىدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللانىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ۋە ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاللا ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشنى خالايدىغان كىشىلەر بولسا:

— ئى رەسۇلۇللا، سەن بىزنى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا باشلاپ بارغىن. بىز قورقۇنچاقلاردىن ئەمەسمىز، — دېيىشتى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيي ئىبنى سەلۇل ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ:

— ئى رەسۇلۇللا، سەن مەدىنىدە تۇرغىن، ھەرگىز دۈشمەن قېشىغا بارمىغىن، يا رەببىم! بىز ھۇجۇم قىلمايلى، ھۇجۇم قىلىش بىزگە پايدىسىز؛ بىز ھۇجۇم قىلمىساق، ئۇلارمۇ بىزگە ھۇجۇم قىلمايدۇ، — دېدى.

رەسۇلۇللا جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغۇچە، كىشىلەر ھەدەپ دەتالاش قىلغىلى تۇردى. رەسۇلۇللا نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ساۋۇت كىيىپ، جەڭگە تەييارلاندى. كىشىلەر ئۇنىڭغا:

— يا رەسۇلۇللا، سەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ دەم ئالغىن! — دېيىشتى.

— پەيغەمبەر دېگەن جەڭ كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىن، جەڭ ئاياغلاشمىغۇچە، كىيىمىنى سېلىۋېتىشكە بولمايدۇ، — دېدى رەسۇلۇللا.

www.al

رەسۇلۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى مەدىنىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى

ساھابىلەرنى باشلاپ چىقىپ كەتتى . ئابدۇللا ئىبن ئۇبەي ئىبن سەلۇل ئادەملەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى باشلاپ مەدىنىدىن ۋە ئوھۇدتىكى ئورۇنلاشقان يەردىن ئايرىلغان مەزگىلدە ، ئىبن ئۇممۇ مەكتۇم خەزرەج قەبىلىسىنىڭ سەلەمە ئايمىقىنىڭ ۋە ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ھارىسە ئايمىقىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نامىزىغا ئىمامەتچىلىك قىلدى . ئابدۇللا ئىبن ئۇبەي ئىبن سەلۇل روسۇلىللانى باشقىلارنىڭ پىكرىگە بويسۇندى دەپ ئويلاپ :

— ئەگەر بىز ئۇرۇش قىلىشنى بىلسەك ، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەگىشەتتۇق . ھوي خالايىق ، بىز بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىمىزنى قىرىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز ، — دېدى . ئارقىدىنلا ئابدۇللا ئىبن ئەمر مۇنداق دېدى :

— ھوي خالايىق ، مەن سىلەرنى شۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرايكى ، قوۋمىڭلارغا ، پەيغەمبىرىڭلارغا ھۇجۇم قىلماڭلار . ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى رەببىم ئاللانىڭ تۆۋەندىكى سىرنى بىلىپ قالغانلىقىدىن بولدى : «مۇناپىقلارنى بىلىش كېرەككى ، بەزىلەر ئۇلارغا : كېلىڭلار ، ئاللا ئۈچۈن كۈچ بولسا كۈچ ، پۇل بولسا پۇل چىقىرىڭلار دېسە ، ئۇلار : ئەگەر بىز ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى بىلسەك ، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەگىشەتتۇق ، دېيىشتى . ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرگىنىدىن كۆرە ، مۇناپىق دېگىنى تۈزۈك . ئۇلارنىڭ بۇ گېپى چىن دىلىدىن چىقمىغان . لېكىن ، ئۇلۇغ ئاللا ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىۋالايدۇ .» ئۇلار ئۆزلىرى جەڭگە قاتنىشىشقا ئۇنىمايلا قالماستىن ، بەلكى دىنىي قېرىنداشلىرىغا : «ئەگەر ئۇلار بىزگە ئىتائەت قىلسا ، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتمەيدۇ ، ئۇنداق بولسا ، سەن : ئەگەر سىلەر سەممىي بولىدىغان بولساڭلار ، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئۆلۈمگە تاقابىل تۇرۇشۇڭلار كېرەك ، دېگىن» دېيىشمەكتە .

روسۇلىللا لەشكەرلىرىنى باشلاپ بىر تاغ ئۈستىگە جايلاشتى . ئۇ

www.alma.cn

— مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز ھېچكىم ھۇجۇمغا ئۆتمىسۇن ، —

دېدى.

روسۇلىللانىڭ قول ئاستىدىكى يەتتە يۈز ساھابە جەڭگە تەييارلاندى. قۇرەيشلەرمۇ ھازىرلىنىپ بولدى، ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپ، ھەيۋىسى كۈچلۈك بولۇپ، ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن، ئىككى يۈز ئات تەق قىلىپ، ئوڭ ۋە سول قاناتقا بۆلۈنگەنىدى. سول قاناتقا خالىد ئىبن ۋەلىد، ئوڭ قاناتقا ئىكرىمە ئەبۇجەھىل باشچىلىق قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كىم بۇ شەمشەرنى ئېلىشنى خالايدۇ؟ — دېدى.

— ئى روسۇلىللا، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىدى ئەبۇدەججانە.

— جەڭ مەيدانىدا شەمشەرنى بىكار ئۇرماسلىققا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ — دېدى روسۇلىللا.

— مەن كاپالەتلىك قىلالايمەن، — دېدى ئەبۇدەججانە. شۇنىڭ بىلەن روسۇلىللا شەمشەرنى ئەبۇدەججانىگە بەردى. ئەبۇدەججانە سەللىسىنى يېشىپ، شەمشەرنى ئوبدان ئورىدى ـ دە، ئىككى رەتتىن بولۇپ قاتار تۇرغان لەشكەرلەر ئارىسىدا گىدىيىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى. روسۇلىللا بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— ئەگەر مۇشۇنداق مەيدان بولمىغان بولسا ئىدى، ئاللا بۇنداق گىدىيىشتىن بىزار بولغان بولاتتى، — دېدى.

ئەبۇسۇفيان ئابدۇددار جەمەتىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇتراتقۇلۇق بىلەن:

— ئى ئابدۇددارنىڭ ئەۋلادلىرى! تولۇن ئاي چىققان كۈنىدىكى ئاشۇ جەڭدە سىلەرنىڭ قوشۇنۇڭلار ئارقىغا چېكىنگەنلىكتىن، بىز زىيان تارتتۇق. كىشىلەر سىلەرنىڭ ئەلەمىڭلار ئاستىغا توپلانماقتا، ئەلەم يىقىلغان ھامان كىشىلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن چېچىلىپ كېتىدۇ. سىلەر يا مېنىڭ قوماندانلىقىمغا بويسۇنۇڭلار، يا ئۆز ئالدىڭلارغا ئىش كۆرۈڭلار، بۇنى ئۆزۈڭلار

بەلگىلەڭلار ، — دېدى . ئۇلار :

— بىز سىنىڭ قوماندانلىقىڭغا بويسۇنىمىز . سەن ئەتە بىزنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالىسەن ، — دەپ ۋەدە قىلىشتى .

ئوتبەنىڭ قىزى ھىند باشقا ئاياللار بىلەن بىللە بولدى . ئۇ داپنى بولۇشىغا تاراڭلىتىپ ، لەشكەرلەرنى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى .

جەڭ شىددەتلىك داۋام قىلماقتا ئىدى . ئەبۇدەججانە رەسۇلۇللانىڭ شەمشىرى بىلەن دۈشمەننى باتۇرانە قىرماقتا ئىدى . شۇ ئەسنادا ئۇ بىر ئادەمنىڭ لەشكەرلەرنى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ھەيدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، دەررۇ ئېتىنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە قايرىپ شەمشىرىنى تەڭلىگەن پېتى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىنى توستى . لېكىن ، ئەبۇدەججانە ئۇنىڭغا شەمشەر ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا ئۇشتۇمتۇت ئۆزى زەربە يەپ ، بىر نەرە تارتىپ يىقىلدى ـ دە ، شېھىت بولدى . ئەبۇدەججانەنى دەل ئوتبەنىڭ قىزى ھىند ئۆلتۈرگەنىدى .

ھەبەشلىك ۋەھشىي جۇبەير قۇللۇقتىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزىنى پۇرسەت تېپىپ ئۆلتۈرۈش كويىدا ئىدى . ئۇ ھەمزىنىڭ بۇغرىدەك ھۆركىرەپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، يوشۇرۇپ بارغىنىچە بىر نەيزە ئۇرۇپ ھەمزىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلىدى . ھەمزە ئاللا يولىدا شېھىت بولدى .

ئوھودتا جەڭ تېخىمۇ كەسكىنلەشتى . رەسۇلۇللا ئەلەم ئاستىدا ئۆلتۈرۈپ ، مۇسۇلمانلارنى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشقا ئىلھاملاندۇراتتى . ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئىشەنچلىك ۋە سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشقا ئۈندەيتتى ۋە ئۇلارغا مۇرتەتلەردىن ساقلىنىش ، ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماسلىق ، تەكەببۇرلىنىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش ، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمەسلىك ، ئولجا ئېلىشقا بېرىلمەسلىك ۋە مۇشرىكلاردەك ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا

بىرلىمەسلىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇراتتى .

ئاللا مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ ، ئۇلارغا قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ ، جەڭگە كىرگەن مۇشرىكلارنى يوقاتتى . شۇنداقتىمۇ ، بىر خىل بەتنىيەت يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى چىرىتىپ ، ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىپ تولۇق غەلىبە قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا ئىدى . بۇ بەتنىيەتلىك ئۇلارغا روسۇلىللانىڭ تەلىمىنى ئۇنتۇلدۇردى . روسۇلىللا ئۇلارغا : «ئاللاغا سېغىنىڭلار ، ئاللاغا سېغىنىڭلار» دەپ تەلىم بەرگەنىدى . لېكىن ، بەزىلەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ ، ئولجا ئېلىش بىلەن بولۇپ كەتتى . روسۇلىللا : «ئىككى تەرەپ ئېلىشىۋاتقاندا ، قاچاقلارنىڭ كۆڭلى ئولجا بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى .

غەلىبە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇغ - ئەلىمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا مۇشرىكلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالدى ، بۇ چاغدا مۇشرىكلارنىڭ ئەلىمىنى ئەبۇتەلھەنىڭ ئوغلى كۆتۈرگەنىدى . جەڭدە ئۇ ئىككى قولى چېپىپ تاشلانغان بولسىمۇ ، ئەلەمنى تاشلىمىۋەتمەي ، مەيدىسىگە قۇچاقلىۋالدى ، كېيىن ئەلقەم ھارسىيەنىڭ قىزى ئۇمرە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەلەمنى ئالدى ، بۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەر ئەلەمنى ساقلاپ قالالىدى .

مۇسۇلمان قوشۇنلىرى جاسارىتىنى يوقىتىپ ، ئۈمىدسىز ھالدا ئارقىغا چېكىندى . بۇ بەختسىز بىر كۈن ئىدى . شۇ كۈنى ئاللا ھەممىنى پاكىت بىلەن چۈشەندۈردى . جەڭ ئاياغلىشاي دېگەندە ، دۈشمەن بىردىنلا روسۇلىللاغا ئېتىلىپ ، ئۇنىڭ ئۇدۇل چىشىنى چۈشۈرۈۋەتتى ، يۈزىنى جاراھەتلەندۈردى . كالپۇكىنى يېرىۋەتتى .

جەڭ ئاياغلىشىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى ، دېگەن خەۋەر تارقىلىپ ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ناھايىتى زور داۋالغۇش بولدى . ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغىمۇ ناھايىتى زور تەسىر يەتتى . لېكىن بۇ ھەقتە ئاللا مۇنداق دېدى :

«مۇھەممەد بولسا بىر پەيغەمبەر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆپ پەيغەمبەرلەر كېلىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ ئارقىغا يېنىۋالغانلارنىڭ ئاللاغا ھېچ زىيىنى يوق. شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئاللا مۇكاپاتلايدۇ. ھېچكىم ئاللانىڭ ئىجازىتىسىز ئۆلمەيدۇ، چۈنكى ھەربىر بەندىنىڭ ئۆمرى ئاللا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. كىمكى بۇ دۇنيانىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ئاتا قىلىمەن؛ كىمكى ئۇ دۇنيانىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغىمۇ ئاتا قىلىمەن. مەن شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمەن.»

كەئب ئىبنى مالىك تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن روسۇلۇللاغا قاراپ قويۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار، قاراڭلار! روسۇلۇللا مانا! — دەپ توۋلىدى. كىشىلەرنىڭ روسۇلۇللانى كۆرسە جاسارىتى ئۇرغۇيتتى، روسۇلۇللامۇ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلى، تەلھە ئىبنى ئابدۇللا، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ۋە باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە كىشىلەرگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۇبەي ئىبنى خەلەف:

— مۇھەممەد قەيەردە؟ ئۇ قۇتۇلغان بولسا، مەن تۈگىشىمەن، — دېدى.

— ئى روسۇلۇللا، ئۇ ئارىمىزدىكىلەردىن بىرى، سەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق ۋە مەرھەمەت قىلساڭ، قانداق؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— ئۇنى چاقىرىڭلار، — دېدى روسۇلۇللا. ئۇبەي ئىبنى خەلەف كەلگەندىن كېيىن، روسۇلۇللا قولىغا نەيزە ئېلىپ، ئۇنىڭ كانىيىغا بىر تىقىۋىدى، ئۇ شۇ يەردىلا يىقىلىپ ئۆلدى. شۇ ئەسنادا، ئەلى سۇ ئەكەلدى، روسۇلۇللا ئۇبەي ئىبنى خەلەفنىڭ قان يۇقىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ قايتا تىرىلدى ۋە كۆزلىرىنى ئېچىپ، بەدىنىنىڭ سەل بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما ھېچقانداق زەخىملەنمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، دەررۇ روسۇلۇللانىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ سەجدە قىلدى.

www.alma.cr

مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوھۇد جېڭى ئاياغلاشتى. بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلار غەلىبە قازىنالمىدى، ئەكسىچە، يەتمىش نەپەر مۇنەۋۋەر كىشى شېھىت بولدى. ئاللا ئەڭ دانا ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، ئۇ بۇنداق بولۇشنى بىلەتتى. بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئاللا سىلەرگە قىلغان ۋەدىسىدە تۇردى؛ ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، ئاللا سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن ئاللا سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. ئاللا مۆمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئارقاڭلاردىن سىلەرنى چاقىرىپ تۇراتتى، سىلەر ھېچ كىشىگە قارىماي قاچاتتىڭلار، قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە (يەنى غەنىيمەتكە)، بېشىڭلارغا كەلگەن مۇسىبەتكە (يەنى مەغلۇبىيەتكە) قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللا سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى. ئاللا قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. غەمدىن كېيىن ئاللا سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (ھەقىقىي مۆمىنلەرنى) مۈگدەك باستى، يەنە بىر قىسمىڭلار (مۇناپىقلار) ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى (كۇففارلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى). ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، ئاللاغا قارىتا ناتوغرا گۇمانلاردا بولدى. ئۇلار: ‹بىزگە ئاللا ۋەدە قىلغان غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟›، دېدى. جاۋاب بېرىلىشى كېرەككى، ‹ھەممە ئىش ھەقىقەتەن ئاللانىڭ ئىلكىدە›. ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ؛ ئۇلار: ‹ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق› دەيدۇ، ئۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ‹ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر

چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ (ئاللانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ) . (ئاللانىڭ مۇنداق قىلىشى) كۆڭۈللىرىڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكىنى پاكلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ، .»

جەڭ ئاياغلاشتى، ئەبۇسۇفيان ئىبن ھەرب چېكىنمەكچى بولدى، ئۇ تاغ ئۈستىگە چىقىپ:

— بۇ بىر مەيدان تىركىشىش جېڭى بولدى. كېيىنكى كۈنلەر تېخى ئۇزۇن! — دەپ ۋارقىرىدى. روسۇلىللا ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۆمەر، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگىن! — دېدى. ئۆمەر:

— ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. جەڭدە بىز تەرەپتىن شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىردى، سىلەر تەرەپتىن ئۆلگەنلەر دوزاخقا كىردى! — دېدى. ئەبۇسۇفيان:

— ھەي ئۆمەر، سەن قېشىمغا كېلەلەمسەن؟ — دېدى. روسۇلىللا ئۆمەرگە:

— بېرىپ باققىن، قېنى قانداق قىلىدىكىن، — دېدى. ئۆمەر بارغاندىن كېيىن، ئەبۇسۇفيان ئۇنىڭغا:

— ساڭا بارىكاللا، سەن تېخى بىز ئۈچۈن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرمەمسەن! — دېدى. ئۆمەر:

— ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. روسۇلىللا سۆزۈڭگە قۇلاق سالماقتا، — دېدى.

ئەبۇسۇفيان چېكىندى. روسۇلىللا ئەلىنى ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كەينىگە سېلىپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا جېكىلىدى: ئۇلار ئاتقا مىنمەي تۆگىگە مىنگەن بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ مەككىگە قاراپ يول ئالغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئاتقا مىنىپ تۆگىسىنى ئالدىغا سېلىپ ماڭغان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ مەدىنىگە بارىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەدىنىگە بارسا، بىز ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىمىز.

www.alma.cn

لېكىن، ئەبۇسۇفيانىنىڭ قوشۇنى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، مەدىنىگە بارماي، مەككىگە قايتتى. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى شېھىتلەرنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، ئۇلارنى زىنەت بۇيۇملىرى ئورنىدا ئېسىۋالدى، ھەتتا ھىند دېگەن ئايال روسۇلىللانىڭ تاغىسى ھەمزىنىڭ قارنىنى يېرىپ يۈرىكىنى ئېلىپ چايناپ، يۇتالماي تاشلىۋەتتى. روسۇلىللا تاغىسى ھەمزىنىڭ جەسىتىنى ماتا بىلەن ئوراشنى، باشقا شېھىتلەرنىڭ جەسىتىنى يېنىغا ئەكېلىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. روسۇلىللا يەنە ساھابىلەرنى شېھىتلەرنى دەپنە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. ئۇلار شەھەرگە يېقىن ھەمرائۇلئەسەد دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، قۇرەيشلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ئاللانىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ يېڭىلمەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولدى.

ئەبۇسۇفيانىنىڭ قوشۇنلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يولنى تېزلىتىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇجۇمىغا زەربە بەرمەكچى بولدى. «ۋاپاسىزلارنى سېتىۋالغۇچىلار ئاللاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۆزلىرى چوقۇم قاتتىق جازالىنىدۇ، ۋاپاسىزلار بىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىمىزنى جىنايەت دەپ بىلدى، بۇ ئادەملەر چوقۇم قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.»

www.alma.cn

# بەنى نەزىر قەبىلىسى

— ئەمىر ، قەيەردىن كەلدىڭ ؟ خۇدۇكسىنىپ قاپسەنغۇ ، بۇ نېمە ئىش ؟ مېنىڭچە ، سەن ئادەتتىن تاشقىرى بىرەر چوڭ ئىش قىلغاندەك تۇرىسەن ، كۆڭلۈڭگە بىرەر سىر يوشۇرۇنغاندەك قىلىدۇ !

— شۇنداق ، — دېدى ئەمىر ئىبن ئۇمەييە ، — پەرىزىڭ توغرا . مەن مەدىنىگە كېتىۋېتىپ ، بەنى ئامىرنىڭ ئىككى ئادىمىگە يولۇقۇپ قالدىم ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈردۈم . بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ ـ نەپرەت تۈگىشى مۇمكىن . چۈنكى ، بەنى ئامىر بىئرى مەئۇنە[1] دە بىزنى زىيانغا ئۇچراتقانىدى .

ئەمىرنىڭ سۆھبەتدىشى مۇنداق دېدى :

— سېنىڭ قىلمىشىڭ يامان بوپتۇ ، هەي ئەخمەق ! مەن ئەزەلدىن سەندەك ئەخمەقنى كۆرگەن ئەمەس . سەن ياخشى ئىش قىلىمەن دەپسەنۇ ، ئەمەلىيەتتە يامان ئىش قىلىپ قويۇپسەن . سەن ئىنتىقام ئالىمەن دەپسەنۇ ، لېكىن جىنايەتنى يوكلىۋاپسەن . سېنىڭ بۇ قىلمىشىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىسىز ، سەن بەنى ئامىرنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزۈڭچە ئىنتىقام ئالدىم دەپ ئويلاپسەن . ئەمەلىيەتتە ئۆلگۈچىلەر بىلەن روسۇلۇللا ئوتتۇرىسىدا ئەهدە بار ، ئۇلار روسۇلۇللانىڭ هىمايىسى ئاستىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى . سەن روسۇلۇللانىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن بۇنى بىلىپ قالىسەن .

ئەمىر ئەتۇر ئىش قىلىپ ، زور خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلدى ، ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ

www.alina.cn

[1] بىئرى مەئۇنە — مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى بىر جاي .

دەككە ـ دۈككە ئىچىدە روسۇلىللانىڭ ئالدىغا ئەھۋال ئۇقۇشقا كەلدى . ئۇ روسۇلىللانى كۆرۈپ :

— ئى روسۇلىللا ، مەن مەدىنىگە بارىدىغان يولدا بەنى ئامىرنىڭ ئىككى ئادىمىنى ئۆلتۈردۈم ، مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئىدى ، — دېدى ـ دە ، سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆكۈپ كەتتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەمكىنلىك ۋە ئوڭايسىزلىنىش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى .

— ئادەمنى سەن ئۆلتۈرسەڭ ، قەرزنى مەن تۆلەيدىغان بولدۇم ـ دە ، — دېدى روسۇلىللا .

روسۇلىللانىڭ قولىدا ئۇنچە كۆپ پۇل يوق ئىدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە قويۇلىدىغان جەرىمانىنى چوقۇم تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى ، ئۇنى نېسى قالدۇرۇشقا ھەرگىز بولمايتتى . قايناپ تۇرغان ھېسسىياتنى ئىشنى كەينىگە سۈرەش بىلەن پەسەيتكىلى بولمايتتى . شۇڭا بۇ ھەقتە يەنىلا بەنى نەزىر قەبىلىسىگە بېرىش كېرەك ئىدى . ئۇلار بەنى ئامىرنىڭ ئەۋلادلىرى ، ئۇلار بىلەن روسۇلىللا ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشماسلىق ، بىر ـ بىرىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ھەققىدە تۈزۈلگەن ئەھدىنامە بار ئىدى . شۇڭا ئۇلارغا تايانغاندىلا ، جەرىمانىنى كۆتۈرۈۋەتكىلى بولاتتى .

روسۇلىللا ساھابىلەرنى باشلاپ مەدىنە شەھىرى يېنىدىكى بەنى نەزىر قەبىلىسى تۇرۇشلۇق يەرگە كەلدى .

بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھۇيەي ئىبن ئىبنى ئەختەب :

— مۇھەممەدنىڭ ساھابىلەرنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىشىدە چوقۇم بىر گەپ بار . بىز ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقايلى ، — دېدى .

بەنى نەزىرلەر خۇشال ھالدا چىقىپ روسۇلىللاغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى . لېكىن غەرىزى يامان ئىدى ، ئۇلارنىڭ قەلبى نارازىلىق ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغانىدى .

— ئى مۇھەممەد ، سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭدە چوقۇم

خاسىيەتلىك بىر ئىش بولسا كېرەك ، سېنى قارشى ئالىمىز ، — دېدى ھۆيەي ئىبىن ئەختەب .

— بىر مۇسۇلمان بەنى ئامىرنىڭ ئىككى ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ ، — دېدى روسۇلىللا ، — ئۇ بۇنى ئۆزىچە ئىنتىقام ئالغانلىق دەپ ئويلاپ ، ئۇلارنى دۈشمەن ئورنىدا كۆرۈپتۇ . ئەمەلىيەتتە ئارىمىزدىكى ئەھدىنامە بويىچە ئۇلار بىزنىڭ ھىمايىمىزدە بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى . مەن بۇ يەرگە سەندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلدىم .

— ئى مۇھەممەد ، ئىشىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ ، بۇ يەردە دەم ئېلىپ بىرئاز كۈتۈپ تۇرغىن ، بىز پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ ئاندىن ساڭا ئەكېلىپ بېرەيلى ، — دېدى ھۆيەي ئىبىن ئەختەب .

روسۇلىللا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى . ساھابىلەر بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشتى . لېكىن ، بەنى نەزىرلەر بولسا ئۆيدە سۈيىقەست پىلانلىدى . ئۇلار بىر - بىرىگە : مۇھەممەدنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمەيمىز ؟ ھازىر بۇنى پۈتۈنلەي قىلالايمىز ، دېيىشتى . ئۇلار روسۇلىللانى ئۆلتۈرمەكچى بولدى ، ئۇلار روسۇلىللانى يالغۇز ، يار - يۆلەكسىز ، ناھايىتى كەلسە ئازغىنە ساھابىلىرىلا بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ قوللىرىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ، دەپ ئويلاشتى . ئۇلار يەنە :

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك ، تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدۇ ، ئەرەبلەرنىڭ يۈرىكىدىكى دەردمۇ تۈگەيدۇ ؛ ئۇنى قويۇۋەتسەك ، ئۇ ئىككىنچىلەپ ئالدىمىزغا كەلمەيدۇ ... قېنى ، كىم ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئىبرەت قىلىشنى قۇۋۋەتلەيدۇ ؟ — دېيىشتى .

— مەن باشلامچى بولۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، دەردىڭلارنى چىقىرىپ بېرەي ، — دېدى ئەمر ئىبىن جەھش . ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ، ئۆگزىدىن روسۇلىللانىڭ ئۈستىگە تاش تاشلاپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە تەييارلاندى . ئۇ ئۆگزىگە چىققاندا ، بىردىنلا روسۇلىللانىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى سەزدى . ئاللا سۈيىقەست ھىيلە - مىكرىنى تارمار قىلدى .

رەسۇلۇللا ئۆز ھەمراھلىرى قېشىغا قايتىپ كېلىپ:

— بەنى نەزىرلەر ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، مېنى ئۇجۇقتۇرماقچى بولدى، ئەگەر ئاللا بۇنى ماڭا بېشارەت قىلمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئېشىپ قالغان بولاتتى، — دېدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقدىشىدىن ئايرىلدى، ئىككى قاناتتىكى بىخەتەرلىكتىن كاپالەتسىز قالدى.

رەسۇلۇللا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا يۇرتتىن چىقىپ كېتىشنى، بولمىسا، ئۇرۇش ئاچىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.


مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— ھوي بەنى نەزىرلەر، بىز سىلەرنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە - مىكرىڭلارنى بىلىۋالدۇق. ئاللا بۇنى ئۆز ئەلچىسىگە ئۇقتۇردى. بىز ئەمدى سىلەرگە ئىشەنمەيمىز. بۇنىڭدىن كېيىن ئائىلەڭلەردە تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئەرلەرنىڭ ھاياتىمۇ كاپالەتلەندۈرۈلمەيدۇ. يۇرتتىن چىقىشنىڭ ئۆزى نىجاتلىق يول. سىلەر قەينۇقا قەبىلىسىگە بېرىپ تەۋەلىك تەلەپ قىلىڭلار!

بەنى نەزىرلەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، بۇ پېشكەللىكنى ئۆزلىرى تاپقانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئەگەر مەدىنە شەھىرىدىكى مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى* ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي مەدەت بەرمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەدىنىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي:

— يۇرتتۇڭلاردىن چىقىپ كەتمەڭلار، بىز سىلەرگە يار - يۆلەكتە بولىمىز. سىلەر ھەيدەلسەڭلار، بىزمۇ سىلەر بىلەن چىقىپ كېتىمىز، نائىلاجلىقتىن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالساڭلار، بىز سىلەرگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن مەدەت بېرىمىز، ئىلاھ ئۇلارنىڭ ئىمانسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، — دېدى.

رەسۇلۇللا ئۇلارنىڭ ئىشەنمىگەنلىكى ۋە جاھىللىق قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇلارنى جازالىماقچى بولدى. رەسۇلۇللانىڭ قوشۇنى ئۇلارنى بىرنەچچە كېچە - كۈندۈز مۇھاسىرىگە ئالدى،


قۇرئاندىكى قىسسەلەر
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

لېكىن ئۇلاردىن ھېچكىممۇ ئىشىك ئاچمىدى ، تەسلىممۇ بولمىدى . مۇسۇلمانلارنىڭ خورما دەرەخلىرىنى كېسىۋەتمەي ، ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، بەنى نەزىرلەرنىڭ جاسارىتى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى يوقىتىشقا ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى بەنى نەزىرلەر سەزدى . ئۇلار روسۇلۇللادىن قانلىق ۋەقە تۇغدۇرماسلىقىنى ، تۆگىلىرىدىن باشقا پۇل - مېلىنى ئېلىپ سۈرگۈن بولۇپ چىقىپ كېتىشكە ئىجازەت بېرىشنى ئۆتۈندى .

روسۇلۇللا ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى . ئۇلار ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقتەك ئار - نومۇسنى بېشىغا ئېلىپ ، يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى . «كىمكى ۋەدىسىدە تۇرمايدىكەن ، ئۇ زىيان تارتىدۇ .» «ئۇلارنىڭ سۈرگۈن بولۇشىنى ئاللا ئىرادە قىلمىغان بولسا ، ئۇلار بۇ ئالەمدە ئازاب - كۈلپەت چېكەتتى ، ئۇ ئالەمدە دوزاخقا كىرەتتى . ئۇلار ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە خائىنلىق قىلدى ، ئاللانىڭ جازاسى قاتتىقتۇر .»

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

# گۇرۇھلار

بەنى نەزىرنىڭ باشلىقى ھۇيەي ئىبن ئەختەب ئەسلىدە يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۇ تاشلىنىپ، خەيبەر تەرەپتە مۇساپىر بولۇپ قالدى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە غەمكىن، خاپا يۈرەتتى.

رەسۇلۇللانىڭ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قوۋمىدىكىلەرنى مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلغانلىقى ئۇنىڭ بىۋاپالىقىغا ۋە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىغا بەرگەن جازا ئىدى. ھۇيەي ئىبن ئەختەب بۇ ھەقتە ئىچىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، پۇرسەت تېپىپ ئىنتىقام ئېلىش كويىدا بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ رەسۇلۇللانىڭ مەدىنە شەھىرىدە ئۆلۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، مۇسۇلمانلارغا بالا - قازا، غەيرىي دىندىكىلەرگە غەلىبە تىلەيتتى. مۇشۇنداق بولسا، ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ تەلىپى ئۇڭ كەلمىدى. ئۇ ھەمىشە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلغانلىقى، غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ ئارقىمۇئارقا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردى. غەزەپ - نەپرەت ۋە ھەسەتخورلۇق ئۇنى ئازابلايتتى، قاتتىق پاراكەندە قىلاتتى.

ئىنتىقامچىلار ئىنتىقام ئېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ؛ مۇساپىرلار ھامان ئۆز يۇرتىنى سېغىنىدۇ. ھۇيەي ئىبن ئەختەب قىساس ئېلىشقا بەل باغلىدى.

ئۇ قىساس ئېلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئەل - يۇرتىن ئايرىلىپ يىراقتا كەتكەن مۇساپىرلاردىن ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنى چىش... تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرىدىغانلارنىڭ ھەممىۋاسىنى يىغىپ تەشكىللەش كېرەك، دېگەن بىر سۇيىقەستلىك پىلانى

ئويلاپ تاپتى . ئۇ بۇنداق ئادەملەرنىڭ سانى چوقۇم ئاز ئەمەس ، ئۇلار جەڭگە قاتناشسىلا ، مۇھەممەدنىڭ قۇرغان دۆلىتى تىرىپىرەن بولىدۇ ، مۇھەممەدنىڭ ئۆزىمۇ تۈگىشىدۇ . ئۇ چاغقا بارغاندا ، مەن قەبىلە باشلىقلىق تەختىمدە يەنە ئولتۇرالايمەن ، دەپ ئويلايتتى .

ئۇ قىساس ئېلىش تەقەززاسى بىلەن دەرھال ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا ، بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن سەللام ئىبن ئەبۇ ھۇقەيق ۋە كەنانە ئىبن رابىئە ، ۋائىلە قەبىلىسىدىن ھۇنزەلى ئىبن قۇيەيس ۋە ئەبۇئەمارلار شۇنىڭدەك باشقا كىشىلەر ھۇيەي ئىبن ئەختەبنىڭ ئەتراپىغا توپلاشتى . ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ئادەم توپلاش ئۈچۈن ھەر قايسى قەبىلىلەرگە بېرىپ تەشۋىق قىلىشقا پۇتۇشتى .

ئۇلاردىن بىر بۆلەك ئادەم ئالدى بىلەن قۇرەيش قەبىلىسىگە كەلدى .

قۇرەيشلەر ئۇلارنى كۆرۈپلا ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى :

— ئى يەھۇدىي قېرىنداشلار ، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭلار . بىز بىر مەسىلىنى كېڭەشمەكچىدۇق ، ھەر كىشى ئۆز پىكرىدە تۇرۇۋېلىپ ، بىر قارارغا كېلەلمىدۇق . سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا «تەۋرات» بار ، سىلەر بىزگە بىر ھۆكۈم قىلىپ بېرىڭلارچۇ . ھازىر بىز مۇھەممەدنىڭ دىنىدىن گۇمانلىنىۋاتىمىز ، ئۆز دىنىمىزدىنمۇ گۇمانلىنىۋاتىمىز . قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار ، بىزنىڭ دىنىمىز توغرىمۇ ياكى مۇھەممەدنىڭ دىنى توغرىمۇ ؟ بىزنىڭ ئىلاھىمىز ھەقمۇ ياكى مۇھەممەدنىڭ ئىلاھى ھەقمۇ ؟

ھۇيەي ئىبن ئەختەب قاتارلىقلار شۇ يەردىلا مۇنداق جاۋاب بېرىشتى :

— سىلەرنىڭ ئۆز دىنىڭلار ۋە ئېتىقادىڭلاردىن گۇمانلىنىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىماپتىكەنمىز . سىلەرگە شۇنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇپ قويايلىكى ، سىلەرنىڭ دىنىڭلار توغرا ، مۇھەممەدنىڭ دىنى ئادەم ئالدايدىغان دىن ؛ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ئاپەتنى ئامەتكە ئايلاندۇرالايدۇ ، لېكىن مۇھەممەدنىڭ دىنى بولسا ، كەلگەن

بالايىئاپەتنى ياندۇرالمايدۇ ، بەخت ـ سائادەتمۇ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ . سىلەر ھەرگىز ئالدىنىپ كەتمەڭلار . ئۆز دىنىڭلارغا تەقۋادارلىق بىلەن ئېتىقاد قىلىڭلار ، مۇھەممەد بىلەن قىلچە ئىككىلەنمەي ئېلىشىڭلار . بىز سىلەرنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكىڭلار ، بىز بارلىق ئەرەبلەرگە بىزنىڭ سىپىمىزگە قاتنىشىشقا مۇراجىئەت قىلىپلا قالماستىن ، يەنە غەتەفان ، بەنى قۇرەيزە ۋە بەنى ئەشجە قەبىلىلىرىنىمۇ بىز بىلەن بىللە تۇرۇشقا كۆندۈرىمىز . سىلەر بۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە مۇھەممەدكە قارشى جەڭ قىلىشىڭلار كېرەك .

قۇرەيشلەرنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئىشى ئورۇندالغاندىن كېيىن ، ھۇيەي ئىبنى ئەختەب قاتارلىقلار غەتەفان قەبىلىسىگە كېلىپ ، ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشقا قوزغاپ ، ئۇلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى . ئاندىن ئۇلار بەنى ئەشجە قەبىلىسىگە باردى ، ئۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا قىزغىن قوللاشقا ئېرىشتى . ئاخىردا ئۇلار ئۇدۇل بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىگە كەتتى .

بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملار بىلەن بىللە مەدىنە شەھرىدە تۇراتتى . بەنى قۇرەيزە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىناق ئۆتۈش ، ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشماسلىق ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىغانىدى . كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ كېلىشىمگە ئەمەل قىلىپ كەلدى . بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كەئب ئىبنى ئەسەد ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قەبىلىسىدىكىلەرگە :

— كەلگۈچىدە ياخشى نىيەت يوق . دەررۇ ئىشىكىڭلارنى تاقاڭلار ، ئۇلار بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن . ئۇلار سىلەرگە ھېچقانداق ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ ، — دېدى .

بۇنىڭ بىلەن ، بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدىكىلەر دەرھال ئىشىكلىرىنى تاقىدى . ھۇيەي ئىبنى ئەختەب كېلىپ ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكلىرىنىڭ تاقاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، قەبىلە باشلىقى كەئبنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توۋلىدى :

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ ئىشىكىڭنى ئاچ! مەن سىلەرنىڭ مەنپەئىتىڭلارنى دەپ كەلدىم.

— گېپىڭ نېمىدېگەن چىرايلىق! — دېدى ئۆي ئىچىدىكى كەئىب جاۋاب بېرىپ، — سېنىڭ تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر ساختىپەز ئىكەنلىكىڭنى كىم بىلمەيدۇ. ساڭا دەپ قويايكى، مەن مۇھەممەد بىلەن ئىتتىپاق تۈزدۈم، مەن ئۇنى ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ئادەم دەپ قارايمەن. بىز ھازىر ئۆچمەنلىك، ئۇرۇش ۋە سۈيىقەستتىن خالىي مۇھىتتا ياشاۋاتىمىز، سىلەرنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىڭلارغا ھەرگىز يول قويمايمىز.

— مۇھەممەد سىلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغان بولسىمۇ، — دېدى ھۇيەي ئىبنى ئەختەب، — لېكىن، كېلىشىم بىر ۋاراق قۇرۇق قەغەز. مۇھەممەد ئۇنى ھەرقاچان يىرتىپ تاشلىۋېتەلەيدۇ، ئۇ سېنىڭ قوشنا بولۇپ تۇرۇشۇڭغا ئىچ ـ ئىچىدىن نەپرەتلىنىپ، دائىم سېنى ھەيدىۋېتىش كويىدا يۈرىدۇ. مەن مۇھەممەدنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ سېنى ئىزدەپ كەلدىم. مەن قۇرەيشلەرنى مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قوزغاپ بولدۇم. ھازىر ئۇلار داغدۇغا بىلەن مەدىنىگە قاراپ ئاتلاندى. غەتەفان بىلەن بەنى ئەشجە قەبىلىلىرىمۇ مەدىنىگە قاراپ ماڭدى.

— ئاغزىڭنى ئۇپراتما، — دېدى كەئىب، — مەن ۋەدەمگە ۋە كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ مۇھەممەدكە ھۇجۇم قىلمايمەن.

لېكىن، ھۇيەي ئىبنى ئەختەب ھە دېگەندىلا بولدى قىلمىدى. ئۇ كەئىبكە يۇمشاق ۋە قاتتىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تاكى كەئىب تىز پۈكۈپ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغانغا قەدەر ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىشقا تەييارلانغانغا قەدەر خىلمۇخىل جىنايى ئالدامچىلىق ۋە پوپوزا قىلىش چارىسىنى ئىشقا سالدى.

روسۇلىللا قۇرەيش قەبىلىسى، غەتەفان قەبىلىسى ۋە بەنى

ئەشجە قەبىلىسى لەشكەرلىرىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىدىن تېز خەۋەر تاپتى، لېكىن تەمكىن، بىمالال تۇرىۋەردى. ئۇ بېسىپ كەلگۈچىلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنى مەدىنە شەھىرى ئەتراپىدا خەندەك كولاشقا بۇيرۇدى.

مۇسۇلمانلار تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان چاغدا، بىر كىشى: بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىمۇ كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلاپ، ئادەملىرىنى قوزغاپ، مەدىنە شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش سېپىگە قاتناشتى، دېگەن ئەنسىز خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇ خائىنلىقى مۇسۇلمانلارغا كەينىدىن ئۇرۇلغان بىر پىچاق بولدى.

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقىنى، دۇشمەنلەرنىڭ قىستاپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق بىلدى. ئەنسىزلىك، ۋەھىمە ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئازابلايتتى. ئاللانىڭ بۇ تەقۋادار مۆمىنلىرى بۇنى ئاللانىڭ بىزنى سىنىغانلىقى، دەپ بىلەتتى. ئۇلار ئۆز ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى ياكى ئۆزلىرىنىڭ بىخەستەلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن، بۇ قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلمەي قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى. ۋەھالەنكى، مۇناپىقلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ: «مۇھەممەد بىزگە بېرىپ كىسرا بىلەن قەيسەرنىڭ مال- دۇنياسىنى ئېلىشقا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە قۇرۇق قول كېلىۋاتىمىز. قارىغاندا، بۇ خۇدانىڭ ئەلچىسىنىڭ بىزگە قىلغان ۋەدىسى بىزنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن» دېيىشتى.

بۇ مۇناپىقلار تۈرلۈك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ، مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇردى.

روسۇلىللا تاشقى دۇشمەنگە زەربە بېرىش بىلەن بىللە يەنە ئىچكى قىسىمدىكى دۇشمەنگىمۇ تاقابىل تۇرۇشى كېرەك ئىدى. «مېنى پەرىشان قىلىدىغان ئىش بىرلا بولسا ئىدى، مەن ئۇنى ھەرگىز كۆڭلۈمگە ئالمىغان بولاتتىم، لېكىن ھازىر كۆڭۈلسىز ئىشلار كەينى- كەينىدىن كەلگىلى تۇردى، قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەپ ئويلىدى روسۇلىللا.

قاپقاراڭغۇ بىر كېچىسى ، ئاللا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن نۇئەيىم ئىبن مەسئۇدنى ئەۋەتتى . نۇئەيىم غەتەفان قەبىلىسىدىن ئىدى . ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندىن كېيىن :

— ئى روسۇلىللا ، مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدىم . لېكىن قوۋمىمدىكىلەر بۇنىڭدىن بىخەۋەر ، مېنىڭ قىلىشىمغا تېگىشلىك قانداق ئىش بولسا دەۋەرگىن ، مەن ئاللا ئۈچۈن بارلىقىمنى تەقدىم قىلىشقا تەييار ، — دېدى .

— مېنىڭ هازىرقى ئەھۋالىم ساڭا پۈتۈنلەي ئايان ، كۆپ گەپ قىلىشىنىڭ هاجىتى يوق . سەن بىزنىڭ سېپىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغانىكەنسەن ، بىزنى قورشىۋالغان دۈشمەنلەرنى بىر ئامال قىلىپ ئازدۇرۇپ كەتكۈزۈۋېتىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، بۇ ئىشنى پەم - پاراسەتكە تايانغاندىلا قىلغىلى بولىدۇ ، — دېدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام .

نۇئەيىم قورال - ياراغلىرىنى قويۇپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى . ئۇ يالغۇز بولسىمۇ ، لېكىن ئاللا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان پىداكارلىق ئۇنىڭ ئىرادىسىنى قىلىچتىنمۇ ئىتتىك ، تاغدىنمۇ كۈچلۈك قىلىۋەتتى . ئۇ قىلىچ ، ئوقيا ئالمىدى . ئۇ قىلىچ - ئوقيا بىلەن مەغلۇپ قىلغىلى بولمايدىغان دۈشمەننى ئاللا ئاتا قىلغان پەم - پاراسەت ۋە ئەقىل - ئىدراك بىلەن يەڭمەكچى ئىدى .

نۇئەيىم بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ دوستى ئىدى . ئۇ بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىغا كېلىپ :

— ئى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدىكى قېرىنداشلار ، مېنىڭ دوستلۇقۇمنى بىلىسىلەر ، قەلبىم سىلەرگە تەلپۈنىدۇ ، مەن ئاراڭلاردىكى هەربىر كىشىنى سۆيىمەن ، — دېدى .

— توغرا ئېيتتىڭ ، بىز ياخشى نىيىتىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايمىز ، — دېيىشتى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدىكىلەر .

— قۇرەيش ۋە غەتەفان قەبىلىلىرىنىڭ ئەھۋالى سىلەرنىڭكىگە

ئوخشىمايدۇ، — دېدى نۇئەيىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىلەر مۇھەممەد بىلەن مەدىنىدە بىللە ياشايسىلەر، بۇ يەرمۇ سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار. ئائىلە تاۋابىئاتىڭلار، بالىۋاقىڭلار، مال - مۈلكۈڭلار مۇشۇ يەردە، ئۆزۈڭلارنىڭ دۆلىتىڭلارنى، مال - مۈلكۈڭلارنى باشقىلارغا ئېككى قوللاپ بېرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ھازىر قۇرەيشلەر ۋە غەتەفان قەبىلىسىدىكىلەر مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كەلدى، ئاڭلىشىمچە، سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلدۈرۈپسىلەر، لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۇلار يىراقتىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۆز قەبىلىسىدە قالغان، ئۇلار ھامان كېتىدۇ، ئۇلار ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ قالسىغۇ ياخشى بولغىنى، ناۋادا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ، سىلەرنى مۇھەممەد بىلەن ئېلىشىشقا تاشلاپ كەتسە، ئۇ چاغدا سىلەر بەكمۇ خەتەرلىك ۋە يېتىم ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسىلەر.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراشتى بەنى قۇرەيزە خەلقى تەشۋىشلەنگەن ھالدا، — بىز مۇھەممەدنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن تۇرساق.

— مەن سىلەرگە بىر ئەقىل كۆرسىتەي، — دېدى نۇئەيىم، — قۇرەيش، غەتەفان قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىنى سىلەرگە گۆرۈگە قويۇپ، سىلەرنى تاشلىۋەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلغاندا، ئاندىن مۇھەممەدكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە بىرىشقا قوشۇلۇڭلار.

— بۇ پىكرىڭ تازا جايىدا بولدى، — دېيىشتى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى.

نۇئەيىم قۇرەيزە قەبىلىسىدىن چىقىپ، ئۇچقاندەك مېڭىپ قۇرەيش قەبىلىسىگە كەلدى. ئۇ قۇرەيش باشلىقلىرىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

www.alma.cn

— سىلەرگە مەلۇم، مەن سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، مۇھەممەدنى ئۆچ كۆرىمەن. ھازىر سىلەرگە دېيىشكە تېگىشلىك بىر

ئىش بار: قۇرەيزەلەر سىلەر بىلەن بىللە مۇھەممەدكە ھۇجۇم قىلىشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پۇشايمان قىلىپتۇ. ئۇلار مۇھەممەدكە ئادەم ئەۋەتىپ: «بىز كېلىشىمنى يىرتىۋېتىپ ۋەدىمىزگە ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىمىزغا قاتتىق پۇشايمان قىلدۇق. سەمىمىيىتىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قۇرەيش ۋە غەتەفان قەبىلىلىرىنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇلارنى سېنىڭ جازالىشىڭغا تاپشۇرماقچىمىز، ئاندىن سەن بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قالغان ئادەملىرىنى يوقاتماقچىمىز. سېنىڭچە قانداق؟» دېگەن گەپلەرنى قىلدى. مۇھەممەد بۇنىڭغا خۇشال ھالدا ماقۇل بولدى. شۇڭا مەن سىلەرگە شۇنى تەۋسىيە قىلايكى، مۇبادا قۇرەيزەلەر كېلىپ سىلەردىن گۆرۈگە ئادەم تەلەپ قىلسا، ھەرگىز ماقۇل بولماڭلار.

نۇئەيم گېپىنى تۈگىتىپ، دەرھال يولغا چىقىپ ئېتىنى قامچىلىغان پېتى غەتەفان قەبىلىسىگە كەلدى ۋە بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقلىرىغا يۇقىرىقىغا ئوخشاش گەپلەرنى قىلدى. غەتەفان قەبىلىسىدىكىلەر قۇرەيشلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ نۇئەيمنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. نۇئەيم گويا ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك بولدى ـ دە، ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتتى.

شەۋۋال ئېيىنىڭ مەلۇم بىر شەنبە ئاخشىمى قۇرەيش، غەتەفان قەبىلىلىرى ئىكرەمە ئەبۇ جەھىل باشچىلىقىدا بىر توپ ئادەمنى قۇرەيزە قەبىلىسىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلىشقا قوزغىدى.

ئىكرەمە قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىغا:

— مۇھەممەد بىزنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى، سىلەر دەررۇ بىز بىلەن بىللە مۇھەممەدكە قارشى جەڭ قىلىشقا ئاتلىنىڭلار! ئۇنىڭدىن ئومۇمىي ھېساب ئالىدىغان ۋاقىت كەلدى، — دېدى.

— بۈگۈن شەنبە، — دېيىشتى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرى، — بىز شەنبە كۈندە ھېچقانداق ئىش قىلمايمىز، ئىش

قىلساق ، بىز ئۇچۇن نومۇس . ناۋادا سىلەر بىزنى مۇھەممەدكە قارشى ئۇرۇشقا چىقسۇن دېسەڭلار ، مۇنداق بىر شەرتكە ماقۇل بولۇڭلار : سىلەرنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىڭلارنى بىزگە گۆرۈگە قويۇڭلار ، چۈنكى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت چېكىنىپ ، بىزنى مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا يالغۇز تاشلاپ قويۇشۇڭلاردىن ئەنسىرەيمىز . ئۇنداق بولغاندا ، بىز پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولىمىز - دە ، ئاقىۋىتىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز .

ئىكرەمە قاتارلىقلار قۇرەيش ، غەتەفان قەبىلىلىرىگە قايتىپ بېرىپ ، قۇرەيزەلەرنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدى . قەبىلە باشلىقلىرى بۇنى ئاڭلاپ ، نۇئەيمنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىشتى . ئۇلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ، قۇرەيزە قەبىلىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ، قەبىلە باشلىقلىرىغا :

— بىز سىلەرگە بىر ئادىمىمىزنىمۇ گۆرۈگە بېرەلمەيمىز ، ئۇرۇشامسىلەر ياكى ئۇرۇشمامسىلەر ، ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا ! — دېدى .

قۇرەيشلەرنىڭ تىككەن چېدىر - بارگاھلىرى ، ئورناتقان قازان ۋە باشقا لاقا - لۇقىلىرىنى ئاللا چىقارغان قاتتىق بوران ئۇچۇرۇپ كەتتى . بۇ ھال ئۇلارنى تېخىمۇ ۋەھىمىگە سالدى . ئۇلار بۇنى شۇملۇقنىڭ ئالامىتى دەپ بىلىشتى . مانا ئەمدى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جازالاشتىن يالتىيىپ ، چېدىر - بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، ئالاقزادە ھالدا مەككىگە قاراپ تىكىۋەتتى .

قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ قوشۇنلىرى قاچقاندىن كېيىن ، غەتەفان قەبىلىسىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئالدىراپ - تېنەپ قايتىشتى . ئاللا مۇشرىكلارنى ئەنە شۇنداق جازالىدى ، ئۇلارنى ھېچقانداق ياخشىلىققا ئېرىشتۈرمىدى . ئاللا ساھابىلەرنى قەبىھ ئۇرۇشتىن خالاس قىلدى . ئاللا ئۇلۇغ ، ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر .

رەسۇلۇللا قۇرەيزە قەبىلىسىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭمۇ قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ قۇرەيش ۋە غەتەفان قەبىلىلىرىگە مەدەت بەرگەنلەرنى جازالىماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، ئاياللىرى ئەسىر ئېلىندى. ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىن، ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ساھابىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئاللا ھەممىگە قادىردۇر.

www.alma.cn

# بوھتان چاپلانغانلار ھەققىدە

تۈن پەردىسى يېيىلىپ، چۆل قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. ئەتراپتا قۇرت - قوڭغۇز ماڭسىمۇ ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

شۇ تاپتا، بىر كۆچمەن چارۋىچى بۇ چۆلدە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل ئىدى.

سەفۋان بەنى مۇستەلەققە ھۇجۇم قىلىش غازىتىغا قاتناشقاندىن كېيىن، مەدىنىگە قايتىش يولىدا بىر ئىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ قېلىپ، رەسۇلۇللانىڭ قوشۇنىدىن چۈشۈپ قالغان، ھازىر قوشۇنغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىماقتا ئىدى.

بىردىنلا، ئۇ ئالدى تەرەپتە بىر كاجۇۋىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭدا بىر كىشى يېپىنچىسىغا يۆگىنىپ ئولتۇرغاندەك قىلاتتى. مىدىر - سىدىر قىلىپمۇ قويمىغىنىغا قارىغاندا، بۇ كىشى ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سەفۋان تۆگىسىدىن چۈشۈپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ كاجۇۋىغا يېقىن كەلدى ۋە كاجۇۋىدىكى كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ سىنچىلاپ قارىدى.

سەفۋان يېپىنچىغا يۆگىنىپ ئۇخلاۋاتقان بۇ كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى، جىمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى ئائىشە ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.

بۇ قاراڭغۇ كېچىدە، بۇ قاقاس چۆلدە، ئائىشە قانداق بولۇپ ئۆزى يالغۇز قېپقالدىكىنە؟ سەفۋاننىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئۈنلۈك ھالدا: «ئى رەسۇلۇللا! سەن قەيەردە؟ خوتۇنۇڭ نېمە بولۇپ كاجۇۋىدا ئۆزى يالغۇز قېپقالغاندۇ!» دەپ توۋلىۋەتتى.

سەفۋاننىڭ توۋلىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن

ئائىشە قورقۇپ كېتىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان كىشىنىڭ سەفۋان ئىكەنلىكىنى تونۇغاندىلا، كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى. لېكىن، ئالدىدا تۇرغىنى ئەر كىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچە بولغاچقا، ئائىشە دەررۇ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن يۈزىنى ياپتى.

— يائاللا! قانداق بولۇپ سەن بۇ يەردە يالغۇز قېپقالدىڭ؟ — دەپ سورىدى سەفۋان ئالدىراپ. ئائىشە ئۇيالغانلىقتىن بىرنېمە دەپ جاۋاب بەرمىدى. سەفۋانمۇ قايتا سۈرۈشتە قىلمىدى، ئاندىن ئۇ ئائىشەنى تۆگىسىگە مىندۈرۈپ، ئۆزى تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. يولدا سەفۋان ئائىشەگە كۆز سالمىدى يا بىرەر ئېغىز گەپ - سۆزمۇ قىلمىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا ماڭغىنىچە چۈش ۋاقتىدا قوشۇنغا يېتىشىۋالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفۋان بىلەن ئائىشەنىڭ بىللە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئائىشەدىن:

— نېمىشقا ئەمدى كەلدىڭ، نېمە ۋەقە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئاخشام، — دېدى ئائىشە جاۋاب بېرىپ، — سەن پۈتۈن قەبىلىدىكىلەرنى يولغا چىقىشقا بۇيرۇغاندا، مەن بىردىنلا بوينۇمدىكى مونچاقنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى ئىزدەپ كېتىپ قاپتىمەن. قايتىپ كەلسەم ھەممىڭلار كېتىپ قاپسىلەر. مەن سىلەرنىڭ قايسى يول بىلەن ماڭغىنىڭلارنى بىلمىگەچكە، چوقۇم ئادەم ئەۋەتىپ مېنى ئىزدەيدىغۇ دەپ ئويلاپ، چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ شۇ جايىمدا كۈتۈپ تۇردۇم. كېيىن چارچىغاندەك بولۇپ، كاجۇۋىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن. سەفۋاننىڭ تۇۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا ئاندىن ئويغاندىم.

روسۇلۇللا ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىدى. چۈنكى، ئائىشە ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى بولۇپ، نەسەبى ئېسىل، نەسلى پاك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىشە

www.alfna.cn

روسۇلىللانىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن سادىق بولۇپ كەلگەنىدى . ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئىناق ، تۇرمۇشتا ئىنتايىن بەختلىك ئىدى .

ئۇ خۇددى تۆۋەندىكى شېئىردا تەسۋىرلەنگەندەك ئىدى .

پاك ئايالغا شەك كەلتۈرۈپ بولماس ھەرگىز ،
شۇڭا ئۇنى ئەيىبلەشلەر بەكمۇ ئورۇنسىز .
نەسەبى ئېسىل ئائىلىنىڭ تەربىيىسى
يېتىشتۈرۈپ چىقار شۇنداق ئەدەپلىك قىز .
ئاللا ئاڭا ئاتا قىلغاچ ياخشى پەزىلەت ،
ۋۇجۇدى ئۇنىڭ پاك ، قەلبى غۇبارسىز .

لېكىن ، پىتنە - ئىغۋا تېرىپ بوھتان چاپلاش بىلەنلا ئۆتىدىغان بەزى كىشىلەر سەفۋان بىلەن ئائىشەنىڭ چۆلدىن بىللە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ ، پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلىشقا باشلىدى . ئۇلار كۇسۇلدىشىپ ، ئائىشەنىڭ شەنىگە بەتنام چاپلاپ ، ئۇنى سەفۋان بىلەن چۆلدە چوقۇم بىھايالىق قىلدى ، دېيىشتى .

ئابدۇللا ئىبن ئۇبەي خالايىق ئىچىدە : «ۋاھ ، نەدىمۇ گۆش يېمەيدىغان مۇشۇك بولسۇن ؟ شۇنچە قاراڭغۇ كېچىدە ئۇلار ياخشى ئىش قىلالتىمۇ ؟» دېدى . ئارقىدىنلا ، مىستە ئىبن ئۇبەي ، زەيد ئىبن رافىئە ۋە ھەمنە بىنتى جەھش قاتارلىقلار تېخىمۇ جانلىنىپ ، ئۇلار توغرىسىدىكى پىتنە - ئىغۋانى بولۇشىغا ئۇلغايتىۋەتتى ، ھەش - پەش دېگۈچە ، بۇ ئىغۋا تەرەپ - تەرەپكە تارقالدى . بەزىلەر ئىشەندى ، بەزىلەر ئىشەنمىدى . ئاخىر ، بۇ پىتنە - ئىغۋا روسۇلىللا ۋە ئۇنىڭ قېيىناتىسىنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتتى .

ئائىشە بۇ پىتنە - ئىغۋالاردىن بىخەۋەر ئىدى . ئۇ مەدىنىگە قايتىپ يانغاندىن كېيىن ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى . بۇ چاغدا ئۇ كۆيۈۋسى — روسۇلىللانىڭ بۇرۇنقىدەك

مەرھەمىتى ۋە شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى . بىراق ، روسۇلىللانىڭ مۇئامىلىسى بۇرۇنقىدىن كۆپ پەرقلىق بولۇپ قالدى . ئۇ ئائىشە بىلەن كۆرۈشكەندە سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى ، بىرەر قېتىم لەپپىدە قاراپ قويۇپ : «ئەھۋالىڭ قانداقراق ؟» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمايتتى . بۇ ھال ئائىشەنى تېخىمۇ بىئارام قىلدى ، ئۇ كۈيۈسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىردىنلا بۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ كېسىلىگە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى . ئۇ ھەر قانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى ، ئۇ ۋاقتىنچە ئايرىلىش ئارقىلىق روسۇلىللانىڭ ئىلگىرىكىدەك مۇھەببىتىنى قوزغاش ئۈچۈن ، دادىسىنىڭ ئۆيىدە داۋالىنىشقا ئىجازەت سورىدى .

روسۇلىللا ماقۇل بولدى . ئائىشە دادىسىنىڭ ئۆيىدە يىگىرمە نەچچە كۈن يېتىپ داۋالىنىش ۋە كۈتۈنۈش ئارقىلىق ساقىيىپ قالدى .

بىر كۈنى ئائىشە مىستەنىڭ ئانىسى بىلەن بىللە بازارغا باردى . يولدا كېتىۋېتىپ مىستەنىڭ ئانىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشتى ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ : «بۇ ئوغلۇمنىڭ پىتنە - ئىغۋا تېرىغانلىقىنىڭ كاساپىتى !» دېدى . ئائىشە بۇ گەپكە چۈشىنەلمەي ، ئۇنىڭدىن ئوغلىنىڭ قانداق پىتنە - ئىغۋا تېرىغانلىقىنى سورىدى . مىستەنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تارقاتقان پىتنە - ئىغۋالىرىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئائىشەنىڭ بېشى قېيىپ كۆزى قاراڭغۇلاشتى ، ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى . مىستەنىڭ ئانىسى بۇ ئىشنى ئائىشەگە ئېيتىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى - دە ، دەررۇ ئائىشەنى يۆلەپ ئۆيىگە قايتتى .

ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ، ئائىشە قاتتىق يىغا - زار قىلغىنىچە ئانىسىغا

www.alma.cn

— ئى ئانا ، خەق مېنىڭ ئارقامدىن پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ

يۈرۈپتۇ ، نېمىشقا ماڭا بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ تىنمايسەن ؟ — دەپ تاپا - تەنە قىلدى . ئانىسى ئائىشەگە تەسەللى بېرىپ :

— قىزىم ، بۇنىڭغا ئارتۇقچە قايغۇرما ، ئېرى ئامراق چىرايلىق ئايالنىڭ كۈنداشلىرى بولىدۇ ، ئۇنىڭ توغرىسىدا ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىدۇ ، — دېدى .

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ھەققىدە يەنىلا دېلىغۇل بولۇپ يۈردى . ئۇ ئاللادىن بېشارەت بېرىپ ، ئۆزىنى گۇماندىن خالاس قىلىشنى تەلەپ قىلدى ، لېكىن ئاللا ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە ھېچقانداق بېشارەت بەرمىدى . شۇڭا ئۇ نائىلاج ، بەزى كىشىلەردىن بۇ ھەقتىكى ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىشقا مەجبۇر بولدى .

ئۇ ئالدى بىلەن بىر نەۋرە ھەمشىرىسى زەينەپ بىنتى جەھشتىن سۈرۈشتە قىلدى .

— مېنىڭچە ، ئىغۋاغا يەڭگىللىك بىلەن ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ ، شۇڭا مەن ئاغزىمغا كەلگىنىچە بىرنېمە دېيەلمەيمەن ، — دېدى زەينەپ . روسۇلىللا يەنە ئۇسامە ئىبىن زەيىددىن سورىدى . ئۇسامە ئىبىن زەيىد :

— سەن بەرىرەدىن سوراپ باققىن ، ئۇ ئائىشەنىڭ قوشنىسى ، سېنىڭ گۇمانىڭغا شۇ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن ، — دېدى . روسۇلىللا بەرىرەنى تېپىپ ئۇنىڭدىن :

— ئادەتتە ئائىشەدە بىرەر گۇمانلىق ئىشنى سەزدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ياق ، — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى بەرىرە ، — مەن ئۇنىڭدىن نالايىق بىرمۇ ئىشنى سەزگىنىم يوق . مەن ئۇنى ئوبدان قوشنام دەپ ئويلايمەن ، — دېدى .

روسۇلىللا سۈرۈشتە قىلىشقا تېگىشلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىن سۈرۈشتە قىلىپ كۆردى ، ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىدىن ئائىشەنى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ھېچقانداق گەپ ئاڭلىمىدى . ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا جامائەت ئارىسىغا كېلىپ ،

ئۇلارغا :

— ھەي قوۋم ـ قېرىنداشلىرىم ، نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئەھلىيەم ئۈستىدە پىتنە ـ ئىغۋا توقۇپ ، ئۇنى يەنە ھەممە ئادەمگە يايىدۇ ؟ ئاللا ئۆزى كېپىلكى ، مېنىڭ ئايالىم گۇناھسىز ، پاك . ئۇلار بەتنام چاپلىغان ھېلىقى ئەرنىڭمۇ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى ماڭا ئايان . مەن ئۆيدە بار چاغدا ئۆيۈمگە كىرەتتى . ئۇنى ئەيىبلەشلەرنىڭ قىلچە ئاساسى يوق ، — دېدى .

روسۇلىللا سۆزىنى تۈگىتىپ ، قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئائىشە قايغۇلۇق يىغلاپ ئولتۇراتتى ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ قېشىدا ئىدى . روسۇلىللا ئۇلارغا سالام قىلىپ ، ئاندىن مۇنداق دېدى :

— ئى ئائىشە ، خەقلەرنىڭ سەن توغرۇلۇق ھەر قىسما گەپلەرنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپمەن ، ئاللادىن قورققىن ! ئەگەر سەن كىشىلەر ئېيتقاندەك خاتا ئىشلارنى قىلغان بولساڭ ، ئاللاغا تۆۋا قىلغىن ! ئاللا ئۆز بەندىسىنىڭ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر .

ئائىشە روسۇلىللانىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي ، دادىسىغا :

— دادا ، مەن ئۈچۈن سىز جاۋاب بېرىڭ ! — دېدى .

— نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن ، — دېدى دادىسى . ئائىشە ئاندىن ئانىسىغا قاراپ :

— مەن ئۈچۈن سىز جاۋاب بەرسىڭىز ! — دېدى .

— مەنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن ، — دېدى ئانىسى .

ئائىشە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنى ئاقلاشنى خالىمىغانلىقىنى كۆرۈپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن ؟ ئەگەر مەن كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى راست دېسەم ، بۇ ئۆزۈمنى ئالدىغانلىق بولىدۇ . چۈنكى مەن پاك ، گۇناھسىز ؛ ئەگەر ئۇنى رەت قىلسام ، سىلەر ئىشەنمەيسىلەر ، شۇڭا مەن ئەڭ ياخشىسى سۈكۈت قىلغىنىم تۈزۈك . مەن ئاللانىڭ ماڭا ئىگە بولىدىغانلىقىغا ، بۇ ئىشنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئېقى ئاق ، قارىسى قارا بولۇپ ئاشكارىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ

www.alrna.cn

بولۇپلا ، يەنە ھۇشىدىن كەتتى .

روسۇلىللا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى . ئائىشەنىڭ دادىسى ئۈنچىقمىدى ، ئانىسى بىر چەتتە ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇردى . بۇ چاغدا ، روسۇلىللا بىرئاز تىترىقاپ قالدى ، بۇنداق بولۇش ئاللادىن بېشارەت بولىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى روسۇلىللا بىلەتتى . شۇڭا ، دەرھال چاپىنىنى ئۈستىگە يېپىپ ، ياستۇققا بېشىنى قويدى . ئائىشە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاللانىڭ ھۆكۈم چىقىرىپ ، ئۇنى بارلىق گۇماندىن خالاس قىلىدىغانلىقىنى بىلدى . شۇ تاپتا ئۇ ئىنتايىن تەمكىن ئىدى ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى چۈشىنەتتى ، ئۆزىنىڭ پاك ، غۇبارسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى . لېكىن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاللانىڭ كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىنى راست دەپ ئىسپاتلاپ بېشارەت بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ دەككە - دۈككىدە بولۇشتى . ئۇلار روسۇلىللانىڭ پېشانىسىدىن مونچاقتەك تەرلەرنىڭ تەپچىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى . سەل ئۆتكەندىن كېيىن ، روسۇلىللا ئائىشەگە خۇش تەبەسسۇم بىلەن :

— خۇش خەۋەر ، ئاللا سېنى پاك ، گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلدى ، — دېدى ، ئاندىن ئۇ نازىل بولغان مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى :

«سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم بوھتان چاپلىدى ، بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەس ، بەلكى ياخشىدۇر . بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا ، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ . بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ، ئەر - ئايال مۆمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ ، بۇ ئېنىق بوھتان ، دېمىدى؟ ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ ئۇلار گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەنىكەن ، ئۇلار ئاللانىڭ نەزەرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ . سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللانىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى ، بوھتان چاپلىغىنىڭلار ئۈچۈن چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار . بوھتاننى

تىلىگىلار بىلەن تارقاتتىگىلار ، بىلمەيدىغان نەرسەگىلارنى ئاغزىگىلارغا ئالدىگىلار ، ئۇنى سەل چاغلىدىگىلار . ھالبۇكى ، ئاللانىڭ نەزەرىدە ئۇ چوڭ گۇناھدۇر . ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا نېمىشقا ، مۇنداق سۆزلەرنى دېمەسلىكىمىز كېرەك ، ئى ئاللا ، سەن پاكتۇرسەنكى ، بۇ چوڭ بوھتاندۇر ، دېمىدىگىلار ؟ ئاللا سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى ، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار ، بۇنداق سۆزلەرنى ھەرگىز قايتا قىلماڭلار . ئاللا سىلەرگە ئايەتلەرنى بايان قىلىدۇ ، ئاللا ھەممىنى بىلگۈچى ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر . مۆمىنلەر ئارىسىدا بىھايالىقنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ ، ئاللا بىلىدۇ ، سىلەر بىلمەيسىلەر . ئاللانىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى ، ئاللا شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچان بولمىسا ئىدى ، ئۇ سىلەرنى ئالىلىقاچان جازالايتتى . ئى مۆمىنلەر ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار ، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن ، ئۇ چوقۇم بالا ـ قازاغا ئۇچرايدۇ . ھەرقانداق ئادەمنىڭ پاكلىقى ئاللانىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتىدىن كېلىدۇ . ئاللا خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ . ئاللا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر .»

www.alma.cn

# مۇناپىقلار

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىشتىكى بۇرچى بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئۇقۇلۇپ، بارا - بارا مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە ئاڭلاندى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئۆزىگە تاپشۇرغان بۇرچىنى ئادا قىلىش داۋامىدا، ئۈچ خىل دۈشمەننىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىق ئورنىنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن قورقاتتى ياكى ھەسەت قىلىش نىيىتىدە روسۇلۇللاغا قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى ۋە بوھتان چاپلايتتى. بۇ ئۈچ خىل ئادەملەر مەككىدىكى قۇرەيش مۇشرىكلىرى، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ۋە ئىسلام دىنىدىكىلەر بىلەن غەيرىي دىندىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناپىقلار ئىدى.

مۇشرىكلار ئىسلام دىنىغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلايتتى. مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ھامان ئۇنى يۈزتۇرا ھاقارەتلەيتتى، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى ھىدايەتكە باشلىشىنى رەت قىلاتتى، ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، روسۇلۇللاغا ئاپئاشكارا دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى ۋە قارشى تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارىتا ھەم كۈرەش قىلىش، ھەم بىرلىشىش يولىنى تۇتتى. ئۇ بەزىدە ئۇلار بىلەن ئاشكارا كۈرەش قىلاتتى، بەزىدە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزەتتى. ئۇ مۇشۇ يول بىلەن بارا - بارا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى، ئاخىرىدا ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇشنى ۋە بويسۇندۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى.

www.alfira.cn

مۇناپىقلارغا كەلسەك، ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇرمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئىسلام دىنىغا ناھايىتى چوڭقۇر دۈشمەنلىك قىلاتتى؛ ئۇلار ھەتتا ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار ئېتىقادچىسىدەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى، لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆچمەنلىك ۋە ئاسىيلىق قىلىش غەرىزىدە بولاتتى: ئۇلار كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرىمىز دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ قەلبى غەيرىي دىندىكىلەر بىلەن بىر ئىدى؛ ئۇلار ئۆزلىرىنى مۆمىنلەر دەيتتى، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئالدامچى، پەسكەش، گۇناھكار، توخۇ يۈرەكلەر ئىدى. ئۇلار سادىق مۆمىنلەرنى كۆرسە: «بىزمۇ سادىق مۆمىنلەر» دېيىشەتتى؛ شەيتاننى كۆرسە: «بىز سەن بىلەن بىر سەپتە» دېيىشەتتى. ئۇلار ئىسلام دىنى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ راست گەپ قىلمىغان، بەلكى خائىن ـ ئاسىيلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەيرىي دىندا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، لېكىن روسۇلۇللا ئۇلارنى غەيرىي دىندىكىلەر دەپ ھۆكۈم قىلىپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق بولغاچقا، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تەس ئىدى. شۇڭا، غەيرىي دىندىكىلەرگە قارىغاندا، مۇناپىقلارنىڭ زىيىنى تېخىمۇ چوڭ، تەسىرى تېخىمۇ يامان ئىدى. روسۇلۇللا شۇ چاغدا ئۇلارغا بىرەر چارە قىلالمىغانىدى. بۇ مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىگە قادالغان تىكەن، بەدىنىگە كىرگەن يىڭنە ۋە يۈرىكىگە چاپلانغان مەرەز بولۇپ قالغانىدى. كېيىن سۇ مەسىلىسى ئۈستىدە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ماجىرادا مۇناپىقلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى ئاشكارىلاندى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئاللانىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىۋالدى.

بۇ ماجىرا مۇنداق بولغان: خۇزائە ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ ئەتراپىدا بىر كۆل بار ئىدى. بىر كۈنى بىر توپ ئادەم بۇ يەرگە ئات ـ تۆگىلىرىنى سۇغارغىلى كېلىدۇ، ئات ـ ئۇلاغلار كۆپ بولغاچقا، بۇ يەر بەك قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كېتىدۇ. خۇزائە

قەبىلىسىدىكى جەھجا ئىبنى مەسئۇد جەفەر خەزرەج قەبىلىسىدىكى سانانە ئىبنى مەسئۇد جۇھەنى بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇ ئىككىيلەن سۇ مەسىلىسى ئۈستىدە جېدەل قىلىشىپ، بىر - بىرىنى تىللىشىدۇ. جەفەر: «مۇھاجىرلار نومۇسسىز!» دەپ توۋلايدۇ. جۇھەنى: «ئەنسارلار خۇنپەر!» دەپ تىللايدۇ، ئاندىن ئىككىسى بوغۇشۇپ قالىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇسۇلمان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ بىرى مۇھاجىرلاردىن، يەنە بىرى ئەنسارلاردىن ئىدى. ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن بۇ ئىككى گۇرۇھ يېقىن قېرىنداشلارغا ئايلاندى. ھېلىقى ئىككىيلەن جېدەللىشىپ ۋە بوغۇشۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئىككى تەرەپتە ئىتتىپاقسىزلىق كېلىپ چىقمىدى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت يەنىلا ساقلاپ قېلىندى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ھاسىل قىلغان كېلىشىمى يەنىلا كۈچكە ئىگە بولۇۋەردى.

لېكىن بۇ ماجىراغا مۇناپىقلار ناھايىتى قىزىقتى. ئۇلار ئىچى قارىلىق قىلىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئىشنى ھەدەپ ئۇلغايتىپ، ئىككى تەرەپتە توقۇنۇش پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى.

شۇ چاغدا، ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ جېدەل - ماجىرا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ھىيلە - مىكرىنى ئىشقا سالىدىغان پەيت كەلدى دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى يىغىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ ئەزەلدىن بۇگۈنكىدەك خورلۇققا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇلار بىزنىڭ يۇرتىمىزدا خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىپ يۈرىدۇ. بىز نېمىلەرنى قىلدۇق؟ بەزىلەر ئۆچمەنلىكنى ئۇنتۇپ قالدى، بەزىلەر تېخى ئۇلارغا خىلمۇ خىل ئوڭغايلىق يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا يول قويغىلى بولامدۇ؟ ئەزبىرايى، بىز مەدىنىگە قايتىپ بارغاندا، بۇ زاتى پەسلەرنى

شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىشىمىز كېرەك ، — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى ، — ئى قوۋم - قېرىنداشلىرىم ! ئەگەر سىلەر ياخشىلىققا ئېرىشىمەن دېسەڭلار ، مۇھەممەدگە ھېچقانداق ئوڭۇشلۇق يارىتىپ بەرمەڭلار ، ئۇلارنىڭ چاپارمەنلىرىدىنمۇ بولماڭلار ، ئۆزۈڭلارنىڭ مۈلكىنى ئوبدان ئاسراپ ، ئۇلارغا يىگىنە چاغلىق نەرسە بەرمەڭلار ، شۇنداق قىلساق ، ئۇلار يۇرتىمىزدىن كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ .

شۇ مەيداندا تۇرغان زەيد ئىبن ئەرقەم ئىسىملىك بىر يىگىت ئابدۇللانىڭ قۇتراتقۇلۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن غەزەپلەندى . بۇ يىگىت ئىسلام دىنىغا مايىل بولۇپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى . ئۇ يۇرەكلىك ھالدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ :

— مۇھەممەد ئاللانىڭ شەرەپلىك ئەلچىسى ، مۇسۇلمانلارنىڭ غۇرۇرى . سەن نومۇس قىلماستىن ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاۋاتىسەن ، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىۋاتىسەن ، سەن نېمىدېگەن پەسكەش - ھە ! پاكىت ئىسپاتلىدىكى ، قەبىلىمىزدىكىلەرنىڭ نەپرەتلىنىدىغىنى دەل سەن ، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭمۇ سەندىن نەپرەتلەنمەكتە ، — دېدى .

بۇ يىگىت گېپىنى تۈگىتىپلا كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ ، ئۇدۇل روسۇلۇللانىڭ ھۇجرىسىغا كېلىپ ، ئۇنىڭغا ئابدۇللانىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى . روسۇلۇللا چىرايى ئۆڭۈپ ، ئىنتايىن بىئارام بولدى ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا پاراكەندىچىلىك تۇغۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرىنى ، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ھەدەپ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى ، جىنايەت ئوتىنىڭ تۇتىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى .

بۇ مەيداندا بار بەزى ياشانغانلار روسۇلۇللاغا :

— ئى روسۇلۇللا ! سەن بۇ يىگىتنىڭ گېپىگە بەك ئىشىنىپ كەتمە ئاۋادا ئۇ مەلۇم قىلغان ئەھۋال راست بولماي قالسا قانداق بولىدۇ ؟ — دېيىشتى .

روسۇلىللا دەرھال زەيد ئىبن ئەرقەمگە بۇرۇلۇپ:

— سىنىڭ ئابدۇللادا ئۆچۈڭ بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— خاتا ئاڭلاپ قالدىڭمۇيا؟

— ياق.

روسۇلىللا ئابدۇللانى دەررۇ تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— سەن كىشىلەرنى ماڭا قارشى قۇترىتىۋېتىپسەن، راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئى روسۇلىللا! زەيدنىڭ يالغان گەپلىرىگە قۇلاق سالمىغىن، ئۇ ئالدامچى، يالغان گەپ قىلىپ يۈرىدىغان كاززاپ. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قىلمىشلىرىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ، — دېدى ئابدۇللا ئۆز قىلمىشىنى يېپىپ.

— ئى روسۇلىللا، زەيدنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغىن! ئالدامچىلار ۋە كاززاپلارنىڭ تېگىشلىك جازىسى مانا شۇ، — دېدى ئۆمەر ئىبن خەتتاپ.

— ئى ئۆمەر، ئۇنى ئۆلتۈرسەك، كىشىلەر مېنى مۇھەممەد ئۆز ھەمراھلىرىنى ئۆلتۈرىدىكەن، دەيدۇ. مېنىڭچە ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن ياخشى، — دېدى روسۇلىللا. شۇنىڭ بىلەن زەيد قويۇپ بېرىلدى.

پۈتۈن قەبىلىدىكىلەر سەھەردىلا مەدىنىگە ئاتلاندى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەزىلەرنىڭ باھانە ـ سەۋەب تېپىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن بىللە ماڭمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يولدا ئۇسەيد ئىبن ھوزەير بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇسەيد ئۇلارنىڭ بۇنچە سەھەردىلا يولغا چىققانلىقىدىن ھەيران بولۇپ:

— ئى روسۇلىللا، كىشىلەر شۇنچە سەھەردە يولغا چىقىپتۇ، سەن نېمىشقا ئۇلار بىلەن بىللە ماڭمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— سەن باشلىقىڭنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— قايسى باشلىقنى دەيسەن؟

www.ajma.cn

— ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنى .
— ئۇ نېمە دەپتۇ ؟
— ئۇ : «بىز مەدىنىگە قايتىپ بارغاندا ، بۇ زاتى پەسلەرنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىشىمىز كېرەك» دەپتۇ . ئى رەسۇلۇللا ، خالىساڭ ، سەن ئۇنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقارغىن ! ئاللا سېنى بىزگە ئەۋەتكەن چاغدا ، ئۇنىڭ قوۋمىدىكىلەر ئۇنىڭغا تاج كىيدۈرمەكچى بولۇشۇۋاتاتتى . ئۇ سېنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋالغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپ ، ساڭا قانداقمۇ ئۈچلۈك قىلماي تۇرالىسۇن ؟

بۇ گەپلەردىن كېيىن ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ، مەدىنىگە تېزلا يېتىپ كەلدى . ئۇ كېلىپ تېخى ئورۇنلىشىپ بولماي تۇرۇشىغا ئاللادىن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى :

«مۇناپىقلار سېنى كۆرگەندە : گۇۋاھلىق قىلىمىزكى ، سەن ھەقىقەتەن ئاللانىڭ ئەلچىسىسەن ، دەيدۇ . سەن ھەقىقەتەن ئاللانىڭ ئەلچىسى ، بۇنىڭغا ئاللا ئۆزى گۇۋاھ . مۇناپىقلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىسىنى تىلتۇمار قىلىۋېلىپ ، ھەق يولغا توسقۇنلۇق قىلدى . ئۇلارنىڭ ھەركىتى ھەقىقەتەن قەبىھ ! ئۇلار ئاغزىدا ئىمان ئېيتىپ ، دىلىدا ئىمان ئېيتمىدى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ دىلى قۇلۇپلاندى ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاقىلانە ئەمەس . سەن ئۇلارنى كۆرگەندە ، ئۇلارنىڭ سالاپىتىگە ئاپىرىن ئېيتىسەن . ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە ، سەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلا . ئۇلار خۇددى ياغاچ قورچاققا ئوخشاش ، ھەممە چۇقاننى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان ، دەپ قارايدۇ . ئۇلار ھەقىقەتەن دۈشمەندۇر ، سەن ئۇلاردىن پەخەس بولۇشۇڭ كېرەك . ئاللادىن ئۇلارنى گۇمران قىلىشنى تىلىگىن ! ئۇلار نېمىدېگەن بىمەنە ! بەزىلەر ئۇلارغا : سىلەر ئىستىغپار ئېيتىڭلار ، رەسۇلۇللا سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ ، دېگەن بولسىمۇ ، ئۇلار بۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى . سەن ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ ، توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتمىغانلىقىنى كۆردۈڭ . ئۇلارنىڭ

ھەممىسى ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ئاللا ئۇلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، ئاللا ۋىجدانسىز خائىنلارغا ھىدايەت قىلمايدۇ. ئۇلار: سىلەر روسۇلىللانىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئوڭايلىق يارىتىپ بەرمەڭلار، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلارنى بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر قىلغىلى بولىدۇ، دېيىشتى. ئالەمنىڭ خەزىنىسى ئاللاغىلا مەنسۇپ، مۇناپىقلار بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇلار: بىز مەدىنىگە قايتىپ بارغاندا، زاتى پەسلەرنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىشىمىز كېرەك، دېيىشتى. پەقەت ئاللا بىلەن روسۇلىللا ۋە ساھابىلەرلا ئەزىزلەردۇر، مۇناپىقلار بولسا ئۇنى بىلمىدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بېشارىتىنى مۇسۇلمانلارغا جاكارلىغاندىن كېيىن، زەيدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى ئاستا سىلاپ، ئۇنىڭغا:

— بالام، ئاللا سېنىڭ سەممىي - سادىق ئىكەنلىكىڭنى، مۇناپىقلارنىڭ يالغانچىلار ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلدى، — دېدى.

مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللا مەدىنە شەھەر سىرتىغا يېتىپ كەلگەندە، ئوغلى ئۇنى توسۇپ:

— سەن قايت، شەھەرگە كىرىشكە بولمايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، سەن ئۆزۈڭنىڭ پەسكەشلىكىڭ ئارقىلىق ئىززەت - ھۆرمەتنىڭ ۋە شان - شەرەپنىڭ ئاللاغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايسەن، — دېدى. ئاللا مۇناپىقلارنى مانا شۇنداق جازالىدى. ئاللا ھەممىگە قادىر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

# يامان ئادەمنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى

روسۇلۇللا ئىلگىرى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ بەزى ئادەملىرىنى ئۆلتۈرگەنىدى. كېيىن بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىكى كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ھەممىسى مۇسۇلمان بولغانىدى.

بۇ قېتىم روسۇلۇللا مەدىنە شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىكى بايلاردىن زاكات ئېلىپ، ئۇنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەلىدنى ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، ۋەلىدنى تەنتەنىلىك كۈتۈۋالماقچى بولدى.

ۋەلىدنىڭ بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن كونا ئاداۋىتى بار ئىدى. ئۇ بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ يېرىگە يېقىن كەلگەندە كىشىلەرنىڭ رەتلىك تۇرۇپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «ئۇلار مېنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ، كونا ئۆچىنى ئالىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، دەرھال ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ، مەدىنە شەھىرىگە قايتتى. ئۇ مەدىنىگە بېرىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:

— بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىكىلەر ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلىپ، زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى ۋە مېنى ھاقارەتلىدى، ئۇلار جىنايەت ھاڭىغا چۈشۈپ كەتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى، شۇ مەيداندىكى مۇسۇلمانلارمۇ غەزىپىنى باسالماي قېلىشتى. ئۇلار دەرھال بېرىپ بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىكىلەرنى جازالىماقچى بولۇشتى.

www.alfa.cn

بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىكىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

قوشۇن باشلاپ بېرىپ جازالىماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. چۈنكى ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار مۇخلىسلىرى ئىدى. ئۇلار بىگۇناھ ئىدى. ئۇلارنى ئەيىبلەشكە ئاساس يوق ئىدى. پاكىتنى ئېنىقلاش، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار بىر قىسىم ئادەملەرنى دەررۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ئى روسۇلۇللا، بىز سىېنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىڭ ئەبىلىمىزگە ئەۋەتكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولغان، ئۆز سەمىمىيىتىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن قەبىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى سەن ئەۋەتكەن ئەلچىنى قارشى ئېلىشقا سەپەرۋەر قىلغانىدۇق. كىم بىلسۇن، ئۇ ئەلچى بىز بىلەن كۆرۈشمەستىنلا ئالمان - تالمان كەينىگە يېنىپ، مەدىنە شەھىرىگە قايتتى. ئاڭلىساق ئۇ بىزنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانلىقىمىزنى «مېنى تۇتۇش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بولدى» دەپتۇ. ئۇ يەنە بىزنى ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلدى، زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى، دەپتۇ. ئاللا گۇۋاھكى، بىز ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن باشلاپ، ئاللاغا سادىق بولۇپ كېلىۋاتىمىز، بىز ئىسلام دىنىغا باشقىچە نىيەتتە بولمىدۇق.

ۋەلىد مەلۇم قىلغان ئەھۋال راستمۇ ياكى بۇلارنىڭ گېپى راستمۇ؟ روسۇلۇللا ھۆكۈم قىلالماي ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، ئاللا مۇنۇلارنى بېشارەت قىلدى:

«ئى مۆمىنلەر، ئەگەر بىرەر يامان ئادەم خەۋەر يەتكۈزسە، نادانلىق قىلىپ باشقىلارنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئاۋۋال ئېنىقلاپ بېقىڭلار. ئۇنداق قىلمىساڭلار، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالىسىلەر. ئاراڭلاردا ئاللانىڭ ئەلچىسى بار، مۇبادا ئۇ بىرمۇنچە ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىپ قالسا، ئۆزۈڭلار

مۇشەققەتتە قالىسىلەر. ئاللا سىلەرگە ئىمان ئاتا قىلدى، ئۇنى دىلىڭلارغا ئورناتتى. روسۇلىللا سىلەرگە كۇفرىنىڭ، گۇناھنىڭ ۋە بەتقىلىقنىڭ قەبىھ ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. ئۇ ئادەملەر توغرا يولدا ماڭغانلاردۇر.»

ئەھۋال ئايدىڭلاشتى، ۋەلىدنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى يالغان چىقتى. ئۇ يامان ئادەم، ئاللا ئۇنى چوقۇم جازالايدۇ.

www.alma.cn

# غەلىبە

## چۈش

روسۇلىللا چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندىن كېيىن، روھىي ھالىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە دوست - يارەنلىرىنى قىچقاردى. ئۇلار روسۇلىللانىڭ بۈگۈن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولۇپ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ روھلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى زور بىر خۇشاللىققا يولۇققان بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشتى.

مەسچىت سەيناسى بىردەمدىلا ئادەمگە لىق تولدى. كىشىلەر جىمىغاندىن كېيىن، روسۇلىللا مۇسۇلمانلارغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان بېشارەت بەردى:

— يولغا چىقىشقا تەييارلىق كۆرۈڭلار، بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ مەسچىدى ھەرەمگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆمرە قىلىش ۋە بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىمىز.

مۇسۇلمانلار روسۇلىللانىڭ كىشىنى روھلاندۇرىدىغان بۇ بېشارىتىنى بىر - بىرىگە خۇش خەۋەر قىلىپ يەتكۈزۈشتى ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئۇقتۇردى. ئۇلار بىر - بىرىنى قۇتلۇقلاشتى. بىرەيلەن خۇشال ھالدا:

— بىز تېخىچە روسۇلىللانىڭ ئۆزىنىڭ بېشارىتىنى ئاڭلىغان ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ بىزگە قىلغان تۇنجى بېشارىتى. ئۇنىڭ بۇ بېشارىتى تاڭ نۇرىدەك يوپيورۇق، خۇددى قۇياش نۇرىدەك پارلاق، — دېدى. روسۇلىللانىڭ ئۆز لەۋزىدە تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بېشارىتىگە مۇتلەق ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك

ۋەتىنى — كېچە - كۈندۈز سېغىنىدىغان يېرىگە قايتىپ بېرىش ۋاقتىغا ئانچە ئۇزۇن قالمىغانلىقىدىن، ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى ئېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇلار مەسجىدى ھەرەمدە بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش، ئاتا - بوۋىلىرى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى تەگكەن دىيارغا قەدەم تەشرىپ قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ نېمىدېگەن مۇقەددەس ئىش - ھە! ئۇلار قانداقمۇ خۇشال بولمىسۇن؟

ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز قوۋمىنى باشلاپ مەككىگە ئاتلاندى. مەيىن شامال لەرزان سوقۇپ تۇراتتى. ئۇلار تولۇپ تاشقان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ئۇدۇل مەككىگە قاراپ يول ئالدى.

سەپەر يېرىملاشقاندا بىئسەل خۇزائى ئالدىراپ - تېنەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ خەۋەر يەتكۈزدى:

— مەن سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بويىچە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ كېلىشكە بارغانىدىم. ئۇلار سېنىڭ مەككىگە ئاتلانغانلىقىڭدىن بەرگەن بېشارىتىڭدىن خەۋەر تېپىپتۇ. مەن ھەيران، بۇ خەۋەرنى ئۇلارغا كىم يەتكۈزگەندۇ. ئۇلار قانداق قىلىپ بۇنچە تېز بىلىۋالىدۇ؟

— ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمە دەپتۇ؟ قانداق قىلماقچىكەن؟ — دەپ سورىدى روسۇلۇللا.

— يا روسۇلۇللا! ئۇلار بالىۋاقىلىرى بىلەن ئاياللىرىنى كاجۇغا سېلىپ تۆگىلەرگە ئارتىپ بىخەتەر يەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئەرلىرى پەيلىنى بۇزۇپ جەڭگە ھازىرلىنىپتۇ. ئۇلار سېنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىككە قەسەم ئىچىشىپتۇ. قۇرەيشلەرنىڭ خالىد ئىبن ۋەلىد ئىسىملىك بىر باتۇر چەۋەندازى بار ئىكەن، ئۇ شەھەردىن چىقىپ سەن بىلەن ئېلىشماقچى بوپتۇ. ھازىر ئۇ ئېھتىمال كۇرائۇغەمىم دېگەن يەرگە كەلگەندۇ.

www.dlma.cn

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ

مۇنداق دېدى :

— ھەي قۇرەيشلەر ، سىلەر نېمە ئۈچۈن مەن بىلەنلا تىركىشىسىلەر ؟ سىلەر ئۇرۇشنىڭ ئازابىنى يېتەرلىك تارتتىڭلار . سىلەر مەن بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا ئارىلاشمىغان بولساڭلار ، بۇنىڭ نېمە يامىنى بولاتتى ؟ مەن ئاللا ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمەن ، ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرىمەن ، مەقسەتكە يەتمىگۈچە ھەرگىز توختىمايمەن . خالىد نېمە قىلماقچى ؟ بۇ يەرگە قورال - ياراغنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن كەلمىگەنىدۇققۇ !

روسۇلىللا كۆپچىلىكنى باشلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى ، ناجىيە ئىبن جۇندۇب ئەسلەمى ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى . ئەگرى - توقاي تاغ يوللىرىغا كەلگەندە ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنگەن تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ مېڭىپ ، ئۇلارنى ئامان - ئېسەن بىر تۈزلەڭلىككە ئېلىپ چىقتى .

بىردىنلا ، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ ، نېمە ئۈچۈن توختاپ قالغاندۇ؟ روسۇلىللا باشقىچە ئويدا بولۇۋاتامدىغاندۇ؟ دېگەن پەرەزدە بولۇشتى . ئۇلار روسۇلىللانىڭ ئالدىغا كېلىپ ، روسۇلىللانىڭ ئۆزى ئەمەس ، بەلكى ئۇ مىنگەن تۆگىنىڭ ماڭماي تۇرۇۋالغانلىقىنى بىلدى . روسۇلىللا ھەرقانچە قىلسىمۇ تۆگە مىدىرلىماي تۇراتتى . روسۇلىللانىڭ تۆگىسى ئۇشتۇمتۇت توختىۋاپتۇ ، دېگەن خەۋەر بىردەمدىلا تارقىلىپ كەتتى .

— بۇ تۆگە ناھايىتى كۆنەك ئىدى ، بۇگۈن مەككىگە كىرىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ ، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار ، — دېدى روسۇلىللا .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۆگىنىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۇنىڭغا توختاش توغرىسىدا بېرىلگەن بېشارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى ، شۇڭا ئۇ كۆپچىلىكنى يېقىن ئەتراپتىن چۈشكۈدەك بىر جاي تېپىشقا بۇيرۇدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال چېدىر - بارگاھلىرىنى

تىكىپ، يول بەلگىلىرى بىلەن ئەلەملىرىنى قاداپ، ۋاقتىنچە شۇ يەردە توختىدى.

قاش قارايغان چاغ، كىشىلەر ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بىر چاغدا جىددىي ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، بىرەيلەن چېدىرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارىدى، كەلگەن كىشى بۇدەيل ئىبن ۋەرقا ئىدى. ئۇ مەككىدىن كېلىۋاتاتتى. كىشىلەر دەررۇ ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنى - بۇنى سورىغىلى تۇردى:

— سەن مەككىدىن كەلگەنىكەنسەن، قېنى، قۇرەيشلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئۇلار شەھەردىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كەتتىمۇ؟ سەن يەنە بىزگە قانداق يېڭى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟

— بولدى سورىماڭلار، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماڭلار، مۇھەممەد پەيغەمبىرىم بىلەن كۆرۈشمىگۈچە، ھېچنېمىنى ئېيتمايمەن، — دېدى بۇدەيل ۋە گېپىنى تۈگىتىپلا، ئارىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل پەيغەمبەرنىڭ چېدىرىغا قاراپ ماڭدى. تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئۇ پەيغەمبەرگە ئۆزىنىڭ بىلگەن ئەھۋاللىرىنى مەلۇم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئى رەسۇلۇللا، مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى قۇرەيشلەر پەقەت بىلمىدى. مەن ئۇ يەردە بەزى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، بەزى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، ساڭا خەۋپ بارلىقىنى ۋە يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، مەن ھېچنېمىگە قارىماي چاپقىنىمچە ساڭا مەلۇم قىلغىلى كەلدىم. مەن قۇرەيشلەرنىڭ ھەرىكىتىگە زەن قويۇپلا كەلدىم، تۈنۈگۈن ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى مەجلىس ئاچتى، ئۇلار سېنىڭ قوشۇنۇڭنىڭ مەككىگە كېلىدىغانلىقىنى ئۇققاندا، ئەلپازى بۇزۇلۇپ، چىرايلىرى ئۆڭۈپ كەتتى، يەنە سېنى زەھەرخەندىلىك بىلەن ھاقارەتلىدى. ئۇلار مەجلىستە جەڭگە تەييارلىنىشنى بەلگىلىدى؛ سېنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىككە قەسەم قىلىشتى، ئۇلار لات، ئۇززا ۋە ھۇبەل بۇتلىرىدىن نۇرلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ۋە

www.alma.cn

مەدەت بېرىشىنى تىلىدى . يا رەسۇلۇللا ! ئۇلارنىڭ سەن تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقتىڭنى پايدىلىنىپ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى كەلدىم ، تېزرەك بىرەر تەدبىر قوللانغىن !

— ئى بۇدەيل ، — دېدى رەسۇلۇللا ، — ساڭا مەلۇم بولسۇنكى ، بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقىلى ئەمەس ، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغىلى كەلدۇق . قارا ، بىزنىڭ قىلىچلىرىمىز قىنىدا تۇرۇپتۇ ، بىز تىنچلىق ۋە ئامانلىقنى قىزغىن سۆيىمىز ، ئۇرۇشقاق ئەمەسمىز . خالىساڭ ، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئۇلارغا ئېيتىپ قوي ، ئارزۇيىمىزنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قوي ، ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ ، بۇ قانلىق توقۇنۇشنى توسۇشقا ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىك ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە قادىر قىلغاي .

بۇدەيل رەسۇلۇللانىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مەككىگە قايتىپ بېرىپ ، كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى بىلدى . ئۇ قۇرەيش باشلىقلىرى تۇرۇشلۇق يەرگە كەلگەندە ، ئۇلار مەجلىس ئېچىۋاتاتتى ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىمۇ بىردەك ئەمەس ئىدى . بەزىلەر قەتئىي ئۇرۇشۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى ، بەزىلەر : ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇشمايلى ، كۆچىمىز يەتمەيدۇ ، شۇڭا ھەم ئۇرۇش قىلمايدىغان ، ھەم ئىززەت - ھۆرمىتىمىز ، مال - مۈلكىمىزنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالالايدىغان بىرەر تەدبىر تاپقىنىمىز تۈزۈك ، دەپ قارايتتى . ئۇلار تازا بېشى قېتىپ تۇرغاندا ، بۇدەيلنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، بۇدەيلنىڭ يېنىغا ئولىشىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئۇقۇشتى ، ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا نېمە ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز بارغانلىقىنى ھېچكىم سورىمىدى .

— ئېيتقىنا ، مۇھەممەد نېمە دېدى ؟ — دېيىشتى قۇرەيش باشلىقلىرى تەقەززالىق بىلەن ، — مۇھەممەد بېسىپ كېلىپ ، يۇرتىمىزنى ئىگىلىۋالامدىكەن ، مال - مۈلۈكلىرىمىزنى تارتىۋالامدىكەن ؟ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشتەك

پاجىئەنى يەنە تەكرارلامدىكەن؟ ئۇتبە، شەيبە، ھەنزەلە ۋە ئىبن ھىشام قاتارلىقلارنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى تېخىچە ئېسىمىزدە. ئۇدنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە يىغلىغان كىشىلەرنىڭ كۆز يېشى تېخى قۇرۇغىنى يوق. مۇھەممەد يەنە دەھشەتلىك ئۇرۇش قوزغىماقچى ۋە بىزنى يەنە پاراكەندە قىلماقچى بولۇپتۇ. ئېيتە، سەن ئۇ يەردە نېمىلەرنى كۆردۈڭ، قانداق ئەھۋال ئۇقۇپ كەلدىڭ؟

— سىلەرنىڭ مۆلچەرىڭلار پۈتۈنلەي خاتا، — دېدى بۇدەيل تەمكىنلىك بىلەن، — سىلەر خىيالىڭلارغا كەلگىنىچە ئىش قىلىۋېتىپسىلەر. مەن ھېلىلا مۇھەممەدنىڭ قېشىدىن كەلدىم، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى، ھەقىقىي مۇددىئاسىنى بىلدىم. مەن تېخى ئۇنىڭ گەپلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلدىم، ئەگەر ئاڭلاشقا قىزىقساڭلار، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي.

— بول، چاپسان دېگىنە، بىز شۇنى ئۇقايلى دېۋېدۇق! — دېيىشتى قۇرەيش باشلىقلىرى.

— مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئارزۇ ۋە مۇددىئاسىنى ماڭا ئېيتتى، — دېدى بۇدەيل، — ئۇ سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمايدىكەن، سىلەر بىلەن دۈشمەنلەشمەكچىمۇ ئەمەس ئىكەن. ئۇ بۇدا بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەپتۇ. ئۇ ماڭا تامامەن قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان بىر پىكرىنى ئاشكارىلىدى. ئەگەر سىلەر ئۆچمەنلىك ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇرۇشنى تىنچلىقتا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشىغا يول قويساڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدىكەن. سىلەرمۇ مۇھەممەد بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىققا ۋەدە بېرىشىڭلار لازىم. مەيلى ئەرەبلەر مۇھەممەدنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلسۇن ياكى مۇھەممەد ئەرەبلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلسۇن، سىلەر ئۇنىڭغا قول تىقماسلىقىڭلار لازىم. ئىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، سىلەر ئاندىن ئۆزۈڭلارنىڭ تاللىغان يولۇڭلاردا مېڭىڭلار، ھازىر سىلەر بىر چەتتە تۇرۇشۇڭلار كېرەك. شۇنىڭغا ھۆددە
[illegible]

يالغان گەپ يوق .

— مۇھەممەدنىڭ بۇ پىكرىنى قوبۇل قىلالمايمىز ، بۇ ئالدامچىلىق ، — دېيىشتى قۇرەيش باشلىقلىرى باشلىرىنى چايقاپ ، — ئى بۇدەيل ، سەن بىزنى توپوق يولغا باشلاپ ، مۇھەممەدنىڭ قۇرۇپ قويغان قاپقىنىغا دەسسەتمەكچى بولۇۋاتىسەن ! سەن بىزنى قورال - ياراغلىرىمىزنى ئامبارغا ئەكىرىپ قويۇپ ، ئاتلىرىمىزنى تاغلارغا قويۇۋېتىپ ، مۇھەممەدنىڭ مەككىگە بىمالال كىرىشىگە يول قويۇشلار دەۋاتىسەن . ئۇ چاغدا بىز ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ، ئۇنىڭ ئايىغىدا خارلىنىپ ئۆتسەك بولىدۇ . روشەنكى ، سېنىڭ نەسىھەتلىرىڭ يىلاننىڭ زەھىرىگە ئوخشىشىدۇ . سەن ھازىر خۇزائەلەردىن ئەمەس ، سەن ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلدىڭ ، سېنىڭ مۇھەممەد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى ھەممە كىشى بىلىپ قالدى . بولدى ، ئاغزىڭنى يۇم ! ھازىردىن باشلاپ بۇ ئىشنى قايتا ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما !

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى بۇدەيل غەزەپلىنىپ ، — ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا ، بىراق ، كېيىن كۆرىسىلەر ، ئەھۋال ھامان ئايدىڭلىشىدۇ ، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلساڭلار ئورنىغا كەلمەيدۇ .

بۇ چاغدا ، ھەممىلەن مەجلىسكە رىياسەتچىلىك قىلغان ئەبۇسۇفيانغا قارىدى ، ئۇ مۇنداق دېدى :

— بۈگۈن مەجلىسكە كەلگەن ئەھابىشنىڭ باشلىقى ھۇنەين ئىبن ئەلقەمە بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز ۋە بىزنىڭ قوشنىمىز ، ئۇنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان بىر ئامالى بارلىقى ماڭا مەلۇم . بىز ئۇنى ئەلچىمىز سۈپىتىدە مۇھەممەدنىڭ قېشىغا ئەۋەتسەك ، ئۇ مۇھەممەدنى پەيلىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشىپ باقسا ، ھۇنەين قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، قانداق قىلىدىغانلىقىمىز ھەققىدە ئاندىن مەسلىھەتلىشەيلى !

روسۇلۇللا ھۇنەيننىڭ ئەلچىلىككە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ساھابىلەرگە :

— ھۇنەين قۇرەيشلەرنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە بۇ يەرگە

كېلىدىكەن ، سىلەرگە مەلۇم ، ئۇ ئىلاھقا سېغىنىدىغان ئادەم ، سىلەر چاپسان بېرىپ ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللارنى تالاغا قويۇۋېتىڭلار ، — دېدى .

ھۇنەين مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئورۇنلاشقان جايغا يېقىنلاپ كەلگەندە ، دالادا يۇڭلۇق تۆگىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى ، بۇ يەردە ئۇرۇش قىلىدىغاندەك كەيپىياتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىگە ئىشەندى ۋە ئىش مۇنداق بولغانىكەن ، مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلاپ ، دەرھال قۇرەيش قەبىلىسىگە قايتتى . ئۇ خالايىققا ئاچچىقلانغان ھالدا مۇنداق دېدى :

— بۇرادەرلەر ، سىلەرنىڭ مۆلچەرىڭلار تامامەن خاتا ئىكەن . ئۇلار ھەقىقەتەن بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشقا كەپتۇ ، شۇڭا ئۇلار قارشى ئېلىنىشى لازىم . لېكىن سىلەر ئۇلارنى شەھەر سىرتىدا قالدۇرۇپ ، سارائىڭلارنىڭ ، ئىبادەتخانىلىرىڭلارنىڭ بەيتۇللانى ئاياغ ـ ئاستى قىلىشىغا يول قويدۇڭلار ، سىلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتىڭلارنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ . ئەينى چاغدا ، مېنىڭ سىلەر بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشۇم خۇداغا بىھۆرمەتلىك قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى . ئەگەر سىلەر مۇھەممەدنىڭ بەيتۇللاغا كىرىشىنى رەت قىلىدىغان بولساڭلار ، بىز بارلىق ئەھابىش خەلقى سىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىمىز .

قۇرەيش باشلىقلىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى :

— ھەي ھۇنەين ، ئالدىراپ كەتمە ، سەۋر قىل ! بىز ئويدان ئويلىنىپ بىرنېمە دېگۈچە تۇرۇپ تۇرمامسەن !

قۇرەيش باشلىقلىرى يەنىلا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى . كېيىن ئۇلار يەنە بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ ، تولۇق ۋە جىددىي مۇزاكىرە قىلىشتى .

ئۇلار ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى : مۇھەممەدنىڭ قوشۇنلىرى

مەككە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا كەلدى، ئۇلار قاچانلا بولمىسۇن شەھەرگە كىرىدۇ.

بىر باشلىق مۇنداق دېدى:

— بىز مۇھەممەد بىلەن ھايات - مامات جېڭى قىلىشقا، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشكە ۋە ئۇنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىككە قەسەم قىلغانىدۇق؛ لېكىن بىز ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك، ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى نېمە؟ قارشىلىق كۆرسىتىۋېرىش بىزگە نېمە ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ؟ ئۆتكەندە بىز ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشتۇق، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدۇق، ھەر قېتىمقى جەڭ بىزنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتىمىز بىلەن ئاياغلاشتى، كۆپلىگەن قەھرىمان، نوچىلىرىمىز، ياشلىرىمىز ئۇرۇشتا نابۇت بولدى. بەدرى غازىتى تېخى ھازىرقىدەك ئېسىمىزدە، ئۇ بىر قېتىملىق نەس باسقان غازات بولدى. بىز ئوھود غازىتىدا ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردۇق، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بېلىنى رۇسلىيالمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار تېزلا ئۆزىنى رۇسلاپ قوشۇن تۈزدى، بەدرى غازىتىدا باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك كۆرسەتتى، بىز پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدۇق. بىزنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغان بۇ ئادەملەر بۈگۈنكى كۈندە يەنە كەلدى، بۇ قېتىمقىسى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايدۇ، ئۆتكەندە ئۇلار مۇداپىئەلەنگۈچى، بىز ھۇجۇم قىلغۇچى ئىدۇق؛ ھازىر بىز مۇداپىئەلەنگۈچى، ئۇلار ھۇجۇم قىلغۇچى بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۇتۇشلۇق ئورۇندا، بىز بولساق قولايسىز ئورۇندا، ئەگەر قارشىلىق كۆرسىتىۋېرىدىغان بولساق، روشەنكى، ئاخىردا چوقۇم مەغلۇپ بولىمىز. لېكىن قارشىلىق كۆرسەتمەستىن، ئۇلارنى ئوڭايلا شەھەرگە كىرگۈزۈپ قويساق، ئىناۋىتىمىز تۆكۈلىدۇ، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىمىز. ھازىر بىز تەڭقىس ئەھۋالدا قالدۇق.

— ئى قۇرەيشلەر! — دېدى ئۇلارنىڭ بىرەر چارە تاپالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نۇئەيىم ئىبنى مەسئۇد سۆز

قىستۇرۇپ ، — ھەممىڭلارغا مەلۇم ، مېنىڭ نەسەبىم ئەرەبلەردىن ئېسىل . قېنىم ئۇلارنىڭكىدىن پاك ، مەن سەفىق قەبىلىسىدە ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇققا ئىگە . ئىلگىرى مەن سىلەردىن يىراق تۇرغان بولسامۇ ، لېكىن يۈرىكىم سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلار بىلەن تەڭ سوقاتتى . سىلەر ئۆتكەندە مېنى سىناپ كۆرۈپ ، سادىق كىشى ئىكەنلىكىمنى بىلگەنىدىڭلار ، مەن ئەزەلدىن سىلەرنى ئالدىغان ئەمەس . ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك ، مەن ئۇكاز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ كېلىپ سىلەرگە ئەل بولغانمەن . سىلەرنى ھازىرقى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سىلەرگە ياردەم قولۇمنى سوزۇشنى خالايمەن . سىلەر مېنى تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچى سۈپىتىدە مۇھەممەدنىڭ قېشىغا ئەۋەتىڭلار ، مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ يۈز سۆھبەت ئۆتكۈزىمەن . بۇ ئىشىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاي . ئىلاھىم .

قۇرەيش باشلىقلىرى بۇ پىكىرگە بىردەك قوشۇلدى ۋە :

— بۇرادەر ، بىز سېنىڭ بىزگە سادىق ئىكەنلىكىڭدىن ھېچقاچان شۈبھىلەنگەن ئەمەسمىز . سەن بىزنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلىمىز بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە بارغىن ! — دېيىشتى .

مەسئۇد دەرھال يولغا چىقىپ روسۇلۇللانىڭ قېشىغا كەلدى ، روسۇلۇللا مۇسۇلمانلارغا نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى . ئەھلى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىغا قۇلاق سېلىپ ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇرۇشاتتى . روسۇلۇللا سۆز قىلسا ھەممە ئادەم جىم بولۇشاتتى ؛ روسۇلۇللا ئۇلارغا قارىسا ، ئۇلار دەررۇ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ يەرگە قارىشىۋالاتتى . بۇنىڭدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە قانچىلىك يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئىدى . مەسئۇد بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سەل ئىككىلەندى ، لېكىن ئاخىردا يەنىلا قەتئىي نىيەت ۋە غەيرەتكە كېلىپ ، كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ، روسۇلۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى :

— ئى مۇھەممەد ، سەن بۇنچە كۆپ ئادەمنى يىغىۋېلىپ ، نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ مېنىڭچە ، سەن قۇرەيش قەبىلىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ ، ئۇلارنىڭ يۇرت - ماكانلىرىنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىسەن . ئۇلار نېمە گۇناھ قىلدى؟ ئۇلار ئىشچان ، باتۇر ، سەممىي ، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ، ئۇلار ھېچقاچان يامان ئىش قىلغىنى يوق . ئۇلار سېنىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قەستىدە بولۇۋاتقانلىقىڭدىن خەۋەر تاپتى . ئۇلار سىلەرنى ئۆز دىيارىغا كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن قەسەم قىلىشتى . ئەگەر سىلەر ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان بولساڭلار ، بېشىڭلارنى يەيسىلەر . قەبىلەڭ پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ ، ھېچبولمىغاندا ئۆزۈڭ يالغۇزلا قالىسەن ، قانداق قىلىشنى ئوبدان ئويلاپ باق!

— مەن بۇدەيل قاتارلىق كىشىلەرگە ئېيتىپ ئۆتتۈم ، — دېدى روسۇلىللا جاۋاب بېرىپ ، — بىز بۇ يەرگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلدۇق . ئەگەر ئۇلار قوشۇلسا ، بىزگە يول بېرىشى كېرەك ، بولمىسا ، بارلىق ئاقىۋەتكە ئۇلار جاۋابكار بولىدۇ .

مەسئۇد ھەرخىل تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي ، قۇرەيش قەبىلىسىگە سالپىيىپ قايتىپ كەلدى . كىشىلەر ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ پۈتى - پۈتىغا تېگىشمەي يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ، ئۇنىڭ روسۇلىللا بىلەن بولغان سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلىماقچى بولۇشۇپ ، بىتاقەتلىك بىلەن سوراشتى :

— مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىڭدىكى ئەھۋالنى چاپسان دېگىنە . بىزنى ھەم قانلىق توقۇنۇشتىن ساقلايدىغان ، ھەم ئىززەت - ھۆرمىتىمىزنى ساقلاپ قالىدىغان خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنسەن ، ئىلاھىم .

— قېرىنداشلار ، — دېدى مەسئۇد ، — سىلەر بەك خۇشال بولۇپ كېتىڭلار . مەن ئەلچىلىك ۋەزىپەمنى ئورۇندىيالمىدىم . شۇنداق بولسىمۇ سىلەرگە بەزىبىر ئەھۋالنى ۋە ئۆزۈمنىڭ بەزى

قاراشلىرىمنى ئېيتىپ قويماقچىمەن : مەن ئەلچىلىك سۈپىتىم بىلەن بەزى پادىشاھلارنىڭ ھۇزۇرىدا بولغان ، مەن كىسرا[1] ، نەجاشى[2] دېگەن پادىشاھلار بىلەن كۆرۈشكەن . لېكىن ، مۇھەممەدنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى ھۆرمىتىنى ھەرقانداق پادىشاھلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىكەن . ئۇ ئەڭ ئۈستۈن ئىناۋەت ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن ئىكەن ، ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئىتائەتمەن ئىكەن ، ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىكەن . ئەگەر ئۇلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەيمىز دېسەڭلار ، مۇھەممەد ئۆز قەۋمىغا بىر بۇيرۇق چۈشۈرسىلا ، ئۇلار نەرە تارتىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ ، ئۇ چاغدا ، سىلەر تاقابىل تۇرالماي قېلىشىڭلار مۇمكىن . مېنىڭچە ، يەنىلا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلغىنىڭلار تۈزۈك .

قۇرەيشلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنسىتمىگەن ھالدا دېدى :

— سەن مۇھەممەدنى بىزگە ئۇنچىۋالا سىرلىق كۆرسەتمە . بىز قۇرەيشلەر شۇنچە يارىماس ئادەملەرمۇ ؟ بىزلا بولىدىكەنمىز . مۇھەممەد مەككىگە كىرىمەن دەپ خىيال چاغلىمىسۇن .

## سۈلھىلىشىش

قۇرەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاش يۈرەك ئادەم ئىكەن ، شۇنچە كۆپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتەلمىدۇق ، دەپ ئۇيلاشتى ۋە مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق مىكرەز ئىبن ھەفسنى تېپىپ ، ئۇنىڭغا :

— سېنىڭ باتۇر ، پاراسەتلىك ، كەسكىن ئىكەنلىكىڭ ھەممىمىزگە مەلۇم . سەن تەمكىن ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر توپ ئادەم تاللاپ ، مۇھەممەدنىڭ قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باق . پۇرسەت بولۇپ قالسىلا ، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ ، جاسارىتىگە بەرھەم بېرىپ ،

---

① ...ئىران پادشاھى .
② نەجاشى — ھەبەشىستان پادشاھى .

www.alma.cn

ئۇلارنى بىئارام قىل ، — دېيىشتى .
قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ، مىكرەز ئىبن ھەفس بىر توپ ئادەمنى باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چۈشكەن جاينىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىشكە باردى . ئۇ بىر دىنلا قەدىمىنى توختىتىپ ، ئادەملىرىگە مۇنداق دېدى :
— توختاڭلار ! قاراڭلار ، قورۇل سىرتىدا تۇرغان ئاۋۇ ئادەم كىم ؟ ئۇ مۇھەممەد ئىبن مەسلەمەگە بەك ئوخشىشىپ كېتىۋاتىدۇ . ئوبدانراق قاراپ بېقىڭلار . چوقۇم شۇ ، مەن ئۇنى تونۇيمەن ، ئۇنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىمەن . ئۇ بۆرىدەك تۇيغۇن ، ئۇخلىسا بىر كۆزىنى يۇمۇپ ، يەنە بىر كۆزىنى ئېچىپ ئۇخلاپ ، كىشىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدۇ .
مىكرەز ئىبن ھەفسنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا ، بىللە كەلگەن كىشىلەر ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى .
مۇھەممەد ئىبن مەسلەمە شەپىنى تۇيۇپ ، قولىقىنى دىك تۇتۇپ تىڭشىدى ، سۆزلەشكەن ئاۋاز بىلەن ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلاپ ، قورەيشلەر پايلاقچى ئەۋەتىپتۇ ، دەپ ھۆكۈم قىلدى - دە ، دەرھال مۇھاپىزەتچىلەرنى يىغىپ ، ئەتراپنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇدى . ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا ، مىكرەز ئىبن ھەفس ئادەملىرى بىلەن بىللە قولغا چۈشتى .
ئەسىرلەرنى روسۇلۇللانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىشتى . روسۇلۇللا ئۇلارنى قويۇپ بەرمەكچى بولۇپ ، ئېلىپ كىرگەنلەرگە :
— بولۇڭلار ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى يېشىۋېتىڭلار ، ئۇلار قايتىپ كەتسۇن ، ئۇلار مېنىڭ ياخشى نىيىتىمنى بىلىپ قالسۇن . بىز ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق ، ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىشنىمۇ خالىمايمىز ، — دېدى ، ئارقىدىن خوزائە قەبىلىسىدىكى ھىمراشنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا ، — ئى ھىراش ، بىز ئەسىرلەرنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن سەن قۇرەيش قەبىلىسىگە بېرىپ ، ئۇلارغا بىزنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى چۈشەندۈرۈپ قويغىن ، سەن ئۇلارنى بىرقەدەر چۈشىنىسەن ، — دېدى .

ھىراش قۇرەيش قەبىلىسىگە كەلدى ، لېكىن ئۇنىڭ ئىشى ئەپلەشمىدى ، ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كېلىپ ، يىغلاپ تۇرۇپ روسۇلۇللاغا مۇنداق دەپ دادلىدى :

— ياروسۇلۇللا ، ئۇلار بەك جاھىل ئىكەن ، زادىلا نىيىتىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس . ئۇلار ماڭا تۈرلۈك ھاقارەتلەرنى قىلدى ، تېخى تۆگەمنىڭ پۇتىنى چېپىۋەتتى ، ئەگەر ئەھابىشلەر تو سۇۋالمىغان بولسا ، ھەتتا بېشىمنمۇ تېنىمدىن جۇدا بولغان بولاتتى .

روسۇلۇللا بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى ، ئەمما دەررۇ يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، ھىراشنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى ، بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ساھابىلەرگە :

— قۇرەيشلەرنىڭ بىزگە بولغان ئاداۋىتى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن ، بۇنى دەرھال تۈگىتىش تەس ، بىز كەلگ قورساقلىق قىلىپ ، يەنىلا يامانلىققا ياخشىلىق قىلىشىمىز كېرەك ، ھىراش خۇزائەلىك بولغاچقا ، ئۇلار ئۇنى كۆزگە ئىلماي ، قەستەن كەمسىتكەن بولسا كېرەك ، — دېدى ، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئۆمەرگىمۇ خەتتاپقا مۇنداق دېدى ، — ئى ئۆمەر ، سەن ئەس - ھوشلۇق جايىدا ، پاراسەتلىك ئادەم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرەيشلەر ئىچىدە مەلۇم ئابرۇيۇڭ بار . شۇڭا ، سەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ، بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىمىزنى ئۇلارغا چۈشەندۈرگىن . ئىككى ئارىدىكى شۈبھە تۇمانلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ئەجەب ئەمەس .

— ئى روسۇلۇللا ، مەن بۇيرۇقۇڭغا تەييار ، — دېدى ئۆمەر ، — لېكىن ھازىر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى ، شۇڭا مەنمۇ ھاياتىمدىن سەل ئەنسىرەۋاتىمەن . چۈنكى ئۇلار ماڭىمۇ دۈشمەنلىك قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەككىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ چىقىرىشىپتۇ ، مەككىدە مېنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغۇدەك بىرمۇ كىشى يوق . لېكىن مەن ساڭا بۇ مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەملەرنى كۆرسىتەي ، مەككىدە

www.alma.cn

بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇلارنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ. ئۇلار ئوسمان ئىبنى ئەففان، مۇئاۋىيە، ئەبۇسۇفيان، ئۇقبە ۋە ئىببانلار.

روسۇلىللا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى يوللۇق دەپ قاراپ، ئوسماننى مەككىگە ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى.

ئىببان ئىبنى سەئىد يېرىم كېچىدە ئىشىكنىڭ جىددىي قېقىلغانلىقىنى ئاڭلىدى، ئىشىكنى ئېچىپ، بىر نەۋرە ئىنىسى ئوسمان ئىبنى ئەففاننى كۆردى ۋە ئۇنى دەررۇ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، ئاندىن:

— ئۇكام، مەۋلانىڭ مۇھەممەدنى يالغۇز تاشلاپ كېلىپ قاپسەنغۇ؟ بىرەر جىددىي ئىش چىقىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئوسمان مۇنداق دېدى:

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسىنى قۇرەيشلەرگە چۈشەندۈرۈپ، ئۇلاردىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن مېنى ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەۋەتمەكچى بولدى. لېكىن مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كونا ئۆچمەنلىك بىلەن ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، سېنى ياردەم قىلىدۇ، قوغدايدۇ ھەم ماڭا يول كۆرسىتىدۇ، دەپ ئاۋۋال سېنىڭ قېشىڭغا كەلدىم. ئىككىمىز تۇغقان بولغاندىكىن، ماڭا ياردەم قىلارسەن.

ئىببان ماقۇل بولدى، ئەتىسى ئۇنى قۇرەيش باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا:

— بۇ كىشى مېنىڭ نەۋرە ئىنىم ئوسمان ئىبنى ئەففان بولىدۇ. ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئەلچىسى، مۇھەممەدنىڭ خېتى ھەم سۆزىنى ئېلىپ كەپتۇ، — دېدى. قۇرەيش باشلىقلىرى ئوسماننىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشكە قوشۇلدى. ئوسمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە كىرىشتىكى سەۋەبلىرىنى بىر قۇر بايان قىلىپ ئۆتتى. قۇرەيش باشلىقلىرى ئاڭلاپ يەنىلا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە:

— مۇھەممەدنى مەككىگە كىرىشتىن توسۇش — بىزنىڭ

غەلىبىمىز ۋە ئىپتىخارىمىز . بىراق ، ساڭا باشقىچە قارايمىز ، سەن بەيتۇللانى تاۋاپ قىلمەن دېسەڭ ، توسۇمايمىز ، — دېيىشتى .

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرمىگۈچە ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغۇچە ، مەن بەيتۇللاغا قەدەم باسمايمەن ، — دەپ قەسەم قىلدى ئوسمان .

ئوسمان قۇرەيش باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ، دەرھال قايتمىدى ، مەككىدە ئولتۇرۇشلۇق بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ، خۇپىيانە ھالدا ئۇلارغا :

— غەلىبە قىلىشىمىزغا ئاز قالدى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شەھەرگە كىرمەكچى . باش كۆتۈرىدىغان ۋاقىتلار كېلەي دەپ قالدى ، — دېدى .

قۇرەيشلەر ئوسماننىڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدە مەخپىي ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئۇنىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى قاماپ قويىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسماندىن مۇۋەپپەقىيەت خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى ، لېكىن ئوسمان قۇرەيشلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى . مۇسۇلمانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇشتى ، ئوسمان ئۈچۈن قانغا - قان ، جانغا - جان ئالىمىز ، دەپ چېشلىرىنى بىلەپ تەييار بولۇشتى .

روسۇلۇللانىڭ تىنچلىق يولىدا كۆرسەتكەن ھەممە تىرىشچانلىقلىرى مەغلۇپ بولدى . ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇشتىن باشقا يول يوقلۇقىنى جاكارلاپ ، جەڭگە ھازىرلىنىشقا بۇيرۇدى .

بىر كۈنى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەرەخنىڭ سايىسىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى ، ئەبۇسانان ئىبن ئەسەد ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئى روسۇلىللا ، مەن ساڭا شۇنداق ئىرادە بىلدۈرىمەنكى ، سەن ماڭا بۇيرۇق قىلمىدىغانلا بولساڭ ، مەن سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭىشىمەن قىيىما - چىيىما بولۇپ كەتكۈچە ھۇجۇمدىن يانمايمەن ، — دېدى .

— ماڭا نېمىشقا ساداقەتلىك بىلدۈرسەن ؟ — دەپ سورىدى روسۇلىللا .

— مەن سېنى چەكسىز ھۆرمەتلەيمەن ، — دېدى ئەسەد ، — سېنىڭ پىداكارلىق روھىڭ ، باتۇرلۇقۇڭ ، كەڭ قورساقلىقىڭ شۇنىڭدەك قەتئىي تەۋرەنمەس پەزىلىتىڭ مېنى تەسىرلەندۈردى ، مەن سەن ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلاشقا رازى .

ئارقىدىنلا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئەسەدكە ئوخشاش ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەينى ـ كەينىدىن ساداقەتلىك بىلدۈرۈپ ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئىنتايىن رازى بولۇپ ، ئۇلارغا ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاز قالدى ، ھەممە جەھەتتىن پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇڭلار ، دېدى .

مۇسۇلمانلار قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ راسلىنىپ تۇرۇشقان چاغدا ، ئاتلىق بىر يوچۇن ئادەمنىڭ ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى . ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن بىرەيلەن ئاتقا مىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ، تېخى يېقىن بارماي تۇرۇپلا ، كەلگەن بۇ كىشىنىڭ سۇھەيل ئىبنى ئەمىر ئىكەنلىكىنى تونۇدى ـ دە ، دەررۇ ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ، خۇشال ھالدا :

— راستتىن سۇھەيل كەلگەن بولسا ، بۇ بىز بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۈلھىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىن ئۈمىد بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ ، — دېدى .

روسۇلىللانىڭ مۆلچىرى تامامەن توغرا ئىدى . سۇھەيل روسۇلىللانىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :

— مەن قۇرەيش خەلقىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ ، قېشىڭغا سۈلھى

تۇزۇش ئۇچۇن كەلدىم. ئالدىن شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويايكى، ئوسمان ئۆلتۈرۈلگىنى يوق، ئەكسىچە مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دېگەن خەۋەر پۈتۈنلەي ئويدۇرما. مەن يەنە ساڭا شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ قىلغان قوپاللىقىغا پۇشايمان قىلىپ، سەن بىلەن سۇلھى تۇزۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مېنى سەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئاردىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىپ، قانلىق توقۇنۇشتىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

روسۇلۇللا قانلىق توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ۋە بەيتۇللانى ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، قۇرەيشلەر بىلەن سۇلھى تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ سۇلھى تۈزۈش ئۈچۈن ئوسماننى ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن ئەمەسمىدى؟ ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىگە ئارقا - ئارقىدىن سۇلھىلىشىش سەممىيىتىنى بىلدۈرگەن ئەمەسمىدى؟ شۇڭا روسۇلۇللا ئۇلارنىڭ ئاخىر ئەقلىنى تېپىپ، ھاماقەتلىكتىن ئويغانغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، سۇھەيلنىڭ قولىنى تۇتۇپ، قىزغىن ھالدا:

— قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭنى قارشى ئالىمىز، بىز ئىشلىرىمىز ئۈستىدە ئوبدانراق سۆزلىشەيلى! — دېدى.

روسۇلۇللا سۇھەيل بىلەن بىر سائەت سۆھبەتلەشتى، ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلدى، كېلىشىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق بولدى: مۇسۇلمانلار بۇ يىل ئىچىدە مەككىگە تاۋاپقا بارماي، دەرھال ئۆز قەبىلىلىرىگە قايتىش؛ روسۇلۇللا كېلەر يىلى ساھابىلىرىنى ئېلىپ بەيتۇللاغا تاۋاپقا كېلىش، لېكىن قورال - ياراغ ئېلىپ كەلمەسلىك؛ ئىككى تەرەپ ئون يىلغىچە ئۇرۇش قىلماسلىق؛ قۇرەيشلەر ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار روسۇلۇللا تەرەپكە قېچىپ كەلسە، روسۇلۇللا ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىش؛ لېكىن روسۇلۇللانىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر قۇرەيشكە ئەل بولۇپ بارسا، قۇرەيشلەر ئۇلارنى روسۇلۇللاغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىك.

كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى مۇسۇلمانلارغا ئاڭلانغاندىن كېيىن ، ئۇلاردا نارازىلىق پەيدا بولدى : «بۇ كېلىشىم ئۇلار ئۇچۇن پايدىلىق بولۇپتۇ ، ئۇلار ئۆزلىرىگە كېرەك بولغانىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىپتۇ ، بىز بەك يول قويۇۋېتىپتۇق ، ھېچنېمىگىمۇ ئېرىشەلمەپتۇق ، بۇ يىل بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش پۇرسىتىدىن قۇرۇق قېلىپلا قالماي ، يەنە مۇسۇلمانلارنى قوغداش ھوقۇقىدىنمۇ ۋاز كېچىپتۇق ، بىز بۇ كېلىشىمنى چۈشىنەلمىدۇق» دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى .

ئۆمەر ئىبىن خەتتاپ كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدىن تىترەپ كەتتى . ئۇ ئەبۇبەكرىگە :

— ھەي ئەبۇبەكرى ، سەن مۇھەممەدنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاللانى تىلىڭغا ئېلىپ قەسەم قىلغان ئەمەسمىدىڭ ؟ — دېدى .

— ئاللا بىلەن قەسەمكى ، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللا ئەۋەتكەن ئەلچى ، — دېدى ئەبۇبەكرى .

— بىز مۇسۇلمانغۇ ؟

— شەك ـ شۈبھىسىز ، بىز مۇسۇلمان .

— قۇرەيشلەر بۇتپەرەسلەرغۇ ؟

— ئاللا بىلەن قەسەمكى ، ئۇلار بۇتپەرەسلەر .

— ئۇنداق بولسا ، دىنىمىزغا نېمە ئۇچۇن ناپاك نەرسىلەر سىڭىپ كىرىدۇ ؟

— ئى ئۆمەر ، كېپىلمەنكى ، مۇھەممەد ئاللا ئەۋەتكەن ئەلچى ، بىز ئۇنىڭغا مۇتلەق ئىشىنىشىمىز ، قەتئىي ئىتائەت قىلىشىمىز لازىم .

— مەنمۇ ئۇنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن . لېكىن ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىشىنى تازا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن . مەن مۇسۇلمان بولغاندىن بېرى ، ئىسلام دىنىغا زادى شەك كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم . لېكىن ھازىر گۇمانلىنىپ قالدىم .

www.almin.cn

— ئى ئۆمەر ، سېنىڭ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىزمەن . مېنىڭچە ، سەن روسۇلۇللانىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشىپ باققىن .

ئۆمەر ساددا پىكىرلىك ، دىلى پاك ، ئاغزى ئىتتىك ، كۆڭلى ئوچۇق كىشى ئىدى . ئۇنىڭچە ، توغرا نەرسىلا بولىدىكەن ، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن ، ھەتتا قارغىشىدىن قورقمايتتى ، روسۇلۇللا بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۆمەر ئۇنىڭدا خاتالىق بار دەپ قارىسىلا ، روسۇلۇللاغا كۆرسىتىپ بېرەتتى . ئۆمەر ئەبۇ بەكرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ، روسۇلۇللانى تېپىپ ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى :

— سەن ئاللانىڭ ئەلچىسى ئەمەسمۇ ؟ — سورىدى ئۆمەر .

— نېمىشقا ئەمەسمەن ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى روسۇلۇللا .

— بىز مۇسۇلمانغۇ ؟

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ ؟

— قۇرەيشلەر مۇشرىكلارغۇ ؟ سەن نېمە ئۈچۈن پاك دىنىمىزغا پاسىق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرىسەن ؟

— مەن ئاللانىڭ بەندىسى ھەم ئەلچىسى ، ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىمەن ، ئۇنىڭ ئەمرىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايمەن ، ئۇمۇ مېنى تاشلىۋەتمەيدۇ .

— سەن بىزگە بەيتۇللاغا بېرىپ تاۋاپ قىلىمىز ، دەپ ۋەدە قىلغان ئەمەسمىدىڭ ؟

— شۇنداق دېگەنىدىم .

— سەن تېخى بۇ يىل بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشتىكى ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دېگەنتىڭغۇ ؟

— مەن بۇ گەپنى قىلمىغان ، لېكىن خاتىرجەم بولغىنكى ، بىز چوقۇم بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىمىز ، بۇ پەقەت ۋاقىت جەھەتتىكى بالدۇر ـ كېيىنلىك مەسىلىسى ، خالاس .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى بۇ بىر جۈملە سۆزى بىلەنلا ئۆمەر گۇمان ، ئاچچىقتىن خالاس بولۇپ ، خۇشال ـ خۇرام

چىقىپ كەتتى.

ئۆمەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، روسۇلىللا سۇھەيل بىلەن قايتىدىن ئولتۇرۇپ، سۇلھىنىڭ ماددىلىرىنى يېزىپ چىقىشنى قارار قىلىشتى. روسۇلىللا ئەلىنى يېزىشقا بۇيرۇدى:

— يازغىن، باشقا بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، دەپ ياز،

— بۇ گەپنى مەن چۈشەنمەيمەن، يەنىلا: بىسمىكەللاھۇممە دەپ يازغىن! — دېدى سۇھەيل. ئەلى سۇھەيلنىڭ پىكرى بويىچە يازدى، ئاندىن قەلەمنى توختىتىپ روسۇلىللانىڭ سۆزىنى كۈتتى.

— ئۇلاپ ياز: ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ۋە سۇھەيل ئىبنى ئەمىر سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەر ئۈستىدە سۇلھىگە كەلدىكى دەپ ياز، — دېدى روسۇلىللا. سۇھەيل دەرھال ئەلىنىڭ قولىدىكى قەلەمنى تۇتۇۋېلىپ، روسۇلىللاغا:

— ئەگەر سېنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ساڭا ھەرگىز دۈشمەنلىك قىلمىغان بولاتتىم. شۇڭا يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىلا يېزىلسۇن! — دېدى.

روسۇلىللا مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق بولسا، مۇنداق يازغىن: مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا بىلەن سۇھەيل ئىبنى ئەمىر تۆۋەندىكىچە سۇلھىگە كېلىشتى: ئىككى تەرەپ ئون يىلغىچە ئۇرۇشمايدۇ؛ بۇ جەرياندا ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ئىناق، دوست ئۆتىدۇ؛ قۇرەيشلەردىن مۇھەممەد تەرەپكە رۇخسەتسىز كەلگەنلەرنى مۇھەممەد قۇرەيشلەرگە قايتۇرىدۇ؛ ئەگەر مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرى ئۆز ئالدىغا قۇرەيش تەرەپكە بېرىپ قالسا، قۇرەيشلەر ئۇلارنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. مۇھەممەد دەرھال مەدىنىگە قايتىدۇ، بۇ يىل مەككىگە كىرمەيدۇ، كېلەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدا قۇرەيشلەر مەككىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەد بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ساھابىلىرى بىلەن مەككىگە كىرىدۇ، لېكىن ھېچقانداق قورال- ياراغ ئېلىپ كىرمەيدۇ. مۇھەممەدنىڭ قوۋمىگە قوشۇلۇش ياكى قۇرەيش قەبىلىسىگە قوشۇلۇش ھەر كىمنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ.

www.alma.cn

ئەلى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ ئىمزا قويدى.

بۇ سۇلھىنى ئوقۇغان مۇسۇلمانلاردىن بىرمۇنچىلىرى تەشۋىشلەندى. ئۇلار تازا غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان پەيتتە بىردىنلا پۇتىدا ئىشكەل بار بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، جېنىنىڭ بارىچە: «ئى روسۇلىللا، مېنى قۇتۇلدۇرغىن! مېنى ئۆز پاناھىڭغا ئالغىن!» دەپ نالە قىلدى. كىشىلەر يېقىن بېرىپ قاراپ، ئۇنىڭ سۇھەيل ئىبنى ئەمرىنىڭ ئوغلى ئەبۇ جەندەل ئىكەنلىكىنى تونۇدى. كىشىلەر دەررۇ ئۇنى يۆلەپ روسۇلىللانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. جەندەل روسۇلىللانى كۆرۈپلا قاتتىق يىغلاپ مۇنداق دېدى:

— ئى روسۇلىللا، سېنىڭ چاقىرىقىڭ يۇرتىمىزغا يېتىپ بارغاندا، مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدىم؛ قولۇمغا «قۇرئان» تەگكەندە، مەن ئۇنى بېرىلىپ ئوقۇدۇم ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلدىم. لېكىن، قۇرەيشلەر مېنىڭ ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئېتىقادىمنى ئۆزگەرتكەنلىكىمنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، مېنى سوراققا تارتتى ۋە قىيىن ـ قىستاققا ئالدى. مەن بۇ ئىبلىسلارنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ، ھۇزۇرۇڭغا كېلەي، دەپ شۇنچە كۆپ ئۇرۇنغان بولساممۇ، ئامال بولمىدى، مانا بۇ قېتىم ئاخىر قېچىپ كەلدىم. ئى روسۇلىللا، مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش سەۋەبىدىن، قانچىلىگەن ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتتىم ـ ھە! مەن پۇتۇمدىكى ئىشكەلنى سۆرەپ سېنىڭ ئالدىڭغا پاناھ تىلەپ كەلدىم. مېنى ئۆز ھىمايەڭ ئاستىدىكى بىر مۇسۇلمان قىلىپ قوبۇل قىلغىن! — ئۇ سۆزلەپ بولۇپ زار ـ زار يىغلاپ كەتتى.

سۇھەيلمۇ شۇ مەيداندا بار ئىدى، ئۇ ئوغلىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ، نالە ـ پەريادىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلاندى ۋە بىئارام بولدى، لېكىن لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ، باغرى قاتتىقلىق قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:

— ئى روسۇلىللا، ئوغلۇم ئالدىڭغا كېلىشتىن بۇرۇن بىز سۇلھنامىنى ئىمزالاپ بولدۇق، سۇلھنامىگە ئاساسەن، ئۇنى مەيلى

www.alma.cn

ئۇنىسۇن ـ ئۇنىسۇن ، مەككىگە قايتۇرۇۋېتىش كېرەك ، — دېدى .

— توغرا ئېيتتىڭ ، — دېدى رەسۇلۇللا ، — سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلايلى !

سۇھەيل ئوغلىنى باغلاپ مەككىگە قايتتى . سۇھەيل جەندەلنى ئالدى بىلەن مەككىدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىگە ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى :

— مۇسۇلمان قېرىنداشلار ، ئەبۇ جەندەل مۇھەممەدنىڭ قېشىغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن ، مەن ئۇنى مۇشرىكلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ ئېلىپ كەلدىم . مۇشرىكلار بىزگە جىق كۈلپەت كەلتۈردى ، بۇ ھەممىمىزگە مەلۇم . لېكىن ، مۇسۇلمانلارنىڭ بارچە ھەرىكىتى ئاللانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ . رەسۇلۇللا ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ . رەسۇلۇللا قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن سۈلھىنامە تۈزدى ، شۇڭا بىز ئالدى بىلەن ئۇنى بۇزالمايمىز . ئەبۇ جەندەلگە كەلسەك ، ئۇ ۋاقتىنچە ئازاب چېكىپ تۇرىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئازاب چېكىدىغان كۈنىمۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارمايدۇ . رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا : ئەبۇ جەندەل ، سەۋر قىلغىن ، ئاللا ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش خورلانغان ئاجىزلارغا چىقىش يولى بېرىدۇ ، دەپ تەسەللى بەردى .

ئاندىن سۇھەيل قۇرەيش باشلىقلىرىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت ئەھۋالى ۋە سۈلھىنامە تۈزۈش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى . قۇرەيشلەر قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى .

رەسۇلۇللا قۇرەيشلەرنىڭ سۈلھىنامىنى تەستىقلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، مەدىنىگە قايتىشقا تەييارلاندى . ئۇ مۇسۇلمانلارغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتتى . خەۋەر يەتكۈزگۈچى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن : «سۈلھىنامە ئىمزالاندى ، چوڭ ئىش ئورۇندالدى ، ئارتۇق ئۇلاغلىرىڭلارنى تېز قۇربانلىق قىلىڭلار ، چېچىڭلارنى چۈشۈرتۈڭلەر ، ئاندىن تۆگىلەرنى يېتىلەپ

www.alma.cn

مەدىنىگە قايتىڭلار» دەپ توۋلىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم توۋلىدى، بىراق بۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى، ئۇ ئۈچىنچى قېتىم يەنە تەكرار توۋلىدى، يەنىلا ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىچە ئىش قىلمىدى.

توۋلىغان كىشى روسۇلىللانىڭ قېشىغا كىرىپ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى روسۇلىللانىڭ چاقىرىقىنى مەقسەتلىك ھالدا كەمسىتتى دەپ قارىدى. روسۇلىللا بۇنى زور ئىش، ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دەپ ئويلىدى. ۋە كۆڭلى غەش بولغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇممۇسەلەمە ئۇنىڭ غەمكىن كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ؟ نېمىدىن بۇنچە پەرىشان بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

— قوۋملىرىم سۆزۈمنى ئاڭلىمايۋاتىدۇ، — دېدى روسۇلىللا، — مەن ئۇلارغا ئېھرامدىن چىقىپ، چېچىڭلارنى ئالدۇرۇپ، قۇربانلىق قىلىپ، مەدىنىگە قايتىش تەييارلىقىنى قىلىڭلار دېسەم، پەرۋا قىلىشمىدى.

— ئى روسۇلىللا، — دېدى ئۇممۇسەلەمە، — سېنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە مەرتىۋەڭ يۇقىرى، ئۇلار سېنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۈلگە، دەپ قارايدۇ، سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرسەڭ ۋە ئۆزۈڭ باشلامچى بولۇپ چېچىڭنى ئالدۇرۇپ، قۇربانلىق قىلساڭ، ئۇلارمۇ چوقۇم سېنى ئۈلگە قىلىپ شۇنداق قىلىدۇ.

روسۇلىللا ئۇممۇسەلەمەنىڭ تەكلىپى بويىچە كىشىلەر ئارىسىغا كېلىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— سىلەر تۈزۈلگەن سۈلھىنامىدىن نېمىشقا ئەنسىرەيسىلەر ۋە قايغۇرىسىلەر؟ كېلىشىمگە ئاساسەن، بىز تەرەپتىن قۇرەيش تەرەپكە قېچىپ بارغانلارنى ئۇلار ئەپقېلىپ قايتۇرمايدۇ، ئۇنىڭ بىزگە ھېچقانداق زىيىنى يوق، چۈنكى قېچىپ كەتكەن ئاسىيلار ئىچىمىزدە

قالسا، بىز ئۈچۈن يوشۇرۇن ئايەت بولىدۇ، قۇرەيشلەردىن بىز تەرەپكە قېچىپ كەلگەنلەرنى قايتۇرۇۋېتىمىز. ئاللا ئۇلارنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە قۇتۇلدۇرىدۇ. شۇڭا بىز ئۇلاردىن غەم قىلماسلىقىمىز لازىم. بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشقا كەلسەك، بۇ يىل بارمايمىز، لېكىن بىز چوقۇم بارىمىز. بۇ پەقەت ۋاقىت جەھەتتىكى بالدۇر ـ كېيىنلىك مەسىلىسى، خالاس. مېنىڭ قىلغانلىرىم ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولدى، ئاللا مېنىڭ مەدەتكارىم، مەن ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مەڭگۈ خىلاپلىق قىلمايمەن.

ئۇ سۆزلەپ بولۇپ دەرھال چېچىنى ئالدۇردى، ئۆزى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا ئادەم بۇيرۇدى، ئېھرامدىن چىقىشنى جاكارلىدى.

مۇسۇلمانلار روسۇلىللانىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، قۇربانلىق قىلىپ، مەدىنىگە قايتىشنىڭ بارلىق تەييارلىقىنى پۈتتۈردى. لېكىن ئۇلار بۇ قېتىم شۇنچە ئۇزۇن يول بېسىپ، ھېرىپ ـ چارچاپ، مەككە شەھىرىنىڭ يېنىغا كېلىپمۇ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلالمىغانلىقىغا چوڭقۇر ئەپسۇسلاندى.

## سۈلھىنىڭ بىكار قىلىنىشى

مۇسۇلمانلار مەدىنە شەھىرىگە تىنچ ـ ئامان قايتىپ كەلدى. ئۇلار مەككىگە قىلغان سەپىرىدە شەھەرگە كىرىپ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش ۋە ئۆز يۇرتىنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىشتىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەنلىكى ئۈستىدە پاراڭلاشقانلىرىدا، قەلبىدە ئاغرىنىش كەيپىياتى يەنە قوزغىلاتتى.

روسۇلىللا مۇسۇلمانلارغا ھامان ئۇلارنى باشلاپ مەككىگە كىرىپ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلدۇرىدىغانلىقىغا كۆپ قېتىم ۋەدە قىلدى، ئۇلارمۇ روسۇلىللانىڭ سۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى

www.alma.cn

بىلەتتى . چۈنكى ، رەسۇلۇللا ئەزەلدىن ئۆز لەۋزىدە تۇراتتى ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇلار بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش تەشنالىقى ۋە ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش ئازابىدىن خاتىرجەم ئۇخلىيالمايتتى ، كېلىدىن تامـاق ئۆتمەيتتى ، ئەينى ۋاقىتنى ئەسلەپ مۇنداق ئويلىشاتتى : «ئىلگىرى ، مۇسۇلمانلار ناھايىتى ھەيۋەتلىك ، ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى ، ھېچكىم ئۇلارنى كەمسىتەلمەيتتى ؛ مانا ھازىر ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى سۇندى ، ئانچىكى بىر كىچىك قەبىلىنىمۇ بويسۇندۇرۇش ئۇيـاقـتـا تـۇرسـۇن ، تېخى ئۇلارغا تەزىم قىلىپ ، ھەدەپ يول قويىدىغان بولدى . ناۋادا قۇرەيش تەرەپتىكىلەردىن بىرەرى بۇتقا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ مەدىنىگە قېچىپ كەلسە ، ئۇ مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ تېگىشلىك ھىمايىسىگە ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ ، ئەكسىچە ، مەككىگە قايتۇرۇلۇپ ، كاپىرلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىگە تۇتۇپ بېرىلىدۇ ؛ ناۋادا بىرەر كـىشى ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلىپ ، كاپىرلارغا ئەل بولۇپ بـارسـا ، مـۇسـۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ ، ئىلاج قىلالمايدۇ .»

ئەبۇ جەندەل توغرىسىدىكى ئىش ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ ئېسىدە ئىدى . ئۇ پۈتىدىكى ئىشكەل بىلەن كىرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە قېتىلىشنى ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىشنى تەلەپ قىلىپ يـالـۋۇرغان بولسىمۇ ، ھېچ كىشىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىدى ، *مۇسۇلمانلار بۇ ئىشتىن بەكمۇ قايغۇرۇشتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ* قېتىم مەككىگە قىلغان سەپەرنىڭ كۆڭۈلسىز بولغانلىقى ئۇلارنى تېخىمۇ مەيۈسلەندۈردى ، كونا ـ يېڭى قايغۇ ـ ئەلەملەر تەڭ كەلدى . ئۇلار كۈن بويى خاپا ، مەيۈس ھەم غەمكىن ئۆتەتتى .

بـىـر كـۈنى ، ئەبۇبەسىر پۈتۈن ئەزايى زەخىملەنگەن ھالدا مەككىدىن مەدىنىگە قېچىپ كەلدى . مۇسۇلمانلار ئۇنى كۆرۈپلا :

— ئەي ئەبۇبەسىر ، نېمە بۇنچە زەخىملىنىپ كەتتىڭ ؟ چاپسان ئېيتقىنا ، نېمە ئىش بولدى ؟ — دەپ سوراشتى .

www.alnia.cn

ئەبۇبەسىر يىغلاپ تۇرۇپ دادلىدى :

— ئەي مۇسۇلمان قېرىنداشلار ، مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىم ئۈچۈن ، ئۇلار مېنى مۇشۇنداق ئازابلىدى . مۇھەممەد مەككىدىن ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي بىر كۈنى ئاخشىمى بىر كىشى مۇھەممەد تارقاتقان «قۇرئان»نىڭ بەزى ئايەتلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى ، مەن ئۇنى ئاڭلاپ مەپتۇن بولدۇم ۋە «قۇرئان»دا دېيىلگەنلىرىنىڭ دىلىمغا ياققانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدىم ۋە مۇھەممەدكە ئەل بولۇش قارارىغا كەلدىم . لېكىن ، مەن ئۆز ئېتىقادىمنى جاكارلىغاندا ، قۇرەيشلەر مېنى قامىدى ، پۇتۇمغا ئىشكەل ، قولۇمغا كويزا سالدى ، شۇنىڭدىن كېيىن ، مەن ھايۋاندىن بەتتەر خورلاندىم ، دەھشەتلىك ئازاب - ئوقۇبەتكە قالدىم . ئەمما مەن ئاخىر ئۇلارنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىقتىم ، ھازىر مەن مۇھەممەدكە ئەل بولىمەن ، سىلەر بىلەن بىللە جەڭ قىلىمەن .

ئەبۇبەسىر سۆزىنى تۈگىتىپ ، سەل دەردى چىققاندەك بولدى ، يۈزىدە كۈلكە ئالامىتى جىلۋىلەندى . ئۇ ، ئەمدى كۈلپەتلىك كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى ، دەپ ئويلايتتى ، لېكىن ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كېلىشىمنىڭ توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى .

ئۇ تولۇپ تاشقان خۇشاللىقى بىلەن روسۇلۇللانىڭ ھۇزۇرىغا كىردى . بۇ يەردە قۇرەيشىنىڭ ئىككى ئادىمى روسۇلۇللا بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى ، ئەبۇبەسىر زەن قويۇپ تىڭشاپ ، مۇنۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى : «ئى مۇھەممەد ، ئەبۇبەسىر بىزگە ئاسىيلىق قىلىپ ، سېنىڭ قېشىڭغا قېچىپ كەلدى ، بىز ئىككى تەرەپ ھاسىل قىلغان كېلىشىمگە ئاساسەن ، سەن ئۇنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشىڭ لازىم . قۇرەيش قەبىلىسى بىزنى سەن بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى . كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش سەممىيىتىڭنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقماقچىمىز .»

دەل شۇ چاغدا خىزمەتچىلەر ئەبۇبەسىرنىڭ روسۇلۇللا بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلدى . روسۇلۇللا ئەبۇبەسىرنى دەررۇ چاقىرتتى ، ئاندىن ئىككى ئەلچىگە :

ئەبۇبەسىر مانا تۇرۇپتۇ، سىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتىڭلار! — دېدى.

ئەبۇبەسىر قۇرەيش كىشىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىۋاتقاندا، مۇسۇلمانلار مۆلدۈرلەپ قاراپ قېلىشتى، كۆزلىرىدىن تارام-لاپ ياش ئاقتى، يۈرىكى پىچاقتا تىلىنغاندەك ئازابلاندى. لېكىن، ئارىدىن ئانچە ئۆتمەي، ئەبۇبەسىر يەنە قېچىپ كەلدى. كىشىلەر ئەجەبلەنگەن هالدا ئۇنىڭدىن:

— سېنى ئېلىپ ماڭغان هېلىقى ئىككى ئادەم قېنى؟ — دەپ سوراشتى.

— بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، يەنە بىرى قېچىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

روسۇلۇللا ئەبۇبەسىرنىڭ قىلمىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەپسۇسلانغان هالدا مۇنداق دېدى:

— جىنايەت ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەگەر بىرنەچچە كىشى بىللە ماڭغان بولسا، بۇ ۋەقە يۈز بەرمىگەن بولاتتى. قانداقلا بولسۇن، ئۇنى مەدىنىدە قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، نەگە بارسا بولىۋېرىدۇ. هەممە يەردە ئاللا بار. ئۇخشاشلا رەببىمنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىۋېرىدۇ.

ئەبۇبەسىر خۇددى بىرىنچى قېتىم ئېلىپ مېڭىلغاندىكىدەك، يەنە غەمكىن هالدا يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كېتىشى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈل قايغۇسى ۋە دىلخەستىلىكىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتتى.

هەش-پەش دېگۈچە يەنە بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ كەيپىياتىدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئازراقمۇ ياخشىلىنىش بولمىدى. روسۇلۇللا بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان تەڭسىز كېلىشىم ئېغىزغا ئېلىنسىلا، مۇسۇلمانلار خاپا بولاتتى ۋە ئاغرىناتتى. ئۇلار بۇ دىلخەستىلىكتىن قۇتۇلالماي تۇرغاندا، قۇرەيش تەرەپتىن يەنە بىر ئادەمنىڭ مەدىنىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاشتى.

بۇ جۇقۇم مەككىدىن قېچىپ چىقىپ بىزنىڭ هىمايىمىزگە كىرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن يەنە بىر مۇسۇلمان بولسا

www.alma.cn

كېرەك، — دېدى بىر مۇسۇلمان، — لېكىن بىز ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپ ئازابقىلا تۇتۇپ بېرىمىز. ئۇنىڭ كېلىشى بىزگە يېڭىدىن كۆڭۈلسىزلىك ۋە پەرىشانلىقلار ئېلىپ كېلىدۇ، خالاس.

دەرۋەقە، ئانچە ئۆتمەي، بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلدى، مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇنداق دېدى:

— سەن بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ مەدىنە سېنىڭ ئۆيۈڭ ئەمەس، پاناھلىنىدىغان ۋە قوغدىلىدىغان يېرىڭمۇ ئەمەس. سەن قۇرەيشلەرنىڭ روسۇلىللا بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ؟ كېلىشىمدە قۇرەيش تەرەپتىن بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنى يوشۇرۇپ قېلىشىمىزغا ۋە قوغدىشىمىزغا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بىلىشىڭ كېرەككى، روسۇلىللا قەتئىي تۈردە كېلىشىمنىڭ ماددىلىرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. مېنىڭچە، سەن بۇ يەردىن دەرھال كەتكىن! سەن بۇ يەردە ئۇزۇنراق تۇرۇپ قېلىپ، قۇرەيشلەر ئارقاڭدىن ئىزدەپ كېلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ساڭا ئىككى قولۇڭنى باغلاقلىق تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا چارە يوق. ئەڭ ياخشىسى مەدىنىدىن باشقا يەردىن جېنىڭنى سىغدۇرغۇدەك جاي ئىزدىگىن، بىز ئاللادىن ساڭا ئاسايىشلىق بېرىشنى تىلەيمىز.

كەلگەن كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— سىلەر پۈتۈنلەي خاتا مۆلچەرلىدىڭلار. مەن مۇسۇلمان ئەمەس، مەن ئۆز قەبىلەمگە ئاسىيلىق قىلمىدىم ھەم سىلەردىن پاناھ تەلەپ قىلىپمۇ كەلمىدىم. مەن مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم. ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، — دېدى ـ دە، سۆزىنى تۈگىتىپلا ئالمان ـ تالمان روسۇلىللانى ئىزدەپ كەتتى.

— ئۇنىڭ روسۇلىللانى ئىزدەيدىغان قانداق مۇھىم ئىشى باركىنا؟ يۈرۈڭلار، ئۇنىڭ روسۇلىللاغا نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى، ـ ئېيىشتى مۇسۇلمانلار.

www.aima.cn

ئۇلار روسۇلىللانىڭ قورۇسىغا كەلگەندە، ھېلىقى قۇرەيش

ئادىمىنىڭ روسۇلىللا بىلەن خاتىرجەم سۆزلىشەلىگەنلىكىنى كۆردى ۋە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى :

— مەن ئەبۇبەسىرنىڭ ئىشى توغرۇلۇق كەلدىم . ئۇ قەبىلىمىزگە ئاۋارىچىلىك ۋە كۈلپەت كەلتۈردى . ئۇ بىزنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر باتۇرىمىزنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن دېڭىز بويىغا قېچىپ بېرىپ بىزگە قارشى ئادەم توپلىدى . شۇنىڭدىن تارتىپ قوۋمىمىزدىن قېچىپ چىققانلىكى ئادەملەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى . بۇنىڭدىن باشقا ، مەككىدىكى بەزى مۇسۇلمانلارمۇ شۇ يەرگە قېچىپ بېرىۋالدى . دەسلەپتە بىز ئۇلارنى سەل چاغلاپتۇق ، لېكىن ئۇلار بىزگە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىۋەردى . ھازىر ئۇلار كارۋانلىرىمىزنىڭ شامغا ماڭغانلىقى ياكى مەككىدىن قايتقانلىقىدىن خەۋەر تاپسىلا ، يولغا بۆكتۈرمە ئورۇنلاشتۇرۇپ ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، ئادەم ۋە مال - مۈلكىمىزنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتماقتا ، ھەتتا كارۋانلىرىمىزنى شامغا بارالمايدىغان قىلىۋەتتى . بۇ ئەھۋالنى ئوڭشاپ ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق يامانلىق قىلىشىدىن ساقلىنىشنىڭ بىرلا چارىسى بار ، ئۇ بولسىمۇ ئىككى تەرەپ تۈزگەن كېلىشىمدىكى ئالاقىدار ماددىلارنى بىكار قىلىش . ئىلگىرى ئۇنى بىز ئۆزىمىزگە پايدىلىق دەپ قاراپ ، بىزگە كۈلپەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمىز . بۈگۈندىن ئېتىبارەن ، بىزنىڭ قەبىلىدىكى مۇسۇلمانلار سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا قېچىپ كەلسە ياكى قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا قېچىپ كەلسە ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ بەرمەي ، ئۆز سېپىڭلەرگە قاتناشتۇرۇۋېلىڭلار !

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدىكى غەم - قايغۇ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ، روسۇلىللانىڭ نېمە ئۈچۈن كېلىشىمنى بۇنچە قەتئىي ئىجرا قىلغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئۇلار روسۇلىللادىن ئاغرىنمايدىغان ، بەلكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشىنىدىغان بولدى .

مۇسۇلمانلار ئۆز تەقدىرى توغرىسىدىكى غەم - قايغۇدىن خالاس بولغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى چوڭ ئىش بەيتۇللاغا

www.alma.cn

تەلپۈنۈش ئىدى . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلاردىكى بۇ تەشنالىق ۋە سېغىنىش سۇسلىشىپ كەتمەيلا قالماستىن ، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيدى . دەرۋەقە ، قۇرەيشلەر ئۆز لەۋزىدە تۇردى . ئىككىنچى يىلى ھەج مەۋسۇمىدا ئۇلار مەككىدىن چىقىپ كېتىپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدە بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشىگە يول قويدى . لېكىن بۇ ھەر ھالدا قىسقىغىنا تۇرۇش ۋە زىيارەت قىلىش ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككە ئىدى . تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ۋاقتىدا ، يوشۇرۇن زىيانكەشلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ، يوشۇرۇنغان قۇرەيشلەرنىڭ ئارقا تەرەپتىن كېلىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلەتتى . كېلىشىمگە ئاساسەن ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە كىرگەندە ، قورال ـ ياراغ ئېلىپ كىرىشىگە بولمايتتى . بۇنداق ئەھۋالدا ، ناۋادا كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا ، ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى . شۇڭا ، مۇسۇلمانلار بۇ ئەھۋالدىن قايغۇراتتى ۋە بىئارام بولاتتى .

بىر كۈنى ئاخشىمى بىرقانچە مۇسۇلمان خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى ، پاراڭ ئاخىرى خۇزائە ۋە بەنى بەكرى قەبىلىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى دۈشمەن كۆرگەنلىكى ، شۇنىڭدەك ئۇلاردا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكى ئۈستىدە توختىدى . بىر مۇسۇلمان سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى :

— مەن قەدىمكى پادىشاھلار توغرىسىدا بەزى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان ، بۇ ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدىغان بولسام ، چوقۇم قىزىقىسىلەر ، بىراق شۇ تاپتا ھەممىڭلار ھېرىپ مۈگدەپ قاپسىلەر ، بولدى ، بۈگۈن ئاخشام بۇ ھېكايىنى ئېيتمايلا قوياي .

— ھېچقايسىمىز ئۇخلىمىدۇق ، ئېيتىۋەر ! — دېيىشتى ئۇلار .

بۇ ھېكايىلەرنى دادام ئېيتىپ بەرگەن . دادامنىڭ ئېيتىشىچە ، خۇزائە ۋە بەنى بەكرى قەبىلىلىرى قەدىمكى زاماندا

www.ajna.cn

ناھايىتى يېقىن ئۆتكەنىكەن. ئۇلار دوستانە باردى-كەلدى قىلىشىپ، تويلىشىپ، سودا قىلىشىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار يەنە كۆپ قېتىم بىرلىشىپ، چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارنى چېكىندۈرگەنىكەن، ئەمما بىر قېتىم بەنى بەكرى قەبىلىسى باشلىقىنىڭ ئوغلى مالىك ئىبن ئىباد ھەلق خۇزائە قەبىلىسىگە سودا قىلغىلى بارغاندا، ئۇ يەردىكى ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، ئاداۋەت بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، ئىلگىرىكى غەددى-غۇبارسىز يېقىن مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى تۈگىتىش، جېدەل-ماجىرانى مۇرەسسە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ كونا دوستلۇقىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بارلىق تىرىشچانلىقلار مەغلۇپ بولۇپتۇ. ئۇلار جىددىي ھالەتتە تۇرۇۋېرىپتۇ، كېيىن ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دىققەت-نەزىرىنى ئۆزىگە قارىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆچمەنلىكنى ۋاقىتىنچە ئۇنتۇپتۇ. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خۇزائە قەبىلىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمىغا، بەنى بەكرى قەبىلىسى قۇرەيش قوۋمىغا قاتنىشىپتۇ-دە، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنە توقۇنۇش باشلىنىپتۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئايىغىدا نېمە بولىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

ئۇنىڭ ھېكايىسى تۈگە-تۈگىمەيلا، ئىتلارنىڭ ھاۋشىغىنى ئاڭلاندى. ئۇلار ئەجەبلىنىپ، بۇ كېچىدە بۇ يەرگە كىممۇ كېلەر؟ بەلكىم يولدىن ئېزىپ قالغان ياكى قونالغۇ ئىزدەپ كەلگەن يولۇچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشتى ۋە قاراپ بېقىشقا بىرەيلەننى چىقاردى.

بىردەمدىن كېيىن، چىققان ھېلىقى ئادەم بىر كىشىنى باشلاپ كىردى، كۆپچىلىك بۇ كىشىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ خۇزائە قەبىلىسىدىن ئەمىر ئىبن سالىم ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمىر ئىبن سالىم ئۇلاردىن

مەسچىتكە كېلىشتى. ئۇلار مەسچىتتە رەسۇلۇللانىڭ راۋۇرۇس ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەمىر رەسۇلۇللانىڭ ئالدىدا ئەلەملىك ھەم تىترەك ئاۋاز بىلەن مۇنۇ شېئىرنى ئۇنلۇك ئوقۇۋاتاتتى:

ئىلتىجا قىلدىم مۇھەممەد بىزگە سەن بول باشپاناھ،
سەن بىلەن بىزنىڭ پەدەر بولغانىدى چىن ئاشىنا.
بىز قىلىپ ئىسلامغا بەيئەت ئۆزئارا ئۆتتۇق ئىناق،
تىلىكىم نۇسرەت قازانغىن ئەلنى ئەيلەپ ئىتتىپاق.
تەڭرىگە بولساقمۇ سادىق، بەندىلەرگە ھەم ئادىل،
قىلدى قەست مۇشرىكۇ كۇففار بولمايىن ساڭا قايىل.
بىزگە چاڭ سېلىپ قۇرەيشلەر بىر يولى كۆتۈردى مۇشت،
قىلدى خائىنلىق سۇلھىگە كۇدا[①]دا قوزغاپ ئۇرۇش.
بىزنى چاغلاپ يار - يۆلەكسىز ئاشتى چەندان ھەددىدىن،
ئاھ بوزۇلدى نامىزىمىز بىرەھىملەر زەربىدىن.
قىرىلىپ كەتكەچكە كۆپلەر، ئوت - پىراقتا ئۆرتىلىپ،
يول سوراپ كەلدۇق شۇدەم شەپقىتىڭگە يۆلىنىپ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:
— ئى ئەمىر، بىئارام بولما! ئاللا سىلەرگە زەپەر - نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، — دېدى.
ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ: «ئى رەببىم، خەۋەرلىرىمىزنى قۇرەيشلەردىن قامال قىلغايسەن، ئۇلارنىڭ كۆزىنى كۆرمەس، قۇلىقىنى ئاڭلىماس قىلغايسەن، بىز شۇ چاغدىلا ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلالايمىز ۋە ئۇلارنى تەمتىرىتىپ قويالايمىز» دەپ دۇئا قىلدى.

www.alma.cn

① كۇدا — مەككىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

# روشەن غەلىبە

قۇرەيشلەر بەنى بەكرى قەبىلىسىنىڭ خۇزائە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىشىنى قوللاپ قويۇپ زادى ئەمىن تاپالمىدى. ئۇلار بىر ئىتتىپاقداشنىڭ يەنە بىر ئىتتىپاقداشقا قارشى تۇرۇشىنى قوللىشىنىڭ مۇقەررەر ھالدا يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، بۇ خەۋەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ كېلىشىمدىكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۇقۇلۇپ قالسا، ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ چوقۇم پۇرسەت تېپىپ ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا، تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

قۇرەيش باشلىقلىرى بىر يەرگە كېلىپ باش قوشۇپ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى ۋە چىقىش يولى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى، لېكىن پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي جاڭجاللاشتى. ئاخىردا ئۇلار ئاران دېگەندە، بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر چارىسىنى تاپتى: مەدىنىگە بۇ خەۋەر يېتىپ بارغۇچە، ئىلاج قىلىپ مۇھەممەدنى كېلىشىمگە داۋاملىق ئىشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىغا ۋە كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلىشىغا بىرەر باھانە تېپىپ بەرمەسلىك، مۇشۇ ئارىلىقتا ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، قۇرەيشلەرنىڭ جەڭ تەييارلىقىنى پۇختىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئەڭ ئابرۇيلۇق شەيخ ئەبۇسۇفياننى مەدىنىگە بېرىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتمەكچى بولۇشتى.

ئەبۇسۇفيان قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن يولغا چىقتى. لېكىن ئۇ مەدىنىگە بېرىپلا كىشىلەرنىڭ بەنى بەكرى قەبىلىسى بىلەن خۇزائە قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئۈستىدە

پارچىلىنىشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ چېرىكلىرىدىن غەزەپ - نەپرەت يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. قۇرەيشلەرنىڭ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تېپىپ بولغانلىقى ناھايىتى روشەن ئىدى. ئەبۇسۇفيان قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، قۇرەيشلەرگە كەلگەن بالا - قازانى كۆتۈشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئەقلىنى بىر يىغىۋالدى: ئەجەبا، مەككىگە قۇرۇق قول قايتىمەنمۇ؟ قەبىلىنىڭ شەيخى ۋە رەھبىرى تۇرۇقلۇق مۇشۇنداق قايتىپ كەتسەم، يۈز - ئابرۇيۇم يەر بىلەن يەكسان بولمامدۇ؟ ئۆزۈمنى دادىل تۇتۇپ مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشكىنىم تۈزۈك! ئۇنىڭغا بەزى سەۋەبلەرنى ئىزھار قىلسام، بەلكىم ئۇنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشىپ قالارمەن، دەپ ئويلىدى ۋە بۇ ئويىنى بىردىنبىر ياخشى چارە دەپ قارىدى.

چارە تېپىلغاندىن كېيىن، ئەبۇسۇفيان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيدە يوق، ئۇنىڭ ئايالى ئۇممۇھەبىبە تۇراتتى. ئەبۇسۇفيان ئۇنىڭدىن تىنچلىق سورىدى. لېكىن، ئۇممۇھەبىبە ئۇنىڭ دەككىسىنى بەردى. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. كېيىن بىر ئامال قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ۋەدىگە خىلاپلىق قىلدىڭلار، دەپ گەپ ئىشىتتى. ئەبۇسۇفيان ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا مەككىگە قايتىپ، ئۆز قوۋمىدىكىلەرنى بېشىمىزغا چوڭ بالايىئاپەت كېلىدىغان بولدى، دەپ ئاگاھلاندۇردى.

رەسۇلۇللا مۇسۇلمانلارنى جەڭگە تەييارلىنىشقا بۇيرۇدى. ئۇ يەنە، كىمكى ئاللاغا ۋە ئاخىر زامانغا ئىشىنىدىكەن، رامىزان ئېيىنى مەدىنىدە ئۆتكۈزسۇن، دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ناھايىتى تېزلا توپلاندى.

مۇزەينە ، غىفار ، ئەشجە ۋە ئەسلەم قاتارلىق قەبىلىلەردىن توپلانغان كىشىلەر بىرلىكتە يېتىپ كەلدى . ھەيۋەتلىك مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىر يەرگە جەم بولدى ، ئۇلارنىڭ سانى ئەزەلدىن ھازىرقىدەك بۇنداق كۆپ ، قوشۇنلارنىڭ كەيپىياتى ھازىرقىدەك ئۈستۈن بولمىغانىدى . قۇرەيشلەرگە تەييارلىقسىز تۇرغاندا ھۇجۇم قىلىپ ، مەككىگە ھېچقانداق قارشىلىق بولمىغان ئەھۋالدا كىرىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش ۋە ئىشنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق توغرىسىدا تەنتەنىلىك بۇيرۇق چىقاردى . روسۇلىللا مۇقەددەس جاي بولغان مەككىدە قانلىق توقۇنۇش يۈز بېرىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشنى ئويلايتتى .

مۇسۇلمانلارنىڭ زور قوشۇنى ھەيۋەتلىك ھالدا سەپەرگە ئاتلاندى . روسۇلىللانىڭ ئەلىمى قوشۇن ئالدىدا لەپىلدەيتتى ، ئاللا ئۇلارنىڭ زەپەر ـ نۇسرەت بىلەن ئىلگىرىلىشىگە مەدەت بېرەتتى .

ئۇشتۇمتۇت ، ئېگىز بويلۇق ، سېمىز بىر ئادەم بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ قوشۇن ئارىسىغا كېلىپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشمىگەنلىكىنى ئېيتتى . كىشىلەر ئۇنىڭ روسۇلىللانىڭ تاغىسى ئاbbas ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىكەنلىكىنى تونۇپ ، ئۇنى روسۇلىللانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىشتى .

ئاbbas روسۇلىللانى كۆرۈپ :

— يا روسۇلىللا ، سەن مېنىڭ ئىسلام دىنىغا بۇرۇنلا ئېتىقاد قىلغانلىقىمنى بىلىسەن ، بۇ ئىشنى ئاشكارا جاكارلىمىغانلا يېرىم بار . چۈنكى ، شارائىت بۇنداق قىلىشىمغا يول قويمايتتى . مەن ئەمدى ئۇزاققىچە سەۋر قىلىپ تۇرالمىدىم ، شۇڭا بالا ـ چاقىلىرىمنى ئېلىپ قېشىڭغا كەلدىم ، — دېدى .

روسۇلىللا مۇنداق دېدى :

— سېنى قارشى ئالىمىز ، ئاbbas ! ئاللا سېنىڭ ساداقىتىڭنى ئالاھىدە ماختايدۇ ، مۇسۇلمانلار سېنى قۇتلۇقلايدۇ . ئاۋۋال بالا ـ چاقىلىرىڭنى مەدىنىگە يولغا سېلىۋېتىپ ، ئاندىن بىز بىلەن بىللە مەككىگە بارغىن . ئۇ يەردە سەن بىز بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدا

بولىدىغان ئىشلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن .

ئابباس تۆت تەرەپكە قارىدى ، ھەممە يەردە مۇسۇلمانلار قوشۇنى سەپ تارتىپ تۇراتتى ، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى . ئابباس : «ئەگەر مۇشۇ قوشۇن مەككىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا ، قۇرەيشلەردىن يا قېرى ، يا بىرەر ياش ، يا ئەر ، يا بىرەر ئايال ساق قالماسلىقى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ قورقتى . ئۇ مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ . قۇرەيشلەرنىڭ تەقدىرىگە يەنىلا كۆڭۈل بۆلەتتى . ئۇلارنىڭ قىرىلىپ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى . شۇڭا ئۇ دەرھال مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ ، بىرەر ئادەمنى تېپىپ ، ئۇ ئارقىلىق قۇرەيش باشلىقلىرىغا دەررۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلھى تۈزۈش ۋە مەككىنى بىكارلاپ بېرىش توغرىسىدا خەۋەر بەرمەكچى بولدى . ئۇنىڭچە ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ، قانلىق توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ ، قۇرەيشلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى ، بولمىسا ، كېيىنكى ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ئابباس يولدا ئۇيان - بۇيان قاراپ تەمتىرەپ يۈرۈۋاتقاندا ، ئىككى ئادەمنىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى . ئۇلاردىن بىرى : «قارا ، ماۋۇ يەردە ئوت يېقىلىپتۇ ، ئاۋۇ يەرگە قوشۇنلار بارگاھ تىكىپتۇ» دېسە ، يەنە بىرى : «قورقۇپ كەتمە ، بۇلار خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەر بولسا كېرەك» دېدى . بىرىنچى كىشى يەنە : «بۇ ھەرگىز خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەر ئەمەس ، ئۇلارنىڭ نەدىمۇ بۇنچىۋالا كۆپ قوشۇنى بولسۇن» دېدى .

ئىككىنچى كىشى سۆز قىلاي دەپ تۇرۇشىغا ، ئابباس ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى - دە ، ھەيرانلىق ئىچىدە :

— يا ھەزرەت ، ئەبۇسۇفيانمىدىڭ ، قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ ؟ — دېدى .

— قۇرەيشلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت مېنى بۇ يەرگە كېلىـ [illegible] ـەن ئوغلۇڭ مۇھەممەد بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاشقا مەجبۇر قىلدى ، — دېدى

www.alnia.cn

ئەبۇسۇفيان، — بىز كېلىشىمنى بىكار قىلىپ، ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغان ئاشۇ كۈندىن تارتىپ، ئۇرۇش بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپلا كەلدۇق، قۇرەيش خەلقىگە بىرەر پالاكەتچىلىك كېلىشى بۇرنىمىزغا پۇراپلا تۇردى.

— ھەي، ئەبۇسۇفيان! — دېدى ئابباس، — سەن تېخى تۇخۇمنىڭ ئىچىدە چۇكۇلداۋېتىپسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار جاي سەن تۇرغان يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس، ئۇ تۈمەنلىگەن مۇسۇلمان قوشۇنىنى يېتەكلەپ مەككىگە قاراپ ئاتلانماقتا. مەن قۇرەيش باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ تۈگەپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. سەن دەرھال مەن بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىن، مەن سەن ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىپ، جېنىڭنى ساقلاپ قېلىشقا ھۆددە قىلاي!

كىشىلەر ئەبۇسۇفياننىڭ ئابباس بىلەن بىللە روسۇلۇللانىڭ ھۇزۇرىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئەبۇسۇفياننى كۆرۈپلا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— سەن ئاللاغا ئاسىيلىق قىلىپ كېلىشىمنى بۇزدۇڭ، لەۋزىڭدە تۇرماي ۋەدىگە خىلاپلىق قىلدىڭ. شۇنداق تۇرۇپ يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن بۇ يەرگە كەلدىڭ؟! — دېدى، ئاندىن روسۇلۇللا تەرەپكە بۇرۇلۇپ، — ئى روسۇلۇللا، ئەبۇسۇفيان ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ئادەم. كېلىشىمنى بۇزغان دەل ئۇنىڭ ئۆزى، ماڭا رۇخسەت قىل، ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋېتىپ دەردىمىزنى چىقىرايلى! — دېدى.

— ئى روسۇلۇللا، — دېدى ئابباس بىر چەتتە تۇرۇپ، — مەن ئەبۇسۇفيانغا: قارنى - كۆكسى كەڭ روسۇلۇللا سېنىڭ ھاياتىڭغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، دەپ ئالاھىدە كېپىل بولغانىدىم.

— ئى روسۇلۇللا، — دېدى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ، — ئەبۇسۇفيان ئارىمىزدىكى ئۆچمەنلىكنى قوزغىغان باش جىنايەتچى، ئۇنى ئۆلتۈرسەكلا، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاچچىقى يانىدۇ.

— ئى ئۆمەر، ئاچچىقىڭنى بېسىۋال، — دېدى ئابباس، —

ئەگەر ئۇ ئەدى جەمەتىدىن بولغان بولسىدى ، مەنمۇ بىرنېمە دېمەيتتىم ، لېكىن بىلىشىڭ كېرەككى ، ئۇ ئابدۇماناف جەمەتىدىن ـ دە !

ئۆمەر مۇنازىرىلەشمەكچى بولۇۋىدى ، روسۇلىللا ئۇنى توستى ۋە ئۇلارغا :

— بولدى ، تالاش ـ تارتىش قىلىشۋەرمەڭلار ، — دېدى ، ئاندىن ئابباسقا ، — سەن ئەبۇسۇفيانىنى ئېلىپ كېتىپ بۈگۈن قېشىڭدا قوندۇرغىن ، ئەتە سۆزلىشەيلى ، — دېدى .

ئابباس ئەبۇسۇفيانىنى ئۆز چېدىرىغا ئېلىپ كەلدى ، ئىككىيلەن بىرنىم كېچىگىچە پاراڭلاشتى . ئابباس ئۇنى بۇتقا چوقۇنۇشنى تاشلاپ ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا قايىل قىلماقچى بولدى .

ئەتىسى سەھەردە ئەبۇسۇفيان ئورنىدىن تۇرۇپ ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆنىڭغا نامەلۇم بىرنېمىلەرنى قىرائەت قىلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى . هويلا ئادەم بىلەن تولغانىدى . ئۇلار ئېھتىرام بىلەن ئېتىكاپتا تىك تۇرغاندىن كېيىن ، يۈكۈنۈپ ، كەينى ـ كەينىدىن سەجدە قىلىشۋاتاتتى . ئەبۇسۇفيان بۇنى كۆرۈپ هەيران بولۇپ :

— بۇ ئادەملەر نېمە ئىش قىلىشۋاتىدۇ ؟ — دەپ سورىدى ئابباستىن .

— ئۇلار بامدات نامىزى ئوقۇۋاتىدۇ . چاققان تەييارلانغىن ، روسۇلىللانىڭ قېشىغا بارايلى ! — دېدى ئابباس . ئانچە ئۆتمەيلا ئۇلار روسۇلىللانىڭ ئالدىغا كەلدى .

— هەي ئەبۇسۇفيان ، — دېدى روسۇلىللا ، — سەن كۆپ جاپا تارتتىڭ . ئەجەبا ، ئاللادىن ئۆزگە هېچ نەرسە چوقۇنۇشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى تېخىچە بىلمىدىڭمۇ ؟

— ئاتا ـ ئانام پىدايىڭ بولسۇنكى ، — دېدى ئەبۇسۇفيان ، — سېنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسۈڭ نېمىدېگەن كەڭ . مەن ئىلگىرى ئاللادىن باشقا يەنە بىر ئىلاھ بار دەپ قارايتتىم ، هازىر مەن يېڭى تونۇشقا ئىگە بولدۇم .

— سەن مېنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلمەمسەن؟ — دېدى روسۇلۇللا.

— ئاتا - ئانام پىدايىڭ بولسۇن، بۇنى مەن ھازىر بىلدىم، — دېدى ئەبۇسۇفيان.

— ئى ئەبۇسۇفيان، — دېدى ئابباس، — ھازىر ئەھۋال ئايدىڭلاشتى، ئەمدى ھوشۇڭنى تاپمىساڭ بولمايدۇ، ئەگەر كۆزۈڭنى چاڭ - توزانلار توسۇۋالغان بولسا، ئۇنى دەرھال سۈرتۈۋەتكىن! كۆڭلۈڭدە يەنە بەتگۇمان بولسا، ئۇنى دەرھال چىقىرىۋەتكىن! ھاياتىڭنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، ئۇ دۇنيادا جەننەتكە كىرىشىڭ ئۈچۈن، دەرھال ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغىن!

ئەبۇسۇفيان دەسلەپتە بىرئاز دېلىغۇل بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىردا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ:

— لائىلاھە ئىللەللا مۇھەممەدەن روسۇلۇللا①، — دېدى.

روسۇلۇللانىڭ يۈزى ۋىللىدە ئېچىلدى، ئابباسنىڭ يۈرىكىمۇ كۆلكە يۇگۇردى. ئاندىن ئاباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئەبۇسۇفيانغا تاھارەت ئېلىشنى، ناماز ئوقۇشنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى.

ئابباس روسۇلۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئى روسۇلۇللا، مەن ئەبۇسۇفياننى چۈشىنىمەن، ئۇ شۆھرەتپەرەس، يۈز - ئابرۇيىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىسلام دىنى تېخى ئۇنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ نام - شۆھرەت جەھەتتىكى تەلپىنى قاندۇرساڭ، مۇشۇنداق قىلساق، ئۇنىڭ قەلبىدە ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

— ياخشى، مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى جاكارلىغىلار، مەن مەككىگە كىرگەندە، كىم ئەبۇسۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، شۇ ئامان قالسۇن؛ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغانلارمۇ ئامان قالسۇن؛

www.alma.cn

① ئاللادىن باشقا چوقۇنىدىغان مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر.

مەسچىتكە كىرىۋالغانلارمۇ ئامان قالسۇن، — دېدى روسۇلىللا.

ئەبۇسۇفيان روسۇلىللانىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دەرھال مەككىگە قايتتى. ئۇ ئاتقا مىنىپ مەككىنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىدا:

— ئى قۇرەيش قېرىنداشلىرىم، مۇھەممەدنىڭ زور قوشۇنى شەھەرگە كىرىدۇ، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتۇر. دەرھال ئۆزۈڭلارنى چەتكە ئېلىڭلار! مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىۋالغانلارغا زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ، بىخەتەرلىكى كاپالەتلىك بولىدۇ، — دەپ توۋلىدى.

قۇرەيشلەر شۇئان ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئالاقزادە بولۇشتى. ئۇلار ئەبۇسۇفياننىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ:

— سېنىڭ ئۆيۈڭگە قانچىلىك ئادەم سىغاتتى؟ بىز شۇنچە كۆپ ئادەم قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ يەنە:

— ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغانلارمۇ ئامان قالىدۇ، مەسچىتكە كىرىۋالغانلارمۇ ئامان قالىدۇ، — دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن يۈگۈرۈشۈپ مەسچىتكە ۋە ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى.

روسۇلىللا زور قوشۇننى يېتەكلەپ ھەيۋەت بىلەن مەككە شەھىرىگە كىرىپ، ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايلا مەككە شەھىرىنى فەتھى قىلدى. ئۇ ئات ئۈستىدە خۇشال كېتىۋېتىپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

«ئاللا سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كەلگۈسىدىكى سەۋەنلىكلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىش، ساڭا بولغان پەزلى - مەرھەمىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ساڭا بىر خىل روشەن غەلىبە ئاتا قىلدى ۋە توغرا يول كۆرسەتتى. ئاللا ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىدۇ. ئۇ مۆمىنلەرنىڭ ئېتىقادىنى كۈچەيتىش — ئالەمدىكى ھەممە قوشۇن ئاللاغىلا مەنسۇپ، ئاللا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى — مۆمىن ۋە مۆمىنلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، مەڭگۈ

شۇ يەردە تۇرغۇزۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىش ئۈچۈن، مۆمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئېغىر ـ بېسىقلىقنى ئورناتتى. ئاللانىڭ قارىشىچە، بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتتۇر، ئۇ بۇنىڭ بىلەن مۇناپىق ئەر ـ ئاياللارنى، شۇنىڭدەك ئاللا ھەققىدە يامان غەرەزدە بولغان كىشىلەرنى جازالايدۇ، كۆلپەتلىك تەقدىرنى ئۇلارغىلا بېرىدۇ. ئاللا ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلاردىن بىزار بولىدۇ ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن دوزاخ تەييارلاپ قويىدۇ، بۇ ناھايىتى يامان جايدۇر! ئالەمدىكى قوشۇن ئاللاغىلا مەنسۇپ. ئاللا ھەممىگە قادىر، ئاللا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»

روسۇلىللا پۈتۈن شەھەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ئۆيلىرىگە ۋە مەسچىتكە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان قۇرەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگۈسى ۋە ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باققۇسى كېلەتتى.

دەل مۇشۇ قۇرەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مەككىدىن چىقىرىۋەتكەن، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان ۋە زىيانكەشلىك قىلغانىدى. لېكىن، بۇگۈنكى كۈندە بولسا ئۇلار قايتىپ كەلدى، بەلكى غەلىبىلىك ھالدا قايتىپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا، قۇرەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلىشكە بەكمۇ تەقەززا ئىدى.

روسۇلىللا بىر مەسچىتنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغانلارغا: «ئى قۇرەيش جامائەسى، قورقماڭلار، چاپسان چىقىڭلار!» دەپ توۋلىدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر ـ بىرلەپ چىقىشتى. روسۇلىللا ئۇلارغا:

— سىلەر مېنى بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلاركىن دەپ ئويلاۋاتىسىلەر، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— بىز سېنىڭ قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشىڭغا ئىشىنىمىز — دېيىشتى ئۇلار.

www.elmi.cn

— توغرا ئېيتتىڭلار، — دېدى روسۇلىللا كۈلۈپ، — ھازىر

مەن شۇنى جاكارلايمەنكى ، ھەممىڭلار ئازاد ، بېرىڭلار ، ئۆيۈڭلەرگە قايتىڭلار !

كىشىلەر روسۇلىللانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ ، ئۇنىڭ مەرد ۋە كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان ھالدا شادلىنىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى .

ئالما تور بېكىتى
www.alma.cn

# سېغىنىش كۈنى

## غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلار

دورەيد ئىبن سىممە خۇزائە قەبىلىسىدە كۆپ جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئۇزۇن سىنالغان، مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە، تاكتىكىلىق كىشى ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ قېرىپ ئاجىزلاپ قالغانىدى. شۇڭا، ھازىر ئۇ قەبىلە باشلىقى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ قوۋمىغا چارە - تەدبىر كۆرسىتىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالىغۇدەك ئادەم بولمىغاچقا، قەبىلىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى يەنىلا ئۇزى بەلگىلەيتتى.

بىر كۈنى كېچىدە، قەبىلىدىكى بەزى ئادەملەر ئۇشتۇمتۇت ئۇنى يۆلەپ كاجۇۋىغا سالدى - دە، تۆگىنى يېتىلەپ يولغا چىقتى، بۇنىڭدىن ھەيران بولغان دورەيد ئىبن سىممە ئۇلاردىن:

— بىز نەگە بارماقچى؟ نېمە ئۈچۈن قۇلىقىمغا تۆگىلەرنىڭ ھۆركىرىشى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى ۋە بالىلارنىڭ قىيا - چىيالىرى ئاڭلىنىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مالىك ئىبن ئەۋف نەسرى قەبىلىدىكىلەرنى باشلاپ جەڭگە بارماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، — قوشۇنىنىڭ كەينىدە ئاياللار ۋە بالىلار ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار تېخى بىر قىسىم مال - مۈلكىنىمۇ ئېلىۋالدى.

دورەيد ئىبن سىممە بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ:

— بۇ نېمىدېگەن ھاماقەتلىك، ئۇرۇشقىمۇ ئۇششاق بالىلارنى

ئېلىپ بارغان بارمۇ؟ ئۇ نېمىشقا مەن بىلەن مەسلىھەتلەشمەيدىكەن؟ سىلەر مېنى دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك، — دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ياش خىزمەتكار ئۇنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەپ مالىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

— ھەي مالىك، — دېدى دورەيد ئىبىن سىممە، — ھازىر سەن قەبىلىگە باشلىق بولۇپ قالدىڭ. قېنى، ماڭا ئېيتقىنا، نېمە ئۈچۈن قەبىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىسەن؟

— مەن ئۇلارنى مۇھەممەد بىلەن جەڭ قىلىشقا ئېلىپ بارىمەن، — دېدى مالىك، — ساڭا مەلۇم، مۇھەممەد مۇسۇلمانلار زور قوشۇننى باشلاپ بېرىپ مەككىنى ئاسانلا فەتھى قىلدى، شەھەرگە كىرىشتە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. قۇرەيشلەر تەسلىم بولدى، تىز پۈكتى. ئۇلار ئەمدى مۇھەممەدكە ئېگىلىپ تەزىم قىلىدىغان قۇل بولۇشقىلا مەجبۇر. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەگەر بىز مۇھەممەدكە ھۇجۇم قىلمايدىغان بولساق، ئۇلار بىزگە تېزلا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز تەييارلىق كۆرمەيدىغان بولساق، ئۇزۇنغا قالماي نەسرى، ھاۋازىن، سەقىف قاتارلىق قەبىلىلەر ئارقا - ئارقىدىن تەسلىم بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بولسا، مۇھەممەد پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ پادىشاھى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا مەن ئۇ ئۆزىنى مۇستەھكەملىۋالغۇچە ياكى بىزگە ھۇجۇم قىلغۇچە ئارىلىقتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئالدىن مۇشت ئېتىۋالغىنىمىز ياخشى، دەپ قارار قىلغانىدىم.

— جەڭ مەيدانىغا ئاتلانماقچى بولغان بولساڭ، نېمە ئۈچۈن ئاياللار، بالىلار، ئېشەك ۋە قوي - ئۆچكىلەرنى بىللە ئېلىپ بارىسەن؟

— مەن بىز مەغلۇپ بولۇپ قالارمىزمىكىن، دەپ ئەنسىرىدىم، چۈنكى بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئاز، مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرى كۆپ، مەن قوۋممىزدىكى بارلىق ئاياللار، بالا - چاقىلار ۋە مال - مۈلۈكنى ئېلىپ چىقسام، قوۋممىزدىكىلەر

سەپىنىڭ ئالدىدا دۈشمەننى باتۇرلۇق بىلەن قىرىدۇ، ئالغا باسىدۇكى، ئارقىغا چېكىنمەيدۇ، غەلىبە قىلىدۇكى، مەغلۇپ بولمايدۇ، چۈنكى چېكىنىش ۋە مەغلۇپ بولۇش ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئۆلۈشىدىن ۋە مال - مۈلۈكلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا جان تىكىپ ئۇرۇش قىلىدۇ - دە، غەلىبە قىلىشىمىزغا ئىشەنچ تۇغۇلىدۇ.

— ئى مالىك، — دېدى دورەيد بېشىنى چايقاپ، — بۇ غەلىبە قىلىش يولى ئەمەس، خوتۇن، بالا - چاقىلارنى ئېلىپ مۇشۇنداق ھالەتتە ئۇرۇشقا بارساڭ، ئەسكەرلىرىڭنىڭ روھىغا ئىلھام بېرەلمەيسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەغلۇپ بولۇپ قالساڭ، پۈتۈن قوۋمىڭدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد تەرىپىدىن قىرىلىپ تۈگەيدۇ.

— سەن ياشىنىپ قالدىڭ، كاللاڭمۇ كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرمىگىن. بىزنى پىلان تۈزۈپ ھەرىكەت قىلغىلى قويغىن! — دېدى مالىك. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ، — ھوي خۇزائە قەبىلىسىدىكى قېرىنداشلار، ئالدىڭلاردا ئىككى يول تۇرۇپتۇ، بىرى، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىش. يەنە بىرى، ماڭا ئەگەشمەسلىك. ماڭا ئەگەشمىگەنلەر شەمشىرىمنىڭ بىسىنى سىناپ باقسۇن.

— ئى مالىك، ھەممىمىز ساڭا ئەگىشىمىز، قېنى قارار قىلغىن! — دەپ جاۋاب بېرىشتى مەيداندا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى.

بۇ خەۋەر مەككىگە تېزلا يېتىپ باردى. روسۇلۇللا مەدىنىگە قايتىش تەييارلىقىدا ئىدى، ئۇ مالىك ئىبن ئەۋف نەسرىنىڭ خۇزائە قەبىلىسىدىكى ئادەملەرنى توپلاپ ۋە سەقىف، نەسرى، ھاۋازىن قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

روسۇلۇللا دەرھال مۇسۇلمانلارغا ئېگەرنى ئاتتىن ئالماي،

قىلىچنى قىنىغا سالماي مالىكىنىڭ قوشۇنىغا زەربە بېرىشكە تەق تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى .

مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللانىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى . ئۇلار بۇنىڭ ئەرەبلەر ئارا ئاخىرقى ئېلىشىش بولىدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا مۇشرىكلار ئورنىتىپ قويغان ئاخىرقى مىخنىڭ قومۇرۇپ تاشلىنىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . مۇسۇلمانلار زور قوشۇنى ناھايىتى تېز تەشكىللەندى ، ئۇلارنىڭ ئون مىڭى رەسۇلۇللا بىلەن بىللە مەدىنىدىن كەلگەنلەر ئىدى . رەسۇلۇللا مەككىگە كەلگەندىن كېيىن ، جايلاردىن كېلىپ تەسلىم بولغانلاردىن يەنە ئىككى مىڭ كىشىمۇ بار ئىدى . بۇ سان ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، كىشىنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا ۋە ئېپتىخارلىنىشىغا ئەرزىيتتى . ئەينى چاغدا ، رەسۇلۇللا مەككىدىن چىققاندا ، ئۆزى يالغۇز بىرلا كىشى ئىدى ، ئەمدىلىكتە ئۇ قۇمدەك كۆپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى .

لېكىن ، ئاللانىڭ ياردىمى بولمىسا ، ئادەم ھەرقانچە كۆپ بولغان بىلەنمۇ بىكار ئىدى . شۇ نەرسە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىكى ، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ ئۆتكەن ، ئادەم كۆپ بولسا كۈچ كۆپ بولاتتى ، لېكىن ئۇلار بەدرى غازىتىدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدى . شۇڭا ، بارلىق تۆھپە پۈتۈنلەي ئاللاغا مەنسۇپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كۆپ ئىشلار ئۇلارنىڭ ئاللاغا بولغان ئېتىقادىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ، ئۇلارنى ئاللا ئۈچۈن جاپاغا چىداپ جەڭ قىلىدىغان قەتئىي نىيەتكە كەلتۈردى .

رەسۇلۇللا ئاۋۋال ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى قارار قىلدى . ئۇ مۇسۇلمانلار زور قوشۇننى قاراڭغۇ كېچىدە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى . مۇسۇلمانلار ھونەين[①] جىلغىسىغا كەلگەندە ، ئۇشتۇمتۇت خۇزائە قوشۇنى ۋە باشقا بەزى مۇشرىكلارنىڭ ئالدىن يوشۇرۇنغان بۆكتۈرمە ئەسكەرلىرىگە دۇچ كەلدى .

مۇسۇلمان قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندە ئۇلار بىرلا چۇقان كۆتۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى ـ دە ، مۇسۇلمانلار سېپىنى ئۇشتۇمتۇت

www.alma.cn

① ھونەين — جاي ئىسمى ، مەككە بىلەن تائىف ئارىلىقىدا .

قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى .

بۇ چاغ قاپقاراڭغۇ كېچە بولۇپ ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . مۇسۇلمانلار ئۆز بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەي ، بىر - بىرىنى قىرىشقا باشلىدى . روسۇلۇللا قېچىردىن چوشمەي : «قېرىنداشلار ، ھولۇقماڭلار ! مېنىڭ قېشىمغا چاپسان كېلىڭلار ، مەن ئاللانىڭ ئەلچىسى ، مەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا !» دەپ توۋلىسىمۇ ، ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى . كۆپ قېتىم توۋلىغاندىن كېيىن ، ئەبۇبەكرى ، ئۆمەر ، ئەلى ۋە ئاببباس قاتارلىق ئاز ساندىكى كىشىلەرلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى .

بۇ چاغدا ئەبۇسۇفيانمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن قوشۇنلار ئىچىدە يۈرەتتى . ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن خۇشال بولۇپ ئىچىدىكى غەزىپىنى ئاشكارىلاپ :

— مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ ، ئۇلار ئاخىر دېڭىزغىچە قوغلىۋېتىلىدۇ ، — دېدى . كەلدە ئىبنى خېلىل يان تەرەپتە ئەبۇسۇفياننىڭ گېپىگە ماسلىشىپ :

— مانا ئەمدى مۇھەممەدنىڭ سېھرى ئاقمايدىغان بولدى ، — دېدى .

روسۇلۇللا ئاببباسنى قېشىغا چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا ئەنسارلارنى توۋلاشنى بۇيرۇدى . ئاببباس :

— ھوي ئەنسارلار ! سىلەر قەيەردە ؟ روسۇلۇللا سىلەرنى چاقىرىۋاتىدۇ ! — دەپ توۋلىدى . ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئەنسارلارغا ئاڭلىنىپ تەسىر قىلدى - دە ، ئۇلار دەرھال ئاۋاز قوشۇپ :

— ئى روسۇلۇللا ، بىز سىنىڭ يېنىڭدا ، سەن ئۈچۈن جېنىمىز پىدا ! — دەپ توۋلاشتى . ئەنسارلار ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار روسۇلۇللانىڭ ئەتراپىغا تېز توپلاندى . ئەگەر ئاللا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن مەغرۇرلىنىش خاتالىقىغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى دېمەك ، ئاللا ھازىر ئۇلارغا ئىشەنچ ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېرىپ ، ئۇلارنى قايتىدىن ئۇيۇشتۇردى . روسۇلۇللا قوشۇننى قايتىدىن

رەتلەپ، مۇشرىكلارغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا ئۇلارغا نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى قالدۇرۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئاللا مۇسۇلمانلارنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىگە يۈزلەندۇردى. بارلىق تۆھپە پۈتۈنلەي ئاللاغا مەنسۇپتۇر.

www.alma.cn

# قوشۇندىن قاچقان ئۈچ كىشى

خوزائەلەر مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئالالنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم كىشىلەرنى مەككىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ ، ئۆزى زور قوشۇننى يېتەكلەپ مەدىنە شەھىرىگە قايتتى .

ئۆزلۈكسىز ئۇياق - بۇياقتا يۈرۈش قىلىش ۋە غازات قىلىش ئارقىسىدا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادى ئاجىزلاپ ، تۇرمۇشى قىيىنلاشقانىدى . لېكىن ئۇلار كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتەتتى ، يېقىن كەلگۈسىدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز دېگەن ئۈمىدتە ئىدى . ئۇلار گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىزار بولۇش بىلەن بىللە ، يەنە دەرھال خاتىرجەم ئورۇنلىشىشنى ۋە ئەمدى ھەممىلا يەرگە تەڭ قاتراپ يۈرمەسلىكنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىشاتتى .

ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدەك بولمىدى . ئۇلار بىردىنلا روسۇلىللانىڭ ھەممىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، يېڭى جەڭنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىدىن ۋاقىپلاندى . روسۇلىللا ئۇلارغا :

— بارلىق پۇل ۋە مېلىڭلارنى چىقىرىپ غازات قىلىڭلار ! پۇلى بارلار پۇل ، ئادىمى بارلار ئادەم چىقارسۇن ، بىز ۋىزانتىيىدىكى يۇنانلىقلار بىلەن جەڭ قىلىمىز ، بۇ جەڭدە ھېچقايسىڭلار ئارقىدا قالماسلىقىڭلار كېرەك ، — دېدى .

مۇسۇلمانلار روسۇلىللانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىرئاز گاڭگىراپ قېلىشتى . ئۇلار : جەڭنى ئەمدىلا تۈگىتىپ بولساق ، يەنە نېمىشقا ئۇرۇش قىلىدىغاندىمىز ؟ روسۇلىللا قانداق ئويلىدىكىنە ؟ دېيىشتى .

ئۇلار ۋىزانتىيىدىكى يۇنانلىقلارنىڭ قوشۇن توپلاپ

مۇسۇلمانلارغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى . شۇڭا ، رەسۇلۇللا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن مۇسۇلمانلارنى جەڭگە پۇختا تەييارلىنىشقا چاقىرغانىدى .

رەسۇلۇللا مالىيە ۋە ماددىي كۈچ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا جەڭگە تەييارلىق قىلىش چاقىرىقىنى چىقاردى . گەرچە مۇسۇلمانلار بۇ جەڭ تەييارلىقىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئاللاغا ۋە رەسۇلۇللاغا بولغان چەكسىز سادىقلىقى بىلەن بۇ چاقىرىققا جىددىي ئاۋاز قوشتى . ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىش ، ئاللانى رازى قىلىش يولىدا ئۇلار مەيلى قىش ياكى ياز بولسۇن ، سەپەرگە ئاتلىنىۋېرەتتى . چاقىرىقنى رەسۇلۇللا چىقارغانىدى . مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا مۇتلەق ئىتائەت قىلاتتى ، چۈنكى ئۇلار ھەممىدە رەسۇلۇللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇناتتى . ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ ئۆزلىرىنى ئاچ - يالىڭاچ قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارچە پۇل ۋە ماللىرىنى رەسۇلۇللاغا ھەدىيە قىلدى .

لېكىن ، بەزى مۇناپىقلار رەسۇلۇللانىڭ غازات قىلىش توغرىسىدا چىقارغان چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي جەھەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ، ھەدەپ ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى پەيدا قىلدى . لېكىن ، مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن پۇل ۋە ماللارنى ئۆزلۈكىدىن ئىئانە قىلغانلىقى مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ جاسارىتىنى يىمىرىپ تاشلاش ۋە قوشۇننىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتىشكە ئۇرۇنۇش يولىدىكى سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى .

جەڭگە قاتناشماقچى بولغان مۇسۇلمانلار زور قوشۇنى قۇملۇققا توپلاندى ، ئۇلار يەڭلىرىنى شىمايلاپ تەق بولۇپ تۇرۇشاتتى ، ھەربىر كىشىنىڭ كۆرەش ئىرادىسى ئۇرغۇيتتى . شۇ ئارىدا تۆت كىشى قوشۇندىن غېيىپپىدىلا قېچىپ كەتتى . كىشىلەر بۇ تۆت كىشىنىڭ قېچىپ كەتكىنىدىن بەكمۇ ھەيران بولۇشتى ، چۈنكى

www.alma.cn

ئۇلار ئەزەلدىن ئاللاغا ۋە روسۇلۇللاغا ئىنتايىن سادىق بولۇپ كەلگەنىدى. قوشۇندىن قاچقان بۇ تۆت كىشى: كەئىب ئىبنى مالىك، ئەبۇ خەيسەمە سالىم ئىبنى ئەۋف، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە، مىرارە ئىبنى رەبىلار ئىدى.

ئەبۇ خەيسەمە قوشۇندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى باغچىسىدىكى سايىۋەندە سەگىدەپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەررۇ يەرگە سۇ سەپتى، سوغۇق سۇ ۋە تاماق ھازىرلىدى. ئۇ سايىدە ئولتۇرۇپ، جانغا راھەت غۇر ـ غۇر شامالدىن ھوزۇرلاندى، ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى، ئۇلار ھەرقاچان ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشقا تەييار ئىدى. ئەبۇ خەيسەمە بۇ ھالدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى. لېكىن شۇئان ئۇ يەنە روسۇلۇللا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ شۇ تاپتا قۇملۇقتا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى ئويلىدى ـ دە، بۇنى كۆز ئالدىدىكى بىلەن بىر قۇر سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاسمان بىلەن زېمىندەك پەرق بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ زور قوشۇندىن خۇپىيانە قېچىپ كەتكەنلىكىگە پۇشايمان يەپ بىئارام بولدى.

ئۇ كۆڭلىدە: «روسۇلۇللا شۇ تاپتا ئوتتەك قىزىق ئاپتاپتا جاپا چېكىۋاتىدۇ، مەن بولسام دەرەخ سايىسىدە سەگىدەپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، ئالدىمدىكى داستىخاندا نازۇنېمەتلەر تۇرۇپتۇ، ئاياللىرىم ئىككى تەرىپىمدە تۇرۇپ مەندىن خەۋەر ئالماقتا، بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك ـھە!» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئىككى خوتۇنىغا:

— ئاللاغا قەسەمكى، مەن ھېچقايسىڭلارنىڭ ئۆيىگە كىرمەيمەن، روسۇلۇللانىڭ قېشىغا بارىمەن، — دەپلا ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ تۆگىسىگە مىنىپ، روسۇلۇللانىڭ قوشۇنىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

قالغان ئۈچ قاچقۇن — كەئىب ، مىرارە ۋە ھىلالمۇ قوشۇندىن ئايرىلغىنىغا پۇشايمان قىلىشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار قوشۇنغا قايتىپ بېرىشتىن ئىككىلىنەتتى . ئۇلار مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن ، كۈندۈزلىرى كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈردى . كوچىدا ئۇلارغا مۇناپىقلار بىلەن مېيىپلاردىن باشقا ئادەم ئۇچرىمىدى . جەڭگە قاتنىشالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جەڭگە چىقىپ كەتكەنىدى . سەپتىن قېپقالغان بۇ ئۈچەيلەن بىئارام بولۇشاتتى . چۈنكى ئۇلار مۇناپىقلاردىن ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېنى ساغلام ئىدى ، ناۋادا ئۇلار روسۇلىللانىڭ قېشىغا قايتىپ بارسا ، نېمە ئۈچۈن قوشۇندىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىگە سەۋەب كۆرسىتىپ بېرەلمەيتتى . شۇڭا ئۇلار ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە قايغۇرۇپ يۈرەتتى ، كېچىلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايتتى ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيتتى .

روسۇلىللا جەڭ مەيدانىدىن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئاۋۋال مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇدى ، ئاندىن كىشىلەرنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى .

قوشۇندىن قېپقالغان ئۈچەيلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كىردى ، ئۆزلىرىنىڭ قوشۇندىن قېپقالغانلىقىغا سەۋەب كۆرسىتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ يەنىلا ئاللاغا سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولۇشتى . پەيغەمبىرىم ئۇلارغا كۆپ سۆزلىمەسلىكنى ، ئاللانىڭ قىلنى قىرىق يارىدىغانلىقىنى ئېيتتى ، ئاندىن ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا كەئىبكە :

— نېمىشقا سەنمۇ قوشۇندىن ئايرىلىپ كەتتىڭ ؟ ئاللا ئۈچۈن ئاخىرغىچە جەڭ قىلىمەن دەپ قەسەم بەرگەن ئەمەسمىدىڭ ؟ — دېدى .

— ئى روسۇلىللا ، ئاللا بىلەن قەسەمكى ، ئەگەر سەندىن باشقا ئادەمنىڭ ئالدىدا بولغان بولسام ، چوقۇم نۇرغۇن باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلىغان بولاتتىم ، لېكىن سېنىڭ ئالدىڭدا مەن بۇنداق قىلالمايمەن . ناۋادا مەن يالغان گەپ قىلىپ سېنىڭ ئەپۇ

www.aiqia.cn

قىلىشىڭغا ۋە ئىشەنچىڭگە ئېرىشەلمىسەممۇ، ئاللا مېنى ئەپۇ قىلمايدۇ، شۇڭا مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن، — دېدى كەئىب.

— ئۇنداق بولسا، ئاللانىڭ ھۆكمىنى كۈتكىن! — دېدى پەيغەمبىرىم.

روسۇلۇللا مىرارە بىلەن ھىلالغىمۇ كەئىبكە ئېيتقاندەك گەپلەرنى قىلىپ:

— سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلارغا ئاللا بىرنېمە دېسۇن! — دېدى.

روسۇلۇللا قوشۇندىن قېپقالغان بۇ ئۈچ كىشىنى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش ۋە سۆزلىشىشتىن چەكلىدى، ئۇلارنى جازالاشنى ياكى ئەپۇ قىلىشنى ئاللاغا تاپشۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، قوشۇندىن قېپقالغان بۇ ئۈچ كىشى ئىنتايىن يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى. روسۇلۇللا ئۇلارغا سالقىن مۇئامىلە قىلدى؛ كىشىلەر ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى سىقىلىپ بەكمۇ ئازابلاندى.

مىرارە بىلەن ھىلال ئۆيلىرىدە دائىم زار ـ زار يىغلاپ قايغۇرغان ھالدا ئاللانىڭ ھۆكمىنى كۈتۈشتى.

كەئىب ياش بولغاچقا، كوچىلارغا چىقىپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ يۈرەتتى، كوچىلاردا ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى تونۇسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشمايتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كەينىدىن مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، روسۇلۇللانىڭ ئالدىغا تىنچلىق سوراش ئۈچۈن بارماقچى بولدىيۇ، لېكىن بارايمۇ، بارمايمۇ دەپ دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ئاخىر بارماسلىق قارارىغا كەلدى.

كەئىب بېشى قېتىپ تۇرغاندا، بىردىنلا بىر نەۋرە ئىنىسى ئەبۇقەتادە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى، ئەبۇقەتادە بىلەن كۆرۈشۈپ تىنچلىق سورىدى، لېكىن ئەبۇقەتادە لام ـ جىم دېمىدى.

— ئى ئەبۇقەتادە، ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن ئاللانى ۋە

ئۇنىڭ ئەلچىسىنى قىزغىن سۆيىمەن ! — دېدى كەئىب . ئەبۇقەتادە يەنىلا ئۈنچىقمىدى . كەئىب سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى .

— نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشۈڭ ھاجەتسىز ، بۇ ئاللا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئايان ، — دېدى ئەبۇقەتادە ۋە شۇئان ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

كەئىبمۇ بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ ، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈردى . سۈرىيىدىن كەلگەن نەبىت قوۋمىدىكى بىر ئادەم توساتتىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— كەئىب دېگەن سەن بولامسەن ؟ — دەپ سورىدى . كەئىب بۇ يوچۇن ئادەمنىڭ ئۆزىنى قانداق تونۇپ قالغانلىقىغا بەكمۇ ھەيران قالدى .

— مەن سېنى باشقىلارنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن تاپتىم ، — دېدى ھېلىقى ئادەم ۋە سۆزلەۋېتىپ يېنىدىن تاۋارغا ئۇرالغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى . كەئىب خەتنى ئېچىپ قارىدى ، بۇ پادىشاھ غەسساننىڭ ئۇنىڭغا يازغان خېتى بولۇپ ، خەتتە : «مەن خوجايىنىڭنىڭ ساڭا سالقىن قاراپ ، سەندىن ئەتەي يىراقلاشقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم . ھازىر سەن ناھايىتى غېرىبسىنىپ قاپسەن ، مەن سەندىن ئالاھىدە ھال سورايمەن ۋە سەندىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ، خرىستىئان دىنىمىزغا ئېتىقاد قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن ! بىز ھەرقاچان سېنىڭ كېلىشىڭنى قارشى ئالىمىز » دەپ يېزىلغانىدى .

كەئىب خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ، غەزەپلەنگەن ھالدا :

— مەن كەئىب ھەرقانچە پەس بولۇپ كەتسەممۇ ، كىشىلەر مېنى ھەرقانچە كۆزگە ئىلمىسىمۇ ، ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىمنى ئۆزگەرتمەيمەن ! — دېدى ـ دە ، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىدا خەتنى كۆيدۈرۈۋەتتى .

قىرىق كۈن ئۆتۈپ كەتتى ، قوشۇندىن قېپقالغان ئۈچ كىشى توغرۇلۇق رەسۇلۇللاغا تېخىچە ئاللادىن بىرەر بېشارەت بولمىدى . شۇڭا ئۇلارغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايتتى . ئاللانىڭ بېشارىتىنى

كۆتۈش ئۈچۈن قىرىق كۈندىن كېيىنمۇ روسۇلىللا ئۇلارنى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتىن چەكلىدى، يەنە خوتۇنلىرى بىلەنمۇ ئارىلاشماسلىقنى بۇيرۇدى.

ھىلالنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭمۇ ئېرى بىلەن ئۇچراشماسلىق توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، روسۇلىللانىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئى پەيغەمبىرىم، ھىلال ياشانغان، تېنى ئاجىز ئادەم، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ خەۋەر ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلارسەنمۇ؟ — دېدى.

— مەن قارشى تۇرمايمەن، لېكىن ئۇ ساڭا يېقىنلاشمىسۇن، — دېدى روسۇلىللا.

— ئۇ ئۆز ئەھۋالى بىلەن قېلىپ يىغىسىنى يىغلاپ بولالمايۋاتسا، نەدىمۇ ماڭا يېقىنلاشقۇدەك ھالى بولسۇن!

روسۇلىللا كەئىبنى ئايالى بىلەن ئايرىۋەتكەندە، كەئىب:

— ماڭا ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋەتكىن دېمەكچىمۇ ياكى باشقا ئىلاج قىلغىن دېمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن سېنى ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرۇپ، ئاللاغا تەقۋادارلىقىڭنى بىلدۈرگىن دېمەكچىمەن، مۇشۇنداق قىلساڭ، ئاللا سېنىڭ ئىشىڭ ھەققىدە بالدۇرراق بېشارەت بېرىدۇ، — دېدى روسۇلىللا.

كەئىبنىڭ بەزى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرى:

— ھىلالنىڭ خوتۇنى ئېرىدىن خەۋەر ئېلىش ھەققىدە روسۇلىللادىن رۇخسەت ئاپتۇ، سېنىڭ خوتۇنۇڭمۇ شۇنداق قىلسۇن! — دېيىشتى.

— مەن ياش، مەندىن خەۋەر ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ جاۋاب بەردى كەئىب. شۇنداق قىلىپ ئۇ خوتۇنى بىلەن ۋاقتىنچە ئايرىلىپ تۇردى.

قوشۇنىدىن قېپقالغان ئۈچ كىشىنىڭ ئىشى ھەل بولماي ئېسىلىپ تۇرىۋەردى. روسۇلىللا كىشىلەرنى ئۇلار بىلەن

سۆزلىشىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۇلارغا يېقىنلىشىشتىن چەكلىدى. بۇ ئەھۋال ئەللىك كۈن داۋام قىلدى. ئەللىك كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز بامدات نامىزىنى ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇشىغا، بىردىنلا بېشى ئېغىرلاشقاندەك بولدى، بۇ ئۇنىڭغا ئاللادىن ۋەھيى كېلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال يېتىۋالدى. ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا، ئۇ خۇشال بولغان هالدا جامائەت ئالدىغا كېلىپ جاكارلىدى:

— كەئىب، مىرارە ۋە ھىلالنىڭ تەۋبىسىنى ئاللا قوبۇل قىلدى، سىلەر بېرىپ ئۇلارنى تەبرىكلەڭلار.

سۆز تۈگىشىگىلا، كىشىلەر قوشۇندىن قېپقالغان بۇ ئۈچ كىشىنىڭ قېشىغا بەس - بەس بىلەن يۈگۈرۈشۈپ باردى.

بەزى خەۋەرچىلەر كەئىب ئايرىلىپ تۇرغان جايغا ئاتلىق كېلىپ، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى روسۇلۇللانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. روسۇلۇللا ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغدا، روسۇلۇللانىڭ ئەتراپى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. روسۇلۇللا كەئىبكە:

— مەن سېنى تەبرىكلەيمەن، ھاياتىڭدىكى ئەڭ خۇشاللىق ۋاقىتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەيمەن. ئاللا گۇۋاھكى، سەن ئۇنىڭغا سادىق ئىكەنسەن، — دېدى. ئارقىدىنلا، ھىلال ۋە مىرارەمۇ يېتىپ كېلىشتى. روسۇلۇللا كۆپچىلىككە قاراپ مۇنۇ ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى: «ئاللا پەيغەمبەرنىڭ ھەم قىيىنچىلىق چاغلاردا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبە قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئەينى چاغدا، ئۇلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نىيىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئاللا ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى، ئاللا ئۇلارغا كۆيۈندى، مەرھەمەت قىلدى، ئۇ ئاشۇ ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبە قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى، ئۇلار ئاللانىڭ ئەمرىنى كۈتتى، ئۇلارغا كەڭ زېمىن تار تۇيۇلدى، يۈرەكلىرى سىقىلدى. ئۇلار ئاللانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئاللاغا تەۋبە قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى.

www.alfra.cn

شۇنىڭدىن كېيىن ئاللا ئۇلارنىڭ يېگىۋاشتىن ئادەم بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللا ئەڭ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ئەڭ مېھرىباندۇر.»

www.alma.cn

# كىشىلەرگە زىيانلىق مەسچىت

تۈن قاراڭغۇسى بىلەن قاپلانغان مەدىنە شەھىرىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. كىشىلەر ئاللىقاچان شېرىن ئۇيقۇغا چۆمگەن، لېكىن بىر ئۆيدە ئۆي ئىگىسى تېخىچە ئالدىراش ئىش بىلەن بەند، بىرقانچە ئادەم بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈستىدە غەيۋەت قىلىشماقتا ئىدى.

مۇئەتتەب ئىبنى قۇسەير:

— مەن ھەر قېتىم قۇبا مەسچىتى ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە غەزەپ - نەپرىتىمنى باسالماي قالىمەن. ئاڭلىشىمچە، بۇ مەسچىتكە مۇھەممەد ئۇل باسقانىكەن. ھازىر بۇ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيدىغانلار بارغانسېرى ئاۋۇپ كەتتى. مېنىڭ ئۇ مەسچىتنى ھازىرلا بېرىپ چېقىۋەتكۈم كېلىدۇ، شۇنداق قىلسام ئاندىن غەزىپىم بېسىلاتتى، — دېدى.

سۇئەلبە ئىبنى ھاتەب سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— يالغۇز بىر مەسچىتنى چېقىپ تاشلاش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟ مېنىڭچە، بىزنى تازا ئەندىشىگە سېلىۋاتقىنى مۇھەممەد دەۋەت قىلىۋاتقان ئىسلام دىنى. بۇ دىن خۇددى ئورۇقتەك ھەممە يەردە ئۈنمەكتە، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بارغانسېرى ئاۋۇماقتا. بىلالنىڭ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ ئەزان ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ كىشىلەر ئۇنىڭ ئېيتقان ئەزىنىنى ئاڭلىغان ھامان خۇددى سەلدەك مەسچىتكە قاراپ ئېقىپ، بىريەرگە توپلىنىپ، مۇھەممەدنىڭ ۋەز - ھەدىسلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئۇزۇنغا قالماي، نۇرغۇن ئادەم ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. مۇھەممەد مانا مۇشۇنداق يول بىلەن كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاۋاتىدۇ. مەن كىشىلەرنىڭ

ئۇنىڭ ئەپسانىلىرىگە ئاشۇنداق ئىشىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قانداقمۇ غەزەپلەنمەي تۇرالايمەن؟

ۋەدىئە ئىبن ئەمر ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى :

— سىلەر دادام ئەمرنىڭ بىر راھىب ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر ، ئۇ مۇھەممەدنى ۋە ئۇنىڭ دەۋەت قىلغان دىنىنى ئەڭ ئۆچ كۆرىدۇ ، مۇھەممەدنىڭ پائالىيەتلىرىدىنمۇ قاتتىق ئەنسىرەيدۇ . دادام يېقىندا ۋىزانتىيىدىكى يۇنانلىقلارنىڭ پادىشاھى ھىرەقلۇنىڭ قېشىغا كەتتى . بۇ پادىشاھ خرىستىئان دىنىنىڭ تەقۋا مۇخلىسى بولۇپ ، مۇھەممەدنى بەكمۇ ئۆچ كۆرىدۇ . دادام ئۇنىڭغا مۇھەممەدنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇشمۇتۇشتا غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىپتۇ ھەمدە پادىشاھتىن مۇھەممەدكە ئورتاق قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ياردەم سوراپتۇ . پادىشاھ بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ . مەن دادامنىڭ خېتىنى ھېلىلا تاپشۇرۇۋالدىم . ئۇ خەتتە مەدىنىگە تېزلا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە بىزدىن ئۆزىگە يېقىندىن ماسلىشىشنى ئۈمىد قىلىپتۇ . بىزنىڭ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ قانداق ھەرىكەت قىلىشىمىزغا كەلسەك ، بۇ ھەقتە مېنىڭ بىر پىلانىم بار ، ئەگەر سىلەر بۇنىڭغا قىزىقىدىغان بولساڭلار ، بۇنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي .

شۇ مەيداندا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن بۇ پىلاننى تېزرەك ئېيتىپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى .

— سىلەرگە مەلۇم ، — دېدى ۋەدىئە سۆزىنى باشلاپ ، — مۇھەممەد بىز تاقابىل تۇرالمايدىغان كۈچكە ئىگە . ئەگەر بىز ئۇنىڭ بىلەن زورمۇزور ئېلىشىدىغان بولساق ، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيمىز . يەنە كېلىپ ھازىر ئۇ بىزدىن گۇمانلىنىپ قالدى ، بىزنى پايلاپلا يۈرىدۇ . شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى نىقابلاپ ، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشىمىز ، ئاندىن ئىشنى باشقىچە توغرىلىشىمىز لازىم . مېنىڭ پىلانىمچە ، بىر پارچە كەڭرەك يەر تېپىپ ، ئۇ يەرگە چىرايلىق بىر مەسچىت سالايلى ، ئارىمىزدىن بىرەيلەننى مەسچىتكە ئىمام

قىلايلى ، ئاندىن بىزمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ يالغاندىن ناماز ئوقۇيلى . مۇھەممەدنىمۇ مەسچىتىمىزگە كېلىپ ناماز ئوقۇشقا تەكلىپ قىلايلى ، شۇنداق قىلساق ، ئۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ ، بىزگە ئىشىنىدۇ . ئاندىن بىز ئۇلارنىڭ جامائىتىنى ئاستا - ئاستا پارچىلاپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىمىز ، بەلكى ئۇ مەسچىتنى دادامنىڭ مۇھەممەدكە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى بىر مەخپىي ئورۇنغا ئايلاندۇرىمىز . ھازىر مەن مۇجمەئە ئىبنىمنىڭ بىر كىشىنى كۆرسىتىمەن . ئۇ «قۇرئان»نى ئوقۇغان ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى بىلىدۇ ، ئۇنى ئىمام قىلساق دەيمەن ، قېنى ، سىلەرچە قانداق ؟

سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پىلانىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە دەرھال بۆلۈنۈپ ھەرىكەتكە كىرىشتى ، مەسچىت سالىدىغان جاينىمۇ تاللاشتى ، ماتېرىيال تەييارلاپ ، ئۇل باستى . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ، چىرايلىق ياسىداق بىر مەسچىت پۈتۈپ چىقتى .

مەسچىت پۈتكەندىن كېيىن ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى . بۇ چاغدا ، روسۇلۇللا قوشۇنلارنى ۋىزانتىيىدىكى يۇنانلىقلارنى يەنە بىر قېتىم جازالاشقا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتاتتى . كەلگەنلەر روسۇلۇللاغا :

— ئى روسۇلۇللا ، بىز يېڭىدىن بىر مەسچىت سالدۇق ، ھازىر بىز سېنى شۇ يەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىمىز . بىز يەنە مۇجمەئەنى مەسچىتنىڭ ئىماملىقىغا تەكلىپ قىلدۇق ، ئۇنىڭ «قۇرئان»نى قىرائەت قىلالايدىغانلىقى ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى ساڭا مەلۇم . ئەگەر سەن بىزنىڭ تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلساڭ ، ئۇ چاغدا ، ئۆزىمىزنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتۇق ، — دېيىشتى .

— مەن ھازىر جەڭگە ئاتلاندىم ، شۇڭا ئۇ يەرگە بارالمايمەن ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوقۇم باراي ، — دېدى روسۇلۇللا .

روسۇلۇللا جەڭنى تۈگىتىپ ، مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا ،

www.almu.cn

ئاللا ئۇنىڭغا مۇنۇ ۋەھيىنى چۈشۈردى:

«يەنە بەزىلەر مەسچىت سالدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئىناقلىققا توسقۇنلۇق قىلىش، ئىشەنچسىزلىكنى كۈچەيتىش، مۇسۇلمانلارنىڭ جامائىتىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ مەسچىتنى ئىلگىرى ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە قارشى تۇرغان كىشىلەر ئۈچۈن پاناھلىنىش ماكانى قىلدى. ئۇلار ئاللانى تىلغا ئېلىپ قەسەم بېرىپ: بىزنىڭ مەقسىتىمىز ياخشىلىق قىلىش، دېيىشى مۇمكىن. ئاللا گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر. سەن ھەرگىز ئۇ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇما. بىرىنچى كۈندىن باشلاپ ئاللاغا تەقۋادار بولۇشنى ئاساس قىلغان مەسچىت — ھەقىقەتەن سەن ناماز ئوقۇشقا تېخىمۇ ئەرزىيدىغان مەسچىتتۇر. بۇ يەردە نۇرغۇن پاك مۆمىنلەر بار. ئاللا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاغا تەقۋادار بولغان ۋە ئاللا ياقتۇرغان مۆمىنلەرگە دۇئا قىلغان ياخشىمۇ ياكى خەتەرلىك يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغان ۋە دوزاخقا چۈشۈپ كەتكەن ياخشىمۇ؟ ئاللا دىيانەتسىز كىشىلەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈرىكى لەختە-لەختە بولمىغۇچە، ئۇلار سالغان مەسچىت مەڭگۈ ئۇلارنىڭ تۇراقسىزلىقىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ، ئاللا ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»

روسۇلىللا ئاللانىڭ بېشارىتىدىن بۇ ئادەملەرنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە-مىكرىنى بىلىۋالدى، ئۇلارنىڭ تاتلىق-شېرىن سۆزلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان خەتەرلىك غەرەزنى كۆرۈۋالدى. ئۇ مەدىنىگە قايتىپ كېلىپلا، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بۇ مەسچىتنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

مۇئەتتەب ئىبن قۇسەير ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى مەسچىتنىڭ كۆيدۈرۈپ تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ، سۇيىقەستىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىرىنى ئاللانىڭ ئېچىپ تاشلىغانلىقىنى بىلگىنىدە، ئىنتايىن غەم-قايغۇ ۋە پەرىشانلىق ئىچىدە قالدى.

www.alma.cn

## ئىلتىجا

رىجال قەبىلىسىنىڭ باش روھانىيسى ئەبۇ ھارىس ئۆز چاكىرىغا :

— سەن بېرىپ شۇرەھبىلنى چاقىرىپ كەل ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار ، — دېدى . شۇرەھبىل ئەبۇ ھارىس بىلەن دوست ئىدى ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئەقىل كۆرسەتكۈچىسى ئىدى .

چاكار ھايت - ھۇيت دېگۈچە شۇرەھبىلنى ئۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى .

ئەبۇ ھارىس شۇرەھبىلغا دېدى :

— مەن چاتاق ئىشقا دۇچ كەلدىم ، قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن ، شۇڭا بۇ ھەقتە سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي دېگەنىدىم . بۈگۈن مەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللانىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم ، خەتتە ئۇ مەندىن ئۆزىنىڭ دىنى — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىمنى تەلەپ قىپتۇ . رەت قىلاي دېسەم ، ئۇ مېنى جازالاش ئۈچۈن مەن بىلەن جەڭ قىلىش ياكى مېنى باج - خىراج تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن . ھازىر مەن دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدىم . قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن ، بىرەر ئەقىل كۆرسەتسەڭ ، قانداق ؟

— كەچۈرگىن . ياردەم قىلغۇم بولسىمۇ ، قولۇمدىن كەلمەيدۇ ، — دېدى شۇرەھبىل ، — ئەگەر بۇ كىچىك ئىش بولسىدى ، بىرنېمە دېسەم بولاتتى ، بۇنداق چوڭ ئىشقا بىرنېمە دېيەلمەيمەن . ئاللا ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرىنى پال سالالايدىغان ، ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلالايدىغان قىلىپ ياراتقان ، مەن پالمۇ سالالمايمەن ، ئالدىنئالا ھۆكۈممۇ قىلالمايمەن ، شۇڭا مەن ساڭا

www.alnur.cn

ياردەم قىلالمايمەن .

— ئۇنداق بولسا ، سىنى زورلىماي ، باشقىلارنى تېپىپ مەسلىھەتلىشىپ باقاي ، — دېدى ئەبۇ ھارىس .

ئۇ ئۇنى - بۇنى تېپىپ مەسلىھەت سورىدى ، ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى ئاساسەن شۇرەھبىلنىڭ بەرگەن جاۋابى بىلەن ئوخشاش بولدى .

باش روھانىي ئەبۇ ھارىس ئۇلاردىن ياخشى مەسلىھەت ئالالمىغاندىن كېيىن ، چاكارلىرىنى داڭ ئۇرۇش ، ئوت يېقىش ، يىرىك يۇڭ رەختنى ئىشىك بېشىغا ئېسىش ئارقىلىق جامائەتكە يىغىلىپ بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بارلىقىنى ئۇقتۇرۇشقا بۇيرۇدى . ئىلگىرى ئۇ بىرەر ئىش ئۈستىدە چارە - تەدبىر تاپالمىسا ، مۇشۇنداق قىلاتتى .

كىشىلەر داڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، يېقىلغان ئوت ۋە ئېسىلغان يىرىك يۇڭ رەختنى كۆرگەندىن كېيىن ، تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كېلىشتى . باش روھانىي ئەبۇ ھارىس ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن خەت كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشلارنى جاكارلىدى ۋە كۆپچىلىكتىن قانداق قىلىشنىڭ ئېپى بارلىقىنى سورىدى . ئۇلار كەسكىن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ، ئاخىر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى ، ۋەكىللەر ئۆمىكى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشنى قارار قىلىشتى .

شۇرەھبىل باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى رىجال قەبىلىسىدىن دەرھال يولغا چىقتى . ئۇلار مەدىنىگە كىرىشكە ئاز قالغاندا ، سەپەر كىيىمىنى سېلىۋېتىپ ، قىممەتلىك قارا يىپەك كىيىملىرىنى كىيدى ، قوللىرىغا ئۈزۈك سالدى ، ئاندىن شەھەرگە كىرىپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتى .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى . ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن تىنچ - ئامانلىق سورىدى ۋە ئۇنىڭغا سوۋغات ھەدىيە قىلدى . مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سوۋغىتىنى خۇشال قوبۇل قىلدى. ئۇمەك باشلىقى شۇرەھبىل:

— ئى مۇھەممەد، ساڭا مەلۇم، مەن خرىستىئان مۇخلىسى، مەن سېنىڭ پەيغەمبەرلىك سۈپىتىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىسا پەيغەمبىرىمىز توغرىسىدىكى قاراشلىرىڭنى ئاڭلاپ بېقىشنى بەكمۇ خالايمەن، — دېدى.

— مەن ھازىرچە ئىسا توغرىسىدا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. سىلەر بۇگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭلار، ئاللادىن ماڭا بېشارەت بېرىلگەندىن كېيىن، ئاندىن سىلەرگە ئاللانىڭ ئىساغا قانداق قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى رەسۇلۇللا.

ئەتىسى سەھەردە، ئاللا رەسۇلۇللاغا مۇنۇ بېشارەتنى بەردى:

«ئاللانىڭ قارىشىچە، ئىسا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىشىدۇ. ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا بول دېۋىدى، ئۇ بولدى. (بۇ) رەببىڭ تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن ھەقىقەت، شۇڭا سەن بۇنىڭغا شەك كەلتۈرمەسلىكىڭ كېرەك. سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقىي مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىمكى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، ئاللانىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ ئاللاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى، دېگىن.»

رەسۇلۇللا شۇرەھبىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا:

— ئاللانىڭ ئىسا توغرىسىدىكى ھۆكمى چۈشتى، — دېدى ـ دە، ئاللانىڭ بېشارىتىنى ئۇنلۇك ئوقۇپ بەردى، ئارقىدىن يەنە مۇنداق دېدى:

— ئەگەر سىلەر ئاللانىڭ ھۆكمىگە يەنە گۇمانلانساڭلار ياكى *ئىتائەت قىلمىساڭلار، ئۇنداقتا، مۇسۇلمانلار بىلەن* خرىستىئانلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئاللادىن يالغانچىلارغا لەنەت ياغدۇرۇشنى تەلەپ قىلىڭلار.

www.alma.cn

— بىز قايتىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئاخىرقى پىكرىمىزنى ساڭا ئېيتايلى، — دېدى شۇرەھبىل.

شۇرەھبىل ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئادەملەرنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇلارغا دېدى:

— سىلەرگە مەلۇم، مەن ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلمايمەن، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھازىرقى ۋەزىيەت بىزگە ئىنتايىن پايدىسىز. مۇھەممەد ھەممە كىشى ئۈمىد باغلايدىغان پادىشاھقا ئايلاندى. بىز ئەرەبلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن قوشنا. شۇڭا ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمايمىز دېيەلمەيمىز؛ ئەگەر ئۇلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان بولساق، مەغلۇپ بولىمىز، ھەتتا ھالاك بولۇپ تۈگىشىمىز.

— ئۇنداق بولسا، سېنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېيىشتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر.

— بىزگە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشتىن باشقا يول يوق، — دېدى شۇرەھبىل، — مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرالايمىز. مېنىڭچە، ئۇ ئىشتا ئادىل ئىكەن، ئۇنىڭغا ئىشەنسەك بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، سېنىڭ پىكرىڭچە ئىش قىلايلى، سەن نېمە دېسەڭ شۇ، — دېيىشتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر شۇرەھبىلگە ماسلىشىپ.

شۇرەھبىل بۇ ئىشنى قەبىلىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشنى ئېيتتى.

ئۇ روسۇلۇللانىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ:

— بىز ئاخىرقى قارارىمىزنى ساڭا ئېيتايلى، — دېدى.

— ئاراڭلاردا باشقىچە پىكىر بارمۇ، يوق؟ — دەپ سورىدى روسۇلۇللا.

— مەن تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل، ئۇلار مېنىڭكىنى ئاڭلايدۇ، — دېدى شۇرەھبىل.

www.alma.cn

— ئۇنداق بولسا ئەتە كەلگىن ! — دېدى روسۇلىللا .

شۇرەھبىل كېچىلەپ ئۆز قەبىلىسىگە قايتىپ بېرىپ ، قەبىلىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى . ئۇ كۆپچىلىككە :

— ھازىر ئالدىمىزدا تاللاشقا تېگىشلىك ئۈچ يول تۇرۇپتۇ ، بىرى ، ئېتىقادىمىزنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىش ؛ بىرى ، مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇشۇش ؛ يەنە بىرى ، ئۇنىڭغا باج ـ خىراج تاپشۇرۇش ، — دېدى . كۆپچىلىك بىرىنچى يولنى ، يەنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشنى رەت قىلدى . ئۇلار ئەگەر ئۇرۇش قىلىمىز دېسەك ، كۈچىمىز يەتمەيدۇ ، شۇڭا ئىككىنچى يولدىمۇ ماڭغىلى بولمايدۇ ؛ ھازىر پەقەت ئۈچىنچى يولنىلا ئويلاشقا بولىدۇ ، دەپ قاراشتى . ئۇلار قانچىلىك باج ـ خىراج تاپشۇرىدىغانلىقىنى سورىدى . شۇرەھبىل مۇنداق دېدى :

— مۇھەممەد ئىككى مىڭ قۇر كىيىم تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ، رەجەپ ئېيىدا مىڭ قۇر كىيىم ، سەپەر ئېيىدا مىڭ قۇر كىيىم تاپشۇرىدىغان بولدۇق . باج ـ خىراج تاپشۇرغاندىن كېيىن مۇھەممەد بىز بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە ۋەدە بېرىدىغان بولدى . ئۇ بىزنىڭ ھازىرقى باش ئېپىسكوپىمىزنى ، مىسسىئونېرىمىزنى ، روھانىيىمىزنى ۋە پوپلىرىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدىغان ، ئۇلارنى ئۆز مەنپەئىتىدىن مەھرۇم قىلمايدىغان ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرمايدىغان ، ئىچكى ئىشلىرىمىزغىمۇ ئارىلاشمايدىغان بولدى .

قەبىلىدىكىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، ئۈچىنچى شەرتنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ ، دەپ قاراشتى . ئۇلار بۇنداق قىلىشنى ئاقىلانىلىك ھەم ئادىللىق ، دېيىشتى . شۇرەھبىل يەنە كېچىلەپ مەدىنىگە قايتىپ بېرىپ ، ئەتىسى ئۆز قارارلىرىنى روسۇلىللاغا يەتكۈزدى . روسۇلىللا رىجال قەبىلىسى بىلەن مەڭگۈ دوستلۇق ئورنىتىشقا ۋەدە بەردى . شۇرەھبىل ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ قەبىلىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ھەممەيلەن بىرلىكتە مۇھەممەد ئىبن ئابدۇللاغا مەدھىيە ئوقۇدى .

www.aima.cn

# تالاش - تارتىش

خەزرەج قەبىلىسىدە ، خەۋلە بىنتى سۇئلەبە ئىسىملىك قېشى ئورغاقتەك ، كۆزى بۇلاقتەك ، ئەۋرىشىم بويلۇق بىر گۈزەل قىز بار ئىدى . ئۇ ئەۋس ئىبنى سامىت بىلەن توي قىلدى . دەسلەپتە ، ئۇلار ئىناق ، تۇرمۇشتا ئىنتايىن باياشات ۋە بەختلىك ئۆتتى . خېلى كۆپ يىللار ئۆتتى ، ئۇلارنىڭ يېشىمۇ چوڭايدى . لېكىن ، خەۋلەنىڭ ھۆسن - جامالى ئەينى يىللاردىكىدىن كۆپ ئۆزگەرمىدى .

بىر كۈنى خەۋلە ئىبادەت قىلىۋاتاتتى ، ئېرى ئۇنىڭ دەسلەپتە ئىلىپتەك تىك تۇرۇپ ، ئاندىن يۈكۈنۈپ سەجدە قىلىۋاتقىنىنى كۆردى . بىر خىل غايىبانە ھاياجان ئۇنى شاللاقلىق قىلىپ ئايالىغا چاقچاق قىلىشقا مەجبۇرلىدى . ئايال دەرھال يىرگىنىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى . ئېرى دەسلەپتە ھەيران قالدى ، كېيىن قاتتىق ئاچچىقلاپ ، خوتۇنىغا :

— ھازىردىن ئېتىبارەن سېنىڭ دۈمبەڭ ئانامنىڭ دۈمبىسىگە ئوخشىشىپ قالسۇن ، — دېدى .

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەر خوتۇنىغا : «سېنىڭ دۈمبەڭ ئانامنىڭ دۈمبىسىگە ئوخشىشىپ قالسۇن» دېسە ، بۇ شۇ ئەرنىڭ ئۆز خوتۇنىنى خوتۇن قىلماي ، ئۇنى ئۆز ئانىسىنىڭ ئورنىدا كۆرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . ئەر بولغۇچىلار پەقەت خوتۇنىنى قەتئىي تالاق قىلىۋەتمەكچى بولغان چاغدىلا ، ئاندىن بۇ گەپنى ئېغىزدىن چىقىراتتى . خەۋلە ئېرىنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى - دە ، كۆپ يىللاردىن بېرى بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ئېرىدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىنتايىن ئازابلاندى . خەۋلە روسۇلۇللانىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قايغۇ - ئەلەملىرىنى دادلاپ ،

روسۇللادىن ئۆزىگە بۇ قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى سورىدى.

روسۇللا:

— مەن سېنىڭ ئىشىڭغا ھازىرچە تېخى جاۋاب بېرەلمەيمەن، — دېدى. روسۇللا ئاللانىڭ ئەلچىسى، ئۇ ھەرقانداق ئىشقا ھۆكۈم قىلىشتا، ئاللانىڭ بېشارىتىگە تايىناتتى، ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا تېخى بېشارەت نازىل بولمىغانىدى.

خەۋلە تېخىمۇ قايغۇردى ۋە روسۇللاغا يالۋۇرۇپ دېدى:

— ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى، ئېرىم مېنى قويۇۋېتىدىغان بولدى. ئۇ مېنىڭ چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم ۋە بالىلىرىمنىڭ دادىسى ئىدى. مەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سەن ئەر - خوتۇنلۇقىمىزنىڭ ۋە بالىلىرىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇنى ئاشۇنداق قىلماسلىققا كۆندۈرگىن!

روسۇللا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بۇ ئىشنىڭ تېگىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇ بىرنېمە دېيەلمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە ئاللادىن تېخى بېشارەت بولمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللانىڭ بېشارىتى ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىيدىغان ئاخىرقى ھۆكۈم بولاتتى، شۇڭا روسۇللا يەنىلا: «مەن سېنىڭ ئىشىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن» دېگەن گەپنى تەكرارلىدى.

خەۋلە بېشارەت بەرگۈچىگە، ئاسمان - زېمىننى ياراتقۇچىغا - ئۇلۇغ شەپقەتلىك ۋە رەھىملىك ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ، ئۆزىنى قايغۇ - ئەلەمدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇ ئۇزاققىچە ئۆرە تۇرۇپ، تەقۋادارلىق بىلەن ئاللاغا ئىلتىجا قىلدى. روسۇللا ھەر قېتىم ئۇنىڭغا: «مەن سېنىڭ ئىشىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن» دېگەندە، ئۇ ئاللاغا ئىبادەت قىلاتتى، قايغۇ - ئەلەملىرىنى دادلايتتى. ئاخىر ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى، ئاللا ئۇنىڭ دەردۇ ئەلەملىرىنى ئاڭلىدى.

روسۇللا بىردىنلا بىھوش ھالەتكە كىردى، بۇ ئاللانىڭ ئۇنىڭغا بېشارەت بېرىدىغانلىقىنىڭ شەپىسى ئىدى. بىردەم

www.bairip.cn

ئۆتكەندىن كېيىن، روسۇلىللا «قۇرئان»نى ياد ئوقۇشقا باشلىدى، ئارقىدىنلا خۇشال هالدا خەۋلەگە مۇنداق دېدى:

— ئاللا دادلىغانلىرىڭنى ئاڭلاپتۇ ۋە تەلىپىڭگە ماقۇل بولدى. هازىردىن باشلاپ ئېرىڭ سېنى خوتۇن قىلىدۇ، ئەمدى سېنى تاشلىۋەتمەيدۇ. لېكىن ئۇ ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىنى تۈگىتىپ سەن بىلەن قايتا ئەپلىشىش ئۈچۈن، بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى شەرت. ناۋادا روزا تۇتالمىسا، ئاتمىش كەمبەغەلگە بىر كۈنلۈك ئوزۇق يەتكۈزۈپ بەرسۇن.

روسۇلىللانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان خەۋلەنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى، تەلىپى قانائەتلەندۈرۈلدى. شۇڭا ئۇ روسۇلىللا بىلەن خۇشال خەيرلەشتى. روسۇلىللا دەرهال ئادەم ئەۋەتىپ ئەۋسنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئەقلىمدىن ئېزىپ ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپتىمەن. ئى روسۇلىللا، سەندە خوتۇنۇمنى قېشىمغا قايتۇرغۇدەك چارە بارمۇ؟ — دېدى ئەۋس.

— هە، چارەم بار، — دېدى روسۇلىللا، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى:

«ئاللا خوتۇنۇڭنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلىدى. ئاللا سىلەر ئىككىڭلارنىڭ مۇنازىرىسىگە قۇلاق سالماقتا؛ ئاللا هەقىقەتەن هەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە هەممىنى بىلگۈچىدۇر. ئاراڭلاردا خوتۇنىنى ئانىسى قىلىۋالغانلار بار، ئۇ ئۇنىڭ ئانىسى ئەمەس؛ ئۇنىڭغا تۇغقان ئۆز ئانىسىدىن باشقا هېچقانداق ئادەم ئانا بولالمايدۇ. ئۇ هەقىقەتەن قاباهەت گەپ قىلغان ۋە يالغان سۆزلىگەن؛ ئاللانىڭ هەقىقەتەن كەرىمى كەڭ، ئاللا هەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. خوتۇنىنى ئانىسى دەپ ئاتىغان، ئاندىن قىلغان كېيىنگە تۇۋا - ئىستىغپار ئېيتقۇچىلار تۇۋىسى قوبۇل قىلغۇچە ئارىلىقتا بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى كېرەك. بۇ سىلەرنى

ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر ، ئاللا سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلارنى تولۇق بىلىدۇ . قولى يوقلار بۇ ئارىلىقتا ئۇدا ئىككى ئايغىچە روزا تۇتۇشى شەرت . روزا تۇتالمايدىغانلار ئاتمىش كەمبەغەلگە بىر كۈنلۈك ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىشى شەرت . چۈنكى بۇ سىلەرنىڭ ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بولغان ئېتىقادىڭلارنى بىلدۈرىدۇ . بۇ ئاللانىڭ قانۇنى . بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن كىشىلەر قاتتىق ئازابقا قالىدۇ .»

روسۇلىللا ئايەتنى جاراڭلىق ئوقۇپ بولدى ، ئاندىن ئەۋستىن :

— سەن بىر قۇلنى ئازاد قىلالامسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— مېنىڭ قۇلۇم يوق ، — دېدى ئەۋس .

— سەن ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتالامسەن ؟

— تۇتالمايمەن . مەن بىر كۈن غىزالانمىسام ، كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ ، بەلكى ئۆلۈپ كېتىشىممۇ مۇمكىن .


— ئۇنداق بولسا ، ئاتمىش كەمبەغەلگە بىر كۈنلۈك ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرەلەمسەن ؟

— ئەگەر سەن ماڭا ياردەم بەرسەڭ ، شۇنداق قىلالايمەن ، بولمىسا قىلالمايمەن .

شۇنداق قىلىپ روسۇلىللا ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ ، ئۇنى ئاتمىش كەمبەغەلگە بىر كۈنلۈك ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرەلىگۈدەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشتۈردى . شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ خوتۇنى بىلەن يېڭى توي قىلىشقان چاغدىكىدەك ئىناق ئۆتتى ، خوتۇنىغا ئىككىنچىلەپ ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك ئەمەس ، بەلكى خوتۇنىدەك مۇئامىلە قىلدى . ئاللا بۇ ئىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى جاھىلىيەت زامانىسىدىن قېپقالغان قالاق ئادەتتىن قۇتۇلدۇردى . قاراڭغۇ زۇلمەت ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان يەرلەرنى ئاخىر ئىسلام دىنىنىڭ نۇرى يورۇتۇپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق پرىنسىپىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلدى . ئاللا ئەڭ مەغپىرەت قىلغۇچى ، ئاللا ئەڭ كۆيۈمچاندۇر .

www.alma.cn

# قۇرئاندىكى قىسسەلەر



# چەكلەش

بارچە ئالىيجاناب پەزىلەت روسۇلىللانىڭ ۋۇجۇدىغا مەركەزلەشكەن. ئۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلىشىشنىڭ بەلۋېغى، دۇنيا جەۋھىرىنىڭ مەنبەسى، ئالەمدىكى ھەممە شەيئىنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ھەممە ئادەم ئارزۇ - ئۈمىد باغلايدىغان زات.

روسۇلىللا بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەردىن ئۇنىڭ خوتۇنلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن ئالاقە باغلىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئالاھىدە قوغدىشىغا ئېرىشكەن. ئۇلار ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ قەلبىدە يەنە كۈنداشلىق ئوتى يېنىپ تۇراتتى، پەقەت روسۇلىللاغا يېقىنلاشقاندا، ئۇلاردىكى بۇنداق ئوت ئاندىن ئۆچەتتى. تارىختىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ دىللىرى سۇنۇق، مىسكىن، كۈنلەشكە ئامراق.

روسۇلىللا ئاتا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز قىزى زەينەپكە بەكمۇ ئامراق ئىدى، ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە قەلبى شادلىنىپ كېتەتتى، چۈنكى زەينەپ ئۇنىڭ جانجىگەر قىزى ھەم قەلبىدىكى ئۈمىدى ئىدى. لېكىن، زەينەپ ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، روسۇلىللا قايغۇرۇپلا يۈردى. ئۇ قەلبىدىكى قايغۇ - ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، بىر پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

روسۇلىللانىڭ يېشى ئاتمىشقا يېقىنلىشىپ، ھايات چىرىغى ئۆچەي دەپ قالدى. بارلىق ياشانغان كىشىلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ كۆڭلى ھەمىشە سۇنۇق ئۆتەتتى.

مىسىر ۋالىيسى مۇقەۋقىسنىڭ روسۇلىللاغا ئەۋەتكەن سوۋغاتلىرى ئىچىدە مىسىردىكى قىبتىلاردىن مارىيە ئىسىملىك بىر

قىز بار ئىدى. روسۇلىللا بۇ سوۋغاتنى خۇشال قوبۇل قىلىپ، مارىيەنى ئەمرىگە ئالدى. روسۇلىللا مارىيە ئۈچۈن مەدىنە شەھەر ئەتراپىدىن ئالاھىدە بىر ئۆي تاپتى. بۇ يەر ياپيېشىل دەرەخلەرنىڭ سايىسى بىلەن قاپلانغان، مەنزىرىسى گۈزەل بىر جاي ئىدى. مارىيە بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولدى.

روسۇلىللا دائىم مارىيەنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي، مارىيە ھامىلىدار بولدى، كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇلار بالىنىڭ ئىسمىنى ئىبراھىم قويدى. روسۇلىللا ئىبراھىمنى ئالىقىنىدىكى گۆھەر، دەپ قارايتتى، بەكمۇ كۆيۈنەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مارىيەنىڭ روسۇلىللانىڭ باشقا خوتۇنلىرى ئىچىدىكى ئورنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. روسۇلىللا مارىيەگە تېخىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ كەتتى. مارىيە روسۇلىللانىڭ ئەڭ يېقىن خوتۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. مارىيە نەزەرگە ئېلىندىم، دەپ ھاياجانلىنىپ، ئاللاغا ئۈزلۈكسىز مەدھىيە ـ سانا ئوقۇيتتى.

روسۇلىللا ھەركۈنى مارىيەنىڭ قېشىغا بېرىپ ئىبراھىمنى يوقلاپ تۇراتتى، ھەر قېتىم بالىسىنىڭ ساددا تەبەسسۇمىنى كۆرگىنىدە، ئىچ ـ ئىچىدىن شادلىنىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى روسۇلىللا بالىنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر خوتۇنى ئائىشەنىڭ ئالدىغا كەلدى. كۈنداشلىقى تۇتقان ئائىشە خاپا بولغاندەك قىلىپ، روسۇلىللاغا ۋە بالىغا ئىنتايىن سالقىن قارىدى. روسۇلىللانىڭ باشقا خوتۇنلىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئۇلار روسۇلىللانىڭ مارىيەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقىۋاتقانلىقىنى ۋە ئىبراھىمغا ئامراقلىقى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى چېلىقتۇرغان چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ قەلبىدە كۈنداشلىق ئوتلىرى لاۋۇلداپ ياناتتى.

روسۇلىللا ئۆزىنىڭ ھەربىر خوتۇنىنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇلارغا ئېسىل ئۆي ـ جاي ھازىرلاپ بېرەتتى. لېكىن ئۇ خوتۇنلار بۇنىڭغا قانائەت قىلمايتتى. ئۇلار روسۇلىللانىڭ مارىيەنى ياخشى كۆرۈشىدىن قىزغىناتتى، شۇڭا ئۇلار خىلمۇخىل چارە ـ تەدبىرلەر

بىلەن روسۇلىللانى خىجىل قىلاتتى ، قەستەن قىيىنچىلىق سالاتتى ۋە ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ تۇراتتى .

روسۇلىللا خوتۇنى ھەفىسەنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغانىدى . بىر كۈنى ، ھەفىسە دادىسىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى ، روسۇلىللا ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى . ھەفىسە بېرىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا مارىيە بۇ ئۆيگە كېلىپ روسۇلىللا بىلەن بىرنەچچە كۈن تۇردى . ھەفىسە قايتىپ كېلىپ ، ئۆز ئۆيىدە مارىيەنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى . مارىيە كەتكەندىن كېيىن ، ھەفىسە روسۇلىللانىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— مەن تېخى ئۆيۈمگە كىم كەلدىكىن دەپتىمەن ، قارىغىنا سېنى ، نېمە ئىشلارنى قىلغانسەن ؟ — دېدى .

روسۇلىللا بىلەتتىكى ، ئايالاردىكى بۇنداق كۈنداشلىق ھەفىسەنى بۇ ئىشنى سىرتقا يېيىۋېتىشكە ئۈندەيتتى ، بۇ چوقۇم ئۇنىڭ باشقا خوتۇنلىرىدا ئۇنىڭغا ۋە مارىيەگە بولغان نەپرەتنى قوزغايتتى . روسۇلىللا ھەفىسەنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭدىن بۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى ئۈمىد قىلدى . ئىككىيلەن ئاخىر بىر كېلىشىم ھاسىل قىلدى : ھەفىسە كۆرگەنلىرىنى باشقىلارغا ئېيتمىسىلا ، روسۇلىللا بۇنىڭدىن كېيىن مارىيەگە يېقىنلاشمايدىغان بولدى . ھەفىسە كېلىشىمگە ئەمەل قىلىشقا ماقۇل بولدى .

لېكىن ، ئايالارنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتمەك تەس . ئۇلارنىڭ كۈنداشلىقى تۇتۇپ كەتكەن ھامان كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ . ھەفىسە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالمىدى . ئۇ بۇ ئىشنى ئائىشەگە ناھايىتى تېزلا ئاشكارىلاپ قويدى . ئارقىدىنلا روسۇلىللانىڭ باشقا خوتۇنلىرىمۇ بىلىپ كەتتى .

شۇنىڭدىن تارتىپ ، ئۇلار ھەر كۈنى روسۇلىللانىڭ ئالدىدا يوق يەردىن ئىش تېپىپ ، جېدەل - ماجىرا چىقىرىپ ، ئوغلۇم ساڭا ئېيتاي ، كېلىنىم سەن ئاڭلا ، دېگەندەك ئىشلارنى قىلىدىغان بولدى . روسۇلىللا بۇنىڭغا زادىلا چىدىيالمىدى . ئۇ بۇنداق ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىۋېرىشىگە يول قويالمايتتى ، شۇڭا ئۇ ئۇلارنى

مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك ئەدەپلەپ قويۇش قارارىغا كەلدى.

روسۇلللا ئۇلارنىڭ ماجىراسىدىن خالىي بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى غۇبارنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق خوتۇنلىرى بىلەن بىر ئايغىچە ئايرىلىپ تۇرۇشنى بەلگىلىدى.

ئۇ ئۈستى خورما دەرىخىنىڭ شېخى بىلەن يېپىلغان، كارىۋاتسىز، پەقەتلا بىر پارچە بورا سېلىنغان بىر كىچىك قازناق ئۆيدە تۇردى. بىر خىزمەتكارنى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىككە تەيىنلىدى. روسۇلللا مۇشۇ خاس، جىمجىت شارائىتتا ئاللاغا سېغىناتتى، ئەرەب يېرىم ئاراللىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى.

مۇسۇلمانلار روسۇلللانىڭ ئۆزىنى پىنھان تۇتقانلىقىنى ئاڭلاپ بەكمۇ دىققەت بۆلۈشتى. ئائىشە روسۇلللانىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، روسۇلللا ئۇنىڭ خېتىنى بېرىپتۇ، روسۇلللا ھەتتا ھەممە خوتۇنىنىڭ خېتىنى بېرىپتۇ، دەيدىغان ئىغۋالار ناھايىتى تېزلا تارقىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككە بولۇپ، قاتتىق بىئارامچىلىقتا قالدى.

ئۆمەر روسۇلللانى دەرھال تاپماقچى بولۇپ، روسۇلللا تۇرغان قازناقنىڭ ئالدىغا كەلدى، خىزمەتكاردىن روسۇلللا بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. خىزمەتكار ئۆيدىن چىقىپ لام - جىم دېمەيلا ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇردى. ئۆمەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، روسۇلللانىڭ قوشۇلمىغانلىقىنى بىلدى - دە، ئىشىك تۈۋىدە قاتتىق ئاۋاز بىلەن توۋلاپ، روسۇلللادىن ئۆزىنى كىرىشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. روسۇلللا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاخىر ماقۇل بولدى. ئۆمەر كىرگەندىن كېيىن، ئۆي ئىچىگە بىر قۇر سەپسېلىپ، ئۆي ئىچىدە ھېچنېمە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي ھۆكىرەپ يىغلاپ سالدى. روسۇلللا ئۇنىڭدىن:

— نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سورىۋىدى. ئۇ:

— سەن بىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدى، — دېدى. روسۇلىللا مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

ئۆمەر يەنە:

— ئى روسۇلىللا، سەن نېمە ئۈچۈن خوتۇن خەقلەرنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە بۇنچە پەرىشان بولىسەن؟ ئەگەر سەن ئۇلارنى تالاق قىلىۋېتىدىغان بولساڭ، ئاللا سېنى قوللايدۇ، ئاللانىڭ ئەلچىلىرى ۋە بارلىق مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسى سېنى قوللايدۇ، — دېدى، ئارقىدىنلا بەزى ئويلىرىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى روسۇلىللانىڭ كۆڭلىنى سەل ئاچتى. ئۇ يەنە روسۇلىللادىن خوتۇنلىرىنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە پاتراق بىر قارارغا كېلىشنى، ئۆزىنى پىنھان تۇتماسلىقنى ئۈمىد قىلدى.

روسۇلىللا ئۆمەرگە ئۆزىنىڭ ھېچقايسى خوتۇنىنى تالاق قىلىۋەتمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۆمەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەرھال مەسچىتكە كەلدى - دە، مۇسۇلمانلارغا قاراپ:

— روسۇلىللا خوتۇنلىرىنى تالاق قىلماپتۇ! — دەپ توۋلىدى.

كىشىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى ۋە بىر - بىرىنى تەبرىكلىشىپ، ئاللاغا ھەمدۇسانالار ئېيتتى.

روسۇلىللا خوتۇنلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاللا ئۇنىڭغا مۇنۇ بېشارەتنى بەردى:

«ئى پەيغەمبەر، ئاللا ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى سەن نېمىشقا ئۆزۈڭچە ھارام قىلىسەن؟ سەن خوتۇنلىرىڭنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئۇلارغا خۇشامەت قىلامسەن؟ ئاللا ئەڭ ئەپۇچان، ئەڭ كۆيۈملۈكتۇر. ئاللا سىلەرگە كاپالەت بېرىش تۈزۈمىنى بەلگىلەپ بەردى، ئاللا سىلەرنىڭ قوغدىغۇچىڭلاردۇر. ئۇ ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى. روسۇل بىر ئېغىز گەپنى ئۆز خوتۇنىغا خۇپىيانە ھالدا ئېيتىپ قويدى، ھەفسە بۇ گەپنى دەرھال باشقىلارغا تارقاتتى. ئاللا پەيغەمبەرگە ئۇنىڭ مەخپىيىتىنىڭ

ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. پەيغەمبەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بەزى گەپلەرنى خوتۇنىغا دېدى، بەزى گەپلەرنى بولسا خوتۇنىدىن مەخپىي تۇتتى. پەيغەمبەر بىر قېتىم خوتۇنى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۆز مەخپىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالغاندا، خوتۇنى: بۇ ئىشنى ساڭا كىم ئېيتتى؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر: ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى رەببىم ئېيتتى، دېدى، سىلەر ئىككىڭلار (ئىككى خوتۇننى دېمەكچى) ئاللاغا تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىڭلار (ئۇنداق قىلىش تېگىشلىك)، چۈنكى سىلەر ئىككىڭلارنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن سەل سىڭايان كەتتى، سىلەر ئىككىڭلار ئۇنىڭغا (رەسۇلۇللانى دېمەكچى) تاقابىل تۇرماقچى بولدۇڭلار، ئۇنداق بولسا، ئاللا ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى، جىبرىئىل ۋە بەختىيار مۆمىنلەرمۇ ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى، بۇنىڭدىن باشقا، مالائىكىلەر ئۇنىڭ ياردەمچىسى. ئۇ سىلەرنى تالاق قىلىپ قويۇۋەتسە، ئۇنىڭ رەببى ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئۆتىدىغان خوتۇنلارنى ئاتا قىلىدۇ، بۇ خوتۇنلار رەببىگە مايىل، مۆمىن، ئىتائەتچان، تەۋبە - ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدىغان، رەببىگە سېغىنىدىغان، روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرىدىغان، قايتا ياراشقان ۋە يېڭىدىن توي قىلغاندەك ئاشۇنداق لەززەت بېرىدىغان خوتۇنلار بولىدۇ.»

www.alma.cn

# زەينەپ بىنتى جەھش

روسۇلۇللانىڭ رەپىقىسى خەدىچە روسۇلۇللاغا:

— مەن ساڭا ھارىسە قەبىلىسىدىن بىر ياش يىگىتنى ئېلىپ كەلدىم، ئۇنىڭ ئىسمى زەيد، مەن ئۇنى ساڭا قۇللۇققا تۇتتۇم، — دېدى. روسۇلۇللا رەھمەت ئېيتىپ، خۇشال قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، زەيد روسۇلۇللانىڭ يېنىدا سادىق خىزمەت قىلدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەككىدىكى ھارىسە قەبىلىسىدىكىلەر زەيدنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى تۆلەم بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشكە ئەلچى ئەۋەتتى. روسۇلۇللا بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقلاندى ۋە ئەلچىگە:

— سىلەر ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچى بولساڭلار، ئېلىپ كېتىۋېرىڭلار، ماڭا سىلەرنىڭ بىر تىيىن پۇلۇڭلار كېرەك ئەمەس، — دېدى. لېكىن، زەيددىن پىكىر ئالغاندا، ئۇ قايتىپ كەتمەي، روسۇلۇللانىڭ قېشىدا قېلىپ، روسۇلۇللا تۇرۇشلۇق قەبىلىنىڭ ئازاد گەردىنى (ھۆر كىشىسى) بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمى زەيدئىبن مۇھەممەد دەپ ئۆزگەرتىلدى.

زەيد بارا - بارا ئۆسۈپ چوڭ بولدى. روسۇلۇللا ئۇنىڭغا ئەرەب قىزلىرىدىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىشنى ئويلىدى.

روسۇلۇللا زەيدكە ناھايىتى ئامراق ئىدى. شۇڭا بىر نەۋرە سىڭلىسى زەينەپنى زەيد ئۈچۈن چاي ئىچكۈزۈپ قويدى.

روسۇلۇللانىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئابدۇللا ئىبن جەھش

زەينەپ بىلەن زەيدنىڭ توي ئىشىغا قوشۇلمىدى، چۈنكى ئۇ زەيدنى ساپ ئەرەب قېنىدىن ئەمەس، دەپ قارايتتى.

لېكىن، ئەر - ئايال مۆمىنلەر ئاللانىڭ ۋە رەسۇلۇللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلالمايتتى. شۇڭا، ئابدۇللا ئىبنى جەھىش ئۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە، زەينەپمۇ ئاللانىڭ ۋە رەسۇلۇللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ زەيد بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تويدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن بایاشات ۋە بەختلىك ئۆتتى.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللا بىر ئىش ئارقىلىق دىنىي ئەقىدىنى شەرھلەش، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بەزى قانۇنلارنى تۈزۈپ، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ھەققىدىكى ھۆكۈمنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى. ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاشقا، ئۇلاردىكى روھىي كىشەنلەرنى پاچاقلاشقا ۋە ئۇلارنىڭ كونا ئىدىيىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغىلى بولامدۇ، يوق؟ كىشىلەر رەسۇلۇللادەك ئاشۇنداق ئالىيجاناب ئورۇنغا يېتەلەمدۇ، قانداق؟ ئاللا بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئاللا ھەممىگە قادىر، ھەممىدىن دانادۇر.

ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن زەينەپ بىلەن زەيدنىڭ مۇناسىۋىتى ئىلگىرىكىدەك ئىناق بولماي، بارغانسېرى سوغۇقلاشتى، ھەتتا جېدەللىشىشكە باشلىدى. زەيد رەسۇلۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ خوتۇنى زەينەپنى تالاق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللا بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن ھالدا:

— ئى زەيد، سەن خوتۇنۇڭنى ئېلىپ قال، ئاللادىن قورقۇشۇڭ كېرەك، بىلىشىڭ لازىمكى، سېنىڭ زەينەپ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشۇڭ ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغان. زەينەپ بىلەن ئەپلىشىپ قېلىشىڭ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقىڭ، ئۆزۈڭنىڭ ۋەسۋەسىگىمۇ خىلاپلىق قىلماسلىقىڭ لازىم، — دېدى.

رەسۇلۇللا بۇ گەپلەرنى ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا ئېيتتى.

چۈنكى ئۇ ئاللانىڭ مۇنۇ ھۆكمىنى بىلەتتى : «مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بېقىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇۋەتكەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن ، زەيد زەينەپنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق .»

روسۇلىللا ئاللادىن پاناھ بولۇش ۋە ھېسداشلىق قىلىشنى ، ئەڭ ياخشىسى ، زەيد بىلەن زەينەپنى ئىناق ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپلا كەلدى . ئاللادىن ئۆز ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىپ ، بۇ ھەقتىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى سەممىي ئۆتۈندى ، لېكىن ئاللا قىلغان ھۆكمىنى بىكار قىلىشنى رەت قىلدى ۋە ئۆز ئىرادىسىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئاللا روسۇلىللاغا بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېدى : «سەن ئاللا ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ ، ھالبۇكى ، ئاللادىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى .»

روسۇلىللا ئاللانىڭ بەرگەن بېشارىتىنى كۆڭلىدە يوشۇرۇپ خالايىققا جاكارلىمىدى . لېكىن ، ئاللا كىمنى يېتەكلىسە ، ئۇ ئازمايدۇ . بۇ ئاللانىڭ ھىدايەت قىلغانلىقى . ئاللادىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىقتۇر . ئاللا كىمنى غاپىللىققا دۇچار قىلغان بولسا ، شۇنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولمايدۇ . ئىسلام دىنى قانۇنىنىڭ ماياكىنى تىكلەش ئۈچۈن ، كىشىلەرنىڭ كونا ئادەت قارىشىغا قارشى تۇرۇش لازىم . كونا ئادەت قارىشى قانۇن تۇرغۇزۇشقا ئاساس بولالمايدۇ . روسۇلىللا كىشىلەرنىڭ كونا ئادەت قارىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ، ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرۈش قارارىغا كەلدى .

ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن زەينەپ ئاخىر زەيد بىلەن ئاجراشتى ، ئاجراشقاندىن كېيىن ، روسۇلىللا بىلەن تۇرمۇش قۇردى . ئۇ بۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى . ئۇ روسۇلىللانىڭ باشقا خوتۇنلىرىغا : «مېنىڭ تويۇمغا ئاللا ئىگە بولدى ، سىلەرنىڭ تويۇڭلارغا بولسا ئاتا ـ ئاناڭلار ئىگە بولغانىدى» دەيتتى .

روسۇلىللانىڭ زەينەپ بىلەن توي قىلغانلىقى ئەرەبلەردە ئۇزاق

مۇددەت داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەتنى ئۆزگەرتتى، ئىلگىرى ئۇلار ئەرەب قەبىلىدىن بولمىغان بالىلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ۋە پەرزەنت كۆرۈش ھوقۇقى يوق، ئەگەر ئۇلار تۇرمۇش قۇرغان بولسا، ئاجرىشىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىشاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق قاراش ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. رەسۇلۇللا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بۇنداق ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇ زەيدنى ئۆيلەپ قويدى. زەيد ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللا نەسھەت بىلەن توستى، لېكىن نەسھەت بىلەن توسۇش ئۈنۈم بەرمىگەندە، ئۇ يەنىلا ئاجرىشىشقا قوشۇلدى.

زەيد بىلەن زەينەپنىڭ تۇرمۇش قۇرغانلىقى ۋە يەنە ئاجراشقانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقە پەس غەرەزلىك بەزى كىشىلەردە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ئۇلار: زەينەپ زەيد بىلەن توي قىلىشىغا، رەسۇلۇللا زەينەپنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە بولدى، دېيىشتى. لېكىن، كىشىلەرگە مەلۇمكى، رەسۇلۇللا ئەزەلدىن ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلمايتتى. ئېلىش نىيىتى بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى كىچىك ۋاقتىدا ئالماي، ئەرگە تېگىپ چوكان بولۇپ بولغان چاغدا ئاندىن ئالىدۇ؟ رەسۇلۇللا دىنىي ئىشلار ۋە ئۆرۈش بىلەن بەند بولۇپلا كەلگەنىدى. ئۇ خوتۇن - قىزلارغا بېرىلمەيتتى، ئۇ ئېسىل پەزىلەتلىك زات ئىدى. يەنە كېلىپ ئاللا رەسۇلۇللانى كىشىلەرگە ئاتا قىلغان تۇرمۇش نېمەتلىرىنى تارتىۋېلىشتىن چەكلەيتتى.

قېنى، بىز ئۇنىڭ تەبىئىتىگە يەنە بىر نەزەر تاشلاپ باقايلى: ئۇ ئەڭ زېرەك ۋە دانا، ئەڭ مەرىپەتلىك ۋە بىلىملىك، ئېسىل ئەخلاقلىق ھەم قەتئىي ئىرادىلىك زات. ئۇ ياش چاغدا، زەينەپ ئۇنىڭ قوشنىسى بولغانىدى، لېكىن ئۇ زەينەپنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالاتتى، ئەزەلدىن باشقىچە نىيەتتە بولمايتتى. جاھىلىيەت زامانىسىدا ئۆتكەن چۆلدىكى چەۋەنداز ئەنتەرە ئوقۇغان بىر قەسىدىدە مۇنداق دېيىلگەن:

كېلىپ قالسا ئالدىمغا قوشنامنىڭ قىزى ،
قارىمايتتىم غايىب بولغۇچە ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى .

ئاللا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى : «سەن ھەقىقەتەن ئالىيجاناب ، پەزىلەتلىك زات !» دەپ ماختىدى .

www.alma.cn

بۇ كىتاب شىنخۇا نەشرىياتىنىڭ 1983 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1984 ـ يىل 12 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .
本书根据新华出版社 1983 年 3 月第 1 版 1984 年 12 月第 2 次印刷本翻译出版。

# قۇرئاندىكى قىسسەلەر

---

ئاپتورى : مۇھەممەد ئەھمەد زەئد موللا (سۇرىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى : داۋۇت غازى
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورلار : ئادالەت مەخسۇت ، ئارزۇگۈل كېرىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
سانتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 16
نەشرى : 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
باسمىسى : 2007 ـ يىلى 12 ـ ئاي 2 ـ باسمىسى
تىرازى : 5001—10000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—00917—6
باھاسى : 32.00 يۈەن

---




ISBN 978-7-228-00917-6

9 787228 009176 >

www.aimu.cn

定价：32.00元


قۇرئاندىكى قىسسەلەر